ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL

ئابدۇۋەلى ئەلى

# بەدۆلەت ـ
# يانغىن قاپلىغان تۇپراق

## تارىخىي قىسسە

(1 - كىتاب)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: پالتاخۇن ئەۋلاخۇن
ئاخىرقى تەكشۈرگۈچى: ئىمامھەسەن ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇنسايىم ساۋۇت

**بەدۆلەت — يانغىن قاپلىغان تۇپراق (1)**

ئابدۇۋەلى ئەلى

•

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پ: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168، 1/32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 12.25، قىستۇرما ۋارىقى: 1
1997 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1997 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 10350
ISBN 7—5631—0840—8/Z·151
باھاسى: 24.00 يۈەن



Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

## مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى.................................... 1

ئاپتوردىن.................................................. 1

بىرىنچى باب  يانغىن...................................... 1

ئىككىنچى باب  مۆلجەر تاغ قەلئەسى........................ 25

ئۈچىنچى باب  سىدىقبەگ................................... 50

تۆتىنچى باب  بۆرىنى قوتانغا باشلاش....................... 74

بەشىنچى باب  بۇزرۇك خان تۆرە قەشقەر سەلتەنەتىدە... 96

ئالتىنچى باب  چۇقۇدىكى جىبەك........................... 122

يەتتىنچى باب  داۋۇت خەلىپە................................ 154

سەككىزىنچى باب  زىمىننىڭ ئومۇرتقىسى...................... 178

توققۇزىنچى باب  چۆچەك ئاسمىنىدا چاقنىغان قۇتۇپ
نۇرى.................................................... 209

ئونىنچى باب  گۇلباغ قەلئەسىنىڭ ئىلىنىشى..... 228

ئون بىرىنچى باب  ھەفتەئىي مۇھەممەدان ............... 249

ئون ئىككىنچى باب  ھاجى پادىشاھ............................ 272

ئون ئۈچىنچى باب  ياقۇپبەگ ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشىدە... 299

ئون تۆتىنچى باب  تەتەي ئاغىچا ............................ 325

ئون بەشىنچى باب  راشىدىن خاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى... 343

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

تارىخشۇناس، ژۇرنالىست، ئەدىب ئابدۇۋەلى ئەلى (ۋەلى) 1948 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ چۇقۇ دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1955 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە خوشۇت ناھىيىسىنىڭ 3 - رايونى (ھازىرقى باغراش ناھىيىسىنىڭ بورانسومۇل يېزىسى) دىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1959 - يىلدىن 1962 - يىلغا قەدەر خوشۇت ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى، 1962 - يىلى 9 - ئايدا، كورلا چىلانباغدىكى ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ (تولۇق) كە ئوقۇشقا كىردى. ئەمما ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەچكە، بۇ مەكتەپتە بىر يىللا ئوقۇيالىدى. 1963 - يىلغا كەلگەندە، ئۇ ئائىلىسىگە قايتىپ، دەسلەپ باغراش كۆلىدە بېلىقچىلىق قىلدى، كېيىن دېھقان بولدى. ئۇ 1965 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سابىق 3 - ئاتلىق پولكى (7994 - قىسىم) دا جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ ۋە تەرجىمان بولۇپ تۇردى. 1969 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىق شىتابىغا يۆتكىلىپ، تەرجىمان ۋە شىتاب ئوفىتسېرى بولۇپ ئىشلىدى، 1979 - يىلغا كەلگەندە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1981 - يىلى 1 - ئايدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، دەسلەپتە مۇھەررىر،

كېيىن ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى سىياسىي ـ مائارىپ، مەدەنىيەت ـ تارىخ تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. 1993 ـ يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئابدۇۋەلى ئەلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلەش جەريانىدا، 80 خىلدىن ئارتۇقراق كىتابقا مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (13 توم)، «خەننامە»، «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە قانۇن»، «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، «قەدىمكى جەمئىيەت»، «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، «IX—XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە دۇنيا تارىخى لۇغىتى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر بار. ئۇ مۇھەررىرلىك قىلغان «خەننامە»، «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە قانۇن»، «قەدىمكى جەمئىيەت» قاتارلىق سەككىز پارچە كىتاب شىمالدىكى 15 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 18 نەشرىياتنىڭ 1990 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە بولغان يىللىق باھالاشلىرىدا مۇھەررىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇ تەھرىرلىگەن يەنە باشقا يەتتە پارچە كىتاب ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىشى ۋە يېزىقچىلىق تارىخى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا «قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك قارىشىغا بىر نەزەر»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پەلسەپە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى»، «يىپەك يولى، قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى»، «موللا مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ ‹تارىخىي ئەمىنىيە› ناملىق كىتابى توغرىسىدا»

قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان، تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «ياقۇببەگنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تۆت پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان.

ئاپتور ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

# ئاپتوردىن

مانجۇلار چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلىدىن 22 - يىلىغىچە
بولغان ئارىلىقتا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئامۇرسەنا توپىلىڭى
بىلەن خوجىلار توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، جۇڭغارلارنى تىنىچىتتى
ۋە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ يەتتە شەھەر تەۋەسىدە ئۆز ھۆكۈم-
رانلىقىنى تىكلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1884 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭ
مىقياسىدا مەمۇرىي ئۆلكە تۈزۈمىنى ئورناتقانغا قەدەر بولغان
يۈز يىلدىن ئارتۇقراق مەزگىل خەلقىمىزنىڭ تەقدىرىدە زور
ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن دەۋر بولدى. ئۇيغۇر خەلقى يېقىنقى
زامان تارىخىدا، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك
مىللىي زۇلمى ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي بۇلاڭ - تالىڭىغا ئۇچرىدى.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكى، بەخت - سائادىتى ۋە ئىنسانىي
ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يۈز يىلدىن ئارتۇق
جاپالىق كۈرەش ئېلىپ باردى. بۇ كۈرەشلەردە، تىللاردا داستان بول-
غۇدەك نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇيغۇر تارىخچى-
لىرى بۇ ئىشلارنى خاتىرىلەپ نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ
قالدۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، شائىر ئارزۇ مۇھەممەت يازغان
«ئىسلامنامە»، غېرىبى يازغان «ئەمىر ئالىي»، ئۇمىدى يازغان «جەڭ-
نامە»، مۇھەممەت ئەلىم يازغان «تارىخىي كاشغەر»، قاسىمبەگ
يازغان «غۇلجا ۋاقىئاتلىرىنىڭ بايانى»، مۇھەممەت سالىخ
يەركەندى يازغان «غازات ئەل مۇسلىمىن»، موللا بىلال بىننى
موللا يۇسۇپ (نازىمى) يازغان «غازات دەرمۇلك چىن»، سېيىت مۇ-

ھەممەت يازغان «شەرھى شىكەستە»، موللا مەھمۇت شەيخ غېرىبى يازغان «تارىخنامە يەئقۇبخان»، قۇربان سوفىي سەپەر-باي يازغان «تارىخىي بەدۆلەت»، موللا مۇسا سايرامى يازغان «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە ئۇنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلەر بار. بۇ ئەسەرلەردە، ئاشۇ يۈز يىل ئىچىدە، بولۇپمۇ، بەدۆلەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون تۆت يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

× ×

1757 - يىلدىن 1884 - يىلغىچە ۋە بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ شىنجاڭدا مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى — «يېغىلىقلار» ئارقا - ئارقىدىن كۆتىرىلىپ تۇردى.

مۇشۇ مەزگىلدە مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مىللىي زۇلمى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇلاڭ - تالىڭىنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر سالايلۇق:

ئەينى يىللاردا (1757 — 1884) جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر يۈز يىگىرمە مىڭدىن بىر يۈز ئاتمىش مىڭغىچە تۇتۇن، بىر مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بار ئىدى ①. مانجۇ ھاكىمىيىتى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى

① 1760 - يىلدىن 1825 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نوپۇسى مۇنداق ئىدى: قەشقەر رايونىدا يۈز مىڭدىن بىر يۈز ئەللىك مىڭغىچە؛ يەكەن رايونىدا ئىككى يۈز مىڭدىن تۆت يۈز مىڭغىچە؛ خوتەن رايونىدا يۈز مىڭدىن يەتتە يۈز مىڭغىچە؛ ئاقسۇ رايونىدا بىر يۈز ئەللىك مىڭدىن ئىككى يۈز مىڭغىچە؛ كۇچا رايونىدا ئىككى يۈز ئەللىك مىڭدىن بەش يۈز مىڭغىچە؛ جەمئىي يەتتە يۈز ئەللىك مىڭدىن بىر مىليون بەش يۈز مىڭغىچە نوپۇس بار ئىدى — «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىراتى» غا قاراڭ.

مۇستەھكەملەش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە، «يەرلىكلەرنى يەرلىكلەرگە سېلىش»، «ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش»تەك ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە، شىنجاڭدا تۇرغۇزغان ھەربىي قىسىملىرىنى شۇ جاينىڭ مالىيەسىدىن راسخوت چىقىرىپ بېقىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. شۇڭا، خەلققە ھەددى - ھېسابسىز يېڭى ئالۋان - سېلىقلارنى سالدى.

شۇ مەزگىللەردە شىنجاڭدىكى مانجۇ ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلىرى ۋە چېرىكلىرىنىڭ يىللىق مائاش تەمىناتى مۇنداق ئىدى:

ئىلى جاڭجۈنى بىلەن يەكەن خان ئامبىلىنىڭ يىللىق مائاشى ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش بولۇپ، يىلىغا يەنە مىڭ سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىلەتتى، توققۇز مىڭ جىڭ ئاشلىق، ئاتمىش جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛

مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ يىللىق مائاشى مىڭ سەر كۈمۈش بولۇپ، يىلىغا يەنە بەش يۈز سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىلەتتى، تۆت مىڭ سەكسەن جىڭ ئاشلىق، ئوتتۇز ئالتە جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛

ئاغلاقچى ئامبالنىڭ يىللىق مائاشى يەتتە يۈز سەر كۈمۈش بولۇپ، يىلىغا يەنە ئىككى يۈز سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرە-لەتتى. تۆت مىڭ ئالتە يۈز سەكسەن جىڭ ئاشلىق، ئوتتۇز ئالتە جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛

نازىرنىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز توقسان سەر كۈمۈش بولۇپ، ئىككى مىڭ بەش يۈز يىگىرمە جىڭ ئاشلىق، ئون ئىككى جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛

باش پۈتۈكچىنىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز ئاتمىش سەر كۈمۈش ئىدى؛

يارىدەمچى پۈتۈكچىنىڭ يىللىق مائاشى ئاتمىش

سەر كۆمۈش ئىدى؛

ساكىنبەگى ئۈچ يۈز سەكسەن سەر كۆمۈش، ئۈچ مىڭ ئاتلە يۈز جىڭ بۇغداي مائاش ئالاتتى؛

ئۇگۇتچى ئامبالنىڭ يىللىق مائاشى (ھۆكۈمەت ئىشلىرى خىراجىتى، پۇتلۇكچى ئىشلىتىش خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىككى مىڭ بەش يۈز يەتمىش سەككىز سەر كۆمۈش بولۇپ، بىر تۈمەن ئىككى مىڭ توققۇز يۈز جىڭ ئاشلىق، ئون ئىككى جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛

سوراقچى ئامبالنىڭ بىر يىللىق مائاشى (پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) ئىككى مىڭ توققۇز يۈز سەر كۆمۈش بولۇپ، بەش مىڭ يەتتە يۈز جىڭ ئاشلىق، ئون ئىككى جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛

سەييارە مۇپەتتىشنىڭ يىللىق مائاشى (پۈتۈن خىراجەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاتلە يۈز ئەللىك سەر كۆمۈش ئىدى.

ئىككى مانجۇ كۈرەسىنىڭ ئوفىتسىر - چېرىكلىرىنىڭ يىللىق مائاشى مۇنداق ئىدى:

1. ياندالش ئامبالنىڭ بىر يىللىق مائاشىنى ئاشلىق باھاسىغا سۇندۇرغاندا (تۆۋەندىكىدەك شۇنداق)، ئۈچ يۈز قىرىق ئىككى سەر كۆمۈش بولاتتى؛

2. سۇمۇن زەڭگىنىڭ يىللىق مائاشى ئىككى يۈز ئەللىك سەر كۆمۈش ئىدى؛

3. باقاۋۇلنىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز ئاتمىش توققۇز سەر كۆمۈش ئىدى؛

4. بايراقلىق ياساۋۇلنىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز ئوتتۇز سەر كۆمۈش ئىدى؛

5. چاپاۋۇل، چاۋۇشبېگىنىڭ يىللىق مائاشى يەتمىش ئۈچ سەر كۆمۈش ئىدى؛

6. ئاتلىق چېرىكنىڭ يىللىق مائاشى ئاتمىش بىر

سەر كۆمۈش ئىدى؛
7. توپچى لەشكەرنىڭ يىللىق مائاشى ئوتتۇز توققۇز سەر كۆمۈش بولاتتى؛
8. پىيادە چېرىكنىڭ يىللىق مائاشى ئۈچۈن ئون ئالتە سەر كۆمۈش بېرىلەتتى.
تۆت موڭغۇل كۇرەسىنىڭ ئوفىتسېر – چېرىكلىرىنىڭ يىللىق مائاشى مۇنداق ئىدى:
1. باش بۇغ (ئوكۇرتاي) نىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز ئوتتۇز سەر كۆمۈش ئىدى؛
2. مۇئاۋىن ئوكۇرتاي، زەڭگىنىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز بەش سەر كۆمۈش ئىدى؛
3. نەسەبسىي چەۋەنداز ياساۋۇلنىڭ يىللىق مائاشى سەكسەن بەش سەر كۆمۈش ئىدى؛
4. باقاۋۇلنىڭ يىللىق مائاشى سەكسەن سەر كۆمۈش ئىدى؛
5. بايراقلىق ياساۋۇلنىڭ يىللىق مائاشى ئاتمىش سەر كۆمۈش ئىدى؛
6. كۆك ياقىلىق ئوفىتسېر، چاپاۋۇلنىڭ يىللىق مائاشى ئوتتۇز سەر كۆمۈش بولۇپ، يەنە يەتتە يۈز يىگىرمە جىڭ ئاشلىق بېرىلەتتى.
شىبە، سۇلۇنلارنىڭ ئىككى كۇرەسىدىكى پراكتىكانت ئوفىتسېر، چاۋۇشبېگى قاتارلىقلارنىڭ يىللىق مائاشى ئوتتۇز سەر كۆمۈش ئىدى.
قۇياقلىق چېرىكلەرنىڭ يىللىق مائاشى يىگىرمە تۆت سەر كۆمۈش ئىدى.
چاخار، ئۆيرۇت كۇرەلىرىدىكى پراكتىكانت ئوفىتسېر – چاۋۇشبەگلىرىنىڭ يىللىق مائاشى يىگىرمە تۆت سەر كۆمۈش ئىدى.
قۇياقلىق چېرىكلەرنىڭ يىللىق مائاشى ئون ئىككى سەر كۆمۈش ئىدى.

ئويرۇت كۆرەسىدىكى قۇياقلىق چېرىكلەرنىڭ ئايلىق مائاشى بىر سەر ياكى بەش مىسقال كۈمۈش بولاتتى.
كەنبۇ لامانىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز ئون ئىككى كۈمۈش ئىدى؛
سۇلان لامانىڭ يىللىق مائاشى قىرىق تۆت سەر يەتتە مىسقال كۈمۈش ئىدى؛
گېسكۈي لامانىڭ يىللىق مائاشى ئون سەككىز سەر كۈمۈش ئىدى؛
مانجىلارنىڭ يىللىق مائاشى ئون ئىككى سەر كۈمۈش ئىدى.
ئۈيغۇر ھاكىمبەگلىرىنىڭ يىللىق مائاشى بەش يۈز سەر كۈمۈش، ئىشكئاغا بەگنىڭ يىللىق مائاشى ئىككى يۈز سەر كۈمۈش ئىدى.
يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكىلەرنىڭ① مائاشى مۇنداق ئىدى:
باش بۇغنىڭ يىللىق مائاشى (ئاتچىسىنىڭ مائاشى قوشۇلۇپ) ئىككى مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش ئالتە سەر كۈمۈش ئىدى، يەم - خەشەك ئۈچۈن ئاتمىش بىر تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى؛
مۇشاۋىر سانغۇننىڭ يىللىق مائاشى بىر مىڭ بىر يۈز يىگىرمە بەش سەر كۈمۈش ئىدى، يەم - خەشەك ئۈچۈن ئوتتۇز تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى؛
گېزەكچى سانغۇننىڭ يىللىق مائاشى سەككىز يۈز توقسان ئۈچ سەر كۈمۈش ئىدى، يەم - خەشەك ئۈچۈن ئوتتۇز تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى؛
ياساۋۇلبېگىنىڭ يىللىق مائاشى بەش يۈز ئاتمىش ئىككى سەر كۈمۈش ئىدى، يەم - خەشەك ئۈچۈن ئون بەش تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى؛
باقاۋۇلنىڭ يىللىق مائاشى تۆت يۈز ئەللىك ئىككى

① يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ چېرىكلىرى ئاساسەن خەنزۇلاردىن تەركىب تاپاتتى.

سەر كۆمۈش ئىدى، يەم ـ خەشەك ئۈچۈن ئون بەش تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى؛

لاۋازىم بېگىنىڭ يىللىق مائاشى ئىككى يۈز قىرىق ئىككى سەر كۆمۈش ئىدى، يەم ـ خەشەك ئۈچۈن يەتتە تاغار ئاشلىق بېردلەتتى؛

بوتۇگىنىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز يەتمىش سەر كۆمۈش ئىدى، يەم ـ خەشەك ئۈچۈن يەتتە تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى؛

ياردەمچى بوتۇگىنىڭ يىللىق مائاشى يەتمىش ئالتە سەر كۆمۈش ئىدى؛

ئاتلىق نۆكەرنىڭ يىللىق مائاشى قىرىق سەر كۆمۈش بولاتتى؛

پىيادە چېرىكنىڭ يىللىق مائاشى ئوتتۇز سەر سەككىز مىسقال كۆمۈش ئىدى.

تورغات خانىنىڭ يىللىق مائاشى ئىككى مىڭ بەش يۈز سەر كۆمۈش، يىگىرمە بەش تەپكە تاۋار ـ تورقا بولاتتى.

ئىنالچىنىڭ يىللىق مائاشى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەر كۆمۈش، ئون بەش تەپكە تاۋار ـ تورقا ئىدى.

بېلىنىڭ يىللىق مائاشى ئۈچۈن سەككىز يۈز سەر كۆمۈش، ئون ئۈچ تەپكە تاۋار ـ تورقا بېرىلەتتى.

بەيسىنىڭ يىللىق مائاشى بەش يۈز سەر كۆمۈش، ئون تەپكە تاۋار ـ تورقا ئىدى.

پۈگوگۈڭنىڭ يىللىق مائاشى ئىككى يۈز سەر كۆمۈش، يەتتە تەپكە تاۋار ـ تورقا ئىدى.

بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجىنىڭ يىللىق مائاشى ئۈچۈن بىر يۈز سەكسەن سەر كۆمۈش بېرىلەتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مائاش، ئاشلىق ۋە باشقا تەمىناتلار ھەر يىلى 2 ـ ئايدا تارقىتىلاتتى.

ئۈنىڭدىن باشقا، مانجۇ ھاكىمىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى

سەككىز شەھەر بىلەن بارچۇق① مۇداپىئە رايونىدا جەمئىي ئون ئىككى مىڭ ئالتە يۈز قىرىق سەككىز چېرىك ۋە ئىككى يۈز تۆتتۆن دېھقان چېرىك تۇرغۇزغان، بۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى:

يەكەندە ئۈچ يۈز مانجۇ چېرىكى، ئىككى مىڭ بەش يۈز يېشىل تۇغلۇق چېرىك بار ئىدى؛

قەشقەردە مانجۇ، شىبە، سولۇن چېرىكلىرىدىن بەش يۈزى، يېشىل تۇغلۇق چېرىكتىن ئۈچ مىڭ بەش يۈزى بار ئىدى؛

يېڭىساردا، يېشىل تۇغلۇق چېرىكتىن مىڭى بار ئىدى؛

ئاقسۇدا يېشىل تۇغلۇق چېرىكتىن بىر مىڭ ئالتە يۈزى بار ئىدى؛

خوتەندە يېشىل تۇغلۇق چېرىكتىن ئۈچ يۈزى بار ئىدى؛

ئۇچتۇرپاندا يېشىل تۇغلۇق چېرىكتىن بىر مىڭ بەش يۈز يەتمىش ئۈچى بار ئىدى؛

كۇچادا يېشىل تۇغلۇق چېرىكتىن ئۈچ يۈز ئىككىسى بار ئىدى؛

قارا شەھەردە يېشىل تۇغلۇق چېرىكتىن ئۈچ يۈز ئۈچى بار ئىدى؛

بارچۇقتا يېشىل تۇغلۇق چېرىكتىن يەتتە يۈز ئەللىكى بار ئىدى، ئىككى يۈز تۆتتۆن دېھقان چېرىك بار ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تارباغاتايدا مانجۇ، شىبە، سولۇن كۆرەسكە تەۋە بەش يۈز يەتمىش توققۇز چېرىك بار ئىدى؛

ئۈرۈمچىدە مانجۇ چېرىكىدىن تۆت يۈزى، يېشىل تۇغلۇق چېرىكتىن بىر مىڭ بىر يۈز ئوتتۇز يەتتىسى بار ئىدى؛

بارلۇقتا ئويرۇت، چاخار كۆرەسكە تەۋە بىر مىڭ سەككىز

① بارچۇق — ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ بۇرۇنقى نامى.

يۈزدىن ئوشۇقراق چېرىك تۇراتتى①.

مانجۇ ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تولىمۇ كېلەڭسىز ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ نورمال ئايلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يۇقىرىقى يۈكنىڭ ھەممىسىنى ئىلى رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى خەلقنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەنىدى.

مانجۇ ھاكىمىيىتى ھەر يىلى قەشقەر رايونىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ يۈز ئاتمىش مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە، بىر يۈز يەتمىش مىڭ پۇت② ئاشلىق، بىر تۈمەن توپ گەزلىمە سېلىق يىغىۋالاتتى؛ يەكەن رايونىدىن تۆت يۈز مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە، ئاتمىش مىڭ توپ گەزلىمە، بىر يۈز ئەللىك مىڭ پۇت ئاشلىق، بىر مىڭ ئۈچ يۈز يۆگەم ئارغامچا، ئۈچ يۈز جىڭ مىس، ئون بەش مىڭ جىڭ (كونا جىڭ ھېسابىدا) پاختا سېلىق يىغىۋالاتتى؛ كۇچادىن يىگىرمە تۆت مىڭ پۇت ئاشلىق، بىر مىڭ سەكسەن جىڭ مىس، ئىككى يۈز جىڭ سىلىتىر (مىلتىق دورىسىغا ئىشلىتىلىدۇ)، ئۈچ يۈز جىڭ گۆڭگۈرت سېلىق يىغىۋالاتتى؛ بۇنىڭغا يەنە ئاقسۇ، خوتەن رايونلىرىدىن ئېلىنىدىغان بىر مىليون ئون مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە سېلىق قوشۇلسا، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىن يىلىغا كەم بولغاندىمۇ بەش مىليون سەر كۈمۈش تەڭگىنى سېلىق ھېسابىدا يىغىۋالاتتى. دېمەك، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىر جان مانجۇ ھاكىمىيىتىگە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش

---

① يۇقىرىقى سانلار ئىلىدىكى توققۇز كورەدە تۇرۇشلۇق ھەربىي، مۈلكىي خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. «ئىلى تەزكىرىسىدىن قىسقارتىلمىلار»غا قارالسۇن. ماتېرىيالنىڭ ئەسلىسى شىبەچە يېزىلغان بولۇپ، يازغۇر ئەپەندى ساقلىغان قول يازمىدىن گۈەن شىڭسەي تەرجىمە قىلغان.

② پۇت — ئېغىرلىق ئۆلچىمى. بىر پۇت تەخمىنەن ئوتتۇز ئۈچ جىڭغا توغرا كېلىدۇ.

كۆمۈش تەڭگىدىن سېلىق تۆلەيتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەرلىك فېئوداللارغا تۆلەيدىغان ھەر خىل باج - سېلىقلىرى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. «شىنجاڭ تەزكىرىسى. چېرىك» تە ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ ئەينى يىللاردا تارتقان زۇلۇملىرى مۇنداق ئەينەن تەسۋىرلەنگەنىدى: «ھەرقايسى شەھەرلەردىكى خان ئۆ- بال، چېرىكچى ئامباللار ئەيش - ئىشرەتكە مەستە - مۇستەغرەق بولۇپ كەتتى. ھاكىمبەگلەر ئامبالغا بېرىمىز دەپ پۇقرالارغا ئالۋان- ياساقنى خالىغىنىچە چاچاتتى. ئالۋان - ياساق ئۈچۈن يىغىلغان ئالتۇن - كۆمۈش، قاشتېشى، تاۋار - دۇردۇنلار ۋە رەخت - گەزلىمىلەرنىڭ پەقەت ئوندىن ئىككىسى ئۇلۇشلا ئامبالغا يەت- كۈزۈلۈپ، قالغان سەككىز ئۇلۇشى بەگ - خوجامىلارنىڭ ئۆز قولىدا قالاتتى. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامباللار بىر - بىرىگە بويسۇنمايتتى. ئىلى جاڭجۈنى يىراقتا بولغاچقا، ئۇنىڭ سىياسەت قامچىسى باشقىلارغا يەتمەيتتى. ئۇ ئامباللارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولاتتى. ئۇلار مۇسۇلمان چەنتۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى يامۇلغا ئەكىرىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمەيتتى. مۇسۇلمان چەنتۇلارنى ھايۋاندەك ئىشلىتەتتى. مۇسۇلمان چەن- تۇلار غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈردى.» دېمەك، زورلۇق - زوم- بۇلۇق، ئالۋان - ياساق ۋە قاتمۇقات زۇلۇم ئاستىدا قالغان ئۇيغۇر خەلقى بىلەن چېرىك ھۆكۈمەت — مانجۇ ھاكىمىيىتى ئوتتۇ- رىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى.

مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ مالىيەسى قۇرۇقدىلىپ، ماڭارغا پول تاپالماي، ئەڭ ئاخىرى ئاقچىنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈش، ئاقچىنى ھەدەپ كۆپلەپ تارقىتىش چارىسىنى قوللاندى. قارى- ماققا، مۇشۇ چارە بىلەنلا قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىشكە بولىدىغاندەك قىلاتتى. بىراق بۇ ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچ- قاندەك، خەلقنىڭ مانجۇ ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. دېمەك، خەلق قوزغى-

لاكلىرىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دەھشەتلىك بۇلاڭ - تالىڭى بولغانىدى. خەلق قولىغا ئارا - كەتمەن ئېلىپ، ئەزگۈچىلەرنىڭ چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان ئارمىيىسىگە قارشى چىقتى.

مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى ئىچىدە 1764 - يىلى ئۇچتۇرپاندا يۈز بەرگەن «جىنگدە يېغىلىقى» بىلەن 1864 - يىلى كۇچا ۋە قەشقەردە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلار ئەڭ مەشھۇر قوزغىلاڭلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تارىختا، ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ئەگەر ئەزگۈچى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا سەللا نارازى بولۇپ قارشىلىق كۆرسەتسە ئۇ ھالدا ھۆكۈمرانلار ئۇلارنى دەھشەتلىك تۈردە قانغا پاتۇراتتى. مانجۇ ھاكىمىيىتى «جىنگدە يېغىلىقى» دا، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىدىن دەھشەتلىك ئۆچ ئالدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مانجۇ ھاكىمىيىتى 1758 - يىلىدىكى «خوجىلار يېغىلىقى» دىن 1765 - يىلىدىكى «جىنگدە يېغىلىقى» مەغلۇپ بولغانغا قەدەر بولغان قىسقىغىنا يەتتە يىل ئىچىدە، ئۇيغۇر خەلقىنى شۇنداق دەھشەتلىك باستۇردىكى، بەش يۈز مىڭ بىگۇناھ كىشى ياۋۇزلارچە ئۆلتۈرۈلدى. ئاقسۇ دەرياسى ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولغانلىقتىن، كىشىلەر دەريا سۈيىنى ئۈچ يىلغىچە ئىچەلمىگەنىدى. مانجۇ ھاكىمىيىتى ئون ئىككى مىڭ تۇتۇن ئۇيغۇر دېھقاننى مۇزات ئارقىلىق ئىلىغا پالىدى. «جىنگدە يېغىلىقى» دىن ئىلگىرى، ئاقسۇدا ئىككى تۈمەن تۇتۇن، ئۇچتۇرپاندا بىر تۈمەن تۇتۇن، قەشقەر رايونىدا سەككىز تۈمەن تۇتۇن ئاھالە بار ئىدى، «جىنگدە يېغىلىقى» دىن كېيىن، بەزى جايلاردا ئادەم ئۇرۇقى قۇرۇتۇۋېتىلدى. مەسىلەن: ئۇچتۇرپاندا ئادەم قالمىغانلىقتىن، بۇ يەرگە تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق جايلاردىن

ئاھالە گۆچۈرۈلدى. بەزى جايلاردا نوپۇس يەتمىش بەش پىرسەنت كېمىيىپ كەتتى. مەسىلەن: بۇگۈردە بۇرۇن ئىككى مىڭ تۈتۈن بولغان بولسا، 1778 - يىلى ئاران بەش يۈز تۈتۈن قالدى. بىراق، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ دەھشەتلىك جازالىرى، قانلىق قىرغىنچىلىقى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىنى ئەزەلدىن ئۆچۈرەلىگىنى يوق. ئەزگۈچىلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوزغاشقا سەۋەبچى بولۇپ، ھەممىلا يەرنى قۇرۇق ئوتۇن بىلەن تولدۇراتتى. ئازراق ئوت ئۇچقۇنى بولسىلا. بۇ ئوتۇنلار چاراسلاپ يېنىپ كېتەتتى - دە، ئاخىر بېرىپ پۈتۈن ئۆلكىنى قاپلىغان چوڭ يانغىنغا ئايلىناتتى.

1862 - يىلى، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشىيا قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلار ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىلھامى بىلەن، مانجۇلارنىڭ دەھشەتلىك مىللىي زۇلمىغا قارشى ھەممىدىن ئاۋۋال قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ خەۋىرى شىنجاڭغا تېزلا يېتىپ كەلدى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شىنجاڭدا قوزغىلاڭ ھەممىدىن بۇرۇن كۇچادا پارتلاپ، ئاندىن تېزلا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا ۋە شىمالىي شىنجاڭغا كېڭەيدى. شۇ چاغدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار ئىدى:

راشىدىن خوجا (خان خوجا) باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە قارا شەھەرلەرنى مانجۇلار قولىدىن ئازاد قىلدى؛

داۋۇت خەلىپە (تۇدېلىن) باشچىلىقىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرى كۇچا قوشۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۈرۈمچى، تۇرپان، مىچۈەن (گومۇدى)، ماناس، فۇكاڭ

قاتارلىق شەھەرلەرنى ئازاد قىلدى؛

سىدىقبەگ، جىن شياڭيىلىڭ، ما تۆرە (خۇيزۇ)، ئابدۇراھمان ھەزرەت، ھەبىبۇللا ھەزرەت (ھاجى پادىشاھىم) باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر، يەكەن، خوتەن شەھەرلىرىنى مانجۇلار قولىدىن ئازاد قىلدى؛

ئابدۇرۇسۇلبەگ، مەزمەزات، سادىر پالۋان ۋەكىللىكىدىكى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئىلىنى مانجۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى؛

ئىمام باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار چۆچەكنى ئازاد قىلدى.

بىراق، بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۋالغانلار فېئوداللار، روھانىي تۆرىلەر ۋە چوڭ يەر ئىگىلىرى بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى مەرتىۋە - ئىمتىيازلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ئۆز ئورۇنلىرىنى مۇستەھكەملەشنىلا كۆزلەيتتى. ئۇلارغا ئەگەشكەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە باشقا مىللەت دېھقانلىرى ۋە شەھەر ئاھالىسى پەقەت ئالۋان - ياساقنىڭ كېمەيتىلىشىنىلا ئويلايتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئورتاق نىشانى مانجۇ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بولۇپ، بۇ مەقسەت ھەممىسى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. فېئودال لار، چوڭ روھانىيلار ۋە يەر ئىگىلىرى ھەرقايسى جايلاردىكى مانجۇ ھاكىمىيەتلىرىنى خەلقنىڭ كۈچى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىغان بولسىمۇ، ئەمما ھوقۇق، ئىمتىياز ۋە پايدا - مەنپەئەت تالىشىپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشاتتى. تەپرىقىچىلىك - بۆلگۈنچىلىك ھەممە يەرگە يامراشقا باشلىغانىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونى تالان - تاراج قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. چاررۇسسىيە مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئەپلىك جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، بىر مىليون يەتتە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنىنى يۇتۇپ كەتتى. بۇ چاغدا،

مانجۇ ھاكىمىيىتى تەيپىڭ تىيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باس-تۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇ خىل تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭمۇ جاھانگىر دۆلەتلەر كۆز تىككەن مۇھىم ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى. چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، خىۋە، قوقان قاتارلىق بىرمۇنچە ئەللەرنى ئارقا - ئارقىدىن يۇتۇپ كەتتى؛ ئەنگلىيە ئافغانىستان، ھىندىستان، كەشمىر قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

1864 - يىلى پارتىلىغان قەشقەر قوزغىلىڭى دەل مۇشۇن-داق ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە بارلىققا كەلدى. 1863 - يىلى 8 - ئايدا، سىدىقبەگ، جىن شياڭيىڭ ۋە ماتۆرە قاتارلىقلار قوزغىلاڭچى ئاممىنى باشلاپ قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، سىدىقبەگ ئۆزىنى ئۆزاقتا قالماي «خان» دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن سىدىقبەگ نەسەبىي تۆرىلەردىن بولمىغىنى ئۈچۈن، ئېتىراپ قىلىنمىدى. سىدىقبەگ قەشقەر ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، 1864 - يىلى قىشتا، جىن شياڭيىڭ، ما تۆرە قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قوقان خانى خۇدايارنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئاپئاق خوجىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى بۇزرۇك خوجا (نەسەبى: ئاپئاق خوجا ← يەھيا خوجا ← مەھمۇت خوجا ← بۇرھانىدىن خوجا ← سامساق خوجا ← جاھانگىر خوجا ← بۇزرۇك خوجا) نى قەشقەرگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار 1865 - يىلى 1 - ئايلاردا، بۇزرۇك خوجا، ياقۇپ قوشبېگى (كېيىنكى چاغلاردا «بەدۆلەت» دەپ ئاتالدى)، ئالدراج دادخاھ، ئەبەيدۇللا پەنسات، قۇلمۇھەممەت سەرۋاز، قۇلان خوجا ھۆدەيچى قاتارلىق ئاتمىش سەككىز كىشىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى.

بۇزرۇك خوجا بىپەرۋا بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ھەربىي ھوقۇق بىلەن ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ياقۇپبەگكە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى كۈن بويى دۇئا - تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ياقۇپبەگنىڭ قارا نىيىتى بارغان-
سېرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بۇزرۇك خوجىنى كۆزىگە
ئىلماي قويدى. بۇزرۇك خوجا كېيىنكى چاغلاردا گەرچە
ئۇنىڭ نىيىتىنى تۇيۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا چەك قويۇشقا تىرىشقان
بولسىمۇ، ئەمما خىش قېلىپىدىن چىققان، ئىش كېچىككەنىدى.
1865 - يىلى 12 - ئايدا، بۇزرۇك خوجا يېڭىشەھەردىكى
خۇيزۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ياقۇپبەگدىن ئارمىيە ھوقۇ-
قىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغاندا، ياقۇپبەگ تەرىپىدىن تەقىپ
ئاستىغا ئېلىندى. 1866 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە، ياقۇپ-
بەگ ئۇنى «ھەج قىلىپ كەلسىلە!» دەپ ئالداپ يولغا سالدى.

ياقۇپبەگ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جاي-
لارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا تەڭرىتېغىنىڭ
شىمالىدىكى كەڭ جايلارنى ئىگەللەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆر-
سەتتى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ
كەلگۈچە، چاررۇسىيە مانجۇ دائىرىلىرىنىڭ
تەلىپى بويىچە ئەسكەر چىقىرىپ، ئىلى رايونىدىكى كەڭ زېمىننى
بېسىۋالغانىدى. لېكىن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى ئىمكا-
نىيەتنىڭ بارىچە مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ غەزىپىنى قوزغىماي
ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ، ئىلىنى مانجۇ خاندانلىقىنىڭ زېمىنى دەپ
ئېتىراپ قىلدى. چارپادىشاھى ئالېكساندىر II ئۆزىنىڭ
بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك ۋەكىلى ۋېرانگىل ئارقىلىق مانجۇ
ھۆكۈمىتىگە مانجۇلار ئىلىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەسكەر ئەۋەتىپ
بۇ يەرنىڭ تەرتىپىنى قوغدىيالىغۇدەك بولغاندىلا، ئۇنى جەزمەن
قايتۇرۇپ بېرىمىز، دەپ ۋەدە بەردى.

دېگەندەك، ئون يىلدىن كېيىن چاررۇسىيە ئىلىنى مانجۇ-
لارغا قايتۇرۇپ بەردى. لېكىن، ئۇنى تولۇق قايتۇرۇپ بەرمىدى.
ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى زېمىنى يۇقىرىقى ئىلى ۋە تۆۋەنكى ئىلى
دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى، بۇ ئىككى بۆلەك تېررىتورىيە ئېقىمىدىن

بىر گەۋدە ئىدى. چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىنى ئون يىل ساقلاپ
بەرگەنلىك ھەققى ئۈچۈن، مانجۇ خاندانلىقىدىن بىرقانچە مىل-
يون سەر كۈمۈش تۆلىتىۋالغاندىن تاشقىرى، ئىلى زېمىنى-
نىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى — تەۋەلىكى بالقاش كۆلى بويلىرى
ۋە ھازىرقى ئالمۇتا ئوبلاستىغا قەدەر سوزۇلىدىغان تۆۋەنكى
ئىلىنى يۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ دۆلەت خەرىتىسىگە
كىرگۈزۈۋالدى.

ئۆز ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ زېمىنلىرىنى
ئارقا - ئارقىدىن بېسىۋېلىپ، تاجاۋۇزچىلىق يولى بىلەن ئۆز-
لۈكسىز كېڭىيىشىگە تايىنىپ باش كۆتۈرگەن چارروسىيە ئىمپېرى-
يىسى تارىختا ئۆزلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەن ھەرقانداق جاينى
شۇ جاينىڭ ئۆز ئىگىلىرىگە ياكى ئۇلارنىڭ يەڭگۈشلىنىپ تۇرۇ-
دىغان خوجايىنلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ باققان ئەمەس. چاررو-
سىيىنىڭ يېقىنقى بىرقانچە ئەسىرلىك ھەربىي - سىياسىي
تارىخى بىلەن دىپلوماتىيە تارىخىنى ياخشى بىلىدىغان كىشى-
لەر بۇنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. لېكىن ئۇ ئىلىنىڭ يېرىمىنى
بولسىمۇ مانجۇ خاندانلىقىغا قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ئۇنىڭ تا-
رىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئايرىم بولغان بىرلا مىسال بولۇپ،
بۇ مىسال چارروسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن مانجۇ خاندانلىقى ھۆ-
كۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاشكارا، ياكى مەخپىي ھالدا، ھەم
تالىشىش، ھەم تىل بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چارروسىيە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
مۇستەملىكىلىرىنىڭ شەرقىدە ياقۇببەگدىن ئىبارەت بۇ ھەربىي -
سىياسىي كۈچنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئۆزىنىڭ ئۇ
يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا نىسبەتەن بىر زور تەھدىت دەپ
ھېسابلىغانىدى. ئۇنىڭ ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىشى ياقۇببەگنىڭ
ھەربىي ھەرىكىتىنى چەكلەش ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى يوق
قىلىشتەك ستراتېگىيىلىك مەقسەتتىن بولغان.

مەن بۇ كىتابىمدا ئۆزاقتىن بۇيان توپلىغان تارىخىي ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن، شۇ زامان ۋاقەلىرىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشنى كۆزلىدىم.

تارىخ — رەھىمسىز، يۈز - خاتىرىسىز ۋە ئەمەلىيەتچىل كېلىدۇ. ئۇ گەرچە پارلاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پارلاقلىقى تۇپەيلىدىن، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ شولىسى يورۇتقان يەرلەر سايە ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ؛ ئۇ ئوخشاش بىر ئادەمنى ھەم شەيتان، ھەم ئىنسان قىلىپ قويۇپ، ئۆزئارا سوقۇشقا سالىدۇ. ئۆزئارا بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. زالىملارنىڭ جاھالىتى بىلەن قوماندانلارنىڭ شان - شۆھرىتى ئۆزئارا كۆرەش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۇلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، بىرقەدەر توغرا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

قىسقىسى، تارىخ — خاتالىقلار ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، ئۇ — تىرىشچانلىقلار ۋە ئۇرۇنۇشلارنىڭمۇ جەريانىدۇر.

بۇ كىتابتا كۆرسىتىلگەن شەخسلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئۆتكەن ئادەملەردۇر. تەسۋىرلەنگەن ئىشلارمۇ ئەينى زاماندا يۈز بەرگەن رېئال ۋەقەلەردۇر.

× ×

مەن 1969 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىغا شتاب ئوفىتسېرى بولۇپ يۆتكەلدىم. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن مەشھۇر ئاقسايچىن تۈزلەڭلىكى①، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتو، ئاقچى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىدە ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كونىشەھەر، باي، كۇچا،

① قارا قۇرۇم، كۇئېنلۇن ۋە پامىر تاغلىرى بىلەن ئورالغان كەڭ تۈزلەڭلىكنىڭ نامى. ئورنى قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرىدە يەر شەكلىنى خەرىتىگە ئېلىش خىزمىتىگە قاتناشتىم. بولۇپمۇ 1976 - يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە تورغات ئېغىزىدىن باشلاپ سۆگەك، قوغۇشۇن كېنى، غانجۇغان، كەنشۇە، قىزىلبوي، ئۇقسالۇر، ساقالچات، كونا ئۇلۇغچات، جىغىن، سىمخانە، ئەركەشتام، چاقماق ۋە مىگىيول قاتارلىق جايلاردا يەر شەكلىنى خەرىتىگە ئېلىش جەريانىدا، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بەدۆلەت ھەققىدىكى نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم. بەزىلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭدىم. مۇزارت تاغ ئېغىزىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقاندا، بىز ئولتۇرغان جىپ بايدىكى جوغا داۋاندا بۇزۇلۇپ قېلىپ، ئىككى كۈن يولدا قالدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي، ئاقتو ناھىيىسىدە سىدىقبەگنىڭ يۇرتى بولغان بارىن، پاراش قاتارلىق جايلارنى ئارىلىدىم.

مەن ئېھتىيات لىباسىنى كىيىپ، سەۋر ھاسىسىغا تايىنىپ ئىلگىرىلەشتە، ماقالەمنىڭ بېشىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان ئاپتورلار يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي پاكىتلارنى يىپ ئۇچى قىلدىم، تارىخىمىزنىڭ ئەگرى - توقاي، سىرلىق، سوقماق يوللىرىدا ئېرىنمەي ماڭدىم، ھەتتا باشقىلار ئاتقان مالامەت تاشلىرى بېشىمنى يېرىپ جاراھەتلەندۈرگەندىمۇ كەينىمگە يانمىدىم، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايىلەرنى ئىمكان قەدەر كۆپرەك توپلاشقا تىرىشتىم، نۇرغۇن چارۋىچىلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە قوندۇم، مېھماندوست قىرغىزلارنىڭ كۆلخانلىرىدا ئىسسىندىم ... ياقۇببەگ، سىدىقبەگ، بۇزرۇكخان تۆرە ۋە باشقا مۇھىم تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان مويسىپىت زاتلار بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. مېنىڭ ئىزدىنىشىمدە خەلقىم ماڭا يار بولدى، مېنى رىغبەتلەندۈردى. شۇنداق قىلىپ، مانا بۈگۈن تارىخىمىزدىكى ئاشۇ بىر بەتنى ئۆرۈپ، «بۇ ۋەقەلەر ئۇنى چۈشىنىدىغان ھەم

بۇ كىتابنى كۆرىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئىبرەت بولغاي...» دەپ ئۈمىتلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم.

مەن ئاتمىش جىلدلىق «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرى. نامىلەر. خانغا يوللانغان جەڭ مەلۇماتلىرى»، «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى. خەرىتىلەر توپلىمى»، «غەربىي چېگرىنى ئومۇمىي باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئائىت بايانلاردىن قىسقارتىلمىلار»، «چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەققىي خاتىرىلىرى»، «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» قاتارلىق خەنزۇچە ئەسەرلەردە مەلۇم بولغان بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلدىم. مۇشۇ مەزگىلدە، ئىلى بىلەن چۆچەكتىمۇ مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى يۈز بەردى. بۇ قوزغىلاڭلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىشنى لازىم تاپمىدىم. چۈنكى بۇ قوزغىلاڭلار ھەققىدە بولۇپمۇ ئىلىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ ھەققىدە كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ۋە تەپسىلىي يېزىپ قالدۇرۇشقانىدى. شۇڭا بۇ ھەقتە پەقەت قىسقىلا توختىلىپ ئۆتتۇم. بۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا، موللا بىلال نازىمىنىڭ «غازات دەرمۇلك چىن» دېگەن ئەسىرىدىن پايدىلانغاندىن سىرت، يەنە شۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان كىشىلەر يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن خەنزۇچە، شىبەچە قول يازمىلاردىن، مەسىلەن: موجىڭخې (شىبە) ئەپەندى يازغان «شىبەلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىيالى»، يازۇر ئەپەندى (بۇ زات قورغاس ناھىيە 1 - رايون 5 - يېزىدىن بولۇپ، داغۇر) ساقلىغان «ئىلى تەزكىرىسىدىن قىسقارتىلمىلار» دىن پايدىلاندىم.

مەن بۇ ئەسەردە يالغۇز پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ نەتىجىسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىشكە ۋە ئۇلارنىڭ نۇتقىنىڭ ئوبرازلىقلىقى ۋە خاسلىقىنى ساقلاپ

قىلىشقا تىرىشتىم. شۇ تارىخىي پېرسوناژلارنىڭ ئۆزلىرى يازغان خەت ـ چەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ زامانداشلىرىنىڭ شاھىدلىق ماتېرىياللىرى مېنىڭ مۇنداق قىلالىشىمغا ياردەم بەردى.

مەن بۇ ئەسەرنى يازغاندا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، ئەينى دەۋرنىڭ تۈسىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتىم. بۇ كۆپرەك پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى تەسۋىرلىگەندە ئىپادىلەندى. كىتابخانلىرىمىز كىتابىمىزنىڭ ھەربىر بەتلىرىدە دېگۈدەك ئارخائىزىملىق سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ۋە بۈگۈنكى دەۋرگە ئانچە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بەزى تىل ئادىتى ۋە تەلەپپۇزلارنى چېلىقتۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئېھتىياجىدىن بولغان شۇڭا، كىتابخانلارنىڭ بۇنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىپ، مەسىلىگە ئىلمىي نۇقتىدىن قارايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

مەن ئۈچ توملۇق بۇ ئەسىرىمنىڭ مەلۇم بابلىرىنى قول يازما ھالىتىدە ئوقۇپ، ئۆز مۇلاھىزىسى ۋە مەسلىھەتلىرى بىلەن ماڭا كۆرسەتمە بەرگەن يېتۈك ئالىم، ئەدىب، تىلشۇناس مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىغا سېغىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە ئۆز تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. چۈنكى بۇ ئۇستاز كىتابىنىڭ «قاسىم پولگان» دېگەن بابىنى كۆرۈپ ماڭا: «ئەدەبىي ئەسەرلەردە، شىمالدا سادىر پالۋان ئوبرازى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. جەنۇبتا بۇنداق ئوبراز ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇڭا سىز قاسىم پولگان ئوبرازىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىڭ!» دېگەنىدى. كەسپداشىم، مەشھۇر شائىر، ژۇرنالىست قۇربان بارات ئەسەرنىڭ دەسلەپكى تولۇق ئورىگىنالىنى ناھايىتى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتى ۋە پۈتۈن كىتابنى تەھرىرلەش ۋە نەشرگە تەييارلاش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ كىتابنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشىغا زور ياردەم

بەردى. بۇ يەردە مەن ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

سۆيۈملۈك رەپىقەم ۋەسەپدىشىم تۇنىسا كەنجى مېنىڭ پۈتۈن ئىجادىي ئەمگىكىمنى مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتە چىن قەلبىدىن سەمىمىي قوللىدى. مۇبادا، ئۇ ماڭا يار - يۆلەك بولۇپ، زۆرۈر بولغان ئائىلە قولايلىقىنى يارىتىپ بەرمىگەن بولسا، بۇ ئەمگىكىمنىڭ بۈگۈندەك تېز روياپقا چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن بولاتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۇر ئىزهار قىلىمەن. بىزنى تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىشقا نېسىپ قىلغاي!

دۇنيادا ئېيۋەنسىز ئادەم بولمىغاندەك، بۇ ئەسەرنىمۇ نۇقسانسىز دېگىلى بولماس، ئەلۋەتتە. مۇبادا، مۇشۇ ئازغىنا ئەمگىكىم بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىنى بىرئاز بولسىمۇ قوزغىيالىسام، بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسەتكە يەتكەن بولاتتىم.

1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچى.

# بىرىنچى باب

## يانغىن

«ئۇۋا بۇزغۇچىنىڭ ئۆز ئۇۋىسى بۇزۇلىدۇ.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مىلادى 1864 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۈمە.

كۇچادا تومۇز ئايلىرىدا ئىسسىق قاتتىق بولىدۇ، ئىسسىقنىڭ تەپتىدىن يەر ۋە ئاسمان تونۇردەك قىزىپ كېتىدۇ. تومۇزنىڭ مۇنداق ئىسسىقىدا، قۇشلارمۇ ئاسماندا ئەركىن - ئازادە ئۇچالمايدۇ. بولۇپمۇ، كۈن تىكلەشكەندە ئاسماندا بىرمۇ قۇشنى كۆرگىلى بولمايدۇ. قېرىلار بۇنداق ئىسسىقلارنى قۇشلارنى ھاۋادىن ئېلىپ يەرگە ئاتىدىغان ئىسسىق دېيىشەتتى.

كۇچانىڭ شىمالىدىكى قارلىق تاغلار، ئاقباش چوققىلار بىر خىل ئىسسىق ۋە يورۇق تۇمان ئىچىدە ئاقىرىپ ياتاتتى. ئۇلار خۇددى ھازىرلا ئېرىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاپئاق ئاسماندىن كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولىدىغان مىڭلارچە - مىليونلارچە ئىنچىكە زەر تالالار ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ قەدىمكى يۇرتنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتېغىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان سان - ساناقسىز ئېقىنلار ئاخىرىدا قوشۇلۇپ

كوچانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن دەرياغا ئايلانغانىدى. بۇ دەريانى بويلاپ جايلاشقان چوڭ - كىچىك يېزىلار، سان - ساناقسىز ئۆيلەر، كەپىلەر يىراقتىن ئىسسىق ۋە يورۇق تۇماننىڭ ئىچىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئۇلار ئىنتايىن نېپىز شايى پەردىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنگەندەك كۆرۈنەتتى. پۈتۈن كوچا تا ئەتىگەندىن چۈشكىچە بولغان ئىسسىقتا پىژغىراپ كېتىۋاتاتتى. كوچا دەرياسىدىكى سۇ دىمىق ئىسسىقتا، جىمجىت ئەمما راۋان يېيىلىپ ئېقىپ تۇراتتى.

كوچانىڭ پاختا بازىرىدىكى جامە ئالدىدا ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەنىدى. ئېگىز قارىياغاچلارنىڭ يوغان شاخلىرىغا ئون يەتتە ئادەم ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇلار سايىراملىق ئەيسا گۇمبەز، مۇھەممەت ئەلى بۇغرا قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ يالىڭاياق پۇتلىرى تاسمىدەك سوزۇلغان پېتى قېتىپ قالغانىدى. ئۆلۈكلەرنىڭ ھىڭگايغان چىشلىرى، ئالايغان كۆزلىرى، تۆۋەنگە بىر غېرىچ ساڭگىلىغان تىللىرى، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن ئاققان قانلارغا قارىغان ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ، پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشەتتى.

بېشىغا ئالتىنچى جەركىلىك دىڭ قالپاق ①، ئۇچىسىغا قارا بۆزدىن ئۇدۇلىدىن ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن نىمچە كىيگەن كوچا خان ئامبىلى سالىڭئا② پاختا بازىرىنىڭ ئېغىزىغا قويۇلغان قارا شىرەنىڭ كەينىدە دارغا ئېسىش جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىپ ئولتۇراتتى. سەمرىپ يەل توشقۇزۇلغان تۇلۇمدەك بولۇپ قالغان ئېزىز بەگ تۇڭچى③ ئامبالنىڭ ھۆكۈمىنى ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ ئۇيغۇرچە ئوقۇۋاتاتتى:

---

① دىڭ قالپاق — ئەمەلدارلىق بۆكى.
② بۇ نام بەزى ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە «غالداي» دەپ ئېلىنغان.
③ تۇڭچى — تەرجىمان.

— ئامبال دارىنىڭ پەرمانىنى ئوقۇيمەن، ھەممەڭلار
قۇلاق سېلىڭلار! يۇرت بېگى، مىڭبېگى، تۈمەنبېشى، مىڭبېشى،
يۈزبېشى، كۆكبېشى، قاپبېشى قاتارلىق بەگلەرگە، چوڭ -
كىچىك، ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممە يۇرت ئەھلىگە مەلۇم بولغاي-
كى، بۇ يالاڭتۆشلەر خاقانى چىن لەشكەرلىرىنىڭ مائاش -
كۆلىياڭى ئۈچۈن چېچىلغان سېلىقنى تۆلىمەي، گەدەنكەشلىك
قىلىپ، ئۇلۇغ خاقانى چىننىڭ ئەمر - ئىتائىتىدىن چىقىپ،
ئىسيانكارلىق قىلىپ، چوماق - كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،
يېغى قوپقانلىقلىرى ئۈچۈن دارغا ئېسىلدى! ...
بۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇتلا چىققان بىر چۇقان ئېزىز بەگ
تۈگچىنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي
كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. پۇرقىراپ كۆتۈ-
رۈلۈۋاتقان چاڭ - توزان ئىچىدە، قوللىرىغا تاياق - توقماق
ئېلىپ تاغىي - باغىي بولۇشقان بىرتوپ ئادەم خۇددى تاغ كەلكۈنىدەك
دەۋرەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى سۈرۈپ-
توقاي قىلىپ، كوچىنى بىر ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدى-
كى كىيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ، ئەت - ياغلىرى كۆرۈنۈپ
قالغانىدى. ئۇلار كىرلىشىپ رەڭگىنى ئۇققىلى بولمايدىغان
بولۇپ كەتكەن ماتا يەكتەكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىشكەن،
باشلىرىغا شاپاق بۆك كىيىشىۋالغانىدى. توپنىڭ ئالدىدا ئۇچى-
سىغا قىزىل موۋۇت جۇببە①، بېشىغا دەرۋىش كۇلاسى كىيگەن،
ئېگىز بويلۇق، سېرىق ساقاللىق، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرى-
دىغان، ئاق پىشماق بىر كىشى بىر قولىدا قۇرئان تۇتۇپ،
بىر قولىدا ھاسىسىنى ئوينىتىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋار-
قىراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر توپ دەرۋىش -
سوپىلار ئورىۋالغانىدى. بۇ دەرۋىش - سوپىلارنىڭ باشلىرىدا
كۇلا، قوللىرىدا نەيزىدەك ھاسا، ئۈستىلىرىگە
سېرىق چەكمەندىن كەڭ ۋە جۇلدۇر - ياماق
بولۇپ كەتكەن تونلارنى كىيىشىۋالغان، بەللىرىگە

① جۇببە — شەيخلەرنىڭ ئۈست كىيىمى.

كاشكۆل① ۋە مونچاقلاردىن چېتىپ ياسالغان بەلباغلارنى باغلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋارقىرايتتى، بەزىلىرى ھۆركىرەيتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا زىكرى سوقاتتى:

........................

دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر،
جاھان مالىن ئالغانلار،
ئاچكۆز قۇشتەك بولۇبان،
ئۇل ھارامغا پاتقانلار.

........................

ئۇلار ئەنە شۇنداق يەر - جاھاننى سۇپۇرۇپ تاشلايدىغان بىر ئەلپاز بىلەن دەۋرەپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار گاھ توختاپ، گاھ دەۋرەپ مېڭىپ كېلىشىۋاتاتتى. توختىغاندا ھەلقە تۈزۈپ، «يائاللا - ھەق!» دەپ تەلقىن ئېيتىشاتتى. بۇ توپنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە سوپى چاقپەلەكتەك پىرقىراپ، بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىقراق ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بىز سەئىدلەرمىز②. بىزگە بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ!

ئۇلار تەكشى ئاۋاز بىلەن ھۆكمەت ئېيتىشقا باشلىدى:

يائاللا دوست، يائاللا!
ھەق دوست، يائاللا...
پانىي دۇنيا دېگەنلەر،
تەقۋانى تەرك ئەتكەنلەر.

---

① تىلەمچىلەرنىڭ تىلىۋالغان نەرسىلىرىنى سېلىپ بەللىرىگە ئېسىۋالىدىغان خالتىسى.

② سەئىدلەر — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

ھەمدۇ ـ سانا دېمەستىن،
كەيىپ ـ ساپا دېگەنلەر.
گۇناھلىرى ھېسابسىز،
قىيامىتى مەدەتسىز.

يائاللا دوست، يائاللا،
ھەق دوست، يائاللا!

باياتىن بىرى شىرەسىدە كۆرەڭلەپ ئولتۇرغان ئامبال سالىڭئا بىلەن ئۇنىڭ پەرمانىنى ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرۇپ ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئېزىز بەگ تۇڭچى غەزەپ بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئالىمانىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنى شىرەنىڭ ئاستىغا ئېتىشتى.

— ساراڭ بولۇپ قېلىشتىڭمۇ؟ نېمە قىلىشىۋاتقىنىڭنى بىلىشەمسەن؟ — ئەتراپتا توپلىنىپ تۇرغانلار ئىچىدىن بەزى ئادەملەر ۋارقىراشتى،— ئامبالنىڭ پەرمانىغا قارشى چىقىش — خاقانىي چىنغا مۇشت كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ! بۇنى بىلىشمەمسەن؟

— پەرمانىڭنى ئاناڭغا ئاپىرىپ بەر! بۇ گۇناھسىزلارنى نېمىشقا دارغا ئاسىدىكەن؟ بىز خاقانىي چىن دېگىنىڭنى ئەمدى تونۇمايمىز. راشىدىن خان غوجامنىلا تونۇيمىز!.. قانداق پەرمان چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئەمدى كۆرۈشىمەن! خان غوجام ھەرقايسىڭنىڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىپ، ھەممىڭنى قىلىچنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، باشلىرىڭنى سايىنىڭ تېشىدەك دومىلىتىۋېتىدۇ! — دېدى ھېلىقى سەپنىڭ بېشىدا قولىغا قۇرئان ۋە قىلىچ تۇتۇپ كېلىۋاتقان ساقاللىق كىشىنىڭ يېنىدىكى سوپىلاردىن بىرى.

— راشىدىن خوجا؟

— مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيىنىڭ مازىرىدىكى دەرۋىشقۇ ئۇ! يىغىلغان خەلق ھاياجانغا كېلىپ گۇرۇلدىشەتتى، دەريانىڭ سۈيىدەك چايقىلاتتى. ئەتراپتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن پاختا بازىرىدىكى جامە ئالدىغا قاراپ سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى ئاڭلىيالماي گۇرۇلدەپ تۇرغاندا، شىرەنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغان ئامبال سالغۇچى ئالتىنچى جەركىلىك دىڭ قالپاقنىڭ بېشىدىن چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئەپلەپ دەسسەپ قۇيرۇقىنى خادا قىلماقچى بولۇۋېدى، ئۇنى خەلق كۆرۈپ قېلىپ، تاشقىن بۇزغان تۇغاندەك بۆسۈلۈپ، كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى تاش - بوران قىلىشقا باشلىدى. ئالامان ھە دېمەيلا بۇ ئامبالنى ۋە ئۇنىڭ جاللاتلىرىنى دەسسەپ - پېتىقلاپ يەرگە چاپلىۋەتتى. بۇ پاتىپاراقچىلىقتا، ھېلىقى ئېزىز بەگ تۇغچى ئۆزىنى ئارانلا چەتكە ئالالىدى.

بۇ جۇمە كۈنى ئىدى. راشىدىن خوجا جامەنىڭ پەشتىقىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەبلىغ قىلماقچى بولدى. ئۇ سۆزلىرىنى گويا تاغلاردىن، شېغىل تاشلارنىڭ ئۈستىدىن، قورام تاشلارنىڭ ئارىسىدىن، قويۇق ئورمانلىقلاردىن شارقىراپ ئېقىپ كەلگەن سۇغا ئوخشاش راۋان قويۇۋەتتى:

— ئاللاتائالا، ئىنسانلارنى زۇلۇم - سىتەملەر ئاستىدا ياشىسۇن دەپ ياراتقان ئەمەس. بىراق، بۇ دۇنيا زۇلۇم دۇنياسىغا ئايلاندى. ئاللا بۇنداق بولۇشىنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ راۋا كۆرمەيدۇ. بىرلىرى يېيىشىۋاتىدۇ، مىڭلىرى ئۇلارنى بېقىشىۋاتىدۇ. ئاللاتائالا بۇنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ. قۇرئانى كەرىمدە ئۇلۇغ ئاللا شۇنداق دېگەن: زۇلۇم - سىتەم سالغۇچىلار كاپىردۇر؛ زۇلۇمغا ئۇچراپ تۇرۇپ قارشى چىقمىغانلار، ئۆلۈملىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ،

ئاچلىقنىڭ ئازابىنى تېتىپ تۇرۇپمۇ قارشى تۇرمىغانلار ھەم كاپىردۇر. زۇلۇمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ قارشى چىقمىغانلار، ئۇنى تاماشا قىلغانلار، بويسۇنغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كاپىر. جەننەت زۇلۇمغا قارشى تۇرغۇچى، يامانلىقلارغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

راشىدىن خوجا جامائەتكە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، تەبلىغىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇلار شېھىتلەردۇر، — دەپ دەرەختە ئېسىقلىق تۇرغان ئەيسا گۇمبەز باشلىق ئون يەتتە كىشىنى كۆرسەتتى ئۇ، — ئۇلارغا جەننەتۇل ماكان، رەۋزەئى رىزۋاندا ھۆسنى جامالى تەڭداشسىز ھۆرلىقالار قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ خەلق ئامباللار، ھاكىملار ئۈستىمىزگە چىقىپ ئېغىناپ ياتقاندىمۇ غىڭ قىلماي كەلگەنىدىغۇ؟ ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، كۆرسەتكىنى بويىچە ماڭغانىدىغۇ؟ ئامباللارنىڭ نېمىسىگە يەنە نېمە يەتمىدى؟ بۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ كەلمىدىمۇ؟

راشىدىن خوجا ئۆز سۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، قۇرئانى كەرىمدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇدى ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق، تەسىرلىك ئاۋازى بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزاق قىلىپ يېشىپ بەردى. ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندە، تەرگە چۆمگەنىدى.

ئەسلىدە خاقانىيچىن بۇيۇرتلارغا دىيەك ① ماتا قاتارلىق بەش تۈرلۈك ئالۋان - سېلىق بەلگىلەپ، دەستۇر - ئەمەل، ئەن - قائىدىلەرنى توختىتىپ بەرگەنىدى. لېكىن، ۋاقىتلارنىڭ

---

① دىيەك — ئاشلىقتىن تاپشۇرۇلىدىغان $\frac{1}{10}$ خىراج ھەققى.

ئۆتۈشى بىلەن، مەنسەپدارلار خاقانىي چىنىنىڭ بۇ يارلىقىغا چېكىدىن ئاشقان ھەرخىل بەلگىلىمىلەرنى قوشۇۋېرىشتى. ھەر خىل يامان قائىدە - يوسۇنلارنى پەيدا قىلىشىپ، پۇقرالارنىڭ ئۈستىدىكى جەبىر - زۇلۇمنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇ ۋەجىدىن، كۇچانىڭ ئۈستىدىكى سايرام دېگەن يۇرتتىن ئەيسا گۈمبەز، مۇھەممەت ئەلى بۇغرا دېگەن كىشىلەر باشچىلىقىدىكى باي خەلقى ئەمەلدارلارنىڭ چوڭىغا «خاقانىي چىن بىزگە ئەن - قائىدە قىلىپ توختىتىپ بەرگەن بەش تۈرلۈكلا ئالۋاننى بېرىمىز!» دەپ ئەرز قىلدى. بىراق، بۇ يۇرتنىڭ بەگلىرى ۋە تۆكچى - تىلماچلىرى كۇچا خان ئامبىلىغا: «بىرنەچچە ئادەم ئۇلۇغ خاقانى چىننىڭ ئەمىر - ئىتائىتىدىن چىقىپ باغىي ۋە تاغى بولۇپ، ئىسيان كۆتۈردى» دەپ مەلۇم قىلدى. ئامبالمۇ ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، بەگلەر بىلەن تۆكچىلارنىڭ گېپىنى گەپ قىلىپ، چېرىك ئەۋەتىپ، ئۇلارنى باغلاپ تۇتقۇزۇپ كەلدى، ئۇ، ئەيسا گۈمبەز، مۇھەممەت ئەلى بۇغرا باشلىق ئون يەتتە ئادەمنى پاختا بازىرىدىكى قارىياغاچقا ئاستۇردى. ئۇلاردىن باشقىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى تامغا باستۇرۇپ ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى ئۇسسۇز ۋە ئاچ قويۇپ، ھاكىنى دوغاپ قىلىپ ئىرىتىپ، ئۇلارغا زورلۇق بىلەن ئىچكۈزدى. ئۇنى ئىچكەنلەر جايىدىلا قېتىپ قېلىشتى. بۇلارنى مەنسەپدارلار كېسەل بولۇپ ئۆلگەن دەپ مەلۇم قىلىپ كۆمدۈرۈۋەتتى.

كۇچا خەلقى ھەددىدىن ئاشقان، جانغا پاتقان بۇ زۇلۇم - زوراۋانلىقلارغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇلار مۇھەممەت ئەلى شەيخ، موللا مۇسا ئىماملارنىڭ باشچىلىقىدا شۇ چاغدا ئالتە

شەھەر① بويىچە ئەڭ چوڭ خان ئامبىلى بولغان يەكەن خان ئامبىلىغا ئەرز - دادلىرىنى سۇندى. يەكەن خان ئامبىلى بۇ ئەرزنى سورىمايلا، ئۇنى كۇچا ئامبىلىنىڭ «ئەھۋالىغا قاراپ» بىر تەرەپ قىلىشىغا قايتۇردى. بۇ ئىش خۇددى «قويىنىڭ يۇڭىنى بۆرىگە ئېلىشقا تاپشۇرغان» دەك بىر ئىش بولدى. كۇچا خان ئامبىلى: «بىرنەچچە گەدەنكەش چەنتۇلار ② ئۇلۇغ خاقانىي چىنغا دۇشمەن بولۇپ، ئۇ جانابىي مۇبارەكنىڭ ئەمىر - ئىتائەتىدىن چىقىپ قارشىلاشقانى ئاز دەپ، يەنە يەكەن خان ئامبىلىغا ئەرز قىلغان» دېگەننى باھانە قىلىپ، چېرىك ئەۋەتىپ، مۇھەممەت ئەلى شەيخ، ئىبراھىم ئەرباب بەگ باشلىق ئون نەچچە ئادەمنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى سوئال - سوراق قىلمايلا چاناپ ئۆلتۈردى، بىرنەچچىسىنىڭ پېيىنى كېسىپ كاردىن چىقاردى. ھېلىم كۆكبېشى، تەلەي كۆكبېشى، توختى كۆكبېشى باشلىق قىرىق كىشىنى ئېغىرغۇلدا زەنجىر - كىشەنلەر بىلەن بەند قىلىپ، دىڭزىغا③ تاشلىدى.

× ×

1862 - يىلى كۈزدە، گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جەھرىيە سۇلۇكىنىڭ ئىمامى ماخۇالۇڭ باشچىلىقىدا ئىسيان كۆتۈرگەن خۇيزۇلار مانجۇ ھاكىمىيىتىنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا، خۇيزۇلار تىنچىسىغاندىن كېيىن، مانجۇ

① ئالتە شەھەر — ئادەتتە ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن شەھەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مانجۇ ھاكىمىيىتى بۇ ئالتە شەھەرگە خان ئامبال قويۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

② چەنتۇلار — مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ھاقارەتلەپ ئاتىشى.

③ دىڭزا — زىندان.

ھۆكۈمرانلىرى ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ھەر-
قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ چوڭلىرىغا «پاراكەندە تۇڭگانىيلار ۋاقتى-
دا يوق قىلىنىپ، مالىمانىنىڭ ئالدى ئېلىنسۇن» دېگەن مەز-
مۇندا يارلىق چۈشۈرگەنىدى.

× ×

يەكەن خان ئامبىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەر ۋە يۇرتلاردا كۆتۈرۈلگەن غەلييانلارنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، خاقانىي چىندىن «پاراكەندە تۇڭگانىيلار ۋاقتىدا يوق قىلىنسۇن» دېگەن يارلىق كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئوچاق ئېتىۋەتتى.

ھۇد ئايلىرى. يەكەن دىيارىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىغا ھاياتلىق يامرىدى. ھەمەل ئېيى بېزىگەن كۆكلەمدىن كىشىلەرنىڭ كۆزى قاماشتى. غۇبارسىز ئاسمانمۇ ئەتىيازنىڭ سۆيۈنچى يامغۇرىنى يەكەن دىيارىنىڭ سېخىي زېمىنىگە سېپىپ ئۆتتى. مول ھوسۇللۇق بۇ گۈزەل دىيار خۇددى يېڭى تويى بولغان قىزدەك ياسىنىپ كۆرۈنۈش قىلدى. ھەممىنى كۆرگەن قېرى پەلەك يەر يۈزىگە كۆكتاتتىن خال چەكتى. زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلدى. زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى مەجنۇنتاللىقلاردا بۇلبۇللار خۇش ناۋا بىلەن بەس - بەستە سايراشماقتا ئىدى.

ھەربىي كېڭەش يەكەن خان ئامبىلىنىڭ ئوردىسىدىكى داتاڭدا چاقىرىلدى. بۇ ھەربىي كېڭەش ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان پەۋقۇلئاددە كېڭەش ئىدى. بۇنىڭغا ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ خان ئامباللىرى بىلەن ئاغلاقچى ئامباللىرى تەكلىپ قىلىنغاندىن باشقا، يەنە يەكەننىڭ ھاكىمبېگى ئەھمەت ۋاڭ بىلەن يەكەننىڭ تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىشىكئاغىسى نىياز

بەگمۇ قاتناشتۇرۇلغانىدى.
يەكەن خان ئامبىلى خاقانىي چىننىڭ يارلىقىنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەش ئەھلىگە ئوقۇتۇردى:

— تۇڭگانىيلار توغرىسىدىكى خەۋەر بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا، — دېدى ئۇ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە قاتار ئولتۇرغان مەنسەپدارلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، — بىزلەر بۇ يەردە ئاز سانلىق بولۇپ قالىمىز. تۇڭگانىيلار بىلەن چەنتۇلارنىڭ تىلى باشقا بولسىمۇ، ئەمما دىنى بىر. ئۇلار ناھايىتى تولا. ئۇلارغا بىز مۇشۇ ئازغىنا كۈچىمىز بىلەن تەڭ كېلەلمەيمىز. ھەرقايسىڭىزلار خاقانىي چىننىڭ چۇلدۇ - جاساقلىق، چەركە - ئوتۇغاتلىق ئەمەلدارلىرى سىزلەر. بولۇپمۇ، سىز ئەھمەت ۋاڭ جانابلىرى بىلەن نىياز ئىشىكئاغابەگ ئاتائى - ئەجدادىڭىزدىن تارتىپ خاقانىي چىننىڭ تۇزىنى يەپ، مائاشىنى ئېلىپ، دۆلىتىنى كۆرۈپ كەلگەنلەر. تۇز ھەققىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ھەممە ئىنسان گۇرۇھى ئەمەل قىلىدىغان پەزىلەت. بۈگۈن سىزلەرنىڭ مەسلىھەتىڭىزلەرنى بىر ئاڭلاپ باققۇم بار...

ئەھمەت ۋاڭ بېگىم بۇ زاماننىڭ رەڭۋازلىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، ئالدىراپ مەسلىھەت بېرىپ كەتمىدى ۋە نىياز بەگكە: «ئۆزۈڭ بىرنېمە دەپ باقساڭ!» دېگەندەك قاراپ قويدى. ئەھمەت ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۈندىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، نىياز بەگ ئېغىز ئاچتى.

— دارىن جانابلىرى، — دېدى ئۇ، — بۇلارنى ئۆلتۈرسەكمۇ - ئۆلتۈرمىسەكمۇ، بولار ئىش بولدى. بۆرىنىڭ ئاغزىغا قان تەگدى، چەنتۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلدى. تۇڭگانىيلار بىلەن بۇ چەنتۇلار بىزنىمۇ، خاقانىي چىننىمۇ ئەمدى تېنىم تاپقۇزمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پاراكەندە تۇڭگانىيلارنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ.

— مەن سىزدەك ئوچۇق سۆزلۈك ئادەملەرنى ياخشى
كۆرىمەن،— دېدى خان ئامبال.
— بۇنداق خىسلەت كۆپ ئادەملەردە بولۇۋەرمەيدۇ. بۇ
پەقەت سىز ئامبال جانابلىرىدەك دانا ئەمەلدارلارغىلا خاس
خىسلەت،— دەپ كېرىلىپ كەتتى نىيازبەگ خان ئامبالنىڭ
ئۆزىنى ماختىغىنىنى كۆرۈپ،— مەن دائىم مۇشۇنداق
سۆزلەيمەن!

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قوش قوللاپ قۇللۇق بىلدۈردى.

— ئولتۇرۇڭ بەگ جانابلىرى، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ!

نىياز بەگ بېرىپ خان ئامبىلىنىڭ يېنىدىكى كۇرسىتا
ئولتۇردى. قوللىرىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— قېنى سۆزلەڭ، مەجلىس ئەھلىنىڭ قۇلىقى سىزدە!—
دېدى خان ئامبال ئۈمىدلىك نەزەرى بىلەن نىياز بەگكە
بېقىپ.

— ئامبال جانابلىرى، سىز يىلاننىڭ تېرە تاشلىغىنىنى
كۆرگەنمۇ؟ ئاجايىپ ئىشتە - بۇ! يىلاننىڭ جىنىنى ئالىدۇ.
يىلان دەسلەپتە يۇمشاق ئوتلۇق جاينى تاللايدۇ. بىر مەزگىل
ئوت - چۆپ ئىچىدە ئايلىنىپ سۆرىلىپ يۈرىدۇ، كېيىن ئوقيا-
دەك ئىككى - ئۈچ قېتىم كېرىلىدۇ، توختاپ يەنە كېرىلىدۇ، يەنە
توختاپ، ئاخىرىدا خېلى ئۇزۇنغىچە كېرىلىدۇ. ئاندىن، توپتەك
تۈگۈلۈپ، يەنە يېشىلىدۇ. شۇ چاغدا، يىلان كۆپۈپ كېتىدۇ.
ئۇزۇن تېرىسىنى باشقا يەرگە — يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە تاشلايدۇ.
بۇ چاغدا يىلاننىڭ يېڭى تېرىسى تولىمۇ نېپىز، خۇددى
مۇنجامە قەغەزدەك ئاسان تېشىلىپ كېتىدىغان بولىدۇ. يىڭنى-
نىڭ ئۇچىدەك تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇنى تېشىپ زىيدە قىلىپ
قويىدۇ. يىلان تېرىسىنى تاشلىغاندىن كېيىن، ئالاقزادە بولۇپ
قورقۇپ كېتىدۇ. نېمە قىلىشىنى، نەگە مېڭىشىنى بىلمەي،
ئۆزىنى يوقاتقان هالدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

كېڭەش ئەھلى نىياز بەگنىڭ ئاغزىغا
— ئەمدى، تۈگكانىيلار بىلەن چەنتۈلا
مەن،— دېدى نىياز بەگ كېڭەش ئەھلىنى
ئېتىبارىنىڭ ئۆزىگە ئاغدۇرۇلغىنىدىن مەمنۇن
بولغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئالىتە شە-
گەدەنكەش چەنتۈلار بىلەن پاراكەندە تۈگكانىيلارمۇ چوڭ
بۇزۇلىدىغان ئەلپازدا تۇرۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇلارنى كىچىك
بۇزۇلىدۇ، دېگەندىن كۆرە، چوڭ بۇزۇلىدۇ، دېگەن ياخشىراق
دەپ قارايمەن. بۇ ئىشنى شۇنداق چۈشەنمىسەك بولمايدۇ.
دارىن جانابلىرى باشقىچە ئويلاپ قالمىغاي. شۇڭا، يىلاننى تېرە
تاشلىغان چېغىدا، نېمە قىلاردىنى بىلمەي تېنەپ تۇرغان
چېغىدا يانجىپ تاشلاش كېرەك. ئالتە شەھەردىكى چەنتۈلار
بىلەن تۈگكانىيلار بۇزۇلسا، بۇ قېتىم بەك يامان بۇزۇلىدۇ.
بۇ ئوغرىلار كۆلىدىكى چاكموزىلاردىن① ئۆلگە ئېلىشتى.
بىز سەللا يۇمشاق قوللۇق قىلساق، چەنتۈلارنىڭ يانغىنىنى
ئۆچۈرەلمەيمىز.
— سىزچە قانداق قىلساق بولار؟— دەپ ئالدىراپ
سورىدى خان ئامبال.
— توختاپ تۇرسىلا، دارىن جانابلىرى! مەن چۈشەندۈرەي.
سىلى ئاق يەر يىلىنى دېگەن يىلاننى ئاڭلىغانمۇ؟ ھالا بۇگۈنكى
بۇزۇلغان گەدەنكەش چەنتۈلار بىلەن پاراكەندە تۈگكانىيلارنى
شۇنىڭغا ئوخشاتساق خاتا بولماس.
— بىلمەن،— دېدى خان ئامبال.
— ئاق يەر يىلىنىنى قانداق ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ،
بىلەملا؟
— بىلمەيمەن!
— ئۇنداق يىلاننىڭ بېشىنى تاش بىلەن بىر قويۇپلا

① تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابچىلىرىنى دېمەكچى.

ئېزدۈەتكىلى بولىدۇ — بۇ بىر خىل ئۆلتۈرۈش.

— ھەئە، بۇ بىر خىل ئۆلتۈرۈش!

— يىلاننى بوغۇپ ئۆلتۈرۈش — بۇ ئىككىنچى خىل ئۆلتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يىلاننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش— بۇ ئۈچىنچى خىل ئۆلتۈرۈش! دېمەك، يىلاننى ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈش مۇمكىن... ئۇنىڭ ئۈستىگە، يىلان ئاغرىپ ئۆلىدۇ، لەگلەك يەپ ئۆلىدۇ. ئۇنداقمۇ ئۆلىدۇ، بۇنداقمۇ ئۆلىدۇ. يىلاننىڭ يەنە بىر خىل ئۆلۈشى بار! بىلەملا؟

نىياز بەگنىڭ بۇ ئوبرازلىق سۆزلىرى خان ئامبالغا يېقىپ قالدى:

— يەنە قانداق ئۆلىدۇ؟

— يىلان تېرە تاشلىغاندا، يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك يېرى جاراھەتلەنسە،... يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك يارا دېگەن نېمە ئۇ؟ بىر ئادەم ياكى بىر ھايۋاننىڭ يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك يېرى جاراھەتلەنسە نېمە بولىدۇ؟ ھېچ نەرسە بولمايدۇ! ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىر يىلاننىڭ يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك يېرىدە جاراھەت بولسا، ئۆلىدۇ. قانداق ئۆلىدۇ، دېمەملا! مانا بۇنى ئامبال جانابلىرى كۆرمىگەن، شۇڭا بىلمەيلا. بۇنى مەن كۆرگەن، مەن بىلىمەن. يىلاننىڭ يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك كىچىككىنە يارىسى بولسىلا، سېرىق چۈمۈلىلەر ئۇ يارىغا ئولىشىدۇ. ئۇلار بىر كۈندىلا يىلاننى تەشمە - تۆشۈك قىلىپ تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ. نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى ئەمدى چۈشەنگەنلا، ئامبال جانابلىرى!

خان ئامبال ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى:

— شۇنداق، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ!

— مانا شۇ پاراكەندە تۇڭگانىيلار يىلاننىڭ بەدىنى

دىكى ئەنە شۇ يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك يارىنى پەيدا قىلدى.

— شۇنداق.

— دارىن جانابلىرىنىڭ سەمىگە شۇنى سىلىپ قويايكى، تۇڭگانىيلار بۇزۇلۇپ چەنتۇلارنى قۇترىتىپ قويدى. ئەمدى سىرىق چۇمۇلىلەرنىڭ يىلاننىڭ بەدىنىگە ئولاشمىغىنىنى كۆرۈڭ! چەنتۇلار خاھ بۇزۇلغان بولسۇن، خاھ بۇزۇلمىغان بولسۇن، ئەمدى بەرىبىر. بىز، ئەمدى ئۇلاردىن ئوڭايلىقچە قۇتۇلالمايمىز. بىشىمىز دەردتىن ساقايمايدۇ. چەنتۇلار سىرىق چۇمۇلىلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئەقىلسىز، يولسىز، تەرتىپسىز، نادان بولسىمۇ، ئەمما، تۇڭگانىيلار ئىچىپ قويغان يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك بۇ يارىغا قانداق ئولىشىشنى ۋە يىلاننى قانداق يىپۇۋىتىشنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قول سىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، بىز ئاۋۋال قول سىلىپ، جاھاننى تىنچىتقىنىمىز تۈزۈك!

— ئىش شۇنداق يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كىتەرمۇ؟

— جانابلىرى، سىلە ئىنەكىنىڭ بىشىغا كەلگەن كۈن موزايىنىڭ بىشىغا كەلمەيدۇ، دەپ ئويلىمىلا؟...

نامازدىگەر ۋاقتى بولدى. يەكەن خان ئامبىلىنىڭ ئوردىسىدىكى داتاڭدا چاقىرىلغان ھەربىي كىڭەش ئاياغلاشتى. كىڭەشتە قوبۇل قىلىنغان قارار بويىچە، ھەممىدىن ئاۋۋال ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق مانجۇ قىسىملىرىدىكى خۇيزۇ چىرىكلىرى قورالسىزلاندۇرۇلىدىغان، ئۇنىڭدىن كىيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىم-جىملا قىرىپ تاشلىنىدىغان بولدى. بۇزۇلغان، گەدەنكەش چەنتۇلارنىڭ باشلامچىلىرىنى دارغا ئىسىش، ئەگەشكۈچى چەنتۇلارنى پۈتۈن يۇرت تەۋەسى ۋە ئائىلە - تۇتۇنلىرى بويىچە ئىلىغا سۈرگۈن قىلىش قارار قىلىندى.

يىغىندىن كىيىن ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئامباللىرى، مانجۇ قىسىملىرىنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىرى، تۇڭلىڭلىرى ھەربىي

كېڭەشنىڭ قارارىنى كېچىكتۈرمەيلا ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، كېچىلەپ يولغا چىقىشتى. يەكەن شەھىرى ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئىچىدە قالدى. سېرىق چاڭ پۇرقىراپ ئاسمانغا ئۆرلەيتتى.

× ×

يەكەن خان ئامبىلىنىڭ پەرمانى كوچاغا يېتىپ كەلدى. ئەمما، كوچادىكى خويىزۇلار بۇ ئىشتىن ئاللىبۇرۇنلا خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. خاقانىي چىننىڭ ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق مانجۇ قىسىمىرىدىكى خويزۇ چېرىكلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن قىرىپ تاشلاش ھەققىدىكى يارلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدا يەكەن خان ئامبىلىغا، شىمالىي شىنجاڭدا ئىلى جاڭجۇنىگە ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇلار خاقانىي چىننىڭ يارلىقىنى ھايالشمايلا جارى قىلدۇردى، شەھەر - شەھەرلەرگە «يارلىقنى دەرھال ئىجرا قىلىڭلار، پاراكەندە تۇڭگانىيلار قىرىپ تاشلانسۇن!» دېگەن مەزمۇندا خەت - ئالاقە يوللاشتى. ئاقسۇ جامدا سىيە① بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر خويزۇ بۇ ئالاقىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىپ، دەرھال كوچادىكى قېرىنداشلىرىغا مۇنداق دەپ خەت يازغانىدى:

«كوچادىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسىگە! ئەمدى سۆز شۇكى، مانجۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ۋاي سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا... ۋاي مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم، دىنداشلىرىم... سىلەر مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دەرھال ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئالغايسىلەر. ئەگەر

① سىيە — يول - راباتلاردا خەت - چەك باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭلار، مانجۇلار ئۇلۇغ - ئۇششاق
ھەممىڭلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىدۇ. قىيامەتتە ھەممىمىز ھازىر
بولغاندا، بىزگە دەۋا قىلىپ قالغۇچى بولماڭلار. بىز بۇ ئەھ-
ۋالنى سىلەرگە خەۋەر قىلىش بىلەن، گەدىنىمىزدىكى مەسئۇ-
لىيەت، ئىسلامىيەتتىكى ھوقۇقىمىزنى ئادا قىلدۇق. قالغان
ئىشلارنىڭ تىزگىنى ئۆزىڭىزلارنىڭ قولىدا، ۋەسسالام.»

كۇچادىكى خۇيزۇلار سىيەنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇ-
ۋالدى. كېيىن، كۇچاغا كونىراق بولغان خۇيزۇلاردىن ماشۇر
ئاخۇن، مالۇڭ، شەمسىدىن خەلىپە دېگەنلەر
مانجۇلارغا ئاۋۋال چاڭ سېلىش قارارىغا كەلدى. پاختا
بازىرىدىكى پاجىئەدىن غەزەپلەنگەن خەلق جۈمە كۈنى راشىدىن
خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئامبال غالدايىنى ۋە ئۇنىڭ چېرىكلى-
رىنى تاش - بوران قىلىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، خۇيزۇلار
بىلەن بىللە ۋەيشاڭ بازىرىغا ئوت قويىدى. ئۇچرىغانلىكى
مانجۇ — سولۇنلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. بۇ مالىماندا، كۇچانىڭ
ھاكىمبېگى قۇربانبەگ باشلىق ئەمەلدارلار مانجۇ قىسمىلى-
رىنىڭ گازارمىسى بولغان يېڭىشەھەر قورغىنىغا بېكىنىۋالدى.
قوزغىلاڭچىلار قورغاننى قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمىگۈدەك قىلىپ
ھىم قورشىۋالدى. قورغاندىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوق - دورا،
قورال - ياراقلىرىنىڭ كۆپ ۋە خىللىقىغا تايىنىپ، ئۇيغۇرلار
ۋە خۇيزۇلار قوزغىغان بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمغا جاھىللارچە
قارشىلىق كۆرسەتتى. قورشاۋ ئون بەش كۈندىن بۇيان
بارغانسېرى چىڭىپ كېتىۋاتاتتى. جەڭ ناھايىتى دەھشەتلىك
داۋاملىشىۋاتاتتى. قورغاننىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلاردا،
تاملارنىڭ، ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا، يەردە قانلار ئاقاتتى. پارت-
لىغان بومبىنىڭ زەربىسىدە، بەزىلەرنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن
چىقىپ كەتكەنىدى، بىر تومۇرىغا ئىلىشىپ قالغان ھالدا ساڭگىلاپ
تۇراتتى. بەزىلەرنىڭ مېڭىسى چاچراپ كەتكەن، بەزىلەرنىڭ

قورسقى ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، چۈۋۈلۈپ كەتكەن ئۈچەي - باغرى يەردە چېچىلىپ ياتاتتى.

مۇشۇ ئون بەش كۈندىن بېرى، قورغان ئىچىگە بېكىنىۋالغانلارمۇ خېلى تالاپەتكە ئۇچرىغان، ئوق - دورىلىرى خوراپ خېلىلا كېمىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاقسۇدىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇن باينىڭ جوغا داۋىنىدا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن توسۇپ قېلىنغانلىقتىن، قورغاندىكىلەر تەمترەپ قالغانىدى. ھەممىدىن يامىنى، قورغانغا كىرىدىغان ئېرىق قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن كۆمۈۋېتىلىپ، ئىچىدىغان سۇ ئۈزۈلۈپ تاشلانغانىدى.

قورشاۋنىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، كۈنگۈرىنىڭ كەينىدە بىر قارا كۆرۈندى. ئۇ ھاكىمبەگ — قۇربانبەگ ئىدى. ئۇ قولىدىكى ئاق ياغلىقىنى پۇلاڭلاتتى. مەرگەنلەر راشىدىن خوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئېتىشنى توختاتتى.

— راشىدىن خوجىنى چاقىرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى قۇربانبەگ، — مەن راشىدىن خوجا بىلەن كۆرۈشمەن!

— قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولساڭ، ئاندىن راشىدىن خوجا بىلەن كۆرۈشەلەيسەن! — دېگەن جاۋاب ئاڭلاندى قورغاننىڭ ئۇدۇلىدىكى تامنىڭ ئارقىسىدىن.

— ئاڭلاپ تۇر، راشىدىن خوجا! — دەپ ۋارقىرىدى قۇربان بەگ، — ئاغلاقچى ئامبال① «بىزنىڭ سالامەت كېتىشىمىزگە كاپالەتلىك قىلساڭلارلا، قورغاننى بوشىتىپ بېرىمىز»، دەيدۇ.

بۇ تەرەپتىكى تامنىڭ كەينىدىكىلەر جاۋاب بېرىشمىدى. قۇربانبەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان راشىدىن خوجا، ئۇنىڭ ئاكىسى جامالىدىن خوجا، ئىنىلىرى پەخرىدىن خوجا بىلەن جالالىدىن

① ئاغلاقچى ئامبال — ھەرقايسى شەھەرلەردىكى مانجۇ قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ نامى.

خوجىلار كېڭىشىپ، ھۇجۇمنى ھازىرچە توختىتىساقمىكىن دېيىشىپ تۇرۇشاتتى. تاغلىرىنىڭ ئارىسالدى بولۇپ قېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۇلارنىڭ جىيەنى ئىسھاق خوجا دەرھال:

— ھەزرىتىم، رەڭنامىلەردە ①: «ئىستىھكامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۇنى بۇزۇش كېرەك» دېيىلگەن. يا بىز دۈشمەننىڭ بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ يانجىيمىز، يا ئۇلار بىزنىڭ بېشىمىزنى قورغاننىڭ سېپىلىغا ئاسىدۇ. ئىككىنچى يول يوق. شۇڭا، قۇربانبەگ دېگەن بۇ كاپىرنىڭ تاتلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ كەتمەيلى!— دېدى.

ئىسھاق خوجا ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىكلىكى بىلەن تاغىلىرىنىڭ بولۇپمۇ راشىدىن خوجىنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىشىشىغا نائىل بولغانىدى.

— خوجىزادەم، بىزمۇ ھۇجۇمنى بوشاشتۇرمىساقمىكىن دەپ ئويلىغان. بىراق،— دېدى راشىدىن خوجا،— يېرىم ئايچە بولۇپ قالدى، قورغان تېخى ئېلىنمىدى. بىزگىمۇ كۆپ تالاپەت يەتتى. بىھېساپ ئوغلانلار شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتتى. مۇبادا، قورغاندىكى مانجۇلارغا ياردەمچى قوشۇپ كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ھالىمىزغا ۋاي!

— شۇنداق، ھەزرىتىم! بىز كۆپ تالاپەت بەردۇق. شۇ تالاپەتلەر ھېسابىغا بۇ شۇم بەدبەختلەرنى قورغانغا قامىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. بىراق، ياردەمگە كېلىدىغانلار كەلگۈدەك بولسا بۇكەمگىچە كېلىپ بولاتتى. قورغاندىكىلەرنىمۇ خېلىلا ھالسىراتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ تومۇز ئىسسىقىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ئۈزۈۋەتكىنىمىزگىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. بۇلار ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى كۈنلا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ،— دېدى ئىسھاق خوجا.

خوجىزادىسىنىڭ بۇ تەھلىلىنى ماقۇل كۆرگەن راشىدىن

① رەڭنامە — ھەربىي دەستۇر.

خوجا باشقا خوجىلارغا «ئەمدى نېمە دەيسىلەر؟» دېگەندەك
قىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، سېپىل ئۈستىدىكى قۇربان-
بەگكە ۋارقىرىدى:

— قۇربانبەگ! سىز ئەگەر قورغاننىڭ ئىشىكىنى
ئېچىپ بېرەلىسىڭىز، جېنىڭىزنىڭ ئامان قېلىشىغا مەن كېپىللىك
قىلىمەن. ئۇقتىڭىزمۇ؟

راشىدىن خوجىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان قۇربانبەگ
يېنىدىكى بىر مانجۇ چېرىكىنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئېلىپلا
ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىتىپ ئوق چىقاردى، ۋە:

— سىلەر يا يۈز - خاتىرە دېگەننى بىلمەيسىلەر، يا
ئادەمگەرچىلىكنى! يا خاقانىي چىننى ھۆرمەت قىلمايسىلەر،
يا ئامباللارنى!... — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى چۈشەر - چۈشمەي، ئىسھاق
خوجا مىلتىقنى دەرھال بەتلەپ تەپكىنى باستى. قۇربانبەگ
قورغان ئۈستىدە كېرىلگەن ئوقيادەك ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ
يەر - جاھاننى تىترەتكۈدەك دەھشەتلىك ۋارقىراپ،
سېپىلنىڭ قوغدىسىنى، خىش - كېسەكلىرىنى چاڭگال-
لاشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن غاجىلاشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن
بولسا، سېپىلنىڭ كۈنگۈرىسىدا قوللىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە
سولايلىنىپ يېتىپ قالدى.

قۇربانبەگنىڭ سۇلھ تەلەپ قىلىشى ئاغلاقچى ئامبالنىڭ
ھىيلىسى ئىدى. ئۇلار سۇلھ تەلەپ قىلىش ئارقىلىق قاراشەھەرگە
قېچىشنى پىلانلىغانىدى. ئەمما قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ دامىغا
چۈشمىدى. ئاغلاقچى ئامبالنىڭ بۇ ھىيلىسى ئىشقا ئاشمىغاندىن
كېيىن، ئۇ چېرىكلىرىگە سېپىلنىڭ تېگىدىن كولىنىۋاتقان
لەخمىنى بۈگۈن كېچىچە ۋەيشاڭ بازىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇش
توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. راشىدىن خوجىلار قورغاندىكىلەر-
نىڭ لەخمە كولاۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان تۇيۇپ بولغانىدى.

ئۆلارمۇ بىگار ياتماي، مانجۇلارنىڭ لەخمىسىگە قارشى لەخمە
كولاپ، ئاندىن لەخمىنىڭ ئىچىنى شاخ - شۇمبا بىلەن لىق
تولدۇرۇپ قويغانىدى. مانجۇلارنىڭ لەخمىسى سىرتتىن قارشى
كولانغان لەخمىگە تۇتاشقاندا، راشىدىن خوجا لەخمىگە ئوت
قويۇشنى بۇيرۇدى. لەخمە ئىچىدە قېچىشقا ئۇرۇنغان ئاغىلاقچى
ئامبال باشلىق ئاللە يۈزدەك مانجۇ - سولۇن چېرىكلىرى
ئىستا تۇنجۇقۇپ، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى. قورغان ئاخىرى راشىدىن
خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئەتىسى، پۈتۈن كۇچا شەھىرى مانجۇلاردىن تازىلاندى.

كۇچا بوزۇلغان مەزگىللەردە، يەكەندە ھاكىمبەگ
بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھمەت ۋاڭ بېگىم يەكەن خان ئامبىلى
تەرىپىدىن «گەدەنكەش چەنتۇلارنى باستۇرۇشتا قاتتىق بولمى-
غان» دېگەن گۇناھ بىلەن مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان كۇچاغا قايتىپ كەلگەنىدى.
راشىدىن خوجىلار كۇچا يېڭىشەھەر قورغىنىنى تارتىۋېلىپ،
كۇچانى مانجۇلاردىن تازىلىغاندىن كېيىن، ئەھمەت ۋاڭ بې-
گىمنىڭ ئوردىسىغا ئالاھىدە كەلدى. سالام بەجا كەلتۈرۈپ
بولغاندىن كېيىن، راشىدىن خوجا دېدى:

— ئەھمەت ۋاڭ بېگىم، سىلە ئاتائى - ئەجدادلىرىدىن
تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن، يۇرتدارچىلىق ئاساسىنى ۋە
سىياسەتنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلىدىلا. شۇڭلاشقا،
بىزدەك ئۇلۇغ - ئۇششاق مۇسۇلمانلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ،
ئۆز ھۆكۈملىرىنى جارى قىلدۇرۇپ بەرگەن بولسىلا!

ئەھمەت ۋاڭ بېگىم ئۈندىمىدى. يەتمىشكە كىرىپ قالغان
بۇ بوۋاينىڭ قەددى - قامىتىدىن، سوزۇنچاق يۈزىدىن، ھەتتا
كىيىنىشلىرىدىنمۇ ئاللىقانداق يوشۇرۇن بىر گۈزەللىك چىقىپ
تۇراتتى. ئۆزى ۋىجىككىنە بولسىمۇ، زوۋۇلىسى پىششىق، كۆز-
لىرى ئۆتكۈر ئىدى. راشىدىن خوجا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بىزلەر جان - دىلىمىز بىلەن سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولغان بولساق، پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ھەممە مەمۇرىيەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا سىلە مۇبارەكنى مۇۋەددەم ۋە پېشۋا بىلىپ، خان مۇقامىدا كۆرگەن بولساق، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ئەھمەت ۋاڭ مەككار، جاھاننىڭ رەڭۋازلىقىنى تولا كۆرۈپ، ئوچاقلىرىدا تولا كۆيۈپ، قازانلىرىدا تولا قايناپ كاداڭ بولۇپ كەتكەن ئادەم بولغاچقىمۇ، راشىدىن خوجىنىڭ سۆزىگە ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمىدى. ئۇ ئاپئاق ساقىلىنى قولىغا يۆگەپ بىر پەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن دېدى:

— مەن بولسام، ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ ئۇلۇغ خاقانى چىننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، چوڭ مەنسەپ تۇتۇپ، يەر، سۇ، زېمىن بەلكى قوڭى تامغىلىق نەچچە تۇتۇن يانچى ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان ئادەممەن. پۇشتۇمدىن - پۇشتۇمغىچە جۇلدۇ - جاساقلىق بولغاندىن تاشقىرى، يەنە نەچچە نۆۋەت ئۇلۇغ خاقانى چىننىڭ مۇبارەك جامالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولغان. مەن ئۇلۇغ خاقانى چىنغا قانداق قىلىپ يامانلىق خالايمەن؟

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، راشىدىن خوجىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىلەر ئاز ئادەم. مانجۇ گۇرۇھى بولسا ناھايىتى تولا، ئۇلارغا باراۋەر كېلىپ بولماس. ۋەللەھەمكى، خاقانى چىن كاپىر بولسىمۇ، ئابائى - ئەجدادلىرىمدىن تارتىپ ئۇنىڭ تۇزىنى يەپ، دۆلىتىنى كۆرۈپ كەلدۇق. ئەمدى مەيلى قانداق بولسىمۇ، تۇز بەرگەن ئۇلۇغىمىزدىن يۈز ئۆرۈسەم، كۇپۇرلۇق بولىدۇ. تۇز ھەققىنى ساقلاش ھەممە ئىنسان گۇرۇھى ئۈچۈن پەرھىز ۋە ۋاجىپ. ھازىر يېشىم يەتمىشكە يەتتى. كۆرىدىغان

دۆلەت ۋە ئىززەتنى كۆرۈپ بولدۇم. ئەمدى جەينامازدا ئولتۇرۇپ، ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ، بۇ گۇناھقا پاتقان ۋۇجۇدۇمنى ئاللاتائالا ئىگەمگە تاپشۇرسام، دەيمەن. شۇڭا مېنى خىجىل قىلمىساڭلار.

راشىدىن خوجا بۇ تەرسا قېرىغا ئۆز سۆزىنى ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە ئەھمەت ۋاڭ بېگىمنىڭ سۇرە پاتىھەنى ئوقۇپ بولۇشىنى كۈتمەيلا، يۈزىنى سىلىۋەتتى – دە، خوشمۇ دېمەستىن چىقىپ كەتتى.

قوزغىلاڭچىلار نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قورغاننى ئالالماي نۇرغۇن ئادەملىرىنى مانجۇلارنىڭ ئوقىغا تۇتۇپ بەرگەنىدى. ھالا بۈگۈن ئەھمەت ۋاڭ بېگىمدىن بۇنداق ياپتا گەپلەرنى ئاڭلاپ، پەيمانى بىراقلا تاشتى – دە، «ھېلىمۇ مانجۇلىرىڭىزدىن ئۈمىد ئۈزەلمەيۋاتامسىز؟» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، ئۇنى ئوردىسىدىن سۆرىگەن پېتى ئاچىقىپ بوغۇزلاپ تاشلاپ، تۇغقا قان قىلدى. مۇشۇ پاتىپاراقچىلىقتا، ئەھمەت ۋاڭ بېگىمنىڭ ئوغلى تاجىبەگ ئېغىلدا توقۇقلۇق تۇرغان ئايغىرىنى مىنىپ، قارا شەھەر تەرەپكە قاراپ قېچىپ كەتتى.

قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئەسلىدىنلا راشىدىن خوجىنىڭ قول بەرگەن مۇرىتلىرى ئىدى، شۇڭا، ئۇلار راشىدىن خوجىغا: «سىلى بىزگە بۇرۇنمۇ پېشىۋا ۋە يولباشچى ئىدىلە. ھالا بۈگۈنمۇ بىزگە پېشىۋا ۋە يولباشچى بولۇپ، خانلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ھۆكۈملىرىنى جارى قىلدۇرۇپ بەرسىلە!...» دەپ، خالىغان ياكى خالىمىغانلىقىغا باقماي، ئۇنى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا پىششىق توختى ئىشىكئاغا بەگنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەشتى. زور داغدۇغا، ئەس – ئەس ئىچىدە، راشىدىن خوجىنى ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، سۇلتانلىق قائىدىسىنى بەجا كەلتۈردى. كوچا – كوچىلاردا جارچىلار: «زامان، زامان، راشىدىن خاننىڭ زامانى!» دەپ

جاكارلىدى. جۇمە نامازلىرىدا، جامە - مېچىتلەردە ئىمام لار: «زۇبدەئىي ئەۋلاد رەسۇلىللا①، ئەبۇلمۇزەففەر ۋە ئەلمەنسۇر② سەئىد غازى راشىدىن خان خوجا» دەپ خۇتبە ئوقۇشتى.

راشىدىن خان خوجا خاقانىي چىنىنىڭ پۇلىغا ئوخشاش قىلىپ پۇل قۇيغۇدى. بۇ پۇللارنىڭ بىر يۈزىگە «راشىدىن خان غازى»، يەنە بىر يۈزىگە «زەرب دارۇ سەلتەنە كۇچا»③ دەپ خەت ئويغۇزدى.

راشىدىن خان خوجا يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى بىرەر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلاپلا كۈنپېتىشتا سايرام، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا، كۈنچىقىشتا بۈگۈر، كورلا، قارا شەھەر، تۇرپان - توخسۇن، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا لەشكەر ماڭغۇزۇش ئۈچۈن، جامالىدىن خوجا، جالالىدىن خوجا، پەخرىدىن خوجا، بۇرھانىدىن خوجا، ئىسهاق خوجا ۋە دانىيال خوجىلار بىلەن باش قوشۇش قىلدى.

نەزمە:

ۋاقىت تار، قېچىشقا قالمىسا ئامال،
ئاجىز قول قىلىچقا ئېتىلار دەرھال.

— شەيخ سەئدى

---

① زۇبدەئىي ئەۋلاد رەسۇلىللا — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تاللانغان ئەۋلادى.

② ئەبۇلمۇزەففەر ۋە ئەلمەنسۇر — زەپەر ۋە نۇسرەتچىلەرنىڭ ئاتىسى.

③ زەرب دارۇ سەلتەنە كۇچا — كۇچا سەلتەنىتىنىڭ سوقۇلغان پۇلى.

## ئىككىنچى باب

# مۆلجەر تاغ قەلئەسى

سەن ئۆز قەھرىمانلىقلىرىنى جەڭ مەيدانىدا
نەيزىسى بىلەن يازىدىغان باتۇر كىشى-
لەرنى ئىزدەمسەن؟ سەن ئۇلارنىڭ
قەھرىمانلىقلىرىنى يالقۇنلۇق قۇرلار بىلەن
تەسۋىرلىيەلەمسەن؟ ئۇلارنى كۆيلىيەلەم-
سەن؟ ھە، سەن ئۇلارنى كۆيلىگىن!
سېنىڭ كۆيلىرىڭنى جەڭگە كېتىۋاتقان
جەسۇر ئوغلانلار ياكى ئۆلۈمگە قاراپ
ئاخىرقى قەدەمنى بېسىۋاتقان قېرىلارمۇ
تەكرارلاپ ئېيتالايدىغان بولسۇن!

مىلادى 1864 - يىلى 7 - ئاي.

يازنىڭ قاتتىق ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇرى لەشكەرلەرگە ئانچە چوڭ كاشىلا قىلىپ كېتەلمىدى. بەلكى بۇ ھۆلچىلىك سەپ تارتىپ كېتىۋاتقان چوڭ قوشۇننىڭ يۈرۈشىگە ئالاھىدە بىر

سەلتەنەتلىك تۇس قوشقاندى. بىراق بۇنداق ئۆتكۈنچى يام-
غۇر ئېلىپ كەلگەن جانغا راھەت بېغىشلايدىغان سالقىنلىق
ئۇزاق داۋام قىلمىدى. يازنىڭ پىژ - پىژ ئاپتىپى سالقىنلىقنى
ھەيدەپ كەتتى. ئىسسىق باشلانغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئازابى
بىلىنىشكە باشلىدى. زېمىن قاغجىرىغان، يوللار قۇرۇپ كەت-
كەنىدى. كېتىۋاتقان نەچچە مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنىڭ
ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان كۈننىڭ يۈزىنى كۆر-
سەتمەي قويىدى. ئادەملەرنىڭ ئۈستىبېشىنى ئاپئاق چاڭ
قاپلاپ كەتكەچكە، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشمۇ
قىيىن ئىدى. چاڭ - توزاننىڭ دەستىدىن ئۈچ قەدەم نېرىدى-
كى نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. لەشكەرلەر قالايمىقان-
لىشىپ، ئۆز ئونلۇقلىرىنى ۋە يۈزلۈكلىرىنى تاپالماي پىرقىرى-
شىپ يۈرۈشەتتى.

ئەتراپلاردا زىلزىلە پەيدا قىلغان بۇ كۇچا قوشۇنى
ئۈچتۇرپان چۆلىدە خۇددى ئات ئۈستىدە مۈگدەپ كېتىۋاتقان
ئادەمدەك شاۋقۇنسىز كېتىۋاتاتتى. قويۇق چاڭ - توزان ئىچىدە
پەقەت ئاتنىڭ ساغرىسى بىلەن ئات ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ
قارىسىلا كۆرۈنەتتى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاغزى قۇلۇپلان-
غاندەك لام - جىم دېمەي مېڭىشاتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىدىغان
نېمە سۆزى بار دەيسىز؟ ھەممە نەرسە ئىنتايىن چۈشىنىشلىك.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىشى-
مۇ ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئاغزىنى ئاچسىلا ئاغزى - بۇرنى-
دىن كىرگەن چاڭ ئۇدۇللا ئۆپكىسىگە باراتتى. ئادەملەرنىڭ
كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ، قۇلاقلىرى پۈتۈپ قالاي دەپ قال-
غانىدى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى بىر يۇتۇم سۇ بولسا
ئىچىپ، قۇرۇپ كەتكەن گېلىنى نەمدىۋېلىش، ئۈستىبېشىدىكى
چاڭ - توزاننى قېقىۋېتىپ، سوزۇلۇپ بىر يېتىۋېلىش ئىدى،
ئەتتەنگەي، بىر شامال چىقىپ چاڭ - توزاننى بىر تەرەپكە

سۇرۇۋەتسە، ئۇلار كۆك ئاسمانىنىڭ جامالىنى كۆرەرمىدى؟...
يىللاردىن بېرى تۈزلەڭلىكتە يىلان باغرى بولۇپ سوزۇ-
لۇپ ياتقان بۇ چوڭ يولنى چارلىغۇچىسىزمۇ تېپىپ ماڭغىلى
بولاتتى. يول ياقىلىرىدا، كونا ساپال قاچىلارنىڭ، شىشە بۇيۇم-
لارنىڭ چېچىلىپ ياتقان پارچىلىرى، ئۆلگەن ئۇلاغلارنىڭ
ئاپئاق ئۇستىخانلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ كۆپى
قەدىمكى زامانلاردىكى ئىسمى - جىسمى يەر يۈزىدىن ئۆچكەن
كونا يۇرت - مەھەللەرنىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە ئۇچرايتتى.
ئاشۇ سۇنۇق ساپاللارنىڭ يۈزىگە چېكىلگەن خىلمۇ خىل نەقىش
ئۆرنەكلىرى چەكسىز ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنىڭ گۇۋاھچىسى
ئىدى... يىراقتىن كونا، يالغۇز قەبرىلەر خۇددى قارانچۇقلار-
دەك كۆرۈنەتتى. ئېھتىمال، بۇ قەبرىلەرنىڭ ئاستىدا نامى ئاللى-
قاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن قانچە - قانچە ئەركسۆيەر قەھرىمان
ئەزىمەتلەر مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتقاندۇر؟...

كەچكە يېقىن، لەشكەرلەر ئۇچتۇرپاننىڭ ئاچا تاغ دېگەن
يېرىگە يېتىپ كېلىپ، دەريا بويىدىكى ئوت - چۆپى شالاڭ،
دەل - دەرەخلىرىمۇ شالاڭ بىر توقايغا چۈشكۈن قىلىشتى.
لەشكەرلەر ياققان گۈلخاندا پۈتۈن توقايلىق ئوتتا
كۆيۈۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. لۆمشۈپ تۇرغان ئادەملەر-
نىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئەتراپتا ئېنىق ئاڭلىناتتى. بىرى
ئوت ياقسا، بىرى ئاش پىشۇراتتى. يەنە بىرى ناخشا ئېيتاتتى،
بەزىلەر بېقىپ كېلىش ئۈچۈن ئات - ئۇلاغلىرىنى توقايلىققا
ھەيدەپ كېتىشتى. چۆل شامىلى لەشكەرلەرنىڭ ئۈستىبېشىدىكى
چاڭ - توزانلارنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. چۆلدىكى شىۋاقىنىڭ
گۈپۈلدىگەن ھىدى دىماغقا ئۇرۇلدى.

ئاقسۇ پەتھ قىلىنغاندىن كېيىن، بۇرھانىددىن خوجا چوڭ
ئوغلى ھامىددىن خوجا ۋە كىچىك ئوغلى مەھمۇددىن خوجىلار-
نىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇچتۇرپاننى ئېلىپ، كۇچا سەلتەنەتىگە

ئەسەرروۋپ قىلماق بولۇپ، ئاقسۇدىن بىرەز مىڭدەك لەشكەر ۋە توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن يولغا چىققانىدى. ئۇلارغا ئاقسۇدىن ئابدۇللا قازى ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلغانىدى. ئۇلار ئاقسۇنىڭ يۇرتلىرىدىن بولغان ئارال، ئاقيار قاتارلىق جايلاردىن پالۋان ۋە باتۇرلارنى تاللاپ ئەسكەر ئالدى. ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي، ئانىسىنىڭ پەرمانىغا باش ئەگمەي، باغ سەيلىسى ۋە قىزىلگۈل تاماشىسىنى خىيال قىلىپ، ياكى ئاتا - ئانىسىدىن خەۋەر ئالماي ۋە ياكى خوتۇن - بالىۋاقىلىرى بىلەن كارى بولماي، بەگباشلىق قىلىپ، ئۆزىنى تۇتالماي يۈرگەن بىر - ئىككى مىڭ ياش يىگىتمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلىشكەنىدى. ئۇلارمۇ تۈركۈملەپ خوجاملارنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ، خىزمەتكار مۇقامىدا بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ئەمر - ئىتائەتنى ئۆزلىرىگە پەرھىز ۋە ۋاجىپ دەپ بىلىشتى.

بۇرھانىددىن خوجا، هامىددىن خوجا، مەھمۇددىن خوجا ۋە ئابدۇللا قازى ئەسكەر قارارگاھتا ئەتىكى جەڭنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىپ ئولتۇرۇشقىنىدا، تۇساتتىنلا يىراقتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، ئۇزاققا قالماي، چاڭ - توزاننىڭ ئىچىدە چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ يايلىغا يېتىۋالغان بىر توپ ئادەملەر كۆرۈندى. ئۇلار ۋارقىرىشاتتى، ئاتلىرىنى ھەدەپ قامچىلايتتى. يوغان ئاق ئات مىنگەن كىشى ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېلەتتى. ئۇ ئىگەردە ئۇياقتىن - بۇياققا چايقىلىپ، يىقىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاق سەللىسى بىلەن ئۇچىسىدىكى سېرىق تونىدا قېتىپ قالغان قان داغلىرى بار ئىدى، ئاتمۇ قىپقىزىل قانغا بويالغان، ئاتنىڭ بوينىدا سانجىلىپ قالغان ئۇزۇن ئوقيا ئوقى ئېسىلىپ تۇراتتى.

ئۇلار بارگاھ ئىچىگە قۇيۇندەك باستۇرۇپ كىرىشتى.

— ئۇلار يېقىن كېلىپ قالدى. ئارقىمىزدىنلا كېلىۋاتىدۇ! قۇتۇل-

دۈرۈۋېلىڭلار! — دېگەن ۋارقىراش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر توپ مانجۇلار ئات چاپتۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئاچا تاغ قورۇلى — ئۇچتۇرپانغا ئۆتۈشتىكى تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان مۇھىم بىر قورۇل ئىدى. كۈچا بىلەن ئاقسۇنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئۇققان مانجۇلار ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى توختىبەگنى نۇرغۇن چېرىك بىلەن ئاچا تاغ قورۇلىنى ساقلاشقا ئەۋەتكەنىدى. بايىقى ئاتلىقلار ئاچا تاغ قورۇلىدىن قېچىپ چىققان توختىبەگ باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان چېرىكلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن مانجۇلار ئۆزلىرىگە قارشى ئېتىلىۋاتقان ئوق يامغۇرىغا دۇچ كېلىپ، ئۈچ - تۆت ئۆلۈكنى قالدۇرۇپ، دەرھال چېكىندى.

ماھى سەپەرنىڭ 16 - كۈنى (7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى)، كۈچا لەشكەرلىرى ئۇچتۇرپان شەھىرىنى پەتھ قىلدى. مۆلجەر- تاغ قەلئەسىگە بېكىنىۋالغان مانجۇلار سېپىلدىن مىلتىق، توپ ئېتىپ كۆپ ئادەمگە تالاپەت يەتكۈزدى. خوجامالارنىڭ قولىدا سېپىل بۇزغۇدەك چوڭ تىپتىكى توپ - زەمبىرەك بولمىغاچقا، سېپىلغا يېقىنلىشىشنىڭ ئامالىنى قىلالماي، كۆپ ئاۋارە بولۇشتى. ئۇچتۇرپانلىق ئىبراھىم پالاخمانچى دېگەن كىشىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، خوجىلار تاش ئاتىدىغان قوراللارنى ياساپ، ئۇلارنى قەلئە دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يېقىن يەرگە ئەكىلىپ قۇرۇپ قويدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى يوغان ياغاچ قالقانلارنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، قەلئەنى تاش - بوران قىلىشقا باشلىدى. تاش ئاتىدىغان قورال — بېشىغا تۆمۈر تۇتۇق① كىيگۈزۈلگەن ئۈزۈن لىم ياغاچ بولۇپ، تۆمۈر

① تۆمۈر تۇتۇق — چوموچتەك نەرسە. ئادەتتە ياغاچ لىمنىڭ بىر بېشىغا كىيگۈزۈلىدۇ، تاشنى سېلىپ ئېتىشتا پايدىلىنىدىغان جابدۇقنىڭ نامى.

تۆتۈك ئىچىگە يوغان تاش سېلىناتتى. ئاندىن لىم ياغاچنى كەينىگە قايرىپ تۇرۇپ قويۇپ بەرگەندە، لىم ياغاچ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە گۈلدۈرلەپ ئالدىغا ماڭاتتى. ئاندىن تۆتۈك ئىچىدىكى ھېلىقى يوغان تاش گۈلدۈرلەپ ئېتىلىپ چىقىپ سېپىلغا بېرىپ قاتتىق تېگەتتى. بۇنداق ھاۋادىن ئۇچۇپ كەلگەن ئېغىر تاش ئۆزىگە يولۇققان ھەرقانداق توسالغۇنى ۋەيران قىلىپ تاشلاپ، كۆلىنى كۆككە سورۇيتتى. كۆچا لەشكەرلىرى يەنە ئېگىز ھۇجۇم شەببىلىرىدىنى① باغلىتىپ، سېپىلغا مىلتىقتىن ئوق ئېتىپ تۇردى. بىركەملەردە، تۆتۈككە سېلىپ ئېتىلغان بىر خودەن ئۇدۇل بېرىپ جەبخانىنىڭ② ئۈستىگە چۈشتى. «گۈمباڭ!» قىلغان قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭ، جەبخانا قاتتىق پارتلىدى، مانجۇلار، تاملار، قورال - ياراقلار، بۇتخانىلار ۋە پۈتۈن مۆلجەر تاغ قەلئەسى خۇددى چاڭ - توزاندەك ئاسمانغا قاراپ ئۇچتى. يەر - زېمىن قاتتىق لەرزىگە كېلىپ، بىر سىلكىنىپ توختاپ قالدى. كۈندۈزكى كۈن گوياكى كېچىنىڭ قاراڭغۇسى بولدى. قەلئەدىكىلەرنىڭ پۇت - قوللىرى، ئۇچەي - باغرى پارتلاشنىڭ كۈچى بىلەن بىر - ئىككى تاش يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ، دەل - دەرەخلەرگە ئېسىلىپ قالدى. ئۇچتۇرپاندىكى بۇ جەبخانا پۈتۈن ئالتە شەھەرنى قامدايدىغان چوڭ قورال - ياراق ئىسكىلاتى ئىدى...

× ×

ئۇچتۇرپان شەھىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ يەر بۇرۇندىن تارتىپ ئۇرۇشقان ئىككى تەرەپ تالىشىدىغان، ئۇرغۇن جەڭگى - جېدەللەرگە سەۋەبچى بولىدىغان

① شەببە — سېپىلنىڭ تېشىدا تۇرۇپ، ئىچىگە ئوق ئېتىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان ئېگىز لاپاس.

② جەبخانا — ئوق - دورا ئىسكىلاتى.

بىر جاي بولۇپ كەلگەنىدى...

× ×

مىلادى 1758 - يىلى چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى، مانجۇلار خوجا جاھان ۋە بۇرھانىددىن خوجا باشچىلىقىدىكى خوجىلار يىغىلىقى①نى باستۇرغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپان ئاھالىسىگە ھاشار سېلىپ، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى ئون - ئون ئىككى مېتر، ئۇستى-نىڭ كەڭلىكى تۆت - بەش مېتر، ئېگىزلىكى سەككىز - توق-قۇز مېتر، ئايلانمىسى ئىككى مىڭ بەش يۈز مېتر كېلى-دىغان، مۆلجەرتاغنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك سېپىل سوقتۇرغانىدى. سېپىل ئىچىدە خان ئامبالنىڭ خابگاھى، داتاڭ②، ئەسكەرخانا، زىندان، ئىستراھەتخانا ۋە جەبىخانا قا-تارلىقلارنى ياساتقانىدى. مۆلجەر تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدا تاش بىلەن ياسالغان ھەيۋەتلىك قەلئە — قاراۋۇلخانا بار ئىدى. بۇ قەلئەنى كىشىلەر تاغنىڭ نامى بىلەن مۆلجەر تاغ قەلئەسى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ قەلئە ئاتتە يىلدىن كېيىن، مەشھۇر «جىگدە يىغىلىقى» دا، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن پارتلىتىپ تاشلاندى.

مىلادى 1765 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۇچتۇر-پان خان ئامبىلى سۇچىڭ ئۆزىنىڭ خابگاھىدا خاقانىي چىن-دىن كەلگەن كۆكسى خەتنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. بۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«سىزلەر بىزگە ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئىچىدىن تارتۇق قىلغان چەنتۇ كېنىزىكى كىنجابىقا كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، بىزنىڭ مۇبارەك نەزەرىمىزگە ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئىللىق چىراي بىلەن بېقىش قىلمىدى. بىز بىتاقەت بولۇپ كېنىزىكىمىزدىن سورىغىنىمىزدا، ئۇ جانان: «مېنىڭ ۋە-

---

① خوجىلار يىغىلىقى — تارىختا «چوڭ - كىچىك خوجىلار يىغى-لىقى» دەپ ئاتالغان.

② داتاڭ — ئىشخانا.

تىنىمدە مېۋىسى ئالتۇندىن، يوپۇرماقلىرى كۆمۈشتىن، شاخلىرى تۆمۈردىن، يىپلىمى مۈشكى - ئەنبەردىن پۈتكەن بىر ئىلاھىي دەرەخ بار ئىدى. ئۇ دەرەخ بۇرنۇمغا پۇراپ، كۆزۈمگە سۈرتكۈم كېلىپ، كۆڭلۈم مىسكىن بولۇپ، بىئارام بولۇپ تۇرۇپتىمەن. شۇ ئىلاھىي دەرەختىن كەلتۈرۈلسە، ۋەتىنىمنىڭ خاتىرىسىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ئاز - تولا ئېچىلىپ قالار ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى. بىزنىڭ مۇبارەك كۆڭلىمىزدە: «ناتىۋان چەنتۇ كېنىزىكىمىزنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى رەنجۇ - ئەلەمدىن خالى قىلايلى» دېگەن بۈيۈك خىيال زاھىر بولدى. شۇ ۋەجىدىن مۇشۇ پەرمان يېتىپ بارغان ھامان دەرھال شۇ دەرەختىن يىگىرمە تۆت تۈپى ياغاچ تۈۋىگە يىلتىزى بىلەن ئولتۇرغۇزۇلۇپ، كىنجابقا تەخىرسىز يەتكۈزۈپ كېلىنسۇن. بۇ ئىلاھىي دەرەخ بىزنىڭ شاھانە باغچىلىرىمىزغا لايىق ئىكەن، نامە تامام، ۋەسسالام!»

خان ئامبال سۇچىڭ خاقانىي چىننىڭ پەرمانىنى تەخىرسىز ئورۇنداش ئۈچۈن ياساۋۇلبېشى رەھمىتۇللا بەگكە دەرھال ئىككى يۈز قىرىق نەپەر ھاشارچىنى ئېلىپ، ئۇلارغا يىگىرمە تۆت تۈۋىگە ئولتۇرغۇزۇلغان جىگدە كۆچەتلىرىنى كۆتۈرگۈزۈپ، يولغا چىقىشنى بۇيرۇدى.

ھاشارچىلار ماھىي سەپەرنىڭ 14 - كۈنى، پۈتۈن تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەتىسى جىگدە كۆچىتى ئولتۇرغۇزۇلغان يىگىرمە تۆت ياغاچ تۈۋىنى ھەمدە خان ئامبال سۇچىڭنىڭ يۇرتىغا ماڭغۇزغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ۋە باشقا ماللىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ھاشارچىلار ئېلىقىش دۆڭ① دېگەن يەرگە كەلگەندە، مەتياقۇپ دېگەن ھاشارچى پۇتى مىتكوت كېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ھاشارچىلارنى ئېلىپ ماڭغان بىر چېرىك:

---

① ئېلىقىش دۆڭ — ھازىرقى ئۈچتۇرپان ياكۆۋرۈك ئېلېكتر ئىستانسىسى جايلاشقان ئورۇن.

— ھەي ئۆلۈمتۈك چەنتۇ! يۇرتۇڭدىن چىقار - چىقماي يالاقاۋلىق قىلغىلى تۇردۇڭمۇ! — دەپ كەلگەن پېتى قولىدىكى تايىقى بىلەن مەتياقۇپنىڭ كاللا - باشلىرىغا ساۋاپلا كەتتى. تاياقنىڭ زەربىسىدىن جىنى قاقشاپ كەتكەن مەتياقۇپ:

— ھەي، لومودى! نېمىشقا ئۇرۇسەن مېنى؟ — دەپ بۇ چېرىككە ياندى. ھاشارچىنىڭ ئۆزىگە يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېرىك غەزەپلەنگەنلىكىدىن قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە سۇغۇرۇۋالدى - دە، مەتياقۇپنىڭ يەلكىسىگە غەزەپ بىلەن بىر قىلىچ ئۇردى. مەتياقۇپنىڭ سول قولى يەلكىسى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە ئۈزۈلۈپ چۈشتى. ئۇ «ۋاي!» دەپ ئېچىنىشلىق بىرلا ۋارقىرىدى، كېيىن ئۈنى ئۆچتى...

شۇ كۈنى ئاخشىمى، دۆڭدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان دۆڭنىڭ ئەتراپىنى يوپ-يورۇق يورۇتۇۋەتكەنىدى. مەيداندا ئادەملەر سانجاق - سانجاق بولۇپ تۇرۇپ كېتىشكەن. كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا ياغاچ تۈگىنىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. دۆڭنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا بويلۇق، تەمبەل، ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ئادەم جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ — رەھمەتۇللا بەگ ئىدى. يېنىدا تۇرغانلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمەتۇللا بەگ ئىدى. يەنە بىرى ئۇنىڭ جىيەنى ئەمرۇللا بەگ ئىدى. ئېگىز بويلۇق بىرىنىڭ ئىسمى تاھىر بەگ بولۇپ، ئۇ ئەسمەتۇللا بەگنىڭ كۈيئوغلى ئىدى.

— قېرىنداشلار، — دەيتتى ئۇ، — جەبرى - زۇلۇم ھەددىدىن ئاشتى! پىچاق سۆڭەككە بېرىپ يەتتى! بەس ئەمدى، سەۋرىمىز تاشتى! بۇ دارىنلار نېمە قىلغانغا بىزنى مۇشۇنچىۋالا خورلايدۇ؟ نېمىشقا خوتۇن - قىزلىرىمىزنى ئاياغ - ئاستى قىلىدۇ؟ بىزمۇ ئىنسانغۇ؟ ھەدىستە: «ئىنسانلار تاراقنىڭ چىشىدەك باب - باراۋەر» دېيىلگەن. قولىمىزغا تاياق - توقماق ئېلىپ، بۇ لەنەتتى مەنچىڭلارنى سۈرۈپ - توقاي قىلايلى!

دەپسەندە قىلىنغان نومۇسىمىزنى ئاقلايلى! قېنى قېرىنداشلار، ئارقامدىن مېڭىڭلار! قاتىللارنىڭ ئۇۋىسى بولغان مۆلجەر تاغ قەلئەسىنى چۇۋۇپ تاشلايلى!

— ئالغا! يۇرتداشلار، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! جانغا - جان، قانغا - قان! ...

ھاياجانلانغان، غەزەپلەنگەن خەلق رەھمەتۇللا بەگنىڭ كەينىدىن قارا كالتەك بولۇشۇپ، ئارا - گۇرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ گۈررىدە مېڭىشتى. ئۇلار قىقاس - چوقان ئىچىدە تاغنى تالقان قىلغۇدەك كۈچ - شىجائەت بىلەن ئۇدۇل سۇچىڭنىڭ يامۇلى — مۆلجەر تاغ قەلئەسىگە قاراپ ئاتلاندى...

قوزغىلاڭچىلار قەلئەنى قاتمۇ قات قورشىۋالدى. ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇ چىڭ ئازغىنە چېرىكى بىلەن قەلئە ئىچىگە بېكىنىۋالغانىدى. مانجۇلار مۆلجەر تاغ قەلئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئىشىنىپ، قوۋۇق - ئىشىكلىرىنى چىڭ تاقىشىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ بېقىشقان بولسىمۇ، ئەمما، ئاقسۇدىن يېتىپ كېلىدىغان ياردەم كۈچ ۋاقتىدا كېلەلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى تېزلا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يېمىرىپ تاشلاندى. قەلئە ئاخىر رەھمەتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى.

ئىككى قولى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن بويالغان خان ئامبال سۇ چىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسە ئاسمان يىراق، يەرگە كىرىۋالاي دېسە، يەر قاتتىق. ئاخىر، ئۇ قەلئە ئىچىدىكى بىر تۈپ جىگدىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. قوزغىلاڭچىلار قەلئە ئىچىگە بېسىپ كىرگەندە ئۇنىڭ تېنى تېخى سوۋۇشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى.

قوزغىلاڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ، قوزغىلاڭ يانغىنى ھەممە يەرنى قاپلىغىلى تۇردى. قوزغىلاڭچىلار ئاقسۇخان

ئامبىلى بيەن تاخەيىنىڭ قوماندانلىقىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرى
نىڭ ھۇجۇمىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلدى. قوزغىلاڭ
نىڭ ھەيۋىسىدىن قورققان چيەنلۇڭ خان دەرھال قەشقەر خان
ئامبىلى نا شىتۇڭنى قوشۇن باشلاپ كېلىپ، بيەن تاخەيگە يار
دەم قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇ قېتىملىق ئۇرۇش توغرىسىدا شۇ
دەۋردە ياشىغان شائىر، تارىخشۇناس موللا شاكىر ئۆزىنىڭ
«زەپەرنامە» دېگەن داستانىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

.............................................

«شوتا بىرلە يۇگۈردى تامام،
بۇ مۆلجەر تەرەپتىن ھەممە خاسۇ ـ ئام،
بۇ مەنچىڭلار مۆلجەر تەرەپتىن قاچىپ،
شەھەرگە ياغى كەلدى، دەپ قىچقىرىپ،
سۈرەن بىرلە قىقاس مەغلۇبەسى،
ئوت ئالماي پىلتىدىن دارىسى.
بۇلار ئالدىراپ ئاغزىدىن ئوت ياقىپ،
قۇيۇپ ئەردىلەر نەچچە تۈڭ دارى،
ئوت ئالدى تەيپو جاڭجۇڭ پورى.
بىراق گۈركىرەپ تەۋرىدى يەر ـ جاھان،
تۈتۈن بىلەن ئوت پۈرقىرار ئاسمان.
بۇ مەنچىڭلاردىن قالمىدى ھېچ ئەسەر،
ھەممە جەھەننەمگە قىلدى سەپەر.
چىقىپ ئاسمانغا بۇلۇتتەك تۈتۈن،
چۇشەر پارە ـ پارە، ئەمەس بىر پۈتۈن.
ھاۋادىن چۈشەر نەچچىسى نىمجان،

بۇيان قوشتېغى① مەھەللە ئىنجان②.
بۇ دۆلدۆل ئوقۇر③ بەزىسى تاش ئارا،
پۇتى يوق، قولى يوق سۆكەنلەر تولا.
بۇ ماچاڭ④ تەرەپتە قاراباغ يولى⑤،
ياتۇر دۈمبىسى بىرلە ئىككى قولى.»

..........................................

مانجۇلار قوزغىلاڭچىلار ئىگىلىۋالغان ئۇچتۇرپان سېپى-
لىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئاسان ئالىمىز دەپ ئويلاشقانىدى.
ئەمما سېپىلغا قىلىنىۋاتقان ھۇجۇم ئالتىنچى كۈنگە قەدەم
قويۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار قەلئە تۈۋىدە دۆۋە - دۆۋە
ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن باشقا، ھېچقانداق نەتىجىگە
ئېرىشەلمىدى. قەلئەدىكى قوزغىلاڭچىلار جان تىكىپ ئۆزلىرىنى
ھىمايە قىلىشىۋاتاتتى. بىراق، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوق - دورى-
لىرىمۇ خوراپ، تۈگەشكە باشلىدى. يارىدارلار كۆپىيىپ،
ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتاتتى.

مانجۇلار ئۇچتۇرپان سېپىلىغا قاراتقان ھۇجۇمىنى تېخىمۇ
جىددىيلەشتۈردى. ساق قالغان قوزغىلاڭچىلار — قېرى - ياش،
ئۇششاق - چوڭ، ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى سېپىل ئۈستىگە
چىقىپ، جان تىكىپ ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىۋاتاتتى، قەلئەدى-
كى خوتۇن - قىزلار مايسىخان بىلەن ئاسىمخاننىڭ باشچىلىقىدا
ئۆز ئاتىلىرى، ئەرلىرى ۋە ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن يانمۇ يان
تۇرۇپ جەڭ قىلىشتى. ئەرلەردىن بىرىگە ئوق تېگىپ يىقىلسا،
ئۇلار ئۇنىڭغا يەنە ئوق تەگمىسۇن دەپ، دەرھال
ئۇنىڭ ئالدىغا خىش - كېسەك پارچىلىرىدىن تام قوپۇرۇپ
توسۇپ قوياتتى. سېپىل ئۈستىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە ئوق تېگىپ

①، ②، ③، ④، ⑤ — مەھەللىلەرنىڭ نامى، ھەممىسى مۆلجەر تاغ
قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدا.

ياردار بولۇۋاتقان ۋە ئۆلۈۋاتقانلار تېخىمۇ كۆپىيىۋاتتى.

سەككىز شوتا رەھمەتۇللا بەگكە قاراپ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، شوتىلارنىڭ قويۇلۇشىنى كۈتۈپ، ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ تۇرۇشقان بىر توپ قارا چېرىكنىمۇ كۆردى. ئۇ دەرھال تۆۋەنگە تاش دومىلىتىشنى بۇيرۇدى. مۇداپىئەچىلەر يوغان - يوغان تاشلارنى دومىلاتتى، شوتا بىلەن يۇقىرىغا ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان قارا چېرىكلەرنى پەسكە ئۇرۇپ چۈشۈردى. سېپىل تۈۋىدە، چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى تاغ بولۇپ دۆۋىلىنىپ كەتتى.

ئەمدى رەھمەتۇللا بەگ تۇرغان يەرنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىدىمۇ يەنە بىرنەچچە شوتا پەيدا بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مانجۇلار سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، ئاندىن ئىچكە سەكرەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار كوچىلاردا بىر - بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشاتتى، شەھەر ئىچىدىكى سودىگەرلەر ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرى، ئامبارلىرى، مال - قورۇلىرى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چاپاتتى. ئۇدۇل كەلگەن ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىپ، كۆزىگە كۆرۈنگەن ئادەمنى ئۆلتۈرەتتى.

مانجۇلار بىر مەھەللىدىن كېيىن ئىككىنچى مەھەللىنى ئىشغال قىلىشماقتا ئىدى. كەڭ مەيداندا ئاتلىق جەڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەن مانجۇلار تار كوچىلاردىن ۋە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، ئالغا ئىلگىرىلەپ قاتتىق ھۇجۇم قىلاتتى ۋە دەريا تەرەپكە قاراپ چېكىنىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى ئوقيا بىلەن ئوققا تۇتاتتى.

رەھمەتۇللا بەگ ئەسمەتۇللا بەگ قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ، مانجۇلار بىلەن ئېتىشىپ - ئېتىشىپ، سېپىلنىڭ دەريا بىلەن تۇتىشىدىغان يېرىگە قاراپ سىلجىدى. ئۇلار ئۇچ مەھەللە يېنىغا كەلگەندە، رەھمەتۇللا بەگ يىقىلدى، ئۇنىڭغا ئوق تەگكەنىدى. ئۇ، «ئاكا!» دەپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئىنىسى ئەسمەتۇللا بەگ،

ھېيەنى ئەمرۇللا بەگ، كۆيئوغلى تاھىر بەگلەرگە قاراپ ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغانىدەك قىلدى، ئۇنىڭ بېشى شىلىڭقىدە قىلىپ يانغا ساڭگىلاپ چۈشتى، كۆز-لىرىدىكى ئوت شولىسى لاپپىدە قىلىپ يانغانىدەك بولدىيۇ، ئەمما ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ، خىرەلىشىپ قالدى.

ئەسىمتۇللا بەگلەر قوۋۇق يېنىغا كېلىشكەندە، بۇ يەرنىمۇ مانجۇلار ئاللىقاچان ئىگىلىۋېلىشقان بولۇپ، كىشىلەرنى تۇتقان يېرىدىلا قىلىچلاپ، سويۇپ تاشلىشىۋاتاتتى. قوزغىلاڭچى-لارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان خائىنلار-سودىگەرلەر ئۇقساقىلى ساۋۇت، شېرىپ دېگەنلەر مانجۇلارغا قوزغىلاڭچىلارنى تونۇپ بېرىۋاتقانىدى. ئەسىمتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى بىر توپ كىشى-لەر قىلىچلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى مانجۇلارغا ئېتىلدى. مانجۇ-لارمۇ قوۋۇقنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. مۇشۇ پاتىپاراقچىلىقتا، مايىسخان① باشچىلىقىدىكى ئاز بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار مۇھاسىرىنى يېرىپ قېچىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ئەسىمتۇللا بەگ، ئەمرۇللا بەگ ۋە تاھىر بەگ باشلىق بىر بۆلەك قوزغىلاڭچىلار مانجۇلار بىلەن ئېلى-شىپ يۇرۇپ، دەرۋازا ئالدى جامەسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى ۋە جامەنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېلىشتى. ئاسىمخان باشچىلىقىدىكى خوتۇن - قىزلار بەختكە قارشى مانجۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

مانجۇلارنىڭ قوماندانى، ئاقسۇ خان ئامبىلى بيەن تاخەي ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ، جامە ئالدىدىكى مەيداندا توختىدى ۋە جامە ئىچىگە سەپسىلىپ قارىدى - دە، ئەتراپىدىكى قارا چېرىكلەرگە:

---

① مايىسخان — رەھمەتۇللا بەگنىڭ سىڭلىسى. ئۇ، قورشاۋنى يېرىپ چىققاندىن كېيىن، تاغلاردا سەككىز ئاي جەڭ قىلىپ، مانجۇلارنى خېلى ھالسىراتقان. كېيىن، بەختكە قارشى جەڭدە قۇربان بولغان. ھازىر ئۇچتۇر-پاندا ئۇنىڭ قەبرىسى بار.

— ئالغا! باتۇرلىرىم! چەنتۈلارنىڭ پاقلانىدەك ئۇماق،
پاختىدەك يۇمشاق خوتۇن - قىزلىرى سىلەرنىڭ! قولۇڭلارغا
چىققان ئولجىنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭلارنىڭ! مەن سىلەرگە شە-
ھەرنى ئۈچ كۈن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلى-
دىم!— دەپ ۋارقىرىدى. چېرىكلەر خۇشاللىقىدىن: «ئۇر، چاپ،
تۇت، بۇلا، باس!» دەپ چۇقان سېلىشىپ جامەگە ئۆزىنى
پەرۋانىدەك ئېتىشتى.
جامە ئىچىگە كىرىشكە تەقەززا بولغان چېرىكلەر ئىنتا-
يىن كۆپ بولغاچقا، تار ئىشىككە بىردىنلا قاپلىشىپ قېلىشتى.
ئەسمەتۇللا بەگلەر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئايپالتىلىرىنى
بىر - بىرىگە يول بېرىشمەي قىستىلىشىپ كەلگەن مانجۇلار-
نىڭ بېشىدا ئوينىتاتتى. جامە ئىچىگە كىرگەن ھەربىر قارا
چېرىك پالتا زەربىسىدىن ئۇدۇللۇق يەر چىشلىدى. ئۈستى -
ئۈستىگە يىقىلغان جەسەتلەر دۆۋىسى مانجۇلارنىڭ ئولجا ئۈ-
چۈن ماڭىدىغان يولىنى توسۇپ قويدى.
— ئوت قويۇڭلار!— دەپ ۋارقىرىدى بىيەن تاخەي.
چېرىكلەر دەرھال ئەتراپتىكى ئۆيلەرنى بۇزۇپ، نۇرغۇن ياغاچ-
لارنى جامە ئىشىكىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەپ ئوت قويۇشتى. لاۋۇل-
داپ كۆيگەن ئوتنىڭ يالقۇنى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. جامە-
نىڭ ئىشىكىدىن كىرگەن كۈچلۈك يالقۇن ياغاچتىن نەقىش
ئويۇلغان پەنجىرىلەرنى يالاپ قاپقارا تۈتۈن بىلەن جامە ئىچى-
دىن تۈرۈلۈپ چىقتى. جامە ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ قاتتىق
تىللىغان، چىرقىرىغان، قارغىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى.
بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ چىدىيالمىغان ئاسمان ئېچىنىشلىق بىر
ۋارقىرىدى - دە، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى.
بىرھازادىن كېيىن، ۋارقىرىغان ئاۋازلارمۇ تۈگەپ،
جامە ئىچىدىن يېگانە بىر ئادەمنىڭ زارلانغان ئاۋازى چىقتى -
دە، توختىدى. ئەمدىلىكتە گۈلخان ئىچىدە يېنىۋاتقان جامەنىڭ

تاختاي پوللىرىنىڭ چارسىلداپ كۆيۈشىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

مانجۇلار خوتۇن – قىزلارنى پۈتۈنلەي يېشىندۇرۇپ كىيىملىرىنى ئولجا قىلغاندىن كېيىن، نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۈپكۈندۈزدىلا ئۇلارغا زورلۇق قىلىشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەمچەكلىرىنى كېسىپ، ئىچ – باغرىنى يېرىپ تاشلاشتى.

قارا چېرىكلەر بىھوش ياتقان ئاسىمخاننى ئۇزۇن چېچىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن پېتى بېيەن تاخەينىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلىدى. شېرىپ ئاقساقال بېيەن تاخەيگە بۇ چىرايلىق چوكاننىڭ ئەسمەتۇللا بەگنىڭ كېلىنى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئۇچىغىچىلىك، نۆكەرلەر ئاسىمخاننىڭ ئۈستىدىكى يىپەك كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋالغانىدى. ئاندىن، بويىنىدىكى كەھرىۋا مارجىنىنى ئېلىپ، پۇتىدىكى قىزىل سەختىيان ئۆتۈكىنى، ئەتلەس ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنى سويغان پىيازدەك قىلىپ قويدى. بېيەن تاخەي چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن، بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ:

— ھا! ھا! ھا! بۇ چەنتۇ خوتۇن كىمگە كېرەك؟ ماڭا كېرەك ئەمەس! سىلەرنىڭ ئۇنىڭ لەززىتىنى تېتىشىڭلارغا رۇخسەت!— دېدى.

— ئەلۋەتتە ئۇنى ئامبال ناشتۇڭ ئالىدۇ – دە! — دېيدى چېرىكلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ،— ناشتۇڭ ئەزەلدىن چەنتۇ خوتۇنلىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ ئۆگىنىپ قالغان!...

— ناشتۇڭ، قارىغىنا، ئۇنىڭ كۆكسىگە! جانىۋارنىڭ ئىككى كۆكسى بەئەينى يۇرتۇڭلارنىڭ ئالمىسىدەككەنغۇ!

ناشتۇڭ ئاندىن تۇغما ھالەتتە، ھېچقانداق ھىمايىسىز ياتقان ئاسىمخاننىڭ قېشىغا يېقىنلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ بولماقتەك يۇمران تەنلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇر قىلدي. ئۇنىڭ ئاستىدىكي جەدە ئاي

بېشىنى جۇلقۇپ، پۇشقۇرۇپ كەينىگە داجىدى. بىرنەچچە مانجۇ پەنسادلىرى ئاغزىدىن سېرىق سۇيىنى ئاققۇزۇپ، نەپسىنى يىغالمايلا قېلىشتى. ئۇلار، ناشتۇڭدىن كېيىن بۇ قەدىرلىك ئولجىغا ئىگە بولۇشنى ئويلاپ، ئايالنىڭ يېنىغا ئولاشتى.

بىرئازدىن كېيىن، ئاسىمخان ھوشىغا كەلدى... بىراق، ئۇ ۋارقىرىمىدى، يىغلىمىدى، پەقەت ئۇياتلىق يېرىنى قولى بىلەن يېپىپ، ئۇيالغىنىدىن قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇ خورلۇققا چىدىيالمىدى، يېنىغا شالىنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقان ئاۋاق مانجۇغا تىكىلىپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ناشتۇڭ ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلاي، دەپ قولىنى ئۇزىتىشىغا، ئاسىمخان ئۇنىڭ بەش بارمىقىنى گاچچىدە چىشلىۋەپلا ئۈزۈپ تاشلىدى ـ دە، سۇنغان چىشلىرى بىلەن قوشۇپ، قان ئارىلاش يەرگە تۈكۈردى. ناشتۇڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماستىن، توڭگۇزدەك چىرقىراپ كەتتى ۋە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپلا ئۇنى ئاسىمخاننىڭ قورسىقىغا دەستىسىگىچە تىقتى. ئاسىمخاننىڭ ئاغزىدىن قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ئاپئاق كۆكسىنى قىپقىزىل قىلىپ بويىۋەتتى. بۇ چاغدا ئاسىمخان:

ـــ بىزگىمۇ ئاللانىڭ يورۇق كۈنلىرى كېلىدۇ، بۇ قىساس ئېلىنماي قالمايدۇ! ـــ دەپ بىر ۋارقىرىدى ـ دە، نەپەستىن قالدى...

كەچكە يېقىن، شەھەرنىڭ ئىچىدە تىرىك جان قالمىدى.

تارىخچىلار بۇ توغرىسىدا مۇنداق سەھىپىلەرنى يازغانىدى:

«مانجۇلارنىڭ قانلىق قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئۈچتۇرپانلىق ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ھازا ئېچىپ يىغلايدىغان بالا، بالىلار ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىدىغان ئاتا ـ ئانا، تۇغقانلار ئۈچۈن قايغۇرىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقان قالمىغان، خەلقنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىگەنىدى.»

× ×

مۆلجەر تاغ قەلئەسى زور پارتلاش ساداسى ئىچىدە كۇمپەيكۇم بولۇپ، كۆلى كۆككە سورۇلدى. مانجۇلارنىڭ ئاساسلىق كۈچمۇ مۇشۇ قەلئەدە كوچا لەشكەرلىرى تەرىپىدىن پاك - پاكىز يوقىتىلدى. كىشىلەر كوچا - كويلاردا قېچىشىپ يۈرگەن پارچە - پۇرات مانجۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرەتتى.

بۇرھانىددىن خوجا لەشكەرلىرىنگە دەرھال ئامبال يامۇلىنى تارتىۋېلىشنى بۇيرۇدى.

— ھەي تۆمۈر قوللۇق، مىس كۆكرەكلىك ئوغلانلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — مانجۇلارنىڭ پەيمانى توشتى. «جىگدە يېغىلىقى» دا ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى تۇتاش قىرغاننى ئاز دەپ، يەنە «ئاق ئۆيلۈك①» قىلىپ، يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقارغانىدى. ئەمدى لەنىتى مەنچىڭلار يېلىكىمىزنى شوراپ ئىمجان قىلىپ قويۇشتى. بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرۇۋېرىشنى خالىماي. ھەق - ئادالەتنى ياقلاپ چىقتۇق. يۇرۇگلار، ئامبال يامۇلغا بېرىپ، بۇ يىلان ئۇۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايلى. قاماقخانىلارنىڭ تۆمۈر دەرۋازىلىرىنى چېقىپ تاشلايلى، مەھبۇسلارنى مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرايلى. ئۇ يەردە سولىنىپ ياتقانلار كەدەنكەش، باش كېسەرلەر ئەمەس. ئۇلار دارىنلارغا قارشى ھەق سۆزلىگەنلەر.

— يۇرۇگلار، بارايلى! ئامبال يامۇلىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيلى! زىندانىنى بۇزايلى! — دەپ ۋارقىراشتى خالايىق.

— پالتا، ئامبۇر ۋە ئېكەكلەرنى ئېلىپ يۇرۇگلار. زەنجىر-

① ئاق ئۆيلۈك قىلىش — پالاش، سۈرگۈن قىلىش دېگەن مەنىدە، بۇ يەردە 1765 - يىلىدىكى «ئۇچتۇرپان جىگدە يېغىلىقى» دا ئىلىغا پالانغانلار كۆزدە تۇتۇلغان.

لەرنى پاچاقلاپ تاشلاشقا كېرەك بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىڭلار! زىنداندا چۈچۈنلەرگە يەم بولۇپ چىرىپ ئۆلۈۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى ئەركىنلىككە چىقىرىش ئۈچۈن كېرەك بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىڭلار!

خالايىق ۋە قولىغا قورال ــ جابدۇق ئالغان كاسىپ ــ ھۈنەرۋەنلەر بولقا، قىلىچ، نەيزە ۋە كالتەكلەرنى كۆتۈرۈپ، توپلىشىپ دەھشەتلىك بىر ئېقىم بولۇپ، ئامبال يامۇلىغا قاراپ مېڭىشتى.

يامۇل ئىچىدە، بىر توپ چېرىكلەر قارشى تۇرۇپ بېقىشقان بولسىمۇ، ئەمما تېزلا غەزەپلەنگەن ئالەمانىنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ مىجىقلاپ تاشلاندى. كىشىلەر يامۇل ئىچىدە قېچىپ يۈرگەن مانجۇلارنى سۆرتوقاي قىلىۋاتقاندا، تۆمۈرچىلەر ۋە مىسكەرلەر قاماقخانىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن بۇرھانىددىن خوجىلارغا ياردەم قىلىشتى.

ئۇلار، تۆمۈر دەرۋازىنى بىردەمدىلا ئېچىشتى. تۆمۈرچىلەرنى باشلاپ كەلگەن مەخمۇددىن خوجا:

— چاپسانراق تۆۋەنگە — زىندانغا چۈشەيلى! قاراڭغۇ، زەي زىنداندا ئۇزاق يېتىپ كۆزلىرى خىرەلەشكەن بىچارىلەر ئۆزلىرى مېڭىپ چىقالمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

بىرنەچچە كىشى زىنداننىڭ قاراڭغۇ تۆشۈكىدىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈپ كېتىشتى.

مەھبۇسلار بىر ــ بىرىگە يېپىشىپ زىنداندىن سۆرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى: ئۇلارنىڭ كىيىملىرى جۇل ــ جۇل ۋە مەينەت ئىدى، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چىگىشلەنگەن ۋە پىت بېسىپ كەتكەن چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇزاق مۇددەت قاراڭغۇدا يېتىپ كۆزلىرى خىرەلەشكەن مەھبۇسلار بىر ــ بىرىگە باشلىرىنى ئۇرۇشۇۋالاتتى، ئەتراپنى قوللىرى بىلەن سىيپىشاتتى، بىردەم يىغلاپ ۋە بىردەم كۈلۈپ، يورۇق دۇنياغا، ئازاد كىشىلەرنىڭ

ۋارىسغا چىقىشۋاتاتتى.

— بازارنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن مېڭىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى مەخمۇدىدىن خوجا. — مانجۇلارنىڭ پۇقرالارنىڭ بېشىغا قانداق كۈلپەتلەرنى سالغانلىقىنى خالايىق كۆرسۇن! سودىگەرلەردىن، بايلاردىن ئۆزۈڭلەرگە پاكىزەك كۆڭلەك - ئىشتان سوراپ ئېلىڭلار!

كىشىلەر بۇ مەھبۇسلارغا كىيىم - كېچەك ئەپكېلىپ بېرىشتى.

— ئۇچتۇرپاندا نېمە ۋەقەلەر بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلار تەئەججۇپ بىلەن.

— ئەركىمىز ئۇچۇن تاغىي ۋە باغىي بولۇپ چىقتۇق، لەنىتى مەنچىڭلارنى يۇرتىمىزدىن قوغلاۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى كىشىلەر ئۇلارغا.

ئۇچتۇرپان شەھىرى ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇرھانىددىن خوجا دەرھال ئايغاقچى چىقىرىپ، يۇرتنىڭ مانجۇلاردىن تازىلانغانلىقىنى، مۆمىن پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىملىقىنى يېزا - يېزىلارغا جاكارلاتقۇزدى، يۇرت بۇزۇقلىرىنى تىغ - سىياسەتتىن ئۆتكۈزۈپ، خالايىققا ئىبرەت قىلغۇزدى، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە شاھانە ئىنئام ۋە پادىشاھلارچە مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى. توختىبېگنى يەنىلا ئۇچتۇرپانغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. موللا ئاتاۋۇللا ئاخۇن يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئەلەم بولۇپ قېلىۋەردى. باي مۇھەممەت قازىبەگنى يەنىلا قازىبەگلىككە تەيىنلىدى. دوستلار خۇرسەن ۋە دىلى شاد، دۈشمەنلەر غەمناك ۋە پەرىشان بولدى. مۇبارەك-بادلىق ساداسى بۇ غۇبارسىز، گۈمبەزدەك كۆك ئاسماندىن ھالقىپ كەتتى.

ئۇچتۇرپان غازىتىغا كۈچالىق خوجىلار بىلەن بىللە موللا مۇسا①

① يەنى موللا مۇسا سايرامى (1836 — 1917)، «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى.

ئىسىملىك بىر پازىل كىشىمۇ قاتناشقانىدى. شەھەر خوجاملارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ مەخمۇددىن خوجىنىڭ يېنىدا مۆھۈردار بولۇپ ئىشلىدى. بۇ كىشى تولىمۇ بىلىملىك بولۇپ، مەخمۇددىن خوجىنىڭ كۇچا مەدرىسىدىكى يەتتە يىللىق ھەمساۋىقى، قۇردىشى ۋە دوستى ئىدى. ئۆزى كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سانىمايدىغان، ئاقكۆڭۈل، پاراڭچى بىر ئادەم ئىدى. ئۇچتۇرپانلىقلارنىڭ ھەر قانداق بىر مەجلىسى ئۇنىڭسىز قىزىماس، چىگىشلىرى ئۇنىڭسىز يېشىلمەس ئىدى.

شۇ يىلى قىشتا، ئۇچتۇرپانلىق بەگلەرنىڭ بىر مەجلىسىگە موللا مۇسامۇ تەكلىپ قىلىندى. ناماز تەرەۋىدىن كېيىن، مەجلىس ئەھلىدىن موللا ئىمىن شەيخ دېگەن كىشى:

— خوجاملار يۇرتىمىزدا غازات قىلىمىز دەپ كۆپ مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەرنى تارتتى، بەلكىم بۇنىڭغا مۇناسىپ دەرىجىدە، ھەتتا زىيادە ئەجرىنىمۇ ئېلىشتى. ئەمدى باشقا يۇرتلارنىڭ ئادەملىرىمۇ ئۆز يۇرتىنى ئۆزلىرى سوراۋاتىدۇ، بىزنىڭمۇ ئۇلاردىن كەم يېرىمىز يوق. شۇڭا، خوجاملار قورال — ياراقلارنى قويۇپ، باشقا نەرسىلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ، كۇچاغا كەتسە، بىزمۇ ئۇلارغا ئات — ئۇلاغ، تون — سەرپايلار بېرىپ، ئوبدان جابدۇپ يولغا سالساق! — دەپ ئۇچتۇرپانلىق بەگلەرنىڭ مۇددىئاسىنى يەتكۈزدى.

ئۇنىڭ پىتنە — خۇسۇمەت بىلەن تولغان بۇ سۆزلىرىگە موللا مۇسا مۆھۈردار ھەيران قالدى. چۈنكى بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئۆتكۈزۈلگەن بىر مەجلىسى مەشرەپتە، ئۇچتۇرپان چوڭلىرى: «بۇرھانىدىن خوجام ياشىنىپ قالدى. ھامىدىن خوجام غەيرىتىمۇ، غەزىپىمۇ ئارتۇق بىر ئادەم، خوجام پاشا ① ئۆزى ياش، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى تازا ياخشى جۇغقۇرۇپ كېتەلمىدى. بىزلەر ئۇزاقتىن بۇيان يۇرتدارچىلىق

① مەخمۇددىن خوجىنى دېمەكچى.

تىزگىنىنى تۇتۇپ كېلىۋاتىمىز. «قېرى ئات يول تونۇيدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇرتدارچىلىقنىڭ ئۇدۇمىمۇ شۇنداق. بولمىسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولارمىكىن!» دېيىشىپ كەتتى. موللا موسا ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى مەخمۇددىن خوجىغا بىلدۈرۈپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ بۇ پاراڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنىدى. موللا موسا ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى.

ئۈچتۇرپان بەگلىرىنىڭ مەجلىسى تۈگەپ، تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچتۇرپانلىقلار قارا كالتەك بولۇپ، كوچىلىق خوجاملارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىشتى. ئۇلار مازار تېرەك دېگەن جايدا، مىرزاجان ھەزرەت دېگەننى ئۆزلىرىگە ئۇلۇغ قىلىپ، ناماز جۈمە ئاداسىدىن كېيىن، ئۇنى ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. ئارقىدىنلا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتى. بۇرھانىددىن خوجا بۇ پىتنىدىن بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان بولغاچقا، سېپىل ئۈستىگە توپ - زەمبىرەكلىرىنى قويۇپ، ئوقچىلىرىنى مۆكتۈرۈپ تەخ بولۇپ تۇرغانىدى. ئىلامانلار شەھەر قوۋۇقىغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشىگە، بۇرھانىددىن خوجا يىگىتلىرىگە ئۇلارنى ئوققا تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ياغىي ۋە تاغىي بولغانلار شەھەرگە ئالتە كېچە - كۈندۈز جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھېچ نەتىجە چىقىرالماي نۇرغۇن ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاخىرى تارقىلىپ كېتىشتى.

توپىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرھانىددىن خوجا مازار تېرەككە لەشكەر ئەۋەتىپ مىرزاجان ھەزرەت ۋە ئۈچتۇرپاننىڭ سابىق ھاكىمبېگى توختىبەگلەرنى تۇتقۇزۇپ كەلدى، ئۇلارنى سوراق قىلىپ، پۈتۈن گۇناھنى ئىقرار قىلدۇرغاندىن كېيىن، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى يوقلۇق سەپىرىگە يولغا سالدى.

ئۈچتۇرپانلىقلارنىڭ خوجاملارغا بولغان ئىخلاسىنىڭ بۇنداق تېز كېلىپ، تېز كېتىشىگە بۇلارنىڭ ئەھلى مۇسۇلمان-

چىلىقىنىڭ قاتتىق بولغانلىقىدىن باشقا يەنە، ئۇلارنىڭ بەزى ئاجايىپ تەرىقەت - سۇلۇكلەرگە بولغان ھەددىدىن زىيادە ئېتىقادلىرىمۇ سەۋەبچى بولغانىدى. بۇرھانىددىن خوجا «غازات ئاچىمىز» دەپ ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە، ئۇچتۇرپانلىقلار: «ئەمدى بىز تىلىگەن ۋە ئارزۇ قىلغان خوجامىنى تاپتۇق» دېيىشىپ، ئۇلارغا ناھايىتى يۇقىرى ئەقىدە باغلاپ، ئاتلىرىنى ئۈيۈرى، كاللىلىرىنى ئېغىلى بىلەن، قوزا- قويلىرىنى قوتىنى بىلەن ئېلىپ كېلىپ، خوجاملارغا: «بىر دۇئا قىلىپ بېرىشكەن بولۇشسىلا!» دەپ تەمەدە تۇرۇشقانىدى. بۇرھانىددىن خوجا: «ھەممىمىز پۇقرا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنى ئوخشاش» دەپ، بۇ تۆھپە - ھەدىيەلەرگە نەزەر سالماي، ھەممىنى باراۋەر كۆرگەنىدى. شۇڭا، ئۇچتۇرپانلىقلار: «بىز خىيال قىلغان خوجا بۇلار ئەمەس ئىكەن» دەپ، رايى قايتىپ، بۇلاردىن يۈز ئۆرۈشتى.

شۇ چاغلاردا بۇ يۇرتتا ئاران بەش مىڭ تۈتۈن ئاھالە بولسىمۇ، ئەمما بۇلار ئۆز ئىچىدە سوپىزىملىق ئېتىقاد بويىچە، كۇبىرىيە ①، ئىسھاقىيە ②، نەئىمەتىيە ③، دەبۇدىيە ④، دەۋانىيە ⑤ قاتارلىق بەش سۇلۇككە بۆلۈنگەنىدى. بۇ سۇلۇكلەرنىڭ پىرلىرى

① كۇبىرىيە — خارازىملىك مەشھۇر سوپى شائىر، شەيخ نەجمىددىن كۇبرا (1219 — ؟) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىلىك مەسلىكى.

② ئىسھاقىيە — مەخدۇم ئەزەمنىڭ كىچىك ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلىئۇللا (1530 — 1613) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان «قارا تاغلىقلار» نىڭ تەرىقەتچىلىك مەسلىكى.

③ نەئىمەتىيە — ئىرانلىق شاھ نەئىمەتۇللا ۋەلىي (1430 — ؟) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىلىك مەسلىكى.

④ دەبۇدىيە — تەرىقەتچىلىرىنىڭ قادىرىيە ياكى غەۋسىيە گورۇھىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئەر - ئاياللارنىڭ بىر ماكاندا زىكرى - ھەلقە قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەرىقەتچىلىك مەسلىكى.

⑤ دەۋانىيە — ئىرانلىق مۇھەممەت ئەسئەت جالالىددىن داۋانى (1502 —؟) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىلىك مەسلىكى.

تولىمۇ كىبىرلىك، زالىم، ۋۇجۇدى چىركىن، نەپسى بالا ئادەملەر ئىدى. «سىنىڭدىن مەن قالامدىغان» دېيىشىپ، بىر ـ بىرىگە زادى يول بېرىشمەيتتى. ئۇلار مۇرىتلىرىنىڭ قان ـ تەرلىرى بەدىلىگە كەلگەن پۇل ـ بايلىقلارنى خالىغىنىچە بۇزۇپ ـ چاچاتتى. زەرباب تونلارنى كىيىشىۋېلىپ، گىدىيىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۆز سۇلۇكىدىكى نامرات ـ يوقسۇل مۇرىتلىرىنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايتتى. ئۇلارچە بولسا، ئۆتۈكلىرىنىڭ ناھالىمۇ ئالتۇندىن قىلىنسا ياخشى بولاتتى. ئادەتتە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا، كۆكنار بىلەن كۆك چاينى كۆپ ئىستېمال قىلىپ، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئىنسانىي تۇيغۇدىن مەھرۇم بولۇشقان بىر توپ ئىپلاس سوپىلار پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. بۇنداقلارنىڭ ھالى تاپ ئۈستىگە توپلانغان قۇزغۇنلارنى ئەسلىتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىشىمۇ، خىيالىمۇ ھارامغا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان ھاسىلىرى ـ ھىيلە ـ مىكىر ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى، كاشكۇللىرى ـ پىتنە ـ پاسات، تەپرىقىچىلىك خالتىسى ئىدى. بۇ تۈۋرۈك سۇنۇپ، ئاشۇ ھىيلە ـ مىكىر ئۆيلىرى ئۆرۈلسە، ئاشۇ پىتنە ـ پاسات، تەپرىقىچىلىك خالتىلىرى تېشىلسە، بۇ بىچارە خەلقنىڭ ھالى سەل ـ پەل ياخشى بولۇپ قالاتتىمىكىن ـ تاڭ!

كېيىنكى چاغلاردا موللا مۇسا سايرامى بۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئەسلەپ، ئۆز پىكىرداشلىرىغا مۇنداق بىر ھېكايەتنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

— رامىزان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، — دېگەنىدى ئۇ، — بىر مۇسۇلمان خالى يەرگە بېرىپ قورساق تويغۇزماقچى بولۇپتۇ. ئۇ بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپتۇ. دەريانىڭ قىرغىقىدا بىر تۈپ چىنار بار ئىكەن. مۇسۇلمان بۇ چىنارنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ نان يېيىشكە باشلاپتۇ. ئەتراپ ئېتىزلىق ئىكەن. ھېلىقى چىنارنىڭ ئۈستىدە زىرائەتلىرىگە قاراپ بىر

جوھۇت ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بىر مۇسۇلماننىڭ روزا - رامىزاندا نان يەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ دەرەخنى لىڭشىتىپتۇ. ھېلىقى مۇسۇلمان دەرەخنىڭ ئۈستىگە قارىغۇدەك بولسا، بويىنىغا زۇننار ئېسىۋالغان بىرى دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن. مۇسۇلمان بۇ جوھۇتنى بىللە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. جوھۇتمۇ دەرەخ ئۈستىدىن چۈشۈپ، مۇسۇلمان بىلەن بىللە غىزالىنىپتۇ.

— ئەي جوھۇت، — دەپتۇ مۇسۇلمان، — بويىنۇڭغا زۇننار ئېسىپ جوھۇت سىياقىغا كىرىۋالغان بولساڭ كېرەك. ئەگەر سەن ھەقىقىي جوھۇت بولساڭ، مۇسۇلماننىڭ تامىقىنى يېمىگەن بولاتتىڭ!

— ئەي ئىنسان، — دەپتۇ ھېلىقى جوھۇت جاۋابەن، — بىرقۇر مۇسۇلمانچە كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ، ئۆزۈڭنى مۇسۇلمانغا ئوخشىتىۋالغان بولساڭ كېرەك. ئەگەر سەنمۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغان بولساڭ، روزا - رامىزاندا كۈندۈزى تاماق يېمىگەن بولاتتىڭ!

نەزمە:

.............................................

بولۇپتۇ ھەم تەقى بىر پىرقە پەيدا،
ئېتى مۆمىن، ۋەلىي نەپسىگە شەيدا.
يىغۇرلەر پارىنى ھەم بوينى يوغاننى،
سالۇرلەر ئوتتۇرىغا قىزۇ جۇۋاننى.
ئېلىپ بارسا كىشى ئەھلى ئايالىن،
كۆتۈر بىھىممەتلىك ئۈۋالىن.
ھارام ئىشنى تائەت بىلسە ئىنسان،
بولغۇنۇر ئېتىقادى، نامۇسۇلمان.

.............................................

— سوپى ئاللايار

# ئۈچىنچى باب

## سىددىقبەگ

«كېيمگە چىقىقانىنىڭ جېنى بىر.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مىلادى 1864 - يىلى 8 - ئاي.

قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسى قاراڭغۇلۇق دەپ ئاتىلىدىغان هەيۋەتلىك تاغلاردىن شارقىراپ ئۆتكەندىن كېيىن تاكى دۆلەتباغنىڭ جەنۇبىغىچە ئاساسەن ئەگمەستىن تۈپتۈز ئاقىدۇ. دەريا قىرغىقىنىڭ بەزى جايلىرىنى سۇ چوڭقۇر ئويۇپ ئۆتكەچكە، دەريا ياقىسىدىكى يەرلەر سۇغا گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ تۇرىدۇ. قىلىچ بىلەن كەسكەندەك تۇرىدىغان تىك يارلار سۇنىڭ يالىشى بىلەن مۇدۇر - چوقۇر بولۇپ كەتكەن، بەزى جايلاردا كىچىك قۇملۇق كۆلچەكلەر هاسىل بولغان. بەزى يەرلەردە سۇ تۈزلەڭلىككە شېغىل تاشلارنى يېيىتىپ كېڭىيىپ ئاقىدۇ. دەريا بويلىرىدا غۇژمەك - غۇژمەك قومۇشلۇقلارمۇ بار. بۇ قومۇشلۇقلاردا يۇغان چار پاقىلار، ئاپئاق بېلىقئالغۇچلار ياشايدۇ.

دەريا بويلىرى سۆگەت، چىنار ۋە باشقا دەرەخلەر بىلەن

قاپلانغان. سېرىق ھەرىلەر، قىزىل ئېشەك ھەرىسى، مۇنچاقلىق
ھەرىلەر، كۆكۈچ دالا ھەرىلىرى كۆنەكلىرىنى ئىسسىقتا
چوڭايتىشىدۇ. بۇ چاغدا، پۈتۈن دەرەخلىك ھەرىلەرنىڭ غوڭۇل-
داشلىرى بىلەن تولىدۇ. قۇلۇلە قېپىدەك قاتتىق ئۇزۇن تۇم-
شۇقلۇق قۇشلار، كۆكۈچ رەڭلىك قۇشلار، پارقىراق قۇشلار قى-
لىچ كەسكەندەك تىك يارلاردا كۈنبويى تۆشۈكلەرگە ئۇۋا يا-
ساش بىلەن ئاۋارە. قىزىل دەرياسىنىڭ قاپقا تاغلىرىدىن تاكى
قەشقەر قەلئەسىگىچە بولغان ياقىلىرىغا قاپقا، مىگيول، مۈش،
لەنگەر، سۇلاق، خاڭدى، سەمەن، ئوغۇساق، پاختەكلە، قىزىل
دۆۋە، پايناپ، دۆلەتباغ، ئېتپوقى يېزىلىرى جايلاشقان. دەريا
ئۆز ئېقىنىنى دائىم ئۆزگەرتىپ تۇرغاچقىمۇ، گاھى يىللىرى بۇ
يېزىدىن يىراقلىشىپ ئاقسا، گاھى يىللىرى ئۇ يېزىدىن يىراق-
لىشىپ ئاقاتتى. بەزىدە، يېزىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئېقىپ ئۆ-
تەتتى. كەلكۈن مەزگىلىدە، قىزىلنىڭ سۈيى پۈتۈن – پۈتۈن
يېزىلارنى ئېقىتىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى.

قەشقەرنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى يىلىغا ئىككى قېتىم ھوسۇل
بېرەتتى. بۇ يۇمشاق، ئۇنۇملۇك زېمىندا ھەر خىل ئۆسۈملۈك-
لەر ئۆسەتتى. ئۆسۈملۈكلەر بولۇق بولۇپ، ئالتە شەھەر تەۋە-
سىدىكى باشقا يۇرتلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئىككى ھەسسە، ھەتتا
ئۈچ ھەسسە يوغىناتتى. گۈللىرىنىڭ، ياشناپ تۇرغان ئوت –
چۆپلىرىنىڭ، دەرەخلىرىنىڭ رەڭگى تامامەن باشقىچە، يېشىلى
خۇددى زۇمرەتتەك سۇزۇك يېشىل، سېرىقى خۇددى كەھرىۋادەك
سېرىق، ساپ، قىزىلى ئوچۇق قىزىل، كۆكى قېنىق كۆك ئىدى. چۈمۈ-
لىلەر، كېپىنەكلەر، قۇشلارنىڭ قاناتلىرى، تۈكلىرى ئاز كۆرۈ-
لىدىغان سېھىرلىك رەڭلەردە ۋاللىداپ تۇراتتى. قۇرت – قوڭ-
غۇزلار، كېپىنەكلەر، قۇشلار، چېكەتكىلەر تۈزلەڭلىكتە شامالدەك
ئۇچۇشاتتى. بىر قارىسىڭىز، قەشقەر ۋادىسىدا خىلمۇ خىل
رەڭدىكى كېپىنەكلەر دولقۇنى دەرەخلەرنى، ئوت – چۆپلەرنى

ۋە تاش ـ تۇپراقلارنى قاپلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. سېرىق،
قىزىل، يېشىل، كۆك ۋە ئاق رەڭلەردىكى بۇ كېپىنەكلەر بىر ـ
بىرىنى قوغلىشىپ، كېپىنەكلەر قايناۋاتقاندەك تۇزۇشكەن. گاھ ئاس-
مانغا كۆتۈرۈلۈپ دولقۇن ھاسىل قىلسا، گاھ ۋادىغا يېپىلىپ
بۇلۇتلاردەك پەرۋاز قىلىشىپ، بۇ يەرنى ئاجايىپ ـ غارايىپ
بىر دۇنياغا ئايلاندۇراتتى.

يەكەن خان ئامىلىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي
كېڭەشتە قوبۇل قىلىنغان قارار بويىچە، قەشقەر يامۇلىدىكى مانجۇ
چېرىكلىرى يېڭىشەھەردىكى گۈلباغ قورغىنىغا يۆتكەپ كېتىل-
دى. خۇيزۇ چېرىكلىرى ھەر قايسى يېڭپەنلەر① گە تارقىتىۋېتىلدى.

مانجۇ قىسىملىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدا ئىشلەيدىغان
مالويە② دېگەن بىر خۇيزۇ ئوفىتسېرى مانجۇلار ئارىسىدىكى
مىش ـ مىش پاراڭدىن ئۇلارنىڭ تۇڭگانىيلارنى قورالسىزلاندۇر-
غاندىن كېيىن، قىرىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ
ئىش مۇشۇ يەردىكى يەتتە مىڭدەك ئۇلۇغ ـ ئۇششاق خۇيزۇ-
نىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بولغاچقا، جىن
دارىنغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزمەي بولمايتتى. جىن دارىن ـ مان-
جۇ ھاكىمىيىتىنىڭ پەيزاۋات قالغاچلىقتىكى تۇڭگان بوز يەر
ئۆزلەشتۈرگۈچى قىسىملىرىنىڭ باشلىقى جىن شياڭىيىڭ دېگەن
كىشى ئىدى. مالويە پەيزاۋاتقا قېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ
خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار دەرھال چارە قىلمىسا،
ئۆزلىرىنىڭ جېنى ئامان قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

راشىدىن خان خوجا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار كۇچانى
مانجۇلاردىن تازىلىغاندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى سايىت
بەگ مانجۇ چېرىكلىرىنى باشلاپ چىقىپ، ئۇلارغا قارشى تۇ-

① يېڭپەن ــ ھەربىي گازارما.
② مالويە ــ قەشقەر قوزغىلىڭىنىڭ يول باشچىلىرىدىن بىرى بولغان
ماتۆرە.

روۋپ باققان بولسىمۇ، ئەمما يېڭىلىپ قېلىپ، قەشقەردىكى ئاكىسى — قەشقەر ھاكىمبېگى قۇتلۇقبەگنىڭ قېشىغا پاناھلىق قىلىپ قېچىپ كەلگەنىدى.

قەشقەردىن ئەللىك چاقىرىم جەنۇبتا ئاقتۇر① دېگەن بىر يۇرت بارئىدى. بۇ يۇرتتىكى قىپچاقلارنىڭ بارىن قەبىلىسىنىڭ سىدىقبەگ دەپ ئاتىلىدىغان بىر بېگى بار ئىدى. بۇ زات ئۆزىنىڭ ھەققانىيەتچىلىكى بىلەن ئاقتۇر، بارىن، بۇلۇڭكۆل ۋە ئويتاغ ئەتراپلىرىدىكى قىرغىزلار، قىپچاقلار ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابروي قازانغانىدى.

بۇ ئەتراپتىكى قىرغىز، قىپچاق ئۇلۇسلىرى دائىم ئىسيان كۆتۈرۈپ، مانجۇ دائىرىلىرىنى تىنىم تاپقۇزمىغاچقا، خاقانىي چىن سىدىقبەگنى قىرغىز، قىپچاق ئۇلۇسلىرىغا چوڭ بەگ قىلىپ قويغانىدى. سىدىقبەگ خاقانىي چىننىڭ ئۆزىنى قىرغىز، قىپچاق ئۇلۇسلىرىغا چوڭ بەگ قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلانغانلىقى دەپ چۈشەنمەيتتى. خاقانىي چىننىڭ قىرغىز، قىپچاق ئۇلۇسلىرىنى ئۇنىڭ قولى بىلەن باشقۇرۇپ، ئۇلارنى «ئاتاڭ ياخشى، ئاناڭ ياخشى» دەپ سىلاپ - سىيپاپ ئەمىن تاپقۇزۇپ، ئۇلارنى ئىسيان كۆتۈرمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى تەيىنلىگەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ باشقا ئۇيغۇر ھاكىمبەگلىرىدەك مانجۇ دائىرىلىرى بىلەن بەك ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتمىگەنىدى.

قەشقەر بۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى، مانجۇ دائىرىلىرى ئاقتۇرغا بەش مىڭ قوي دېيەك چاچقانىدى. قىرغىز، قىپچاق ئۇلۇسلىرى تېخى ئۇنىڭ ئالدىدىلا جان سېلىقى ئۈچۈن مانجۇ دائىرىلىرىگە بەش مىڭ قوي ئالۋان بەرگەنىدى. مانجۇلار قىرغىز، قىپچاق ۋە ئۇيغۇرلارنى قاتتىق - قاقشىتىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ئەڭ ئاخىرقى چىچقاق ئوغلىقىغا قەدەر بولغان مال - چارپايلى-

① ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسى.

رىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سىدىقبەگ بۇ ئىشقا نارازى بولۇپ، ئېتىنى قامچىلىغان پېتى قەشقەردىكى خان ئامبىلىنىڭ يامۇلىغا كېلىپ، بۇ دېيەكنى ئېلىشنى دەرھال توختىتىڭلار، بولمىسا، چوڭ ۋەقە چىقىدۇ، دەپ خان ئامبىلىنى ئاگاھلاندۇردى.

— ئامبال دارىن، — دېگەنىدى ئۇ قىلچىمۇ تۇزۇت قىلماستىن، — ئادەملىرىڭىز ئۇلۇسلىرىمىزنى بەك قىيناپ قويدى. جان سېلىقى جېنىمىزغا پاتتى. ئادەمنى مۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟ راست ئەمەسمۇ؟ بىر ئۆيگە بىر مۈشۈكنىڭ ئاسلىنىنى سولاپ قويۇڭ ۋە ئۇنى توختىماستىن ئۇرۇڭ، ئاخىرىدا قېنى نېمىنى كۆرىسىزكىن؟ ئاسلان غالجىرلىشىپ شۇ دەرىجىگە بارىدۇكى، ئاخىرى ئېتىلىپ كېلىپ كۆزىڭىزنى مۇرلىۋالىدۇ. ئاسلانغۇ ئاسلان ... ئادەمنىڭ بالىسى مۈشۈكنىڭ ئاسلىنى ئەمەستە! ئادەم قانچىلىك بوزەك قىلىنسا، شۇنچىلىك قورقماس، شۇنچىلىك باتۇر بولۇپ كېتىدۇ. بىز خەقنى «پاراكەندە» دەيسىز، بۇنداق بوزەك قىلساڭلار، نېمىشقا «پاراكەندە» بولمايدىكەنمىز؟

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن سىدىقبەگ ئاستىرتىن تاغلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، بارلىق قىرغىز، قىپچاق، ئۇيغۇرلارنى توپلاپ، تۇغ — ئەلەم، ناغرا — كانايلارنى تەييارلاپ، خاقانىي چىندىن يۈز ئۆرۈشكە تەييارلاندى. قىرغىز، قىپچاق، ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭلىرىدىن راخمانقۇل، قۇربانشا تاجىك قاتارلىقلارنى پەنساد ①، يۈزبېشى، سۆتنە بېشى، ئونبېشى قىلىپ تەيىنلىدى.

سىدىقبەگ باشچىلىقىدىكى قىرغىز، قىپچاق، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان قەشقەر ھاكىمبېگى قۇتلۇقبەگ بۇ ئىشنى دەرھال يېڭىشەھەردىكى خان ئامبالغا مەلۇم قىلدى. خان ئامبالدىن: «تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بەگ توختىبەگ، تاھىربەگلەر چېرىك باشلاپ دەرھال ئاقتۇرغا بېرىپ، سىدىق-

① پەنساد — باتالىيون كوماندىرىغا باراۋەر ھەربىي مەنسەپ.

بەگ باشچىلىقىدىكى پاراكەندە قىرغىز، قىپچاقلارنى تۇتۇپ، كۆشۈك ھارۋىغا سېلىپ ياندۇرۇپ كەلسۇن!» دېگەن مەزمۇندا پەرمان چۈشتى.

خان ئامبالنىڭ پەرمانى بويىچە، قۇتلۇقبەگ توختى ئىشىكئاغا بەگ بىلەن تاھىر بەگلەرنى چېرىك بىلەن قىل قۇيرۇق قىلىپ ئاقتۇرغا ماڭغۇزدى. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىنىسى سايىتبەگ بىلەن ئەيسابەگ قارىغۇ دېگەن لەشكەر بېشىنىمۇ قوشۇپ قويدى. ئۇلار يېڭىشەھەرنىڭ قىچىرچى دېگەن يېرىدە قونۇپ، ئەتىسى باغچىنىڭ قالىق دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەندە، سىدىقبەگ قىرغىز، قىپچاق، ئۇيغۇر لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ قالدى.

چوڭ يولنىڭ ئىككى يېنىنى سىدىقبەگنىڭ لەشكەرلىرى ئىگىلىگەن بولۇپ، ھەممە ياق ئېشەك، ئات، قېچىر، تۆگىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى، ئالدىدىكى سەركەردىلەر ۋە ياساۋۇللار ئات ئويىنىتىپ يولدىكى دېھقانلارنى چەتكە ھەيدەيتتى. ئېشەك، قېچىرلارنى راسا قامچىلايتتى. قىلىچ ئورنىدا ئايپالتا ۋە تاياق ــ توقماق كۆتۈرگەن، باشلىرىغا تېرە تەلپەك، ئۇستىگە قارا چەكمەن چاپان ۋە كەڭ شالۋۇر كىيگەن نامرات ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزلىرىچە كايىشىپ، ئاستا يول بوشىتىشاتتى ...

قورال ئورنىدا تاياق ــ توقماق كۆتۈرگەن، ئۆمرىدە جەڭگە قاتنىشىپ كۆرمىگەن بۇ بىئازار ئۇيغۇر دېھقانلىرى سەل كەم يىگىرمە مىڭ كىشىلىك مانجۇ قوشۇنلىرىغا تاقابىل كېلەلەرمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇ يولدا سەلدەك دەۋرەپ كېتىشىۋاتىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئىككى تەرەپ روبىرو كېلىشىپ قالغانلىقتىن، سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. سىدىقبەگ ئۆزىنىڭ راخمانقۇل قىپچاق، قۇربانشا قاجىك باشلىق تۆت باتۇرىنى مەيدانغا سالدى. توختىبەگمۇ ئۆزىنىڭ تۆت باتۇرىنى ئۇلارغا قارشى قويدى. گاھ سىدىقبەگ-

ىنىڭ باتۇرلىرى يەڭسە، گاھ توختىبەگنىڭ باتۇرلىرى ئۈس-
تۈن كېلەتتى. بىر كەملەردە، توختىبەگنىڭ ئىككى باتۇرى
نەيزە يەپ ياريدار بولۇپ يىقىلدى. بۇنى كۆرۈپ، ئەيسا بەگ
قارىغۇ ئۆز چېرىكلىرىنى باشلاپ قاچقىلى تۇرۇۋېدى، توختى-
بەگنىڭ سىپىدە پاتىپاراقچىلىق باشلاندى. نۇسرەت سىدىق-
بەگ تەرەپكە ئۆتتى. سىدىقبەگ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى كېلىپ،
تاھىربەگنىڭ گەجگىسىگە غاچىلدىتىپ بىر نەيزە ئۇردى، ئات-
دىن نەيزىنى ئۇزۇن سىپىدىن تارتىپ سۇغۇرۇپ ئېلىۋېدى،
تاھىربەگنىڭ گەجگىسىدىن ئوقتەك قان ئېتىلىپ چىقتى.
سىدىقبەگنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن راخمانقۇل قىپچاق
قانغا مىلەنگەن تاھىر بەگنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى.
توختىبەگ ئازغىنا چېرىكلىرى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە ئاران-
لا قېچىپ كېلىۋالدى. قۇتلۇق ھېكىمبەگ قەشقەرنىڭ نەزەربەگ،
توختىبەگ، ئۆمەر بەگ باشلىق چوڭلىرى بىلەن كېڭىشىپ،
شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ، يېڭىشەھەردىن ياردەمگە
چېرىك كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇشنى قارار قىلىشتى. سىپىلغا نەزەر-
بەگنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، توپ - زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ
چىقىشتى. توختىبەگنى قۇمدەرۋازىسىغا، ئۆمەر بەگنى تۆشۈك
دەرۋازىسىغا بەگ قىلىپ تەيىنلىدى.

سىدىقبەگ ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ، شەھەرنىڭ
تۆت ئەتراپىنى قورشىۋالدى.

ئالتە ئايغىچىلىك قورشاۋدا تۇرغان قەشقەرنىڭ كوچا -
رەستىلىرىدە ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەت-
تى. ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا، يوغان كۆن چېلەكلىرىنى بوي-
نىغا ئېسىۋالغان تازىلىقچىلار كوچىلارغا سۇ سېپىپ، ھەممە
ياقنى يالىسا تىلىغا توپا يۇقمىغۇدەك قىلىپ، سىپىرىپ -
سۈپۈرۈپ چىقىشاتتى. كېيىن، كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى قا-
تار كەتكەن دۇكانلار ئېچىلاتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى كوچىدا تۆ-
مۈرچىلەر ئوچاقلىرىغا تاشكۆمۈر قالاپ، كۆپۈلدىتىپ بازغان ئۇ-

رۇشاتتى، بەستىلىك ھەم پالۋانلاردەك چەبدەس تاقىچىلار يېنىغا ئادەم كەلتۈرمەي چاپچىپ تۇرىدىغان شاش ئاتلارنى كىشنىتىپ يۈرۈپ تاقىلايتتى. تاش بازىرىدا، تاشچىلار مەرمەر تاشلارنى تاراشلاپ ئويۇپ، تۈرلۈك نەقىشلىك بۇيۇملارنى ياسىشاتتى. چاچىسىدىكى چاقچىلار ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، پىچاق، ئايپالتىلارنى چاقلايتتى، دەستىچىلەر قىلىچ ۋە خەنجەرگە قىممەت باھالىق تاشلاردىن دەستىلەرنى تاقايتتى. گىلەمچىلەر، كەشتىچىلەر، دوپپىچىلار، ساندۇقچىلار، بۆشۈكچىلەر، كۈلاللار، تۈنۈكچىلەر، مىسكەرلەر ۋە زەرگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشقا كىرىشىپ، ھەممەياق «تاراق - تۇرۇق» بولۇپ كېتەتتى. ناۋايلار نان يېقىشقا، ھالۋىچى - قەندالەتچىلەر ھالۋا ۋە تۈرلۈك تاتلىق - تۈرۈملارنى ئېتىشكە، سامسىپەزلەر سامسا، كاۋاپچىلار كاۋاپ پىشۇرۇشقا كىرىشىپ كېتەتتى. ئىسسىق نان ۋە سامسىلارنىڭ، پىياز ۋە كاۋاپلارنىڭ ھور ھەم بۇس ئارىلاش ئاچچىق ۋە مەززىلىك پۇراقلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كېتەتتى. ئەمدىچۇ؟ دۇكانلار ئېتىك، ھەممە ياق جىمجىت ئىدى ......

يېڭىشەھەردىكى مانجۇلارنىڭ تېخىچە خاتىرجەم يۈرگىنىدىن خەۋەر تاپقان سىدىقبەگ ئۆزىنىڭ قالتىس بىر ئىشقا بەل باغلىغانلىقىنى سېزەتتى. مانجۇ دائىرىلىرىنىڭ تىڭچىلىرىنىڭ ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرۈشكىنىدىن ئۇ خەۋەردار ئىدى. مانجۇلار سەزمىگەنگە سېلىپ، سىدىقبەگنى قەشقەر شەھىرىگە يېقىن كەلگۈچە قويۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنى بىراقلا قورشىۋېلىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. قەشقەر شەھىرىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سانىمۇ ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ سانىدىن بەش - ئالتە باراۋەر كۆپ ئىدى. سىدىقبەگ ئۆزىنىڭ مانجۇلارنىڭ قولىغا چۈشسە تىرىك قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىچكىرىسىدىكى تۇڭگانىيلار بۇزۇلغاندىن تارتىپ، مانجۇ دائىرىلىرى ئالتە شەھەر تەۋەسىدە چاتاق چىقارغانلىكى ئادەملەرنى ئۆل-

تۇرۇپ، بالا ـ ۋاقىلىرىنى ئىلغا پالاپ كەلدى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم بىرەر پالاكەتكە يولۇقمىسىلا، ئاخىرقى نەپەسىگىچە جەڭ قىلىشقا، مانجۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىككە بەل باغلىغانىدى. «ھەي! بۇ تۇڭگانىيلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكى قايسى دەرىجىدىكىن؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئۇلار قاراڭغۇدا يەنە بىرمۇنچە ئېرىقلاردىن ئۆتتى. ئېتىزلىقلارنى، باغۇ ـ بوستانلىقلارنى ئارىلاپ مېڭىپ، قىزىل دۆۋەنىڭ قېشىغا كەلگەندە توختاشتى. سىدىقبەگ بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن، جىن شياڭيىڭ، ماتۆرە باشلىق تۇڭگانىيلار بىلەن كېلىشكىنى بويىچە، بۈگۈن كېچىدە شەھەرگە ئومۇمىي ھۇجۇمنى باشلىماقچى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بىر نەچچە يۈز نەۋكىرىنى قۇمدەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى سېپىل سىرتىدا بىر مېچىتنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار سېپىلغا چىقىدىغاندا پايدىلىنىدىغان چوڭ شوتىلارنى شۇ يەردە تەييارلىماقچى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە شەھەرگە خۇپىيانە ئادەم كىرگۈزۈپ، شەھەر ئىچىدە يامۇل ئالدىدا ئولتۇرۇشلۇق شەمشىدىن ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى قەمەرىدىن ھاجى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ئۇلار شۇ كېچىسى بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن شەھەرنىڭ پاششاپ ـ چاكارلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، سېپىل ئۈستىگە چىقىپ بەلگە بەرمەكچى، سىدىقبەگلەر بەلگىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال شوتا بىلەن سېپىلغا چىقماقچى، ئاندىن دەرۋازىنىڭ لوكىنى تارتىۋېتىپ ئۇنى ئېچىپ، كۆۋرۈكنى چۈشۈرمەكچى ئىدى. ماتۆرىنىڭ تۇڭگانىيلىرى بۇ كېچىدە تەرەۋە ئوقۇش باھانىسى بىلەن مېچىت ئىچىگە توپلىنىپ، سىدىقبەگ شەھەرگە ھۇجۇم قوزغىشى بىلەن تەڭلا قوزغىلىپ، يامۇلدىكى مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر چېرىكلىرىنى يىغىشتۇرماقچى ئىدى. ئۇلارمۇ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنمەكچى بولدى. بىر بۆلىكى سېپىل

قوۋۇقىغا ھۇجۇم قىلىپ، دەرۋازىنى بۇزۇشقا ياردەملىشىدىغان، يەنە بىر بۆلىكى تاشقىرىدا تۇرۇپ ئۇلارغا ماسلىشىدىغان، يەنە بىر بۆلىكى ياردەمگە تەييار تۇرىدىغان بولۇپ بەلگىلەندى. شەھەردىكى تۇڭگانىيلار مىڭ نەچچە يۈز كىشىگە يەتسىمۇ، سوقۇشقا يارايدۇ دېيىلگەن كىشىلەر ئاران يەتتە يۈزگە يېتەتتى. بۇ تۇڭگانىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىپ، جان پىدالىق قىلىشتى، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ قوراللاندى، كىچىكلىرى ھېچبولمىغاندا يىقىلغانىنى سانجىپ ئۆلتۈرەرمىز دەپ، پىچاق بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلار يوشۇرۇنغان مېچىت بىلەن يامۇلنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

ئەتراپ جىمجىت، يىراقتا خورازنىڭ بىرىنچى چىللىشى ئاڭلاندى. ئاسمان ئالا بۇلۇت، قارىيىپ تۇرغان قەشقەر سېپىلى كۆزگە گىرىمسەن چېلىقاتتى. سىدىقبەگ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى پەنساد راخمانقۇل قىپچاقنىڭ ئۇسساپ تىترەپ نەپەس ئالغىنىنى سەزدى ۋە ئۆزىنىڭمۇ بەدىنى تىترەشكە باشلىدى.

سېپىل ئىچىدىن ئەجەل پۇرىقى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ئەنجانلىق سودىگەرلەر ئاقساقىلىنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنى يوشۇرۇن ئېچىپ بېرىشكە ئىشىنىپ بارغان ۋەلىخان تۆرىنىڭ سىرى پاش بولغىنى، يىگىتلىرى ئوق يەپ، دۈشمەننىڭ زاڭلىق قىلغىنىنى ئاڭلاپ يانغىنى ئېسىگە چۈشتى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن قەشقەر دەرۋازىلىرىغا كېچىسى تېگىش قىلغان، باشقا خوجىلارنىڭمۇ ئالدىنىپ قېلىپ قولغا چۈشۈپ ھالاك بولغانلىرى كۆڭلىدىن كەچتى. سىدىقبەگ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خوجىلاردەك ئالدىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر، تۇڭگان تەرەپدارلىرىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، پەقەت ئۆز كۈچىگىلا ئىشىنىپ تەۋەككۈل قىلىۋاتاتتى.

گەرچە، جىن لاۋسەن①، ماتۆرىلەر شەھەر ئىچىدىكى تۇڭگانىيلار ئۇنىڭغا ئىچكى تەرەپتىن بولۇشىدىغان بولدى، دەپ خەۋەر بەرگەن بولسىمۇ، بۇ خەقنىڭ بىقارارلىقىنى ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ بىلەتتى. ئۇنىڭ مىڭدەك ئادىمى شەھەر ئىچىدىكى تەلىم - تەربىيە كۆرگەن بەش - ئالتە مىڭدەك چېرىككە تەڭ كېلەلەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۇلباغ قورغىنى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارىلىقى پەقەت يەتتە چاقىرىملا كېلىدىغان تۇرسا، سېپىلغا بېسىپ كىرىپ بولغىچىلىك، گۇلباغدىكى مانجۇلار كەينىدىن بېسىپ كىرىپ تېگىش قىلسا، ئۇنىڭ بېشى ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا يەنجىلىپ كەتمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ شەھەردىكى مانجۇ چېرىكلىرى مۇستەھكەم قەلئە ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. تارىختا مۇنداق تەۋەككۇلچىلىكنىڭ يەنە باشقا مىسالى بولغانمىكىن؟ ئۆزىغۇ سېپىل ئالدىغا يوشۇرۇنچە يېتىۋالدى. ئەگەر تۇڭگانىيلارنىڭ «ئىچكى تەرەپتىن بولۇشىمىز» دېگىنى مانجۇلارنىڭ «قاپقىنى» بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا، سىدىقبەگ بۇ «قاپقان»غا ئۆز پۇتى بىلەن بېرىپ دەسسەپ بەرسۇنمۇ؟

بەزى قىپچاق چوڭلىرى ئوخشاش ئەندىشىلىرىنى ئېيتىشىپ، سىدىقبەگنى بۇ قالتىس نىيىتىدىن ياندۇرماقچىمۇ بولۇشتى.

ئەمما، بۇ نىيەتتىن قايتىش — يا ئاقتۇرغا دۈگدىيىپ بېرىپ مانجۇ ئامبىلىغا يەنە قارام بولۇشتىن ياكى ئۆي - ماكانسىز بولۇپ، بۇلۇڭكۆل، چارلۇك، ئويتاغ ئەتراپلىرىدا كۆزنىڭ شۇۋىرغانلىرى بىلەن قىشنىڭ سوغۇقلىرىدا تېنەپ - تەمتىرەپ خارۇ - زار بولۇپ يۈرۈشتىن دېرەك بېرەتتى. سىدىقبەگ مانجۇ ئامبىلىغا قارام بولۇش ۋە ياكى خار - زارلىقتىن كۆرە، بىر ئۆلۈمنى باش ئۈستىگە ئېلىپ، مانجۇ ھاكىمىيىتىگە يولۋاستەك دادىل ئېتىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن ۋە

① جىن شياڭپېڭ،

قىرغىز، قىپچاق چوڭلىرىنى شۇنىڭغا كۆندۈرگەنىدى. مۇبادا، پېشانىسى كاج كېلىپ قېلىپ، ئىشى تەتۈرىدىن كەلسە، مانجۇلارنىڭ «قاپقىنى» غا چۈشسە، ئەجەل سىرتمىقىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال سىدىقبەگنىڭ بوينىغا چۈشۈشىنى ھەممىسى بىلەتتى. سىدىقبەگنىڭ ھەممە ھەرىكىتى مانجۇلارنىڭ «قاپقىنى» نىڭ قىسىۋالىدىغان جايىغا تەگمەستىن ئۆتۈشكە قارىتىلغانىدى. شۇ يەرگىچە ئۆزىنى دۈشمەنگە تۇتقۇزماي كەلدى. ئەمدى ئىشىنىڭ بۇ تەرپى قانداق بولارىكىن؟

سىدىقبەگ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەتراپقا قۇلاق سېلىۋېتىپ، كېچە جىمجىتلىقىدا ئۆز يۈرىكىنىڭ دۈكۈلدەپ ئۇرۇشىنى ئېنىق ئاڭلىدى. بۇ دۈكۈلدەشتە گويا تەقدىر ئېتىنىڭ تۇياق تاۋۇشلىرى بار ئىدى.

ئېغىر شوتىلارنى ئاستا كۆتۈرۈپ قىزىل دۆۋە قەبرىستانلىقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ پەنسادلىرىدىن راخمانقۇل قىپچاق بىلەن قۇربانشا تاجىك بار ئىدى. ئۇلار يىگىتلىرىنى باشلاپ، قاراڭغۇدا ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپ، تاش بازىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يارداڭغا يېقىنلاشتى. بۇ يارداڭنىڭ ئېتىكىدە ئۆڭكۈرلەر بار ئىدى. بۇ ۋەھىمىلىك جايلارغا ئادەتتە كۈندۈزىمۇ ھېچكىم ئەيمىنىپ كېلەلمەيتتى. ئاياغ ئاستى چاتقاللىق ئىدى. سېپىل تېمى مۇشۇ يار ئۈستىدىن ئۆتەتتى. شوتىلارنى سېپىل تۈۋىگە كۆتۈرۈپ بارغۇچە، يىگىتلەر قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى.

ئۇلارغا باشچىلىق قىلىۋاتقان راخمانقۇل قىپچاق سېپىل ئۈستىگە قاراپ بىر پەس ساقلاپ تۇردى. ئېگىزلىكى تېرەك بويى كېلىدىغان سېپىل ناھايىتى كەڭ ئىدى. سېپىل ئۈستىدىن ھېچبىر شەپە سېزىلمەيتتى. قاراۋۇللار ئۇيقۇسى كېلىپ سېپىل ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك.

بىر كەملەردە سېپىل ئۈستىدە، بىرىنىڭ كېلىشىۋالغان

سۆز بويىچە، ئاق ياغلىقنى پۇلاڭلاتقىنى غىلپال قىلىپ كۆرۈندى.

راخمانقۇل بەلگىنى كۆرگەندىن كېيىن، يىگىتلىرىگە شوتىنى قويۇڭلار! دەپ شەرەت قىلدى. يىگىتلەر شوتىلارنى ئاستا تىكلىدى، شوتىلارنىڭ ئۇچىنى سېپىلنىڭ قىرىغا تىرەپ قويدى.

— قېنى، چىقىڭلار! — دەپ پىچىرلىدى راخمانقۇل غوژمەك بولۇپ تۇرۇشقانلارغا. ئون ئۈچ گەز ئېگىزلىكتىكى بۇ تام ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىقىلغان ئادەم تىرىك قالمايتتى. ئېھتىمال قاراۋۇللار سېزىپ قېلىپ، چىقىۋاتقانلارغا تاش ئاتار، ئوق ياغدۇرار؟ بۇنى بىلىدىغان يىگىتلەرگە ئەڭ ئالدىدا چىقىش ناھايىتى دەھشەتلىك تۇيۇلاتتى.

نىھايەت، راخمانقۇل قىپچاق ئۆزى شوتىنىڭ بالدىقىغا پۇتىنى قويدى:

— بىر ئۆلۈم ھامان بار. مەردانە بولۇڭلار! قېنى، يا بىسمىللاھىررەخمانىررەھىم!— دېدى ئۇ.

قۇربانشا تاجىك ئىككىنچى شوتىدىن چىقىشقا باشلىدى. شوتىلار كەڭ، پۇختا ياسالغان، ھەر بىرى ئالتە - يەتتە كىشىنى بىمالال كۆتۈرەتتى. يىگىتلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يۇقىرىغا چىقىۋاتاتتى. راخمانقۇل قىپچاق سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقاي دېگەندە، بايامقى ئاق ياغلىق پۇلاڭلاتقان كىشى ئۇنى قولىدىن تارتىۋالدى. ئۇ شەمشىدىن ھاجى ئىدى. ئۇ سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇل ئۆيىدە ئادەم بار، دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ئىشارەت قىلىپ لىڭشىتىپ قويدى. سېپىلنىڭ ئۈستى پىيادىلەر يولىچىلىك كەڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاتلىق يۈرسىمۇ بولاتتى، يېقىن ئارىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. راخمانقۇل قىپچاق ئۆزىنى ئۇگەكنىڭ① دالدىسىغا ئالدى ۋە تۆۋەندىن چىقىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ قولىدىن تارتىپ پىچىرلىدى:

① ئۇگەك — سېپىلنىڭ ئۈستىگە ئارىلىق قويۇپ ياسالغان كىچىك تاملىق كونگۇرە.

— پالتا قېنى؟
— مانا.
قۇربانشا تاجىك بىلىگە قىستۇرۇۋالغان پالتىنى ئېلىپ راخمانقۇل قىپچاققا بەردى.
— قاراۋۇل ئۆيدە ئادەم بار ئىكەن، شەپە چىقارماي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىڭلار! — كىمگىدۇر پىچىرلىدى راخمانقۇل قىپچاق.
ئەگەر ئۇگەك ۋە قاراۋۇل ئۆيى بولمىسا، سىپىل ئۈستىدە مېڭىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ كۆلەڭگۈسى تۆۋەندىن كۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىن چىققان يىگىتلەر قاراۋۇل ئۆيىدىكى مانجۇ چېرىكلىرىنى جىمجىتلا يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، قاراۋۇل ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشتى. ھەممىسى چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئېگىشىپ مېڭىپ، سىپىل ئۈستى بىلەن قۇمدەرۋازىسى تەرەپكە بېرىشقا باشلىدى.
سىپىلنىڭ مەلۇم جايلىرىدا قاراۋۇل ئۆيلىرى بار ئىدى. يىگىتلەر بىر قاراۋۇلخانىغا كەلگەندە، ئىچكىرىسىدىن بىر مانجۇ چېرىكى قويۇق گەنسۇ تەلەپپۇزى بىلەن ئۇيقۇ ئارىلاش:
— ۋاڭ مەنساڭ، كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
سىپىل ئۈستىدە كېلىۋاتقانلار دەرھال توختىدى. راخمانقۇل قىپچاق قولىدىكى پالتىنىڭ سېپىنى ئىككى قوللاپ سىقتى - دە:
— ھە، — دېگەندەك قىلىپ غودۇڭشۇپ قويدى.
ئەمما، ئىچكىرىدىكى قاراۋۇل ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇماي، خودۇكسىرەپ قالدى - دە، ئۇيقۇسى بىردىنلا قاچتى:
— كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
راخمانقۇل قىپچاق قاراۋۇلخانىغا قاراپ ئېتىلدى. مانجۇلارنىڭ قاراۋۇلى ئالدىراپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆكسىگە غاچچىدە قىلىپ خەنجەر سانجىلدى. قاراۋۇل جان ئاچچىقىدا خودىدى

تۇڭگۈزدەك چىرقىرىۋېتىتى.
— قۇربانشا تاجىك! توختىماستىن دەرۋازىغا يۈگۈرا—
دېدى راخمانقۇل قىپچاق. ئۇ، يىگىتلەرنىڭ بەش - ئونىنى
پەستە ئويغىنىپ كەتكەن قاراۋۇللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن
قالدۇردى - دە، ئۆزى باشقا نۆكەرلەرنى باشلاپ، قومدەرۋا-
زىسىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.
قۇتلۇق ھېكىمبەگ بۇ دەرۋازىنى ساقلاشنى توختىبەگ
بىلەن مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ جاڭ تۇڭلىڭ دەيدىغان بىر پەن-
ساتىغا تاپشۇرغانىدى. ئەمما ئۇلار سىدىقبەگنىڭ قەلئەگە بۇ-
گۈن كېچە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى زادىدا ئويلاپ بېقىشمىغىنى
ئۈچۈن، ھازىر چېرىكلىرى بىلەن يېڭىپەندە ئۇخلىشىۋاتقانىدى.
دەرۋازا قاراۋۇلخانىسىدا، يىگىرمىچە مانجۇ ۋە ئۇيغۇر چېرىكلى-
رى بار ئىدى. ئۇلار بۇ تاراق - تۇرۇقتا ئويغىنىپ، قورال -
ياراقلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ بولغىچە، تۇڭگان چېرىكلىرى تە-
رىپىدىن شىددەتلىك تۇردە ئوققا تۇتۇلدى. پالتا كۆتۈرگەن
قۇربانشا تاجىك دەرۋازا قۇلۇپىغا يېقىنلاشتى. ئاتنىڭ كاللىسى-
دەك كېلىدىغان قۇلۇپ پالتا بىلەن بىر - ئىككىنى قويغانغا
تەۋرەپمۇ قويمىدى. قاراۋۇلخانىدا نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق
باشلىنىپ كەتكەنىدى. سىدىقبەگنىڭ يىگىتلىرى كۆپرەك ئىدى.
توختىبەگ بوينىغا تەگكەن قىلىچنىڭ زەربىسىدە يەرگە يۇ-
لاڭلاپ يىقىلدى. جاڭ تۇڭلىڭ قېچىشىغا، بىر يىگىتنىڭ ئار-
قىسىدىن قاتتىق ئۇرغان نەيزىسى بىلەن ئۇدۇلدىكى ئىشىككە
مىخلىنىپ قالدى، ئۇ، بىر - ئىككى پۇت ئېتىپلا جىم بولدى.
قۇربانشا تاجىك پالتىنى ئىككى قوللاپ گاھ قۇلۇپقا،
گاھ دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنىڭ قاغىتۇمشۇقىغا ئۇراتتى. تۆمۈردىن
كۆكۈچ ئۇچقۇن چاچرايتتى، ئەمما، چوڭ قۇلۇپ مىدىرلىماي
تۇراتتى. ئاخىرى، قاغىتۇمشۇق سۇندى - دە، زەنجىر شاراقلاپ
يەرگە چۈشتى.

سېپىل ئەتراپىدا، سۇ تولدۇرۇپ قويۇلغان چوڭقۇر خەندەك بار ئىدى. خەندەكتىن دەرۋازىغا ئۆتىدىغان تاختا كۆۋرۈك مەخسۇس زەنجىر بىلەن دەرۋازا تەرەپكە كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى. قۇربانشا تاجىك دەرۋازىنىڭ لوكىنى چۈشۈرۈپ ئېچىۋاتقاندا، يىگىتلەرمۇ كۆۋرۈكنىڭ زەنجىرىنى بوشاتتى.

سىدىقبەگ، جىن لاۋسەن ۋە ماتۈرلەر دەرۋازىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئېلىشىش شاۋقۇنىنى ئاڭلاپ، خەندەكنىڭ لېۋىگە كېلىپ تۇرۇشقانىدى. دەرۋازا ئېچىلىپ، تاختا كۆۋرۈك چۈشۈش بىلەن تەڭ، ئۇلارمۇ ئادەملىرىنى باشلاپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئىچكىرىگە ئات سېلىپ كىرىشتى. مانجۇ چېرىكلىرىدىن تىرىك قالغانلىرى يامۇل تەرەپكە قاراپ قاچتى.

قوزغىلاڭچىلار ھۇيقۇتقىنىچە دەرھال يامۇلغا قاراپ ھۇجۇم قىلىپ ماڭدى، مانجۇ بولامدۇ، سولۇن بولامدۇ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەردى. شەھەر ئىچىدىكى خۇيزۇلار بىر نەچچە جايغا ئوت قويۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە يەر «ئاللاھۇ ئەكبەر!»نىڭ ساداسى ئوت ۋە تۈتۈن بىلەن قاپلىنىپ كەتتى. مانجۇلار مۇشۇ تاپتا نەگە قېچىشنى بىلەلمەيلا قالغانىدى. سىدىقبەگ، جىن لاۋسەن، ماتۈرلەر باشچىلىقىدىكى قىرغىز، قىپچاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرى ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى. راخمانقۇل قىپچاقتا ئېتىنى ئەكىلىپ بېرىشتى. قۇربانشا تاجىكمۇ، باشقا پىيادە يىگىتلەرمۇ يەنە ئاتلاندى. سىدىقبەگ نۆكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى راخمانقۇل قىپچاق بىلەن بىللە ياۋاغ دەرۋازىسىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا جىن لاۋسەن، ماتۈرلەرنىڭ خۇيزۇلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قىرغىز، قىپچاق يىگىتلىرىنى باشلاپ، تۆشۈك دەرۋازىسىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئات سالدى. ئەگەر بۇ دەرۋازىلار تېزرەك ئىگىلىۋېلىنمىسا، گۈلباغ قورغىنىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى ھەر قاچان مۇمكىن ئىدى.

قۇمدەرۋازىسى ئالدىدا باشلانغان جەڭ شاۋقۇنى بىر
پەستىلا پۈتۈن قەشقەر شەھىرىنى قاپلاپ كەتتى. قۇتلۇق
ھېكىمبەگ ئۆزىنىڭ يامۇلدىكى ھەشەمەتلىك ھويلىسىدا ئۇخ-
لاپ ياتقانىدى. ئۇ ئالا-توپىلاڭدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بار-
لىق چېرىكلىرىنى ئېلىپ ئاتلىنىپ چىققۇچە، سىدىقبەگنىڭ يې-
گىتلىرى مانجۇلارنى قوغلاپ كېلىپ قالدى. ياۋاغ دەرۋازىسىدىن
قوغلانغان چېرىكلەرمۇ يامۇل تەرەپكە قېچىۋاتاتتى. قاراڭغۇدا
دۈشمەن قايسى، ئۆزىنىڭ ئادەملىرى قايسى، ئۇنى قۇتلۇق
ھېكىمبەگ زادىلا ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە يۈگۈرۈپ
كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەن بولۇپ كۆرۈندى. شەھەرگە
لەكمىڭ — لەكمىڭ دۈشمەن باستۇرۇپ كىرگەن ئوخشايدۇ دەپ
ئويلاپ قالدى ئۇ.

قۇتلۇق ھېكىمبەگ قىزىل دەرۋازىسىدىكى يىڭپەندە تۇرۇش-
لۇق مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن بۇ توپىلاڭچىلارنى بىر پەستىلا
يىغىشتۇرۇۋېتەلەيمەن دەپ ئويلىغانىدى، كېلىپ قارىسا، قىزىل
دەرۋازىسى ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇراتتى. يىڭپەندىكى تۆت —
بەش مىڭ چېرىك يېڭىشەھەرگە قاراپ ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنى-
كەن. ئامال قانچە؟ نۇسرەت كېتىپتۇ! ئۇ بارمىقىنى چىشلىگىنى-
چە، ئېتىنى چاپتۇرۇپ، يېڭىشەھەر تەرەپكە قاراپ قاچتى.

سەھەردىكى غەرق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان بىپەرۋا
قەشقەرلىقلەر سىدىقبەگنىڭ قىپچاق، قىرغىز يىگىتلىرىنىڭ ما-
نجۇلارنى قوغلاپ يۈرگىنىنى تاڭ يورۇغاندا بايقىدى. مانجۇلار-
دىن نارازى كىشىلەر ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. ھۆنەرۋەنلەر بۇ-
لانغان، دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىقلىرى مانجۇلارنىڭ ئېتىنىڭ ئايى-
غىدا چەيلەنگەنىدى. ئاتا — ئانىسى، ئاكا — ئىنىلىرى مانجۇلار-
نىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر، خوتۇن-قىزلىرى، ئېگىچە — سى-
ڭىللىرى مانجۇلار تەرىپىدىن ئاياغ — ئاستى قىلىنغانلار مانجۇ-
لاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن قوزغالدى، دېھقانلار، كاسىپلار

هەرىكەتكە كەلدى. مانجۇ دائىرىلىرىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن
جاھانگىر خوجىنىڭ مۇرىتلىرى خۇن دەۋاسى قىلىپ چىقىشتى.
ھاكىمىيەت ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ھەممە ئادەم نېمە دېسە بو-
لۇۋېرىدىغاندەك ھېس قىلىشاتتى. «دۈشمەن قاچسا باتۇر كۆ-
پىيەر» دېگەندەك، سىدىقبەگ بىلەن جىن لاۋسەن، ما تۆرىلەر-
نىڭ ئىككى - ئۈچ مىڭ ئادىمىگە ئەللىك - ئاتمىش مىڭ
قەشقەرلىق قىساسكار خالايىق قوشۇلدى. كەلكۈندەك دەۋرەپ
كەلگەن دەھشەتلىك خالايىق مانجۇلارنى ۋە مانجۇلار قويغان
ئەمەلدارلارنى يوشۇرۇنغان يېرىدىن تېپىپ چىقىپ، قوي - كا-
لىنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلاشقا باشلىدى. نەزەر بەگ، ئۆمەر
بەگ، توختىبەگ، سايىت بەگ، ئەھمەت ئەلەم ئاخۇنلار مۇشۇ
پاتىپاراقچىلىقتا ئۆلتۈرۈلدى، مال - مۈلكى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىن-
دى. خالايىق كوچىدا قېچىپ يۈرگەنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ
قورشىۋالاتتى. پىچاقمۇ، پالتىمۇ، تاياقمۇ، تاشمۇ، خىشمۇ، قول-
لىرىغا نېمىلا چىقسا، شۇنىڭ بىلەن بۇ زالىملارنىڭ كاللىسىغا
ئۇرۇپ، ئۇلارنى يانجىپ تاشلىشاتتى. قوزغالغان خەلق ئارىسىدا
ھاكىمبەگلەردىن جەبىر - زۇلۇم كۆرگەن ئادەملەرمۇ كۆپ ئىدى.
ئۇلار ھەتتا بۇنىڭدىن بەش - ئون يىل بۇرۇنقى قىساسلىرىنى-
مۇ ئەمدى بۇ زالىملاردىن ئالماقتا ئىدى.

كۈن چىقىۋاتقاندا، قىزىلنىڭ كۆۋرۈكى يېنىدا بىر بۆلۈك
مانجۇ قوشۇنى پەيدا بولدى. ئەمما، سېپىل ئۈستىدىكى قوزغى-
لاڭچىلار توپ - زەمبىرەكلەردىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك
ئوق ياغدۇردى. مانجۇلار قىزىل كۆۋرۈكىدىن بېرىسىگە زادىلا
ئۆتەلمەي، ئايلىنىپ يۈرۈشتى. شەھەرنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى
سىدىقبەگنىڭ يىگىتلىرى تەرىپىدىن ئېتىۋېلىنغانىدى. خەندەك-
لەرنىڭ كۆۋرۈكلىرى تارتىۋېتىلگەن، شەھەرنىڭ ئىچىدە بولسا
ئىنتىقام، قىساس ئېلىش داۋاملاشماقتا ئىدى.

راخمانقۇل قىپچاق، قۇربانشا تاجىك باشچىلىقىدىكى

قىپچاقلار كېچىچە ئۇخلىماي سوكۇلداپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بول-
سىمۇ، غەلىبىنىڭ شادلىقىدىن چارچىغانلىقىنى سەزمەيتتى. پە-
قەت قورساقلىرى ئېچىپ، قەشقەرنىڭ ناۋايلىق ۋە ئاشپەزلىك
رەستىلىرى ھېلىدىن - ھېلىغا ئېسىگە چۈشەتتى. ئەتىگەندە،
كوچا - كوچىلارغا، ھەممە دەرۋازىلارغا قاراۋۇللار قويۇلغاندىن
كېيىن، سىدىقبەگ راخمانقۇل قىپچاققا رۇخسەت بەردى. ئۇ ئې-
تىغا مىنىپ، يەنە قۇربانشا تاجىك قاتارلىق ئىككى دوستىنى
ئېلىپ ناۋايلار رەستىسىگە كەلدى. بۇ يەردىمۇ خالايىق شوپاڭ-
خانا، گۆرۈخانا ئاچقان بەش - ئالتە كۆچمەننى ئۇرۇۋېلىپ
تاش - بوران قىلىشىۋاتقانىدى. بۇ مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ كۆ-
چىگە بېقىنىپ كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ بەزىلىرى يىقىلىپ،
تاش - كېسەكلەر ئاستىدا جان بەرگەنىدى، بىر - ئىككىسى
قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ، ھەدەپ داد سالاتتى، ئېچىنىش-
لىق ئىڭرايتتى. ئاتمىش ياشلاردا بار بىرىنىڭ يالاڭباش بېشى-
دىن قان ئېقىۋاتاتتى، يىرتىلغان كۆڭلىكى ئارىسىدىن كۆكى-
رىپ كەتكەن بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۆزى تىزلىنىپ تۇ-
رۇپ، بۇ ئادەملەردىن شەپقەت تىلەپ ھەدەپ باش ئۇراتتى. بۇ
پاجىئەگە يۈرىكى ئېچىشقان راخمانقۇل قىپچاق خالايىق ئارىسى-
غا ئاتلىق كىرىپ كەلدى - دە:

— خالايىق! سىدىقبەگ پەرمان بەردى! — دەپ ۋارقىرى-
دى، — تەسلىم بولغانلارنى ئەسىر ئېلىش كېرەك! ئۆلتۈرمەڭلار،
خالايىق، بولدى قىلىڭلار! بىزمۇ پۇقرامىز، بۇلارمۇ پۇقرادۇر.
پۇقرالار ئەيىبدار ئەمەس! ھەممە ئەيىب بۇلارنىڭ ئامبال - لو-
يەلىرىدە! خالايىق، توختاڭلار! سىدىقبەگنىڭ پەرمانىنى
ئورۇنداڭلار!

ئادەملەر سىدىقبەگنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئاتلىق يىگىتنىڭ
سۆزىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا، قۇربانشا تاجىك
قاتارلىق ئىككى ئاتلىق يىگىتمۇ خالايىق ئارىسىغا يېرىپ كىر-

دى. ئۇلار ئۈچەيلەن بىر بولۇپ، تاش - بورانىنى توختاتتى.

سىدىقبەگ جىن شىياڭيىڭنىڭ، ماتۈرىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق شەھەردىكى چېكىدىن ئېشىپ كېتىپ بارغان قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىقنى توختاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، جىن شىياڭيىڭ بىلەن ماتۈرىلەرنى ئۆزىگە ۋەزىر، راخمانقۇل قىپچاق بىلەن قۇربانشا تاجىكنى ئەمىرلەشكەر، شەمشىدىن ھاجىنى مۇشاۋۇر، قەشقەر مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى، مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنى شەيخۇلئىسلام قىلىپ تەيىنلەپ، يۇرتدارچىلىق قائىدىلىرىنى تەسىس قىلدى. جۇمە خۇتبىسىنى ئۆزىنىڭ نامىغا ئوقۇتتى. كوچا - كوچىلارغا جارچىلارنى چىقارتقۇزۇپ، «زامان، زامان! ھەزرىتى سىدىقبەگنىڭ زامانى!» دەپ جاكارلاتقۇزدى.

سىدىقبەگ، جىن شىياڭيىڭ ۋە ماتۈرە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قان كېچىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، قەشقەرنى مانجۇلار قولىدىن تارتىۋالدى.

گەرچە، سىدىقبەگ قاتارلىقلار قەشقەردە ھاكىمىيەتنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قوللىرىغا ئالغان بولسىمۇ، ۋەزىيەت يەنىلا داۋالغۇپ تۇردى، زادى تىنچىمىدى. ھەممە يەردە ئىشنى ئاقسىتىش ۋە خىيانەتلەر داۋاملاشماقتا ئىدى.

قەشقەر ھاكىمىيىتى سىدىقبەگنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر ئاھالىلىرى، بولۇپمۇ ئاھالىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق زاتلىرى قاتلىمى سىدىقبەگنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشىغا ئانچە قايىل بولۇپ كەتمىدى.

— راست ئەمەسمۇ، — دېيىشەتتى ئۇلار بىر يەرگە جەم بولسىلا، — يەتمىش پۇشتىدىن تارتىپ جىنازىغا ئوخشاش ئورۇق ئاتقا ياغاچ لىڭگىرچاق توقۇپ، ياغاچ ئۈزەڭگە، شوينا قوشقۇن سېلىپ مىنىپ كەلگەن بۇ قىرلىقلار ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئارغىماق - توپچاق ئاتلارغا يۈز سەر كۈمۈش تەڭگە

توختايدىغان قىممەت باھالىق پەرەڭ ئىگەرلىرىنى توقۇپ، ئال-
تۇن - كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن ئۈزەڭگە - قوشقۇن سېلىپ مى-
نىدىغان بولدى. ياز كۈنلىرى بېشىغا تۈزۈككىنە بۆك، قىش
كۈنلىرى ئىسسىققىنا تەلپەك كىيىمگەن، ئۆمرىدە تېرە چاپاندىن
باشقىغا قۇدرىتى يەتمىگەن، چاپىنى تىزىدىن ئاشمىغان بۇ قارا
قىپچاقلار قىممەت باھالىق تۇماقلارنى كىيىپ، تۈلكە، سۆسەر
تېرىلىرىدىن تىكىلگەن ئېسىل جۇۋىلارغا ئورىنىپ، تاۋار - دۇر-
دۇنلارنى پايىتىما ئورنىدا پۇتىغا يۆگەپ، خۇرجۇن - خۇرجۇن-
لاردا ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ يۈرۈۋاتىدۇ ......

بىر كۈنى، قەشقەر ئۆلىمالىرى جەم بولغان بىر مەجلىس-
تە، يىغىن ئەھلى ئادەتتىكىدەك قىپچاقلارنى مەسخىرە قىلىپ
ئولتۇرۇشقانىدى، ئارىدا سۆزمەن بىرى:

— مىسىر پادىشاھلىقى ھارۇن رەشىدنىڭ قولىغا ئۆتكەن-
دە، — دەپ گەپ باشلىدى، — ئۇ: «مەن بۇ يۇرتنى مىسىر
پادىشاھلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىپ خۇدالىق دەۋاسى قىلغان ئا-
سىي① نىڭ ئارزۇسىغا خىلابەن ھالدا، باشقا بىرىگە بەرمەس-
تىن، ئەڭ تۆۋەن قۇللىرىمدىن بىرىگە بېرىمەن»، دەپتۇ. ئۇنىڭ
خۇسەيىب ئىسىملىك بىر ھەبەش قۇلى بار ئىكەن. ھارۇن
رەشىد مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىنى شۇنىڭغا بېرىپتۇ. بۇ خۇسەيىب
دېگەن قۇلنىڭ ئەقلى - ھوشى ۋە پەم - پاراسىتى شۇنچىلىك
ئىكەنكى، بىر كۈنى مىسىر دېھقانلىرى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كې-
لىپ: «بىز كېۋەز تېرىغانىدۇق، بىمەزگىل يامغۇر يېغىپ نا-
بۇت قىلىۋەتتى»، دەپ شىكايەت قىلغانىكەن، ئۇ: «يۇڭ تېرى-
ساڭلار بولماسمىدى! يامغۇردا نابۇت بولمايتتى...»، دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ.

يىغىن ئەھلى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

---

① بۇ يەردە قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ زېمىندىكى ئوغلى، دېيىشەتتى.

سىدىقبەگمۇ ئۆزى كۆرەش بىلەن قولغا كەلتۈرگەن بۇ
بەختنىڭ ئامانەت ۋە ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، ئەگەر كۈچلۈك
تەدبىر قوللانمايدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ قىرلىرىغا كەتمەكتىن
باشقا ئامالى يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى
ئويلىغاندا، بېشى قېتىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. كۆڭ-
لۈك سالام مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جىن لاۋسەن، ما-
تۆرە، شەمشىدىن هاجى ۋە مەۋلانە مۇللا مۇهەممەتيار خەلپەت-
نى ئۆز هۇزۇرىدا ئېلىپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ غەملىرىنى ئۇلارغا
بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.
كېڭەش ئەهلى ئىچىدە، جىن لاۋسەن كۆپ سورۇن كۆرگەن،
تەجرىبىلىك ئەمەلدار ئىدى. ئۇ مانجۇ دائىرىلىرىغا خىزمەت
قىلىش داۋامىدا يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا خاس نۇرغۇن قائىدە-
يوسۇنلارنى ئۆگەنگەن بولغاچقىمۇ، هاكىمىيەت ئىشلىرىدا خېلى
كۆپ نەرسىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇزۇن يىللاپ قەش-
قەردە تۇرۇپ، قەشقەرلىقلەرنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيەت ساپاسىنى
ۋە خۇي - پەيلىنى خېلى چۈشىنىپ قالغانىدى. ئۇمۇ نۆۋەتتىكى
داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە، ئۆزىنىڭ سىدىقبەگ بىلەن بىر
نىيەت، بىر مەقسەتتە بولمىغاندا، قەشقەر هاكىمىيىتىنى ئۇزاق-
قىچە چىڭ تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ
سىدىقبەگكە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ۋەزى-
يەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئىتراپلىق، تەپسىلىي بايان قىل-
دى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاپلا:
— كىتابلاردا: «ئات ئۈستىدە يۇرت ئېلىش ئاسان، بىراق،
يۇرتنى ئات ئۈستىدە باشقۇرۇش قىيىن». دەيدىغان بىر سۆز
بار،— دېدى ئۇ كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ،— هەزرىتىم!
نۆۋەتتە مۇنداق ئۈچ ئىشنى تەخىرسىزلىك بىلەن ئورۇندىماق
زۆرۈردۇر.
— قايسى ئۈچ ئىشنى دەيدىلا، تۆرەم؟

— تېزلىك بىلەن چېرىك توپلاش كېرەك، هازىرچە پەيزاۋاتتا مېنىڭ ئىلكىمدە مەشىق قىلدۇرۇلغان بەش مىڭدەك تۇڭگان دېھقان چېرىكى بار. ئۆزىمىزنىڭ قىپچاق يىگىتلىرىمىز بىلەن قوشۇلۇپ ئالتە - يەتتە مىڭ چېرىككە ئىگە بولالايمىز. ئاندىن، كۇچادىكى راشىدىن غازى خوجام بىلەن يېقىندىن ئالاقە باغلىماق لازىم. بىز ئىسلام ئاچقان ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ بىرلىكىدىلا ئاندىن مانجۇلار ئۈستىدىن ئاخىرقى هېسابتا غالىب كېلەلەيمىز. بۇ بىرىنچىسى؛ ئىككىنچى، تېزلىك بىلەن يۇرت - ئايماقلارغا مەئمۇرلارنى تەيىنلەش كېرەك. ئۇلار مۇقەددەس غازىتىمىز ئۈچۈن ئاهالىدىن ئاشلىق، مال - مۈلۈك، پۇل - پۈچەك سېلىق ئالسۇن. ئاندىن، دارامەتنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، سودىگەرلەردىن باج ئېلىش لازىم. دېھقانلاردىن سۇ پۇلى ئالايلى...

سىدىقبەگ ئۆزى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بولغان بۇ گەپلەرگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى.

— بىراق... — جىن شياڭيىڭ سۆزىنى توختىتىپ تۇرۇپ قالدى.

— قۇلىقىم سىزدە، تۆرەم! — دېدى سىدىقبەگ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىغا قىزىقىپ.

— سىز بىلەن بىز نەسەبىي تۆرە - خوجىلاردىن ئەمەسمىز. «نام - ئەمەلىڭ دۇرۇس بولسا، كېپىڭ يوللۇق بولىدۇ» دېگەن سۆز بار. قەشقەر — ئۇيغۇر يۇرتى. بۇ خەق قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك ئۇلۇستۇر. ئۇلار يۇرت سوراش ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ تارىخىدا نۇرغۇن مەشھۇر خاقانلار چىققان. شۇڭا، ئۇلار يۇرتنى قانداق سوراشنى سىز ۋە بىزدىن ئوبدان بىلىدۇ. بۇلارنى ئەڭ ياخشىسى شۇلارنىڭ ئۆزىدىن چىققان خوجىلار ئارقىلىق ئىدارە قىلغاندا، ئىشىمىز كۆپ ئاسان بولارمىكىن!...

— ھەببەللى، ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىق-

تى. مەنمۇ قەشقەرلىقنى خوجىلارسىز باشقۇرماق قىيىن ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالغان.— دېدى سىدىقبەگ چىن شياڭيىڭنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

سىدىقبەگنىڭ ھۇزۇرىدىكى كېڭەشتە قوبۇل قىلىنغان قارار بويىچە، جاھانگىر خوجىنىڭ قوقاندا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى بۇزرۇك خان تۆرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىدىغان بولۇشتى. بۇ قارار كېيىنكى چاغلاردا قەشقەر دىيارىدا، ھەتتا پۈتۈن يەتتە شەھەر ھۇدۇتلۇقىدا نۇرغۇن پاجىئەلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

نەزمە:

ياخشىدۇر ياماق تىكمەك، سەۋر بۇلۇڭىدا ئۆتمەك،
چاپان تىكىپ بايلارغا ئەرزنامە يازغاندىن.
دوزاخ ئوتىنىڭ شەكسىز پەرقى يوقتۇر ھېچقانداق،
قوشنىدىن مەدەت ئېلىپ جەننەتسېرى بارغاندىن.

— شەيخ سەئدى

# تۆتىنچى باب

# بۆرىنى قوتانغا باشلاش

«ئۆيۈڭگە ئوت كەتسە، ئۆزۈڭ-
نىڭ چىرىغىدىن كۆر.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مىلادى 1864 - يىلى، قىش پەسلى،

قىشنىڭ چىللىسى ئەۋجىگە چىققان، ئىزغىرىن شامال سويلاپ تۇرغان چاغلار ئىدى. سىدىقبەگ تۇڭگانىيلاردىن ھاتۆرە، جىن لاۋسەن قاتارلىق چوڭلار بىلەن سوۋغا - سالام، تارتۇق - پىشكەشلەرنى ئېلىپ قەشقەردىن يولغا چىقىپ، يىگىرمە ئۈچ كۈن دېگەندە، قوقانغا يېتىپ كېلىشتى. قوقاننىڭ كوچىلىرى غوڭگىرە بولۇپ قالغان، بېسىلمىغان قار ئاتلارنىڭ تىزىغىچە چىقاتتى. تەسكەيلەردە ئىزغىرىن شامال ئادەملەرنىڭ يۈزىنى يالاپ ئۆتسىمۇ، ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان كۈنگەي پاكار تاملار ۋە ئۆگزىلەرنىڭ گىرۋەكلىرى ئېرىگەن قاردىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ كۈنى ئەتىگەندە، سىدىقبەگلەر ئوردىنىڭ ئالدىدىكى

رېگىستان مەيدانىغا ئەتكەندە، پۇت - قوللىرى كىشەنلەنگەن، تونلىرى يىرتىق مەھبۇسلار سوغۇقتا غالىلداپ تىترىشىپ، شەھەر قازىسىنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلاپ تۇرۇشاتتى. خۇدايارخاننىڭ ئىشەنچلىك ئايغاقچىلىرىنىڭ ئېنىقلاشلىرىغا قارىغاندا، بۇ مەھبۇسلار قىپچاق يېغىلىقىدا خۇدايارخانغا خىيانەت قىلغانلار بولۇپ، قامال پەيتىدە، مەللەخانغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، «كېچىسى كېلىڭلار، دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىمىز» دەپ، خۇدايارخاننىڭ تەختىنى غۇلىشىغا سەۋەبچى بولغانلار ئىدى.

— بىز ئەمەس! دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگەنلەر قېچىپ كېتىشتى! — يىغلامسىراپ ۋارقىرىدى مەھبۇسلارنىڭ بىرى.

ئەمما ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم پىسەنت قىلمىدى. جاللات خۇدايارخاننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى قايرىپ ئارقىسىغا باغلىدى - دە، تونلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىن بىر پارچە كېسىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى تاڭغاندىن كېيىن، بورا ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى ۋە «قالۇ ئىننالىللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئۇن» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ھېلىقىلارنىڭ بوغۇزلىرىغا خەنجەر سۇردى. قەتل قىلىنغانلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى رېگىستاننىڭ تاشلىرىغا چاچراپ، سوغۇقتا ھور چىقىراتتى...

بۇ كۈنلەردە مەللەخان تەختتىن چۈشۈپ، خۇدايارخانغا قوقاننىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئۈچىنچى قېتىم ئولتۇرۇش

نېسىپ بولغانىدى. ئەمما، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنىڭ تىزگىنى موللا ئالىمقۇلنىڭ قولىدا ئىدى.

ھەر چىشىدەك ئۆگەكلىك ئوردا سېپىلى پۈتۈنلەي سېرىق پىششىق خىشتىن پۇختا، مۇستەھكەم ياسالغانىدى. بۇ سېپىل سەككىز غۇلاچ ئېگىزلىكتە بولۇپ، خۇدايارخاننىڭ خان ئوردىسىنى ئوراپ تۇراتتى. ئۈستىگە تۆمۈر تاسما قېقىلغان قۇۋۇق دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئېگىز پەشتاختا ئىككىدىن تۆت ساقچى مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ تىك تۇرۇشقانىدى. سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپى تۆتيۈز قەدەمدىن بولۇپ، ھەربىر دوقمۇشتا بىردىن قاراۋۇلخانا بار ئىدى. بۇ قاراۋۇلخانىلاردا كېچە - كۈندۈز ساقچى تۇراتتى.

ئوردا دەرۋازىسىدىن ئوردا ئىچىگە كىرگەندە، ئوردىنىڭ ئىچىمۇ يەنە ئېگىز خىش تاملار بىلەن بۆلۈپ تاشلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپلىرىدە ئوردا ساقچىلىرى تۇرىدىغان گازارما ۋە مەشىق قىلىدىغان كەڭ مەيدان بار ئىدى. مەيداننى بىر يول ئوتتۇرىدىن تەكمۇتەك ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىغانىدى. بۇ يول شاھنىشىن ① گە كىرىدىغان چوڭ ئىشىككە تۇتىشاتتى. شاھنىشىننىڭ كەينىدە خۇدايار-

① شاھنىشىن — خان ئوردىسى، خاننىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ئىشخانىسى.

خاننىڭ خابگاھى — ئوردا ئايىملىرى تۇرىدىغان ھەرەم بار ئىدى. شاھنىشىن بىلەن ھەرەمنى ئېگىز خىش تام ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنىدى. ھەرەمگە پەقەت باياتىنقى ئىشىكتىن سەل كىچىكرەك يەنە بىر ئىشىك ئارقىلىقلا كىرىش مۇمكىن ئىدى. بىراق، ھەرەمنىڭ ئىشىكى ئادەتتە تاقاقلىق بولاتتى.

خۇدايارخاننىڭ شاھنىشىنى بولغان قوقان ئوردىسىدا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن خانلار سەلتەنەت سۈرگەن. كالىنىڭ تۈكىدەك سان - ساناقسىز يارلىق، پەرمانلار مۇشۇ ئوردىدىن پۈتۈن پەرغانە ئېلىگە جاكارلانغانىدى. ئوردا گەرچە ئەينى يىللاردىكىدەك ئۇنداق ھەشەمەتلىك، ئۇنداق سەلتەنەتلىك بولمىسىمۇ ۋە خېلىلا كىرلىشىپ كونىرىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭدىن ماۋرائۇننەھر مىمارچىلىقىنىڭ ۋايىغا يەتكەن بىناكارلىق ئۆرنەك - ئۇسلۇبىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى. شاھنىشىننىڭ تاملىرىغا چېكىلگەن ھەر خىل گۈل نەقىشلىرى تۇخۇمنىڭ ئېقى ئارىلاشتۇرۇلغان گەج بىلەن ئىشلەنگەچكە، ھېلىھەم تاشتەك مۇستەھكەم، قاشتېشىدەك پارقىراق، جۇلالىق ئىدى.

قاتمۇقات ساقچىدىن ئۆتكەندە ئاندىن شاھنىشىنغا — قوبۇلخانىغا كىرگىلى بولاتتى. قوبۇلخانا دالان بىلەن زالدىن تەركىب تاپقانىدى. دالاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز تۈۋرۈكلەر

بار ئىدى. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا ئېسىل يىپەكتىن دەرپەردىلەر ئېسىلغانىدى. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدە نەم سۇپىلار بار ئىدى. ئادەتتە قوبۇل ۋاقتىدا خاننىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمىرۇل - ئۇمرالار، بەگ - بىگاتلار ۋە ئەكابىر - ئەشرەپلەر مۇشۇ سۇپىلاردا ئورۇن ئېلىپ ئولتۇراتتى.

شىغاۋۇل سىددىقبەگ قىپچاق باشلىق قەشقەرلىقلەرنى قوبۇلخانا ئىچىگە باشلاپ كىرگەنىدە، خان تېخى خابگاھىدىن چىقمىغانىدى. رەئىيەتنىڭ ھەممىسى «جانابىي ئالىيلىرى» نى كۈتۈپ تاقىتى - تاق بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى.

بىردىنلا، ئۇدۇلدىكى شاھ سۇپا ئۈستىگە قۇرۇقلۇق مەرمەر تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرپەردە قىمىرلاپ كەتتى. دەرپەردىنىڭ كەينىدىكى ئالتۇن تاسمىلار قېقىلغان ياسىداق ئىشىكتىن سالام ئاغىسىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ رەئىيەتكە ئورنىدىن تۇرۇش ئىشارىتىنى بېرىپ، قولىدىكى ئالتۇن ھاسىسىنى يەرگە ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ قويدى. ھەممەيلەن دۇررىدە قوپۇشۇپ، ئىشىككە قاراپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتى.

دالاندىكى نەم سۇپىلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان ئوردا ئوركىستىرى شوخ «سەربازچە» مۇزىكىسىنى ئورۇنداشقا باشلىدى. «سەربازچە» مۇزىكىسىنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن، ئىشىكتىن خۇدايارخان كىرىپ كەلدى. ئۇ سەل قورساق سالغان، بۇغداي-

مۆكچلۆك بىر ئادەم ئىدى. رەئىيەت باشلىرىنى سىلىشىپ جىم تۇرۇشتى.

خۇدايارخاننىڭ ئارقىسىدىنلا مەھرەملەرنىڭ قورشاۋىدا ۋەلىئەھد كىرىپ كەلدى. خۇدايارخان يولۋاس تېرىسى قاپلانغان مەرمەر تەخت ئۈستىگە جايلاشقاندىن كېيىن، ۋەلىئەھدمۇ خۇدايارخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ياسىداق كۇرسىتا ئولتۇردى. بۇ چاغدا «سەربازچە» مۇزىكىسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ۋەلىئەھدنىڭ مەھرەملىرى شوخ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە تەختنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يېرىم ھالقا شەكلىدە قاتار تىزىلىشىپ ئۆرە تۇرۇشتى. خۇدايارخاننىڭ سول تەرىپىگە مىڭبېشى ئولتۇرىدىغان ئالتۇن ھەلىنىڭ بىر كۇرسى قويۇقلۇق ئىدى.

خان تېخىچە باشلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشقان رەئىيەتكە تىكىلىنىش ئىشارىتىنى قىلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن بېشىنى كۆتۈرۈشۈپ، قول باغلىغىنىچە ئۆرە تۇرۇشتى. «سەربازچە» مۇزىكىسى توختىدى. مەرمەر تەخت ئالدىدىكى شاھ سۇپىنىڭ پەلەمپىيىدە ئۆرە تۇرغان ھۆدەيچى دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋىدى، قالغان رەئىيەتمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى:

— دۈشمەنلەر خاراب، مۇناپىقلار بىتاپ بولسۇن... ئانھەزرىتىمنىڭ دۆلەتلىرىگە خۇدا تەۋپىقۇ - ئادالەت بەرسۇن!

دۇئادىن كېيىن، ھەممە يۈز سىيپىدى. خان ھۆدەيچىگە بىر نېمىلەرنى شىۋىرلاپ شەرەت قىلدى.

— مىڭبېشى، قوشبېگى، داموللا شىغاۋۇل، جانابىي

شەيخۇلئىسلام، ئاتالىق ۋە ئەمسالىھەزرەتكە جانابىي ئالىيلىرى ئۆز ھۇزۇرلىرىدىن جايى مېھرىبانلىق ئاتا قىلدى! ①

— قەشقەرلىق سىدىقبەگ جانابلىرى ۋە ماتۆرە، جىن لاۋسەن تۇڭگانىي جانابلىرىغا قىبلىگاھ جانابلىرى ئۆز ھۇزۇرلىرىدىن جايى مېھرىبانلىق ئاتا قىلدى!

ھۆدەيچى سانىغان ئادەملەر بىردىن - بىردىن شاھسۇپىغا چىقىپ خانغا سالام ۋە تەزىم قىلغاندىن كېيىن، قاتار تۇرۇشقا باشلىدى. شاھسۇپىغا بۇ كىشىلەر چىقىپ بولغاندىن كېيىن، خان ھۆدەيچىگە يەنە بىر نېمە دەپ شىۋىرلىدى:

— پاراغەت ئاتا قىلدىلەر!

سىپاھلاردىن باشقا ئۆرە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى گۇررىدە قىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ھۆدەيچى خانغا ئەرز قىلدى:

— ئانھەزرىتىمنىڭ دۆلەتلىرىگە خۇدا تەۋپىقۇ - ئادالەت بەرسۇن ... قەشقەرلىق سىدىقبەگ جانابلىرى ۋەلىنىمەتىمگە ئىككى ئېغىز ئەرزىم بار، دەيدۇ.

خان «كەلسۇن!» دېگەن شەرەتنى قىلدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى سىدىقبەگكە تىككىلدى.

چوڭ ئاق سەللە ۋە مەللە سەقەرلات پەشمەت كىيگەن سىدىقبەگ قىپچاق خۇدايارنىڭ ئالدىغىچە تەزىم قىلىپ بار-دى - دە، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھىنشاھ ھەزرەتلىرى، قىبلىگاھىنىڭ دۆلەتلىرىگە خۇدا تەۋپىقۇ - ئادالەت بەرگەي! — دېدى، — ئەزىزانە قەشقەرنىڭ دەرۋازىلىرى سىز ئۇلۇغ زات ئۈچۈن ئوچۇقتۇر!

---

① جايى مېھرىبانلىق ئاتا قىلدى — ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى دېگەن مەنىدە.

خۇدايارخان ئالدىغا سەل ئېگىشىپ قويدى-دە:
— قەشقەر دەرۋازىلىرىنى بىز ئۇچۇن ئېچىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— قىبلىگاھ! ھەر ئىش خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ.

بۇ چاغدا، خۇدايارنىڭ سول تەرىپىدىكى ئالتۇن ھەللىك كۆرسىتا ئۈرە تېپە چەكمىنىڭ ئۇستىدىن كەمەر باغلاپ، سادە دىغىنا قىلىچ ئېسىۋالغان، بېشىغا ئاق بەردە پاپاخ كىيگەن، پاناق بۇرۇنلۇق، كەكە ساقال، قىيسىق كۆز، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئۆزىنى توختاتقان بىر كىشى — بۇ موللا ئالىمقۇل ئىدى — قورئاندىن قىسقا بىر ئايەتنى ئوقۇپ، خۇدايارغا ئەڭ ئالىي تى-لەكلەرنى بىلدۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئىمامىي زامان، خەلپەئىي رەھمانىنىڭ مەقسىتى پەقەت يۇرت ئېلىشلا ئەمەس، دىن ۋە مىللەت دۈشمەنلىرىنى پاش قى-لىپ، سىز ۋە بىزنى مۇھەممەت مۇستاپا سەللەللاھۇ ۋەسسەلەم-نىڭ يۇرگۈزگەن مۇقەددەس يولىغا يېتەكلەشتۇر. ئانھەزرەت شاھىنشاھىمىز ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنساپ ۋە ئىماننى ئويلايدۇ.

— بەرھەق!— دەپ موللا ئالىمقۇلنىڭ سۆزىنى دەرھال ماقۇللىدى سىدىقبەگ،— ئەدلى - ئىنساپ بىلەن ئېيتقاندا، ئالتە شەھەردە ئىسلام تەرىقىتىنىڭ جارى بولۇشىغا، بىزلەرنىڭ كاتتا بەخت - دۆلەتكە مۇيەسسەر بولالىشىمىزغا كۇچالىق خو-جاملار سەۋەبچى بولغانىدى، ئۇلار ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسلام ئې-چىپ، ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسا، بىزنىڭ ھەددىمىز ئەمەس ئىدى. ئەمما ئالتە شەھەردە باشباشتاق ئادەم-لەر يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەليان كۆتۈرۈپ، تىنچ پۇقرالارنى ئۆلتۈردى. ئۇلار يامان ئادەملەر بىلەن شېرىك بولۇشۇپ، قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىۋاتىدۇ. قەشقەرلىقلەرنى خوجىلارسىز باشقۇرغىلى بولمايدىكەن. شۇ ۋەجىدىن، بىز كەمىنە بىچارىلەر-

لىك بىر ئەرزى ئانەزرىتىمگە مەلۇم بولغايكى، ئۆزلىرىنىڭ
كۆن نۇرى بولغان بىباھا بۇزرۇك خان تۆرەمنى ئىنايەتلىك قىلىپ
بىز تابان ئەۋەتكەن بولسىلا. ئۇل ھەزرەتنىڭ مۇبارەك قەدەم-
لىرىنىڭ قەشقەرگە يېتىشى بىلەن خىرە كۆزلىرىمىز روشەن ۋە
بۇ ۋەيران مەملىكىتىمىز گۈلشەن بولاتتى. بىز كەمىنە پەقىرلەر
شاھىنشاھ ئالىيلىرىدىن بۇ ئىشنى كۆپتىن-كۆپ ئۈمىد قىلىپ،
مۇبارەك ھۇزۇرلىرىغا كېلىپتىمىز.

سدىقبەگ قىپچاق مەقسەت - مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ
بولغاندىن كېيىن، دەرۋىش ھۆدەيچىگە قارىدى. ھۆدەيچى قىزىل
مەشۈت يىپ بىلەن چىگىلگەن يۆگەكلىك خەتنى بېشىدىن ئې-
گىز كۆتۈرۈپ موللا ئالىمقۇلغا سۇندى. موللا ئالىمقۇل ھۆدەي-
چىنىڭ قولىدىكى ھېلىقى خەتنى ئېلىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈر-
تۈۋەتكەندىن كېيىن:

— قەشقەرلىق سدىقبەگ جانابلىرىنىڭ ئانەزرەت ئالىي-
لىرىغا تارتۇق - پېشكەشلىرى بار ئىكەن، — دېدى قولىدىكى
خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

خۇدايارخان قېنى ئوقۇك، دەپ ئىشارەت قىلىۋېدى، موللا ئا-
لىمقۇل تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇدى:

«شاھىنشاھ ئالىيلىرىغا ئېگەر - جابدۇقلۇق توققۇزدىن
توققۇز يۇلتۇز ئارغىمىقى، توققۇزدىن توققۇز بوغچا تون - سە-
رپاي، توققۇزدىن توققۇز ئىسپىھانى قىلىچ، توققۇزدىن توققۇز
پەرەڭ مىلتىق، توققۇزدىن توققۇز يامبۇ، توققۇزدىن توققۇز
ھارۋا نان، توققۇزدىن توققۇز تاغار گۈرۈچ، توققۇزدىن توق-
قۇز قوي ۋە ھاكازالار....»

موللا ئالىمقۇل خەتنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، قەغەزنى پېشانى-
سىگە كۆتۈردى ۋە ئىككى قوللاپ خۇدايارخانغا ئۇزاتتى.

خۇدايار خان تارتۇق - پېشكەشلەرنىڭ تىزىملىكىنى قولىغا
ئېلىپ، ھۆدەيچىگە ئىشارەت قىلىۋېدى، ھۆدەيچى تېز كېلىپ خان-

نىڭ قولىدىكى ھىلىقى قەغەزنى ئېلىپ سۆيىدى ۋە يانغا ئۆ-
تۈپ تۇردى.

خۇدايارخان ھۆدەيچىگە:

— بۇزرۇك خان تۆرە ھۇزۇرى مۇبارەككە تەكلىپ قى-
لىنسۇن! — دېدى.

— قۇللۇق، بۇزرۇك خان تۆرە ھۇزۇرى مۇبارەككە ھازىر
بولسۇن، — دېدى ھۆدەيچى ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلىپ
ۋە كەينىچە مېڭىپ زالغا چىقتى.

بۇزرۇك خان تۆرە جاھانگىر خوجامىنىڭ ئوغلى بولۇپ،
جاھانگىر خوجا قەشقەرگە بېسىپ كىرگەندە، قوقاندا ئانىسى-
نىڭ قورسىقىدا قالغانىدى. جاھانگىر خوجا گۇلباغنى ئالغان
كۈنى ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. جاھانگىر خوجا:
«قەشقەرنى ‹بۇزرۇك①› دەيدۇ. ئوغلۇمنىڭ ئىسمىمۇ ‹بۇزرۇك
خان› بولغاي» دەپ ئات قويۇپ بەرگەنىدى. كېيىن جاھانگىر
خوجا خاقانىي چىننىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ،
بېيجىڭگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. بۇزرۇك خان
قوقاندا چوڭ بولدى. سىدىقبەگ قوزغىلاڭى جاھانگىر خوجا
يېغىلىقىدىن 30 نەچچە يىل كېيىنكى ئىش ئىدى.

ھۆدەيچى «ھۇزۇرى مۇبارەك» كە كىرىپ، خانغا تەزىم
قىلدى.

— قىچقاردىڭمۇ؟ — دېدى خان،

— قىچقاردىم، ئالىيلىرى!

— ئىزىن بېرىمىز!

ھۆدەيچى تەزىم قىلغان پېتى كەينىچە شۇخشۇپ مېڭىپ،
بىرىنچى بۆلۈمنىڭ دالىنىغا چىقتى ۋە دالاندا كۈتۈپ تۇرغان
بۇزرۇك خان تۆرىنى «ھۇزۇرى مۇبارەك» تەرەپكە يولغا سالدى.

① بوزرۇك — ئۇلۇغ، كاتتا مەنىسىدە.

بۇزرۇك خان تۆرە «ھۇزۇرى مۇبارەك» نىڭ بوسۇغىسىدا توختاپ، خانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە خاننىڭ يېنىدىكى لەرگىمۇ يېرىم تەزىم ئىشارىسىنى بەردى.

— ئىشلىرىڭىز ياخشىمۇ، خوجازادەم؟— دەپ سورىدى خان.

— دۇئالىرىڭىزنىڭ بەرىكىتىدە، قىبلىگاھ!— دەپ جاۋاب بەردى تۆرە.

خان موللا ئالىمقۇلغا قارىدى - دە:

— بۇ يىگىت قەشقەرلىق خوجىزادىلەر ئارىسىدا ئوبدان كۆرۈندۇ!— دېدى.

موللا ئالىمقۇل ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى:

— پەيزى شاھىنشاھى!

— خوجىزادەم، مەن سىزنى قەشقەر ھۇدۇتلۇقىغا ئەمىر قىلماقچى بولدۇم،— دېدى خان ۋە تىزىنىڭ ئاستىدىن بىر قەغەزنى ئېلىپ موللا ئالىمقۇلغا ئۇزاتتى،— ئوقۇڭ، داموللا!

موللا ئالىمقۇل ئورنىدىن تۇرۇپ قەغەزنى ئېلىپ سۆيدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جايى مېھرىباندىكى ئەئيانلارمۇ تەڭ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

موللا ئالىمقۇل ئۆرە تۇرۇپ يارلىقنى ئوقۇدى:

«بەئىسمى سۇبھانەھۇ ئەمرۇللاھى پەرزەتۇن ۋە ئەمرۇننا ۋاجىب. بىز كىم پەرغانە مەملىكىتىنىڭ خاقانى سۇلتان ئىبىن سۇلتان ئەئنى سەئىد خۇدايارخان سۆزىمىز: جۇلۇسى سالىمىزنىڭ ئۈچىنچى سەناسى مۇتابىقى 1283 - ھىجرىيە ماھى جەددەنىڭ يىگىرمە بەشىنچىسى ئۇشبۇ يارلىقىمىز بەردۇق. قەشقەرلىق خوجىزادە بۇزرۇك كىم، مەزكۇر خوجىزادە بۇزرۇك ئىبىن جاھانگىر خان تۆرەمنى شەرئىي شىرىپ ئوزرە ئۇستىۋار تۇرۇپ، ئەمرىمىزگە ئىنقىيات ئېيتىپ، قەشقەر مەملىكىتىنىڭ ئەمىرلىك ئومرى ۋە زايىپلىرىمىزنى كەمايەنبەغى ئادا قىلغاي

دەپ، ئەدايى خەدەمە ئەسناسى بىز ئۆمرى ۋەزىپە موتلەقەلىنان دارسەلتەنەسىنىڭ ھەقىقىي شەرئىيسىگە خىيانەت قىلىشتىن ئىجتىناپ، ئادالىتىمىز ئەينىكىنى دانائەت غۇبارىتى بىلەن خالالدار ئەيلەشتىن پەرھىز، ئەرزى دار پۇقرايۇ - پەقىر سۇرئىتى ئىستىمائىدە ئىھمال ۋە سۇسلۇق كۆرسەتمەي، ئىنتىشار ئادالىتىمىز كۆشىشىدە سۇبھى - شام مەشغۇل ۋە مەبزۇل دىققەت ۋە ئېتىبارتام قىلغاي دەپ ۋە يەنە مەزكۇر ئىسمىگە يارلىق مەكتۇپ بولمىش مۆھرى شاھانىمىز بىلەن ئۇشبۇ يارلىقنى تەكىت ۋە تەقرىز قىلدۇق.»

موللا ئالىمقۇل يارلىقنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئىككى قوللاپ خۇدايارخانغا ئۇزاتتى.

خۇدايارخان يارلىقنى ئېلىپ ئۇدۇلىدا باش ئېگىپ تۇرغان بۇزرۇك خان تۆرىنى شەرەت قىلدى. بۇزرۇك خان تۆرە يۈگۈرۈپ كېلىپ، يارلىقنى قولىغا ئالدى - دە، سۆيۈپ ۋە ئۇنى سەللىسىگە سانچىپ، كەينىچە مېڭىپ ئاۋۋالقى ئورنىغا بېرىپ توختىدى.

دۇئادىن كېيىن، ھۆدەيچى بۇزرۇك خان تۆرە بىلەن سىدىقبەگكە كىمخاب تون كىيگۈزدى. بۇزرۇك خان تۆرە كىمخاب تونىنى كىيىۋالغاندىن كېيىن، «ساخاۋەتتە ھاتەمىي تەيدىن، ئادالەتتە نوشىرۋانىي ئادىلدىن ئارتۇق بولغان» خۇدايارخاننىڭ ھەققىگە يەنە بىرگە دۇئالار ۋە ھەمدۇ سانالار ئوقۇدى. گويا «ئەمرۇلمۆئمىنىن» نى كۆمدى ۋە ئۆزىمۇ قايىنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇراسىم ئاياغلىشىپ، بۇزرۇكخان تۆرە، سىدىقبەگ قىپچاقلار ئاستا - ئاستا كەينىچە مېڭىپ، بىرىنچى بۆلۈمگە ۋە ئۇ يەردىكى رەئىيەتنىڭ تەبرىكلىرىگە كۆمۈلۈپ دالانغا چىقىشتى.

خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇزرۇك خان تۆرە خۇدايارخاننىڭ يارلىقنى ئېلىپ جابدۇندى - دە، سىدىقبەگ قىپچاق،

ماتۆرە ۋە جىن لاۋسەن تۇڭگانىيلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. موللا ئالىمقۇل خۇدايارخاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن، بۇزرۇك خان تۆرەمگە ھەمراھ قىلىپ ھەمدەم باتۇر بېشى، ئابدۇللا يۈزبېشى، غازى پەنساد، ھېيىت مۇھەممەت يۈزبېشى، تۇراپ خوجا ياساۋۇلبېشى قاتارلىق ئاتمىشتەك ئادەمنىمۇ قوشۇپ قويدى.

بۇزرۇك خان تۆرەملەرنى يولغا سېلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ياساۋۇل بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن موللا ئالىمقۇلنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، بۇخارا ئەمىرىدىن يارلىق كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇ يارلىقتا: «پىسكەنتلىك ياقۇببەگ دېگەن بىرى مەللەخانغا باش ئەگمەي بۇخاراغا قېچىپ كەلگەنىكەن. ئۇنى بىرقانچە ۋاقىت ھەپىسدە تۇتتۇم ۋە يەنە مۇساپىر ئىكەن دەپ، ئۇنىڭغا مەرھەمەت ـ شەپقەت قىلىپ، ئۆز يېنىمغا يېقىن جايدىن ئورۇن بەردىم. لېكىن ئۇ ماڭىمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. سىلەر تەرەپكە يېتىپ بارغان ھامان، ئۇنى دەم قىلىچىنىڭ تىغىدىن ئۆتكۈزگەيلا! مۇبادا يارلىقنى كېچىكتۈرسىلە ياكى ئىجرا قىلمىسىلا، بۇخارا ئەمىرنى ئۆزىنىڭ نۇسرەتلىك ئەسكەرلىرى بىلەن پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ئۈستىدە كۆرگەيلا. ئەگەر، پۇقرايۇ پەقىر، ئاجىز ـ مىسكىنلەر ئاتلارنىڭ ئايىقىدا قېلىپ يانجىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇۋالى سىلىگە بولىدۇ. ۋەسسالام، سۆز تامام!» دەپ يېزىلغانىدى.

موللا ئالىمقۇل بۇخارا ئەمرىنىڭ يارلىقىنى دەرھال خۇدايارخانغا كۆرسىتىۋېدى، ئۇ:

— مىڭبېشى جانابلىرىنىڭ بۇ ھەقتە بىزگە بېرىدىغان مەسلىھەتى قانداقكىن؟ — دېدى.

موللا ئالىمقۇل بۇ ھەقتە بۇرۇنلا ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى:

— ئالىھەزرىتىم، قەشقەرلىقلەردە: «يىلاننى خەقنىڭ قولى

بىلەن تۇت» دېگەن بىر گەپ بار. مېنىڭچە، ياقۇببەگنى بۇزرۇك خانغا قوشبېگى قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتسەك، ئىش پۇتىدۇ.

خۇدايارخان ئالىمقۇلنىڭ بۇ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇدى ـ دە، شۇنداق قىلىشقا يارلىق بەردى.

بۇخارا ئەمىرىنىڭ يارلىقىدا تىلغا ئېلىنغان ياقۇپبەگ ئەسلىدە پىسكەنتنىڭ قازىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، داۋۇل باھادىر دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى گادايباي مەمەدەلى خان تەرىپىدىن پىشخى دېگەن يۇرتقا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەندە، ياقۇببەگ شۇ ئادەمگە مۇلازىم بولغانىدى. كېيىن ئەمىر نەسرۇللا بىلەن گادايباي ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ماجىرادا گادايباي يېڭىلىپ قولغا ئېلىنغاندا، ياقۇببەگ تاشكەنتتىكى بەگ پاچچىسى، تاشكەنت ھاكىمى نارمۇھەممەت قوشبېگىنى پاناھ تارتىپ، ئۇ يەرگە قېچىپ كەلگەنىدى.

نارمۇھەممەت قوشبېگىنىڭ ياردىمى بىلەن ياقۇببەگ ئاۋۋال ئەۋلىيا ئاتا (ئالمۇتا) غا، ئاندىن كېيىن، ئاقمېچىتكە ھاكىم بولدى. بۇ چاغدا، ئۇ يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت ياشلاردا ئىدى. ياقۇببەگ سىر دەرياسىنىڭ بېلىقىنى سۈيى بىلەن قوشۇپ رۇسلارغا قىردىق مىڭ قىزىل تىللاغا سېتىپ قويۇپ، ئاقمېچىتنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. مەللە خان تەختكە چىقىپ، قىپچاقلار ئىككىنچى نۆۋەت باش كۆتۈرگەندە، ياقۇببەگ مەللەخانغا: «مەن كەمىنە ئاجىز قۇللىرى خان ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈپ، بوسۇغىلىرىنى تاۋاپ قىلسام، توپىسىنى سۈرمە ئورنىدا كۆزۈمگە سۈرتۈپ، خىزمەتكارلىقىنى قىلىپ يانسام، بۇ ئارزۇيۇمنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا مۇشەررەپ بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ خەت ئەۋەتكەنىدى. مەللەخان ياقۇببەگنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، «كەلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. ياقۇببەگ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن

كېيىن، ئاقسىپچىتكە ھاكىم بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە قازاق، قىرغىز ئۇلۇسلىرىدىن يىغىۋالغان ھېسابسىز مال - مۈلۈكلىرى-دىن تارتۇق - پېشكەشلەر تەييارلاپ، توققۇزدىن توققۇز قىرغىز، قازاق قىزلىرىنى رەڭمۇ رەڭ ئېسىل كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتلەر بىلەن، توققۇزدىن توققۇز ياش ساقال، بەرنا ئوغۇللارنى خىلمۇ خىل ئالىي ئۇستىباش، ئۆتكۈر قىلىچ ۋە خەنجەرلەر بىلەن، توققۇزدىن توققۇز قازاق ئېتىنى قالماق ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەن ياساپ - جابدۇپ، ياخشى سائەت، ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىنى تاللاپ، قوقان شەھىرىگە بېرىپ، ھۇزۇرى مۇبارەكتە مەللەخان بىلەن كۆرۈشتى. ياقۇببەگنىڭ بۇنداق تارتۇق - پېشكەشلىرىدىن زىيادە مەمنۇن بولغان خان پادىشاھلارغا خاس سېخىيلىق بىلەن ئىنئام - ئېھسانلارنى ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ھەممە سەر-كەردە، قوماندان ۋە ئەمەلدارلىرىدىن يۇقىرى قىلىپ، يۇرتىغا قايتۇردى. شۇ چاغقىچە دەشتى قىپچاق خانى تەرىپىدىن باشقا ئەمەلدارلارغا بۇ تەرىقىدە تارتۇق - پېشكەشلەر كەلمىگەنىدى.

ياقۇببەگ ئاقسىپچىتنىڭ ھاكىملىقىغا يېڭىباشتىن تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھاكىم، ۋەزىر، قوماندان ۋە ئەمەلدار-لارنىڭ قىزغىنىش - كۆرەلمەسلىكى ۋە ئاداۋەتلىرى بىراقلا قوزغالدى. ئۇلار ياقۇببەگكە زەربە بېرىپ ئاجىزلىتىش، بەلكى، ئۇنى يىقىتىشقا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ياقۇببەگنىڭ مۇشۇنداق زور تارتۇق - پېشكەشلەرنى خانغا سۇڭغۇتۇشتىكى غەرىزى تاشكەنتنىڭ ھاكىملىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇ، ھاكىملىق قولغا كەلگەندىن كېيىن، غايىبتىن غەلىبە ئاتا قىلغۇچى ئۇلۇغ تەڭرى پادىشاھلىق تەختىنى قولۇمغا كىرگۈ-زۈشكە مۇيەسسەر قىلسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئارزۇ ئۇنىڭ دىلىغا تاشقا ئويۇلغاندەك چوڭقۇر ئورناپ

كەتكەنىدى.

ئەمما، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە قوماندانلار: «ياقۇببەگنىڭ ئوردىغا ئېلىپ كەلگەن تارتۇق-پېشكەشلىرى ئۆزى قولغا چۈشۈرگەن مال-دۇنيالىرىنىڭ ئوندىن بىرىگە، بەلكى يۈزدىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ يىغىۋالغان ئولجا-غەنىيمەتلىرى ھەددى-ھېسابسىز بولۇپ، ئۇنىڭ تاشكەنتكە، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا بىر يۇرتقا ھاكىم بولۇش تەمەسى بار ئىكەن. مۇبادا خان ھەزرەتلىرى ئۇنىڭغا تاشكەنت ياكى بىر كاتتا يۇرتنىڭ ھاكىملىقىنى ئىلتىپات قىلىپ بەرسە، ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ بەخت-پاراۋانلىقىنى خاراب ۋە ۋەيران قىلىپ، تۇزكورلۇق قىلىدىغانلىقى چىرايىدىن مەلۇم بولۇپلا تۇرىدۇ» دەپ، مەللەخانغا ئارقا-ئارقىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. خانمۇ ئۇلارنىڭ بۇ شىكايەتلىرىگە ئىشىنىپ، «ئاقمىچىتكە بېرىپ ياقۇببەگنى تۇتۇپ، پۈتۈن مال-مۈلكى بىلەن قوشۇپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ قىرىق ئاتلىق ياساۋۇلنى ئەۋەتتى.

ياقۇببەگ ھىيلە-مىكىرلەرنى پۇختا ئىگىلەپ، ۋايىغا يەتكۈزگەنىدى. ياقۇببەگ ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا دەپ، ئىشنى بۇرۇندىنلا پۇختا قىلىپ، خاننىڭ خاس مەھرەملىرىدىن ئابدۇللا يۈزبېشى قاتارلىق بىرنەچچە كىشىنى زور ئىنئام-ئېھسانلار ھېسابىغا ئوردىدىكى گەپ-سۆزلەردىن ئۆزىنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشقا سېتىۋالغانىدى. بۇ مەھرەملەرمۇ «ۋەدىگە ۋاپا قىلىڭلار» دېگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە، بۇ يامان خەۋەرنى ياقۇببەگكە ئاللىبۇرۇنلا يەتكۈزۈپ بولغانىدى. ئۇ تەڭگە-تىللا، نەق ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ، كونا خىزمەتكارى ئالدىراج دادىخاھ بىلەن بۇخارا شەھىرىگە قاراپ قاچتى. ئۇلار سىر دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە، مەللەخان ئەۋەتكەن ھېلىقى ياساۋۇللارمۇ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ قالدى. ھېلىمۇ ياقۇببەگ بىرنەچچە ئۆچكىنى تۇلۇمچە قىلىپ سويدۇرۇپ،

تېرىسىنى ئېلىۋالغانىكەن. تۇلۇملارنى پۈۋلەپ ئىچىگە يەل تولدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارغا مىنىشىپ، ئۇ قاتتقا ساق - سالامەت ئۆتۈۋېلىشتى. خۇدايارخان ئۇچىنچى قېتىم قوقان تەختىگە چىققاندا، ياقۇببەگمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، «سەمەرقەنتكە بېرىپ، بۇزرۇكۋارلارنىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلىپ، تۇغلىرىنى قېقىپ، يېتىم - يېسىرلارغا نەزىر - سەدىقە بېرىپ، ئەمىر ھەزرەتلىرىنىڭ ھەققىگە دۇئا ئېلىپ كەلسەم» دەپ، بۇخارا ئەمىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ، سەمەرقەنتكە كېلىۋالدى. يەنە ئۇ يەردىن پەرغانە ۋىلايىتىگە قېچىپ بېرىپ، موللا ئالىمقۇلنىڭ ھىمايىسىگە كىرىۋالدى. دېمەك، تەقدىر ئەزەل دېگەن شۇنداق ئۇستا چاقچاقچى ئىدى، زامان - زامانلاردىن بېرى كىشىلەرنى قولىدا ئوينىتىپ كەلگەن بۇ تەقدىر ياقۇببەگنىمۇ زامان ھادىسىلىرىنىڭ ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ زىيان-زەخمەتلىرىدىن ساق - سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ، ئاخىرى ئۇنى قوقاندىكى موللا ئالىمقۇلنىڭ يېنىغا ئەپكېلىپ تاشلىغانىدى.

موللا ئالىمقۇل خۇدايارخان بىلەن دېيىشكىنى بويىچە، بىر كېچىسى ياقۇببەگنى ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ، بۇخارا ئەمىرىدىن كەلگەن خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ ئەمدى پەرغانە ۋىلايىتىدە تۇرۇشىڭىز ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، بۇزرۇك خان تۆرەمنى سىدىقبەگنىڭ ئىلتىماسى بويىچە قەشقەرگە ئەۋەتكەنىدۇق. ئۇ زات يۇرتدارچىلىق رەۋىشى ۋە ئەسكەرلىك ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز بىر بىچارە ئادەم. شۇڭا ئانھەزرىتىم سىزنى قەشقەرگە قوشبېگى قىلىپ ئەۋەتىشنى لازىم تاپتى. سىز دەرھال بۇزرۇك خاننىڭ ئارقىسىدىن قەشقەرگە ئاتلىنىڭ. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، بىز سىزنىڭ قوشبېگىلىكىكە تەيىنلەنگەن ئىنايەتنامىڭىزنى تۆرەمگە ماڭغۇزۇۋەتتۇق.

قوبۇلدىن كېيىن، ياقۇببەگ دەرھال قايتىپ كېلىپ،

قەشقەر سەپىرىنىڭ تەرەددۇتىگە چۈشتى. بۇ ئىشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى دەڭسەپ، كېچىچە زادىلا كىرپىك قاقمىغان ياقۇببەگ تاڭ قۇشلىرىنىڭ سايرىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ تاپتا، ئۆزىنى تەن ـ تېنى يايراپ كىمخاب تونلىرىغا پاتماي كېتىۋاتقاندەك، ئامەت ئېتىغا مىنىپ، كۆك سامادا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك، ئۇزاقتىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ كېسەل ئازابىنى تولا تارتىپ، مانا ئەمدى ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، ئاسماندا پارلاپ تۇرغان كۈننى كۆرگەندەك، يەر ئۈستىدە ياشاشنىڭ ئۆزى قانچىلىك راھەت ـ پاراغەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەمدەك ھېس قىلدى.

ئامەت ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ كۈلۈپ بېقىۋاتاتتى. ئۇ بىرەر يۇرتقا بەگ بولۇپ، ئەتراپىغا بىر توپ ئۆتكۈر، قەيسەر يىگىت-لەرنى توپلاپ، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش، ئالداش، تەھدىت سېلىش، دوق قىلىش... ۋە ھاكازالارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈركىستان تەۋەسى-دىكى باشقا بەگلەرنى، ھاكىملارنى بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى. ئۇ، ئۇزاقتىن بۇيان، مانا مۇنداق مەقسەتلەر ئۈچۈن تىنماي كۈرەش قىلدى. پەرغانە ۋادىسىدا، ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا زادىلا پۇرسەت كەلمىدى، ھەتتا بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ بۇ قىڭغىر مۇددىئالىرى باشقىلارغا سېزىلىپ قېلىشقا تاس قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تەلۋە ئۈمىدلىرىنى ۋە بېشىنى كېيىنكە كۆتۈرۈلگەن قىلىچتىن ئارانلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدى... ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ نىيىتىدىن زادىلا يانمىدى. يەتتە شەھەر تەۋەسىدە، شۇ چاغلاردا غەليانلار ئۆي توشقىنى-دەك كۆپەيمەكتە ئىدى. بالا ئاتىغا، ئاتا بالىغا، قېرىنداش قېرىنداشقا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈش بۇ ئەلدە ئەزەلدىن بىر ئادەت بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا، چوڭ ـ

كىچىك شەھەرلەردە، ۋىلايەت، ئايماقلاردا بەگلەر، ھاكىملار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ دەپسى دۇنياغا، شانۇ ـ شەۋكەتكە، ھاكىمىيەت، يۇرتدارچىلىققا بولغان ئىشتەيلىرى قىزىپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ياقۇپبەگنىڭ كۆڭلى قەشقەر تەۋەسىدە، بەلكى پۈتۈن يەتتە شەھەر تەۋەسىدە قالغان غوۋغالارنىڭ، ئور ـ يىقىتلارنىڭ ئۇزاق داۋام ئېتىدىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى، تۆرەمگە مۇلازىم بولۇپ قەشقەرگە بېرىشتەك بۇنداق قولايلىق پۇرسەت ئۇنىڭغا داۋاملىق چىقىۋەرمەيتتى. قەشقەر تەختىدە ئولتۇرغان سىدىقبەگ قىپچاقنى ھەيدىۋېتىش، ئۆزى تەنها تاج كىيىش، ھېچ بولمىغاندا پەرغانە ۋادىسىدا تېنەپ يۈرگەن بۇزرۇك خان تۆرىدەك بوشاڭ ئادەمنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، پۈتۈن ھاكىمىيەت تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ـ ئۇنىڭ ئۇچۇن شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرگەندەكلا ئاسان ئىش سانىلاتتى.

ياقۇپبەگ خوجەنتتىن بۇخاراغا قېچىپ بارغاندا، كونا خىزمەتكارى ئالدىراج دادىخاھ بىلەن ھەزرىتىخوجا باھاۋىددىن نەقشبەندىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلغىلى بارغانىدى. زىكرى-سۆھبەتتە ياقۇپبەگنى ئۇيقۇ بېسىپ مۈگدەپ قالدى، كېيىن چۆچۈپ ئويغىنىپ مۇنداق دېدى:

— چۈشۈمدە ھەزرىتى خوجام ماڭا ئۈزۈم بىر قەغەزنى بەردى. بۇ قەغەزگە ئۈزۈمنىڭغا: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللاھ» دېگەن كەلىمەتەيىبە يېزىلىپتۇ. بۇ چۈشنىڭ تەبىرى نېمىدۇر؟

ئالدىراج دادخاھ:

— بېگىم، بۇ چۈشنىڭ ئۆرۈلۈشىنى ئۆزلىرىدىن ئاڭلاي! — دەپ جاۋاب بەردى.

ياقۇپبەگ بىرئاز تەپەككۇر قىلدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:

— بۇ ھەزرىتىمنىڭ ماڭا بەرگەن ئىنايەتنامىسى. مەن

بىر شەھەرلەرگە بېرىپ پادىشاھ بولۇپ، نۇرغۇن كۇپپارلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئىمان ئېيتقۇزغۇدەكمەن.

— چۈشىڭىز رەھمانى بولسۇن، تەبىرىڭىز دۇرۇسقا كەلگەي، ئىلاھىم!

ياقۇببەگ مۇشۇلارنى ئويلاپ، «ۋاقتى - سائىتىگە توغرا كېلىپ قالغان دۇئانىڭ ئوقى مەقبۇللۇق نىشانىغا تېگىپ، دۆلەتكە ئېرىشىپ قالسام ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى خىيال قىلدى ۋە ھايالشىمايلا ئالدىراج دادخاھ باشلىق يۈزبېشى ۋە قۇربېشىلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ، سەپىرىنىڭ يەتتىنچى كۈنى ئوشتا تۆرەملەرگە يېتىشىۋالدى. تۆرەملەر ياقۇببەگنى ئوشتا ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئالدىنقى كۈنى، تۆرەملەر ئوشقا كېلىپ چۈشكەندە، موللا ئالىمقۇل تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن چاپارمەن يېتىپ كېلىپ، بۇزرۇك خانغا خۇدا يارخانىنىڭ ياقۇببەگنى قوشبېگىلىككە تەيىنلىگەنلىك ئىنايەتنامىسى بىلەن موللا ئالىمقۇلنىڭ تۆرەمگە يازغان بىر خېتىنى تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. خەتتە موللا ئالىمقۇل بۇزرۇك خان تۆرىگە مۇنۇلارنى تاپىلىغانىدى:

«ياقۇبنى سىزگە قوشۇپ قويدۇق. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان غەيرەتلىك ئادەم. قانداق يەردە سىزگە قارشى پىتنە يۈز بەرسە ۋە ياكى قانداق جايدا قىيىن بىر يېغا يۈز بەرسە، ياقۇبنى شۇنداق جايغا ئەۋەتىڭ! مۇبادا ئۇ سوقۇشتا ئۆلمىسە، ئاخىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشىنىڭ پەيىدا بولارسىز. بۇ ۋاپاسىز ئادەم، سىزگە زەرەر يەتكۈزىدۇ. ئۇ، ھىيلە - مىكىرنى پۇختا ئىگىلەپ ۋايىغا يەتكۈزگەن، پاشا بىلەن پىلنى بىر - بىرىگە جۈپ قىلالايدۇ. ئۇ، بۇ خىل نەيرەڭۋازلىقنى شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن قىلالايدۇكى، بۇ ئىشتا پاشا ئۆزىنى كىچىك چاغلىمايدۇ،

پىلمۇ ئۆزىنى چوڭ كۆرمەيدۇ. ھەر ھالدا سىز جانابىڭىزنىڭ ھوشيار بولۇشىنى، سەمىڭىزگە سېلىپ قويۇشنى لازىم تاپتۇق. بۇ گېپىمىزنى بىر ئۆزىڭىزدىن باشقا ئادەم زادىلا بىلمىگەي. سىزنى خۇداغا تاپشۇردۇق، ۋەسسالام.»

بۇزرۇك خان تۆرە خۇدايارخاننىڭ ياقۇببەگنى قوشبېگىلىككە تەيىنلىگەنلىك ئىنايەتنامىسىنى كۆرۈپ خۇش بولغانىدى. موللا ئالىمقۇلنىڭ خېتىنى ئوقۇپ كۆڭلىگە غەشلىك چۈشۈپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى مۇشكۈللۈكلەرنى ئوڭشاي قىلىشتا ئۇ ياردەمگە موھتاج ئىدى. بۇنى ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇغاندەك بولدى ـ دە، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ياقۇببەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. ھەممە سەرۋاز ـ يىگىتلىرىنى ياقۇب قوشبېگىگە تاپشۇردى. ياقۇببەگنىڭ قوشبېگىلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى بىلگەن سىدىقبەگ قىپچاق قولىنى چىشلەپلا قالدى ۋە ئۆزىنىڭ كەچۈرگۈسىز چوڭ بىر خاتالىقتا يول قويغانلىقىنى ھېس قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، بۇزرۇك خان تۆرىلەر مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ، قەشقەر چېگرىسىدىكى ئەركەشتام دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىشتى.

ئەركەشتام قەدىم ـ قەدىم زامانلاردىن تارتىپ داڭلىق ئۆتەڭ بولۇپ، ئۇ ئىككى دەريانىڭ قوشۇلۇش ئورنىغا جايلاشقانىدى. مۇنبەت قەشقەر ۋادىسىنى ئۆزىنىڭ ئەلۋەك سۈيى بىلەن ئەمىساقتىن تارتىپ سۇغىرىپ كەلگەن ئەزىم دەريا — قىزىل دەرياسى دەل مۇشۇ جايدىن باشلىناتتى، يەنە بىر دەريانىڭ سۈيى يىراقلاردىن ئېقىپ كەلگەن قار سۈيى بولۇپ، ناھايىتى سۈزۈك، غۇبارسىز ئىدى، يېنىك مەۋج ئۇرۇپ ئاقاتتى. ئىككى دەريانىڭ

سۇيى قوشۇلغاندا، خۇددى مۇهەندىس① ئوتتۇرىسىغا يىپتىن سىزىق تارتىپ قويغاندەك، بىر تەرىپى زۇمرەتتەك ياپ يېشىل، بىر تەرىپى قىزىل رەڭگە كىرىپ، شىددەتلىك ئېقىم بىلەن تىنچ ئېقىم بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ، خۇلق - مىجەزلىرى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سۈرئەت ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بەزىدە تېخى بىر - بىرىگە تارتىشىپ قېيىپمۇ قالاتتى.

سىدىقبەگ قىپچاق قوقان خانلىقىغا خوجا تەكلىپ قىلىپ بارغانلىقىغا تولىمۇ پۇشايمان قىلىپ، خاپا ۋە كۆڭلى غەش هالدا، بۇزرۇك خان تۆرەمنى ۋە ياقۇپ قوشبېگىنى باشلاپ قەشقەرگە يېقىنلاپ كەلدى.

نەزمە:

كىشى بىرەر سۆز دېمىگەن بولسا،
كەمچىلىك، خىسلىتى بولۇر پىنهان.
چىپار نەرسىنى جۇۋا دېمىگىن،
بولمىسۇن يولۋاس ئۇ ئوخلاپ ياتقان.

— شەيخ سەئدى

① مۇهەندىس — ئىنژېنېر دېگەن مەنىدە.

## بەشىنچى باب

# بوزرۇك خان تۆرە قەشقەر سەلتەنەتىدە...

«ئون پاتمان ناننى كۆتۈرۈش
ئوڭاي، ئەمما يېيىش قىيىن.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مىلادى 1865 - يىلى، باش ئەتىياز.

ئۇستى ئاقارغان تاغلار ئۇپۇقتا گىردىسەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتىيازنىڭ جانىدىن ئۆتىدىغان غۇر - غۇر شامىلىدا يول بويىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر تىنىمسىز ئېرغاڭلاپ، قىزىل دەرياسىدەك شاۋقۇنلىناتتى. ئادەتتە، قەشقەرنىڭ قىش پەسلى ئانچە سوغۇق بولمايدۇ. ئەمما ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن باشلىنىدىغان، ناگاندا بىر چىقىدىغان شامىلى ئادەمنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا كىشىلەر «قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز» دەپ بىكارغا ئېيتىشمىغان.

يىراقتا — قىرلاردا قوتان - قوتان قويلار چۈمۈلىدەك ئۆمىلەپ يۈرۈشەتتى. گاھى - گاھىدا، ئېگىز يانباغىرلاردا يانپاشلاپ ياتقان پادىچىلار كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

خازانلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغان باغلاردا، قىز - چوكانلارنىڭ لەپىلدىگەن گۈلدار روماللىرى باشقىچىلا كۆزگە تاشلىناتتى. كەڭ ئېتىزلىقلاردا ۋاللەي ئويناۋاتقان شوخ بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۆكۈچ بۇلۇتلار ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنگەن داۋاننىڭ ئارقىسى بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ ئاتىسى - ئەجدادلىرىنىڭ يۇرتى — ئەزىزانە قەشقەر ئىدى. رەھمەتلىك دادىسى جاھانگىر خوجا بىلەن تۆرەمنىڭ ئەزدىزانە قەشقەرگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى بۆلەكچىلا كۈچلۈك ئىدى. تۆرەمنىڭ ئۆزى بۇ ئانا يۇرتقا تۇنجى قېتىم قەدەم بېسىۋاتقان بولسىمۇ، ۋالىدەسى① دادىسى توغرىسىدا، ئاتا - بوۋىلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ يەردە پەدەرى مۇبارەك ئۇلۇغ بوۋىسى ئاپپاق خوجىنىڭ قەبرىگاھى بار ئىدى. تۇمان ئارىسىدا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاقتاغنىڭ ئېتىكىدە بولسا، ئادەم كىرسە ئادىشىپ قالىدىغان «بېھىش كەرەم» — بەشكېرەم باغلىرى بار ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ بېھىشكە ئوخشايدىغان بۇ باغۇ ئىرەمدە تاتلىقلىقى تىلنى يارىدىغان ئانار، دەردكە داۋا پىستە - بادام، شېرىن - شەربەت مۇناقى ئۈزۈم، يىسە تىلدا غۇژژىدە ئېرىپ كېتىدىغان سوقا چىلان، جەننەت مېۋىسى، «شاخ مانتىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان شىرنىلىك ئەنجۈر، خۇش بۇي پۇرىقى دىماغنى يارىدىغان ئالتۇن بېھى ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەر ئۆستۈرۈلەتتى. تاغ ئېتىكىدىكى ئارچىزارلىقلاردا مۈڭگۈزلىرىگە غۇلاچ يەتمەيدىغان ئاق ئارقارلار، شوخ كۆزلىرى سۈزۈك بۇلاقتەك قەشقەر كېيىكلىرى توپ - توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى. بىراق جەننەتۇل ماكان — بۇ ئەزىم يۇرتتا جەڭگى - جېدەللەر

① ئانىسى.

كۆپىيىپ كەتكەن، مالامەت ئوقلىرىدا، پوقرالارنىڭ ئاھۇ زارىدا بۇ مۇبارەك زېمىننىڭ باغرى ئۆتمۈشتۈشۈك بولۇپ كەتكەندى.

بۇزرۇك خان تۆرەم ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكىنىنى ئۇقمايلا قالدى. خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ئارقىسىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا:

— ھەزرىتى تۆرەم، ئەپۇ قىلغايلا، لەنگەرگە كەلدۇق. قونماق كېرەك. ناماز ئەسىر قازا بولۇپ كېتىدۇ،— دېدى.

كۆز ئولتۇرۇپ كەتكەن، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ قالغان، ھاۋا ئوبدانلا سالقىنلاپ، يەنە ئاخشامقىغا ئوخشاش بەدەننى تىلغۇدەك سوغۇق شامال چىقىشقا باشلىغانىدى.

خىزمەتچىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇزرۇك خان تۆرە دەرھال خىيال دېڭىزىدىن ئۈزۈپ چىقىپ، ئۆزىگە كەلدى ۋە:

— نەگە كەلدۇق؟ تېخى قەشقەرگە يەتمىدۇقمۇ؟— دېدى ئۆزىنى بۆرە جۇۋىسىغا تېخىمۇ چىڭ ئوراپ تۇرۇپ.

— لەنگەر ئۆتەڭگە كەلدۇق. بىز بۈگۈن مۇشۇ يەرە قونىدىغان بولدۇق. موللا سىدىقبەگ بىلەن جىن لاۋسەن تۆڭگانىي جانابلىرى شەھەرگە خەۋەر قىلغىلى كىرىپ كەتتى. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەتە شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرى ھەزرىتىمگە قانات ئېچىپ كۈلۈپ باققۇسى،— دېدى يېنىدا كېتىۋاتقان ياقۇپ قوشبېگى.

بىردەمدىن كېيىن، ئارقا تەرەپتە ناغرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. لەشكەرلەر لەنگەر يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۇزلەڭلىكتە توختىدى ۋە ھەرقايسى ئۇنىلۇقلار بويىچە جاي ـ جايلارغا تارقاپ، گۈلخان يېقىپ تاماق ئېتىشكە كىرىشتى.

تۆرەمنىڭ يېپەك چېدىرى لەنگەر يولىنىڭ سول

تەرىپىدىكى مەيدانغا جايلاشتى. ئۇنىڭ سەل تۆۋەن تەرىپىگە خىزمەتچىلەرنىڭ چېدىرلىرى تىكىلدى. ئاشپەزلەر ئوت قالاپ، سوۋۇلغان قوزىلارنى نەيزىدەك ئۇزۇن زىخلارغا پۈتۈن - پۈتۈن ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇشقا باشلىدى. ئادەتتە، يول ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ھەرئاخشىمى موللا سىدىقبەگ، ياقۇپ قۇشبېگى، جىن لاۋسەن تۈڭگانمى، ما تۆرە، ئالدىراش دادخاھ ۋە باشقا سەركەردىلەر تۆرەمنىڭ يۈز كىشىلىك يېپەك چېدىرىغا تەكلىپ قىلىناتتى. ئاشپەزلەر داستىخانى ئەڭ ياخشى تائاملار بىلەن تولدۇراتتى، ئالتۇن قەدەھ ۋە جاملاردا مەي ۋە قىمىز ئىچىلەتتى. بەزىدە قوشۇن بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىلغان نەغمىچىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلار تەكلىپ قىلىنىپ، بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. لېكىن، ھازىر ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىغا — شەھىرى بۇزرۇككە يېقىن قالغانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر تۆرەمگە ھېچنېمە خۇش ياقمايتتى. ئۇ ناماز ئەسىردىن كېيىن، يېنىغا يالغۇز قۇشبېگى ياقۇپبەگنىلا تاماققا تەكلىپ قىلدى.

× ×

نەلەردىندۇر، خورازنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن چىلىلىشى ئاڭلاندى. تاڭ ئەلچىسىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان شەرقتىكى تاڭ سەھەر مالائىكىسى ئۆزىنىڭ بىنەپشەرەڭ ھەرىمىگە كىرىدىغان دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. ئاسماندا يۇلتۇزلار شالاڭلىدى. كۆك قەھرىدە، ئۆز ئورنىدا ئۇزاق تۇرىدىغان چولپان يۇلتۇزىمۇ ئۇۋۇسىنى تاپتى. ھىلال ئاي نۇر يېغىپ تۇرغان ئاسمان چېتىدە ئۆڭۈپ، كۆزدىن ئاستا - ئاستا يوقالدى. يىراقتا — شەھەردە شادىيانىگە چېلىنىۋاتقان ناغرا ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى. قۇياش ئاسمان

راۋاقنىڭ دېرىزىسىدىن باش چىقىرىپ، ئۇيقۇدىن ئەمدى ئويغانغان جاناندەك، مۇنەۋۋەر جامالىنى كۆرسىتىپ ئالەمنى نۇرغا تولدۇردى.

تۆرەملەر تۇمەن دەرياسى① بويىدىكى ئاخۇنۇمنىڭ يارلىقىغا كەلگەندە، كۈنگۈرىلىك سېپىل بىلەن ئورالغان ھەيۋەتلىك قەشقەر شەھىرى تۆۋەندە خۇددى ئالقاندەك زاھىر بولدى. شەھەردىكى قاتار - قاتار كوچىلار، ھويلا-ئاراملار، يىراقتىن پەتنۇسچىلىك بولۇپ كۆرۈنگەن ھېيتگاھ مەيدانىدىكى ئۇلۇغۋار مېچىتلەرنىڭ ئاسمانغا بوي تارتقان كۆك ۋە تىللارەڭ گۈمبەزلىرى ئاپتاپتا ۋال - ۋۇل چاقناپ، شەھەرگە بۆلەكچە بىر گۈزەللىك، ئۇلۇغۋارلىق ۋە ھەشەمەت بەخش ئېتەتتى. ئانىسىنىڭ سۈتىگە تويۇنغان قوزىلاردەك مۆگدىگەن بۇ كونا قىرلارنى، شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان بۇ ئەزىم دەريانى، ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدا ئەركىلەۋاتقان بۇ تىنچ باغلارنى، ھېچنېمىگە قارىماي ۋالىدەي ئويىنىشىۋاتقان بىغەم بالىلارنى كۆرگەن كىشى بۇ ئەلدە شۇ تاپتا بوران ۋە جۇدۇن بولۇۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماس ئىدى. بەلكى، ئاسايىشلىق يىلتىز تارتقان بۇ تۇپراقتا تىنچ ھايات داۋام قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ قالاتتى.

بۈزرۈك تۆرەملەر ھەزرەتكە② كېلىپ پەدەرى مۇبارەك ئۇلۇغ بوۋىسى ئاپپاق خوجىنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، تۆپىسىنى كۆزىگە سۈرتكەندىن كېيىن، داغدۇغا ۋە ھەيۋەت بىلەن شەھەرنىڭ تۆشۈك دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى.

---

① قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ نامى.

② ھەزرەت — يەنە بىر نامى نەزەرباغ. قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئاپپاق خوجا مازىرى جايلاشقان جاينىڭ نامى.

موللا سىدىقبەگلەر شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئاللىقاچان ئاچقۇزۇپ، شەھەرنىڭ پازىل - ئۆلىمالىرىنى، يۇرت چوڭلىرىنى باشلاپ تۆرەمنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ تۇرۇشقانىكەن. ناغىرىلار ۋە سۇنايلارنىڭ «سەربازچە» كۈيىگە چېلىنىۋاتقان ياڭراق ساداسى ئىچىدە بۇزرۇك خان تۆرەم سىدىقبەگ ۋە قەشقەرنىڭ پازىل - ئۆلىمالىرى بىلەن، يۇرت چوڭلىرى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەتىيانلىرىنى باشلاپ شەھەرگە كىرىشكە باشلىدى. شەھەرنىڭ سېپىلىدا تۆرەمنىڭ شەنىگە يىگىرمە توققۇز پاي ھۆرمەت توپى ئېتىلدى. كوچىلاردا خالايىق سانجاق - سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەنىكەن. مىرشابلار قولىدىكى تاياقلىرى بىلەن خالايىقنى كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سۈرۈپ يول ئاچاتتى. قەشقەر خەلقى گۇرۇھ - گۇرۇھ، توپ - توپ بولۇپ، تۆرەمنىڭ ئالدىغا ئىستىقبال قىلىپ چىقىپ، ئۇنى زىيارەت قىلىشتى. تۆرەمنىڭ شەنىگە ئوقۇلۇۋاتقان ھەمدۇ - سانالار، دۇئايۇ - تىلاۋەتلەر ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز شاۋقۇنىنى ئەسلىتەتتى. تۇۋلاشلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن سانسىز قۇشلارنىڭ ئۈركۈپ ئۆرلىگەن ئاۋازىغا ئوخشايتتى. قەشقەرلىقلەر تۆرەمنىڭ تونىنىڭ پەشلىرىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈپ يىغلىشاتتى، گاھىبىرلىرى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلاتتى.

تۆرەم قەشقەرنىڭ ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئۇلۇغۋار گۈمبەزلىرىنىڭ قايسىسى خانلىق مەدرىسى، قايسىسى ھېيتگاھ جامەسى ئىكەنلىكىنى يېنىدا كېتىۋاتقان سىدىقبەگدىن سوراپ ئۇقتى. پەقەت ئوردا ئالدىدىكى چوڭ مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ۋالىدەسىنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئىسلەپ، ئۇدۇلىدا

كۆرۈنگەن قۇيما قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئىچى ھېيتگاھ جامەسى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز مۇنارلىرى ۋە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى جەڭچىنىڭ دۇبۇلغىسىنى ئەسلىتىدىغان ئېگىز گۈمبىزىنىڭ گۈزەل يول - يول تالالىرىدىن تونۇدى، قانچە دەۋرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، گەج - بوياقلىرى خۇددى يېڭىلا بېرىلگەندەك يېپيېڭى تۇرغان بۇ ئاجايىپ بىنالار، ئۇلارنىڭ تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشى ۋە ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدا رەڭدار تاۋلىنىشى تۆرەمنىڭ قەلبىدىكى زەپەر زوقىغا يەنىمۇ زوق قوشتى.

چوڭ ئوردا بۈزرۈك خان تۆرىگە بارگاھ ۋە ئارامگاھ قىلىپ بېرىلگەنىدى. شۇڭا، سىدىقبەگ تۆرەمنى ئوردا ئالدىغا باشلاپ ماڭدى.

ئۇلار ئوردا جايلاشقان ئېگىزلىككە چىقىۋاتقاندا، تۆرەم ئوڭ قول ۋە چەپ قول تەرەپتە كۆرۈنۈۋاتقان ئايۋانلىق ئۆيلەرگە ۋە كەڭ ھويلىلارغا كۆز تاشلىدى. ئۇلار ئوردا ئىچىگە كىرىشتى. بۇ يەردىكى ئىڭ چوڭ ۋە ئىڭ ھەيۋەتلىك بىنا — باليخانىلىق ئاق ساراي ئىدى. بۇ ئاق ساراي تارىختا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان پاجىئەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. نۇرغۇن شاھزادىلەر مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن، ئىسمايىل خان ① مۇشۇ يەردە نەزەربەند قىلىنىپ، جۇڭغارىيىگە يالاپ ئېلىپ كېتىلگەنىدى. شۇڭا، قەشقەرنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدىكى ھۆكۈمدارلىرى ئاق سارايدا تۇرمايتتى، پەقەت تەنتەنىلەرنى ۋە مەنسەپ تاجى كىيىش مۇراسىملىرىنىلا مۇشۇ ئاق سارايدا ئۆتكۈزەتتى. مانجۇ دائىرىلىرى بۇ يەرنى ھاكىمبەگ ئوردىسى قىلغانىدى.

① يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى. ئۇ ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن مۇشۇ ئاق سارايدا نەزەربەند قىلىنغان.

بۇزرۇك خان تۆرىمۇ ئوردىنىڭ ئىچىدىكى بۇ ئاق سارايغا چۈشمەستىن، ئوردىنىڭ ئۇلۇغ تەرىپىگە جايلاشقان، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ دىۋانخانىسى بولغان كاھىش سارايغا چۈشتى.

ئاخشىمى، كاھىش سارايدا قەندىللەر ياندۇرۇلغاندا، تۆرەم ئولتۇرغان خاس خانىغا سىدىقبەگ كىرىپ كەلدى. زەر بىلەن ھەل بېرىلىپ نەقىشلەنگەن بۇ خانا ھازىر ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ئۇلار تون ۋە تۇماقلىرىنى يەشمەستىن، شايى كۆرپىلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى......

× ×

ياقۇپ قوشبېگى كۈچالىق ئۆمەر ھېكىمبەگنىڭ قورۇسىغا چۈشكەنىدى. ئۇ، دەممۇ ئالماستىن، بەزمە - مەشرەپلەرگىمۇ قاتناشماستىن، تىنماي ۋە ھارماي ئەسكەر تەييارلاش تەرەددۇتلىرى، قورال - ياراق راسلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك ۋە ياكى ئۇيقۇ دېگەننى ئويىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى. ئۇ، ھەرقانداق ئىشنى بۇزرۇك خان تۆرەمدىن بىسوراق قىلمىدى. ئۇ ئۆزىگە بۇيرۇلغان ھەرقانداق ئىشنى چوڭ - كىچىك دېمەستىن تولىمۇ بەجانىدىللىق، ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇندايتتى. بەزىدە، ئالدىراش دادخاھ ئۇنىڭدىن: «نېمانچە قىلىپ كېتىسىلا؟» دەپ، سورىسا، ئۇ: «بىزلەر بۇ يۇرتقا مۇساپىر، مىڭبېگى تۆرەمنىڭ ئىشىنى بىزگە تاپشۇرغانىكەن، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىساق بولمايدۇ»، دەپ جاۋاب بېرەتتى ۋە:

ئۆز يۇرتىدا كۆكىنەك،
ھەم غاز ئالۇر ھەم ئۆردەك.

كىشىنىڭ يۇرتىدا بوز لاچىن،
نە غاز ئالالماس، نە ئۆردەك.

دېگەن قوشاقنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرەتتى.

ئۇ، سىدىقبەگ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغدا توپلىغان خەزىنە ۋە يۇرتلاردىن ئېلىنغان غەللە - پاراقنى لەشكەركەشلىككە سەرپ قىلدى. يەرلىك ۋە مۇساپىر بايلاردىن پۇل، كۈمۈش قەرز ئېلىپ ۋە ئىئانە يىغىپ، يىگىت توپلاشتىن باشقا مەقسەت ۋە ھەۋەسنى ئويلاپ قويمىدى.

بۇزرۇك خان تۆرەم بىغەم ئادەم بولغاچقا، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى ۋە لەشكەركەشلىكنى سىدىقبەگ بىلەن ياقۇپ قوشبېگىگە تاشلاپ قويدى. ئۆزى كېچە - كۈندۈزلەپ نەغمە - ناۋاغا بېرىلىپ، شادۇ خۇراملىقتا، ئويۇن - كۈلكە ھاي - ھۇيلىرى بىلەن بىغەم - خاتىرجەم بولۇپ يۈرۈۋەردى، نە بىرەر ئىشقا تەدبىر قوللانمىدى، نە بىرەر ئىشقا مەسلىھەت بەرمىدى. ئۇ، سىرتلارغا چىققاندا، ئەئيانلىرىنىڭ «شاھ مەپىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرسىلا» دېگىنىگە ئۇنىماي، «مېنى پۇقرالىرىم كۆرمىسە بولامدۇ؟» دەپ، مىراخورنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالاتتى. ئاسان كەلگەن بەختنىڭ قەدرى بولمايدۇ دەپ، كونىلار بىكارغا دېمىگەنىكەن.

× ×

بۇ كۈنلەردە، يېڭىشەھەردىكى گۈلباغ قورغىنى، يېڭىساردىكى يېڭىشەھەر قورغىنى قاتارلىق قورغانلار تېخى مانجۇلارنىڭ قولىدا ئىدى.

يېڭىسار يەكەنگە ئۆتىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان

مۇھىم شەھەر بولغاچقا، مانجۇلار شىمالدا قەشقەرگە، جەنۇبتا يەكەنگە ھەممەم بولغىلى بولىدۇ دەپ، بۇ يەردە كۆپ ئەسكەر توختاتقانىدى. قەشقەر سىدىقبەگ تەرىپىدىن ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى مانجۇلارنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىرى لەشكەرلىرى بىلەن يېڭىشەھەر قورغىنىغا بېكىنىۋېلىپ، ھەدېسىلا يەكەن بىلەن قەشقەرگە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئالدىنقى نۆۋەت، ياقۇپ قۇشبېگى يەكەنگە تېگىش قىلماق بولۇپ، لەشكەر باشلاپ يېڭىساردىن ئۆتكەندە، قورغاندىكى مانجۇ قىسىملىرىنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ قېلىپ تىرىپىرەن بولۇپ قايتقانىدى. شۇڭا، يېڭىشەھەردىكى گۇلباغ قورغىنىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ مىخنى يۇلۇپ تاشلىماي بولمايتتى. ياقۇپ قۇشبېگى ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى سىدىقبەگ بىلەن جىن لاۋسەن تۇڭگانىيىغا ئېيتىۋېدى، ئۇنىڭ پىكرىنى ئۇلارمۇ قوللىدى. ئەتىسى، سىدىقبەگ بۇزرۇك خان تۆرىگە ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئىزدىپ ئۇچۇرگەندىن كېيىن، شۇ كۈنى كەچتە تۆرەمىنىڭ ھوزۇرىدا ھەربىي كېڭەش چاقىرىلىدىغان بولدى.

× ×

چوڭقۇر خەندەك بىلەن ئورالغان ئوردىنىڭ كۈنگۈرىلىك تاملىرى كىشىگە چوڭ قىيادەك ھەيۋەتلىك تۇيۇلاتتى. قەلئەنىڭ تاملىرى ئارقىسىدىكى ساراي گۈمبەزلىرى قەدىمكى قەبرىلەردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەلئەمۇ خۇددى گۆرىستاندەك سىرلىق ۋە جىمجىت ئىدى. سارايدا ھېچقانداق چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيتتى. بۇ يەردە ھەتتا قاراۋۇللارمۇ گۇلخان ياقمىغان بولۇپ، ھەممە ياق قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئاتلىقلار پەقەت ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا چىققاندىلا، ئۇلارنىڭ

يولنى پانۇس تۇتقان قاراۋۇللار توسۇشتى. قاراڭغۇدا ئۇلارنىڭ قولىدىكى قالقانلىرى يالتىراپ، پوپۇكلۇك نەيزىلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. قاراۋۇللاردىن ئۆتۈپ، ئىككى يېنىدىكى پوتەيلەرگە توپ ئورنىتىلغان يوغان دەرۋازا ئالدىغا بارغاندا، ئۇلارنىڭ يولىنى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىۋالغان سىپاھلار توسىدى. كېلىۋاتقانلار بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ كاھىش سارايىدىكى ھۇزۇرىغا ھەربىي كېڭەشكە چاقىرىلغانلار ئىدى. ئالدىدىكى ياساۋۇل نەيچە قىلىپ ئوردىۋالغان يارلىقنى كۆرسىتىپ، دەرۋازىغا كىردى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، قۇلۇپ ۋە زەنجىرلەرنىڭ شاراقلىشى ئاڭلىنىپ، ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا قارىغان قوش قاناتلىق قۇيما دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكى ئاستا غىچىرلاپ ئېچىلدى ـ دە، ئىچكىرىدىن پانۇس كۆتۈرگەن دەرۋازىۋەن چىقتى.

ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن سىدىقبەگ، ياقۇپ قوشبېگى، مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت، جىن لاۋسەن تۇڭگانىي، ماتۆرە ۋە باشقا مۇھىم سەركەردىلەر ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ياساۋۇللارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، دەرۋازىدىن كىرىشتى.

دەرۋازىۋەن پانۇسنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇلدىكى ئىشىكنى ئېچىپ، ئۆزى بىر چەتكە ئۆتۈپ، كېلىۋاتقانلارغا يول بەردى.

ئېگىز كۈنگۈرىلىك تام بىلەن ئورىلىپ، ئاسمانغا بوي تارتقان پوتەيلىرىگە توپ ئورنىتىلغان كەڭ سەينانىڭ تۆت تەرىپىدە، تاش پانۇسلار پىلىلداپ تۇراتتى. سەينانىڭ سىرل تەرىپىدە، ئېگىز بىنالار سەپ تارتىشقان بولۇپ، ئۇلار دىۋانخانا① ئىدى. دىۋانخانىنىڭ ئارقىسىدا ئېگىز تام بىلەن توسۇلغان بىنالار بار ئىدى، ئۇلار ھەرەمخانا ئىدى. ئوڭ تەرەپتىكى

① ئىشخانا.

بالىخانىلىق ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ گۇمبەزلىرى ۋالىلدايتتى.
سەينامۇ گۆرىستانلىقتەك جىمجىت بولۇپ، پەقەت يەر تېگىدىن
ئاللىقانداق گۇرس - گۇرس قىلغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ئېھتىمال،
ساراي ئاستىدىكى يەر ئاستى ئۆيلەردە ئۇستىلار ئىشلەۋاتقان
بولسا كېرەك.

ئۇلار دەرۋازىۋەننىڭ باشلىشى بىلەن ئەتراپى چىنارلار
بىلەن ئورالغان، ئوتتۇرىسىغا فونتان ئورنىتىلغان مەرمەر
كۆلچەكنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئېگىز پەشتاقلىق ئىمارەتكە
يېقىنلاشتى. بۇرجەكلىرىگە قىزىل مىس تاسمىلار قېقىلغان
نەقىشلىك ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا قېتىپ تۇرۇشقان
ياساۋۇللاردىن بىرى چەبدەسلىك بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ،
ئۇلارغا يول بەردى.

ئۇلار غۇۋا، تار يولەكتىن ئۆتۈپ، شامدانلاردىكى شام
بىلەن يورۇتۇلغان، چوڭ دېرىزە قويۇلغان ئەينەكلىك زالغا
كىردى. ئاستىغا ئوتقاشتەك خوتەن گىلەملىرى سېلىنغان،
تاملىرى كۆكۈچ كاھىش بىلەن قاپلانغان بۇ ئۆي مۇراسىم
زالى ئىدى. بۇ ئۆينىڭ تۆرىدە مەرمەر پەلەمپەي تۇراتتى.
بۇ پەلەمپەي بىلەن ئۇدۇلدىكى شاھنشىنغا كىرگىلى بولاتتى.

يەرگە ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان، تۇرۇستىكى ئالتۇن
قەندىللەردە بىھېساب شاملار يېنىپ تۇرغان بۇ كەڭ
كۇشادە، يوپيورۇق مۇراسىم زالىنىڭ تاملىرى ھەرخىل
ئوق بۇيۇملىرى، شاپ قىلىچ، پولات سىغەر ۋە قالقانلار
بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇدۇلدىكى چوڭ ئەينەكلىك دېرىزىنىڭ
ئۈستىگە قىزىل ياقۇت ۋە ئۈنچىلەر قادالغان، غۇلاچ
يەتمەيدىغان ئارقار مۈڭگۈزى ئېسىلغانىدى. مۈڭگۈزنىڭ
يېنىدا چاپراس بېكىتىلگەن شاپ قىلىچلارنىڭ ئۈستىگە بىر
پولات سىغەر ئېسىلىپ قويۇلغانىدى.

بۇزرۇك خان تۆرە قۇللىرىنى شاھنشىننىڭ ئېگىز يولەنچۈكلى-

رەڭگە تىرىلگىنىچە بىر نەۋقەتتە تىكىلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

بۇزرۇك خان تۆرە قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى، قاش-كۆزلىرى قاپقارا، چىرايى ئاق-سېرىق كەلگەن، نازۇككىنە، ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ئىدى. ئۇ بېشىغا ئاق شايىدىن سىلىق ئورالغان سەللىنىڭ ئۇچلۇق تەقيە كىيىپ، مووۇت بىلەن تاشلانغان ئېسىل سۆسەر جۇۋىغا ئورۇنۇۋالغانىدى. بۇزرۇك خان تۆرە قوش-قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر تاقىغان ئۈزۈن، ئىنچىكە قوللىرىنى سىدىقبەگ باشلىق ئەئىيانلارغا سۇنۇپ، ئۇلار بىلەن سالاملاشتى.

ھەممە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى. بۇزرۇك خان تۆرە ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى بىلەن سىدىقبەگ، ياقۇپ قوشبېگى، جىن لاۋسەن تۇڭگانىي، مەۋلانە مولا مۇھەممەتيار خەلپەت قاتارلىق ئەمىر ۋە سەركەردىلەرگە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى. ئۇلار تۆرەمنىڭ ئىشەنگەن تاغلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇچىسىدا مووۇت تاشلىق سۆسەر جۇۋا ۋە تۈلكە جۇۋا، قىممەتباھا كىمخاب تون، باشلىرىدا لەئىل ۋە ئۈنچە بىلەن بېزەلگەن قاما تەلپەك، بەللىرىدە كۈمۈش ۋە ئالتۇن كەمەر، دەستىلىرىگە دۇر ئورنىتىلغان قىلىچ ۋە خەنجەرلەر ... بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ ئالىي ھەربىي ئەمەلدارلىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى ئىدى.

نىھايەت، بۇزرۇك خان تۆرە تامىقىنى قىرىپ:

— شەۋكەتلىك زاتى ئالىيلار، — دېدى ھەر بىر سۆزىنى سالماقلىق بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ، — سىزلەرنى كېچەكچە چاقىرىشتىن مەقسەت تامىقىمىزغا تىكەن بولۇپ ئۈنگەن گۈلباغ قەلئەسىنى قانداق قىلىپ ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈۋېتىش ھەققىدە ھەر بىرىڭىزلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ بېقىش ئىدى. بۇ تىكەننى يۇلۇپ تاشلىماي تۇرۇپ، يېگىنىمىز تاماق، كىيگىنى-

مىز كىيىم، ئۇخلىغىنىمىز ئۇيقۇ بولماس. مۇبادا، كىمكى ۋۇجۇدىدا شۇبھە ۋە قورقۇنچ سەزسە، ئۇنداقلارغا ئۇرۇشنى كۆتۈپ تۇرمايلا رۇخسەت. خۇدا ھەققى، بەرگەن ئاش - نېنىمغا، ئىنئام قىلغان ئالىي مەرتىۋەمگە رازىمەن!

ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. تۆرەم كىنايىلىك كۈلۈمسىرەپ:

— ھەممەيلەنگە مەلۇم بولۇپ قالسۇنكى، — دېدى، — گۈلباغ قورغىنىدىكى چىش - تىرنىغىچە قوراللانغان مانجۇ چېرىكلىرى ئۈچ مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرى، مىلتىق - تۆفەڭلىرىمۇ بىزنىڭكىدىن ناھايىتى خىل...

سىدىقبەگنىڭ غەلىتە پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن تۆرەم ئۇنىڭغا شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىدى:

— سىز جانابىڭىزنىڭ قانداق مەسلىھەتى بارىكىن؟

سىدىقبەگ يوغان گەۋدىسىگە ماسلاشمايدىغان ئاجايىپ بىر چاققانلىق بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— جانابىي تۆرەم نېمىنى لازىم تاپسا، بىز شۇنىڭغا تەييار، — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇزرۇك خان تۆرە بىر ئۇنىڭغا، بىر مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەتكە قاراپ قويدى ۋە قاپىقىنى تۈرگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— خاھىشىم شۇلكىم، ھەقتا ئالادىن مەدەت تىلەپ، جەڭ قىلىمىز!

مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ئورنىدىن يېنىك قوزغىلىپ تۆرەمگە تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئەسسەلاتىن زىللەللاھۇفىل ئەرز!①. ھەزرىتى ئالىيلىرى

---

① ئەسسەلاتىن زىللەللاھۇ فىل ئەرز — پادىشاھلار ئاللانىڭ زېمىندىكى سايىسى.

شەرئىي سۇلتانىمىزدۇر! سۇلتانىمىزنىڭ ئەمرى بارچىگە
ۋاجىپتۇر!

مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان،
چاچ-ساقاللىرى ماش گۈرۈچ بولغان، قارىماققا جىسمانەن ئاجىزدەك
كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىقتىدارلىق، بىلىملىك، زېرەك ئادەم بول-
غاچقا، زوھۇرىددىن بەگنىڭ ھۇزۇرىدا باش مىرزا بولۇپ ئىشلى-
گەن. ئۇ قەشقەر ئۆلىما - پازىللىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ھەق
سۆزلۈكلۈكى، ئۆتكۈر پىكىرلىكى ۋە ناتىقلىقى بىلەن مەشھۇر
ئىدى. ئۇ بۇخارادا ھەم «سانى بۇخارا» دەپ ئاتالغان قەشقەر-
نىڭ مەشھۇر مەدرىسلىرىدە داڭدار ئۆلىما ۋە مۇدەررىسلەرنىڭ
زىكرى - سۆھبىتىگە نائىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان.
ئىلمىي نۇجۇم ①، ئالخىمىيە ②، ئالجىبىر ③، ئىلمىي ھەندىسە ④،
فىقھ ⑤، مەنتىقە ۋە تىبابەتچىلىك ئاساسلىرىنى ئۆگەنگەن،
ئەرەب تىلىدىن باشقا يەنە پارسچىنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ
ئۆزلەشتۈرگەنىدى. ئۇ، يىگىرمە تۆت يېشىدىلا ئىلمىي مەلۇمات،
ھۆسنخەت ۋە ناتىقلىق ماھارەتلىرىنى پىششىق يېتىشتۈرگەنىدى،
ئۇرغۇنلىغان ھېكايە، چۆچەكلەرنى، لەتىپە - رىۋايەت-
لەرنى، قوشاق - ناخشىلارنى يادقا بىلەتتى ھەم پەيتى كەل-
گەندە، ئۇلارنى ئورنىدا ئىشلىتىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭ تىلىغا
ئاتەشتەك نەۋائى، شىددەتلىك سەككاكى، جانىجان جامىنىڭ
شېئىرلىرى ئېقىپ كەلگەندەك كېلەتتى. ئۇ، ئۇلارنىڭ شېئىر ۋە
داستانلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ ھاياجانلانغان، ئۇلار بىلەن
بىللە مەنىۋى تەپەككۇر چوققىلىرىغا قانچىلاپ پەرۋاز قىلغان،
ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى، تەمسىللىرىنى ۋە سۆز ئۈنچىلىرىنى
دىلىغا سىڭدۈرۈۋالغانىدى.

— ياقۇپ قوشبېگى؟

ياقۇپ قوشبېگى باياتىن ئۈندىمەي جىم ئولتۇرغانىدى.

---

① ئاسترونومىيە. ② خىمىيە. ③ ئالگېبرا. ④ گېئومېترىيە.
⑤ شەرىئەت قانۇنلىرى.

تۆرەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇرۇشىدىن تۇردى - دە، ئىززەت - ئىكرام بىلەن:

— جانابىي ئالىيلىرى، ئۆزلىرى دانالىق بىلەن ئېيتقاندەك، لەنىتى گۈلباغ قورغىنى ئۇتتۇردىن كۆتۈرۈپ تاشلانمىسا، دارۇ سەلتەنەتىمىزگە ئامانلىق ھەرگىز نېسىپ بولماس، — دېدى ۋە توختاپ قالدى.

— خوش؟ — دېدى تۆرەم ياقۇب قوشبېگىنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— زاتىي ئالىيلىرىغا شۇ مەلۇم بولغايكى، ھازىر گۈلباغ قورغىنى چۆلدىكى يالغۇز بۇتخانىدەك ياردەمسىز قالدى. ئاڭلىشىمىزچە، راشىدىن غازى خاننىڭ ئەمىر لەشكىرى ئىسھاق خوجا چۇقۇ - ئۇششاقتال دەشتىدە خاقانىي چىننىڭ ياردەمگە ئەۋەتكەن قارا چېرىكلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپتۇدەك. ئەلھال، گۈلباغ قورغىنىدىكى بۇ شۇم بەتبەختلەرگە كېلىدىغان ياردەم ئىسلام باھادىرلىرىنىڭ مۇرۇۋۋەتلىك قولى بىلەن ئۈزۈپ تاشلىنىپتۇ. رەڭنامىلەردە: «يالغۇز دۈشمەننى قورشىۋال، لېكىن تىگىش قىلما، ئۇنى ئىنىدىن چىقىرالىساڭلا، تۇزاققا دەسسىمەي قالمايدۇ.» دېيىلگەن. بۇ قەدىمدىن تارتىپ كارغا ياراپ كەلگەن ئامالدۇر. قادىر بۇغراخان خوتەن كاپىرلىرىدىن بوكە بۇدراچ بىلەن جەڭ قىلغاندا، مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان. ئىسلام لەشكەرلىرى ھىمتىنىڭ سېپىدا①، نوقتى رەشىد بىلەن جوقتى رەشىد دېگەن ئىككى كاپىرنى قاپقانغا دەسسىتىپ، تىرىك تۇتۇۋالغان. گۈلباغ قورغىنىنى ئېلىشتىمۇ، قورشىۋېلىپ ھۇجۇم قىلماسلىق، سولىۋېلىپ چىقارماسلىق ئۇسۇلىنى قوللانساقلا، قورغاننى ئاز ئەجرە ھېسابىغا ئالغىلى بولىدۇ.

ياقۇب قوشبېگىنىڭ سۆزى كېڭەش ئەھلى ئۈچۈن يېڭى-

① يەكەن بىلەن يېڭىسارنىڭ ئارىلىقىدىكى چۆلنىڭ نامى.

لىق تۇيۇلۇۋاتاتتى. باياتىن تۆرەمنىڭ سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك
جاۋاب بېرەلمەي، ئۇيالغان سىدىقبەگ ئەمدى باشقىلەتىن
جانلاندى.

— بىز ئورۇسلار بىلەن ئاقمېچىتتە ئېلىشقاندا، — دېدى
ياقۇب قوشبېگى بۇزرۇك خان تۆرىگە قاراپ، — بىر كېچىدە تۆت –
بەش يەرگە تېگىش قىلىپ، ئورۇسلارغا ئاراملىق بەرمەيتتۇق.
بىز بۇنى ئومۇچۇك ئۇسۇلى دەپ ئاتايتتۇق. بۇ ئۇسۇل شۇ
چاغدا بىزگە بەكمۇ ئەسقاتقاندى. مانا ھازىر مانجۇلارغا قار-
شى ئەنە شۇ ئومۇچۇك ئۇسۇلىنى ئىشقا سالىدىغان ۋاقىت
يېتىپ كەلدى. ئالدى بىلەن، مانجۇلار بېكىنىۋالغان قورغانلارنىڭ
مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلايمىز. ئۇلار بىر – بىرىگە ياردەم
بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئاندىن شۇ قورغانلارنىڭ ئەترا-
پىدا قارا كۆرسىتىپ يۈرۈپ، تورنىڭ بىر چېتىدە ئولجىسىنى
ساقلاپ تۇرغان ئومۇچۇكتەك، ئۇلارنىڭ تۇزاققا چۈشۈشىنى
كۈتۈپ تۇرىمىز.

× ×

بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ ھۇزۇرىدا چاقىرىلغان بۇ ھەربىي كې-
ڭەشتىن كېيىن، يېڭىسارلىق ئېزىز بەگ جاللات دېگەن پەنساد
بىر بۆلۈك قوشۇننى باشلاپ، يېڭىسار قورغىنىنى مۇھاسىرە
قىلىشقا ماڭدۇرۇلدى.

ئېزىز بەگ پەنساد ۋەلىخان تۆرەم ئىلگىرى قەشقەرگە
كەلگەندە، ئۇنىڭغا جاللات بولۇپ خىزمەت قىلغانىكەن. شۇڭا،
«جاللات» دەپ ئاتىلىپ قالغاندى. ئۇ يېڭىسارنىڭ ساغان
تويىلىقتىن ئىدى.

× ×

يېڭىسار قورغىنى قورشىۋېلىنىپ قىرىق كۈن بولغاندا، ئېزىزبەگ جاللاتتىن: «شەھەرنىڭ پەتھى يېقىنلاشتى. تۆرەم مۇبارەك قەدەملىرىنى بۇ تەرەپكە ئالسا! بىز ئۇ جانابى ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك جامالىغا زارىقىپ بېقىپ قالدۇق»، دەپ نامە كەلدى. تۆرەم بۇ خوش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ھەشەمەت — ئىنتىزام بىلەن يېڭىسارغا ئاتلاندى. ئېزىزبەگ جاللات لەخمىلەرنى كولىتىپ، دورىلارنى قويۇپ تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. تۆرەملەر يېتىپ بارغان ھامان، ئۇ، ھايال شىمايلا پىلىككە ئوت تۇتاشتۇردى. سېپىلنىڭ پوتەيلىرى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. قوشۇنلار شەھەرگە كىرىپ بولغۇچە، دورىنىڭ كۈچى بىلەن ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەن كېسەك — تۇپراقلار قايتىپ چۈشۈپ، قورغاندىكى مانجۇ، ئۈيغۇر ۋە خۇيزۇ چېرىكلىرىدىن مىڭدەك ئەسكەرنى ھالاك قىلدى. شۇنداق قىلىپ يېڭىسار قورغىنى ئېلىندى. ئىمان ئېيتىپ يېڭى مۇسۇلمان بولغان ئىككى يۈزدەك مانجۇدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى شەپقەتسىزلىك بىلەن قىرىپ تاشلاندى. بۈزرۈك خان تۆرىنىڭ قوشۇنلىرى ئولجا — غەنىيمەتكە ئىگە بولدى.

× ×

تۆرەم بۇ ئۇرۇشنىڭ پەلەككە يەتكەن بەخت — خۇشال

لىقىنى قوۋان دارۇ سەلتەنەتىگە — خۇدايارخانغا يەتكۈزۈشنى لازىم، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ، ئۇلجا ئېلىنغان غەنىيمەتلەردىن بىر توققۇز زەمبىرەك، بىر توققۇز مانجۇ قىزى، بىر توققۇز مانجۇ يىگىتى، بىر توققۇز يۇلتۇز ئارغىمىقى، بىر توققۇز يامبۇ، بىر توققۇز دەستە جانان چىنە — تەخسە، بىر توققۇز توپ خەسە — چىت، بىر توققۇز توپ خاڭجۇ تاۋىرى، بىر توققۇز توپ خوتەن دۇردۇنى، بىر توققۇز پارچە خوتەن گىلىمى، ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلگەن خۇش پۇراق چاي قاتارلىق نۇرغۇن سوۋغا — سالام، تارتۇق — پىشكەشلەرنى تەييارلاپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك خىزمەتچىلىرى بىلەن قوقان دارۇ سەلتەنەتىگە يولغا سالدى. بۇ خىزمەتچىلەر خوپ ۋاقىت ۋە ياخشى سائەتتە قوقانغا يېتىپ بېرىپ، خۇدايارخان ۋە موللا ئالىمقۇل مىڭبېگىگە كۆرۈنۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. خۇدايارخان بۇ مول سوۋغا — سالاملارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە تون — تەلپەك، كىيىم — كېچەك، خەجلەيدىغان تىللا — تەڭگە، قورال — ياراق ئېھسان ۋە ئىنئام قىلدى. بۇزرۇك تۆرىنى «خان» دەپ ئېلان قىلدى ۋە مۇبارەكلەپ، ئۆزىنىڭ مەرھەمەت — ئىلتىپاتىنى ۋە مېھرىبانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ناھايىتى قىممەتباھالىق ياقۇت بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تاج، ھەممە ئېگەر — جابدۇقلىرى تامامەن ئالتۇندىن يېرىم چەمبىرەك قىلىپ بېزەپ نەقىشلەنگەن بىر بەدەخشان ئارغىمىقى، ئىككى نەپەر كۆچلۈك ۋە ئاۋازى ياخشى شاتىر①، بىر توققۇز نىمچە تون ئېگەر — جابدۇقـ

① شاتىر — يۈگرۈك ئادەم.

لىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر توققۇز ئات ۋە بىر توققۇز پەرەڭ مىلتىقى قاتارلىق سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتتى. بۇ خىزمەتچىلەر شەرەپلىك ۋاقىت ۋە گۈزەل سائەتتە قەشقەر دارۇ سەلتەنەتىگە يېتىپ كېلىپ، بۇزرۇك خان تۆرە بىلەن كۆرۈشتى.

× ×

جۇمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كاھىش سارايىنىڭ ئەينەكلىك زالىدا، داغدۇغىلىق ۋە ھەيۋەتلىك تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت شاھلىق ئالتۇن تاجىنى تۆرەمنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. بۇزرۇك خانغا ئالقىش ۋە مۇبارەكلەش سادالىرى ياڭراپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. بۇزرۇك خان تاج كىيىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتۇشلۇق مەھمۇت خاننى شىغاۋۇللۇققا تەيىنلىدى. مەھمۇت خان قولىغا ئالتۇن ھاسىسىنى ئېلىپ، خاننىڭ ھەرقايسى ئەئيانلارنى مەنسەپكە تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدىكى يارلىقىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— ئانھەزرەت بۇزرۇك خان جانابى ئالىيلىرى سىدىقبەگنى ۋەزىر ئەزەم، مىڭبېگلىككە، مۇھەممەت ياقۇپ خان جانابىلىرىنى قەشقەر قوشۇنلىرىنىڭ باش ئەمىر لەشكەرلىكىگە، مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ھەزرەتلىرىنى قەشقەرنىڭ باش مىرزىلىقىغا، جىن لاۋسەن تۇڭگانىنى باش مۇشاۋۇرلۇققا، ماتۆرە تۇڭگانىنى ئەمىر مەشقاۋۇللۇققا تەيىنلىدى ...

ئۇ پەرۋانىچىلىقتا، ئەمىر لەشكەرلىككە، پەنسادلىققا ۋە

بىباشقا مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتتى.

× ×

تاج كىيىش مۇراسىمى ئاياغلىشىپ، جاكارچىلار كوچا - كوچىلاردا بىۇزرۇك خان تۆرىنىڭ تاج كىيىپ قەشقەرنىڭ پادىشاھى بولغانلىقىنى جاكارلاپ يۈرەتتى:

— يۇرت بېگى، مىڭبېگى، تۇمەنبېشى، مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئونبېشى، قاپىبېشى قاتارلىق بەگلەرگە ۋە ھەممە يۇرت ئەھلىگە مەلۇم بولغايكى، ئاپتاپ مەسەللىك مۇبارەك بۇزرۇك خان تۆرەم تاج كىيىپ، قەشقەر دارۇ سەلتەنەتىدە تەختكە ئولتۇردى. ئاللاتائالا ئول مۇبارەك زاتىي ئالىيلىرىنىڭ تەختىنى مۇستەھكەم، بەختىنى ئاسماندىكى يۇلتۇز كەبى مول قىلغاي! ئەيىۋەنناس! ئىشتىڭلار، ئامۇ خاس!

بۇزرۇك خان ئوردا ئالدىدا، خۇدايارخان تارتۇق قىلغان ھېلىقى بەدەخشان ئارغىمىقىغا مىنىپ، جۇمە خۇتبىسىگە باشلامچىلىق قىلىش ئۈچۈن، ۋەزىر ئەزەم سىدىقبەگ مىڭبېشى، ياقۇپ قوشبېگى، باش مىرزا مەۋلانە مولla مۇھەممەتيار خەلپەت قاتارلىق ئەكابىر - ئەشرەپلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھېيتگاھ جامەسىگە ماڭدى...

× ×

ھۇد ئايلىرى، قەشقەرنىڭ ئاۋۇل - قىشلاقلىرىغا يېشىللىق ياماشتى. ھەمەل ئېيى بېزىگەن كۆكلەمدىن كىشىلەرنىڭ كۆزى

قاماشتى. ئاسمان سۆيۈنچى يامغۇرىنى زېمىنگە
سېخىيلىق بىلەن تەكشى سېپىپ ئۆتتى. پۈتۈن ئەتراپ يېڭى
كېلىندەك ياسىنىپ كۆرۈنۈش قىلدى. ھەممىنى كۆرگەن بىۋ
قىرى پەلەك يەر يۈزىگە كۆكتاتتىن خال چەكتى. زېمىندىكى
ھەممە مەۋجۇداتنىڭ كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلدى. بۇلبۇللار تۈمەن
بويىدىكى تالللىقتا خۇش ناۋا بىلەن بەس - بەستە سايراش
ماقتا. ئەلدە ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ھايات خۇددى
تىنىچ ئېقىۋاتقان دەريادەك داۋام قىلىۋاتاتتى. بىراق، تىنىچ
ئېقىۋاتقان دەريانىڭمۇ بەزى چاغلاردا قىرغاققا تېشىپ چىقى
دىغان ۋاقتى بولۇپ قالىدۇ، ھازىرلا تازا، غۇبارسىز تۇرغان
تىنىق كۆك ئاسماننىمۇ بىردىنلا قارا بۇلۇت قاپلاپ، شامال
چىقىشقا باشلايدۇ، بەزىدە مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇرمۇ ياغىدۇ. بۇ
ئاسايىشلىقنىڭ تېگىدە خېيىم - خەتەر يوشۇرۇنغانىدى. راست
ئەمەسمۇ؟ بىر - بىرىنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان ئەر - خو
تۇنلار ئارىسىدىمۇ بەزى چاغلاردا خاپىچىلىق بولۇپ قالىدۇ.
ئۇلارنى دائىم جېدەللەشمەي، ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتەلەيدۇ دەپ
كىم ئېيتالايدۇ؟

يېڭىسار جېڭىدىن كېيىن، بۇزرۇك خاننىڭ يەنە بۇرۇنقى
دەكلا ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى، يۇرتدارچى
لىق ئىشىنى سىدىقبەگكە تاشلاپ قويدى، لەشكەركەش
لىك ئىشىغا كۆڭلى تارتمىدى. باش ئەمىر لەشكەر ياقۇب
قوشبېگى بولسا لەشكەركەشلىك ئىشلىرىدا بۇزرۇك خاندىن
بىسۇراق بىر ئىشنى قىلمىدى. بىراق، بۇزرۇك خان بۇ ئىشلاردا
تەدبىر كۆرسىتىپ، جاھاننى پىر قىرىتالايدىغان دەرىجىدە ئەمەس
ئىدى. ياقۇب قوشبېگى سىدىقبەگنى لەشكىرىي ئىشلارغا

يېقىن كەلتۈرمىدى. خۇدايارخاننىڭ مۇسۇلمانقۇل بىلەن موللا ئالىمقۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياقۇپ قوشبېگىنىڭ ئېسىدە ئېنىق ساقلىنىپ قالغانىدى.

«يۇرتدارچىلىق ئىشى گويا بىر داۋانغا ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — داۋانغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئادەم كۆزلىرىنى چوققىلاردىن ئۈزمەي ئۈمىد بىلەن باقىدۇ. ئادەمنىڭ قەلبى بەختلىك سېزىملار بىلەن تولغان بولىدۇ. لېكىن، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىشمۇ بولدى، پەسكە چۈشىدىغان يولى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پەسكە قاراپ ماڭىدىمۇ، يولمۇ تۈگەشكە باشلايدۇ. ئۆزىمۇ تۈگەيدۇ. چىقماققا ئاستا بولغىنى بىلەن، چۈشۈش تېز بولىدۇ. بۇزرۇك خاننىڭ تازا قىران ۋاقتى. ئادەم قىرانلىق يېشىدا غەم دېگەننى بىلمەيدۇ. كۆڭلى ئۈمىدكە تولغان بولىدۇ. ۋاقتى خۇش ئۆتىدۇ. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئۈمىدلەنگەن نەرسىگە مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدۇ.»

ياقۇپ قوشبېگى مۇشۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ قويدى. ئۆزىنىڭ موللا ئالىمقۇل، خۇدايارخان ۋە موللا مۇسۇلمانقۇللارنىڭ ئالدىدا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن قىرانلىق ئۆمرىگە ئېچىنىپ قالدى. ئۇ ئادەتتە بەزىلەرنىڭ: «ئاتمىشنىڭ قارىسىنى ئالغاندا، ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۆلۈمدىن باشقىسى كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپلا قوياتتى. ئۇنىڭ ئۈمىدلىرى ئەمدىلەتىن ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇرسا، ئۇ نېمىدىن خاۋاتىرلەنسۇن؟ بۇزرۇك خاندەك پازىل ۋەلىيلەرنى خۇدايىم ئۇنىڭغا نېسىپ قىلغان. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇنداق بىر ھۆكۈمراننىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلسام دەپ ئارزۇلاپ كەلمىگەنمىدى؟ مانا گۈزەل ئىستىقبال ئۇنىڭغا

كۆلۈپ بېقىۋېتىپتۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ نېمىشقا بۇنداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسۇن؟ ئەمدى سىدىقبەگكە كەلسەك، دەپ ئويلىدى ئۇ.— بۇ قېپچاقنىڭ ئىشى ھەرقانچە بولسىمۇ گۈلباغ قەلئەسىنى ئېلىشتىن تەسكە توختىماس...

× ×

بىر كۈنى، سىدىقبەگ بۈزرۈك خانغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولۇپ، مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنىڭ قورۇسىغا بېرىپ ئۇنى يوقلىدى. ئۇلار سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. سىدىقبەگ ياقۇپ قوشبېگىنىڭ ئۆزىنى لەشكىرىي ئىشلارغا قول تىققۇزمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— مەۋلانەم، ئانھەزرەت بەدەخشاندىن ئەسكەر ئەپكېلىدىكەن دېگەن گەپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۆزلىرى بۇنى ئاڭلىدىمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— سىلى كىمدىن ئاڭلىدىلا، ۋەزىر ئەزەم؟ — دەپ ھەيران بولدى مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت.

— ياقۇپ قوشبېگىدىن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ تېخى ئەسكەرلەرنىڭ بېشى ئىمىش. ئارقىسىدىن يەنە نەچچە مىڭ لەشكەر كېلەرمىش.

— بۇ گەپ ئىشەنچلىك ئەمەستۇر بەلكىم،— دېدى مەۋلانە.

تۆرەمنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن مەۋلانەمنىڭمۇ ئىچى پۇشۇپ يۈرگەنىدى. «بۇ زات دادىسى جاھانگىر خوجىغا زادىلا تارتمىغان، دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە. — بۇ سىدىقبەگمۇ ئىشنىڭ ئالدى - كەينى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان ساددا ئادەم. ھەي ......»

بىر پەستلىك سۈكۈنات ھۆكۈم سۈردى.

— ۋەزىر ئەزەم جانابلىرى، ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى مەۋلانە موللا مۇھەممەتنىياز خەلپەت، — ياقۇپ قوشبېگىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بار بولمىسۇن يەنە؟

ئۇ سەل توختىۋالغاندىن كېيىن، ئويچان كۆزلىرى بىلەن سىدىقبەگكە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— يۇرتدارچىلىق ئەسلىدىغۇ ئانچە ھەۋەس قىلغۇدەك ئىش ئەمەس. ئۇ شۇنداق بىر نەرسە ئىكەنكى، كۆلدە سىلىق ئۈزۈپ يۈرگەن قېيىقنى كۆرۈپ ھەۋەسى كەلگەن ئادەم شۇ قېيىققا ئۆزى چۈشكەندىن كېيىن نېمىنى ھېس قىلغان بولسا، يۇرتدارچىلىق قېيىقىغا ئولتۇرغان كىشىمۇ ھەر قەدەمدە شۇنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، قېيىققا چۈشكەن ئادەم قاياققا قاراپ ئۈزۈشنى، قېيىقنىڭ ئاستىدا چوڭقۇر سۇنىڭ بارلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارماسلىقى، ئەقىل - ھوشىنى جايىدا تۇتۇشى لازىم.

— بەرگەن مەسلىھەتىڭىزگە كۆپ رەھمەت، مەۋلانەم، — دېدى سىدىقبەگ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — مەنغۇ مەيلى، بولمىغاندا قىرغا چىقىپ كەتسەم بولۇۋېرىدۇ. تۆرەم ئاخىرىدا ھەممىدىن قۇرۇق قالۇرمىكىن!

سىدىقبەگنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەۋلانە موللا مۇھەممەتنىياز خەلپەت مەنىلىك ئىستىھزا بىلەن كۈلۈپ قويدى، ئەمما جاۋاب بەرمىدى.

نەزمە:

يامانغا يار بولغاچ لۇتنىڭ ① جۆرىسى،
بولدى پەيغەمبەرلىك خانىدان ۋەيران.
ئەسھابۇلكەھفنىڭ ② ئىتى نەچچە كۈن
ياخشىلارغا ئەگەشكەچ بولغانتى ئىنسان.

— شەيخ سەئىدى

---

① لۇت — يەنى لۇت ئەلەيھىسسالام. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى يامان ئادەملەرگە يار بولغاچقا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ئائىلىسى ۋەيران بولغانىكەن.

② ئەسھابۇلكەھف — «غار كىشىلىرى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، قۇرئانى كەرىمدە زىكرى قىلىنغان.

# ئالتىنچى باب

## چۆقۇدىكى جەڭ

«ياتقان يېرىڭنى قاتتىق دېمە،
ئىچكەن سۈيۈڭنى ئاچچىق دېمە»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مىلادى 1865 - يىلى 5 - ئاي.

ئەمىر لەشكەر بارگاھىنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتاقلار جىم. ھەممە ئۇيقۇدا. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا يىراقتىن يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلاندى. قارارگاھنىڭ چېتىگە قويۇلغان قاراۋۇل ئاچچىق ئاۋازدا:

— توختا! كىمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى، — ئۇراننى ① ئېيت!

— ئۇران: جۆكتە قۇدۇق! ②

---

① ئۇران — ھەربىي قوشۇندا پارول، مەخپىي ئالاقە بەلگىسى.

② جۆكتە قۇدۇق — موڭغۇلچە «قارا ياغاچلىق قۇدۇق» دېگەن مەنىدە، باغراش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ نامى.

قاراۋۇلنىڭ ئاۋازى يۇمشىدى:

— جۆكتە قۇدۇق بولسا كېلىۋەر. ئاۋازىڭدىن ئىسلام خەلىپىگە ئوخشىتىۋاتىمەنغۇ؟

— ھەئە. ئىسلام خەلىپىمەن.

— بىمەھەل كېلىپ قاپسەنغۇ؟

— مېنى گەپكە تۇتما. ئەمىر لەشكەرگە ئالدىراش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

ئىسلام خەلىپە قاراڭغۇدا ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجىنىڭ چېدىرىنى ئىزدەشتۈرۈپ تاپتى - دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ھەمراھلىرىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ ئاۋۋال ساقچىلارنى ياكى قورۇقچىلارنى ئويغاتماقچى بولۇپ، چېدىرنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوتاققا قاراپ ئۆتۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا، چېدىرنىڭ ئىچى يورۇق ئىكەنلىكىنى، ئىشىك ئورنىغا تۇتۇلغان پەردە ئېچىلىپ، ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجىنىڭ چېدىر ئىچىدىن چىققىنىنى كۆردى. ئىسلام خەلىپە ئەمىر لەشكەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، بىر تىزى بىلەن تىزلاندى - دە، پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئەمىر لەشكەر، مۇنتەزىر قىلغىنىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى، — قالماقلار تۇرپان تەرەپتىن چىققان ئاتلىق ئىككى مانجۇ چېرىكىنى تۇتۇۋاپتىكەن، ئاختۇرسا يېنىدىن ماۋۇ خەت چىقىپتۇ. سىزگە دەرھال ئېلىپ كەلدىم.

— خۇش خەۋەرمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسھاق خوجا تاقەتسىزلىنىپ.

— مانجۇلار يىگىرمە مىڭدەك قارا چېرىكنى قارا شەھەرگە ياردەمگە ئەۋەتىپتۇدەك، — دېدى ئىسلام خەلىپە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تىترەك ئاۋاز بىلەن.

— قېنى، ئىچكىرىگە كىرىڭ!

راشىدىن خوجا كۇچا سەلتەنەتىدە قارار تاپقاندىن كېيىن، كورلىلىقلارمۇ باغى ۋە تاغى بولۇشۇپ، مۇپتى ئاخۇن،

خاتىپ ئاخۇن، قازى ئاخۇن، ھادى ئاخۇن، داۋۇت ئاخۇن، بۈگۈرلۈك سۇموللا تۈڭگانىي ۋە خەلپە ئېرىقلىق ئىسلام خەلپىنىڭ باشچىلىقىدا كورلا دىيارىدىكى مانجۇ دائىرىلىرىنىڭ بېشىغا تىغ تارتىپ چىقىشتى. كورلىدىكى مانجۇلار قوزغىلاڭچىلارغا تەڭ كېلەلمەستىن دەرھال قارا شەھەرگە قاراپ قاچتى. كورلىنىڭ مانجۇلاردىن ئازادلانغانلىقىنى ئاڭلىغان راشىدىن خان خوجا ئىسھاق خوجىنى ئەمىر لەشكەر، مۇھەممەت توختى خەلپىنى قازى ئەسكەر، دانىيال خوجىنى باش مۇشاۋۇر قىلىپ، ئالتۇن نىشانلىق مۆھۈرلەرنى قوللىرىغا تۇتقۇزدى - دە، ئىككى مىڭدەك كۈچالىق غازىلارنى قوشۇپ، ئۇلارنى دەرھال كورلىغا ماڭ- غۇزدى. ئۇلار كورلىغا كېلىپلا قوزغىلاڭچىلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ۋە ئىسلام خەلپىنى ئېلىپ ھايالشىمايلا قارا شەھەرگە راۋان بولدى. تۇغ - ئەلەم، سوتۇق - بايراق، دەھۇل - دۇمباق، ئىرقىيا - ساغداق، توپ - زەمبىرەك، مىلتىق - ياراق، كاناي - سۇناي، داقا - دۇمباقلارنىڭ ياڭرىغان ساداسى بىلەن لەشكەركەشلىك دەبدەبىسى ۋە ھاكىمىيەت داغدۇغىسىدا ھەممە ئادەم خۇشال - خۇراملىق بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، قارا شەھەر دەرياسىنىڭ لېۋىگە كېلىپ تەقمۇ تەق بولۇپ تۇردى.

مانجۇلار دەريادىكى كېمىلەرنى چىقىرىۋېلىپ، زەمبىرەك - مىلتىقلاردىن ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى دەريادىن زادىلا ئۆتكۈزمىدى. كۈچالىقلار بىرنەچچە كۈن ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، مۇشەققەتتى شامالغا سورۇلۇپ، قىلچە نەتىجىسى كۆرۈلمىدى. شۇڭا، ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجا قوشۇننى چېكىنىشكە بۇيرۇپ، قارارگاھنى ئوت ئۇچى دېگەن يەرگە قۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە كورلىلىق پەنساد ئىسلام خەلپىنى دەريادىن كېچىپ ئۆتكىلى بولىدىغان كېچىك ئىزدەپ كېلىشكە ماڭغۇزدى.

ئىسلام خەلىپىلەر كېچىك ئىزدەپ يۈرگەندە، ساغان تۈڭگە ① دېگەن يەردىكى چارۋىچى موڭغۇللار مانجۇلارنىڭ قاراشەھەر ئامبىلىغا يازغان خېتىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئىككى چېرىكنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلارنى كۆچالىق غازدالارغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىۋاتقاندا، ئىسلام خەلىپىلەرگە ئۇچرىغانىدى. ئۇلار مانجۇ چېرىكلىرىنى كېچىلەپ قارارگاھىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىققان خېلىقى خەتتە:

«بىز ئۇلۇغ خاقانىي چىننىڭ يارلىقى بىلەن سىزلەرگە يار ۋە مەدەت بولۇش ئۈچۈن، يىگىرمە مىڭ چېرىك، تۆت يۈز يەتمىش زەمبىرەك، ئىككى يۈز ھارۋا ئوق - دورا ۋە قورال - ياراق، ئۈچيۈز ھارۋا قورۇلغان ماياق ② بىلەن يولغا چىقتۇق. يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇششاقتالغا يېتىپ بارىمىز. شۇڭا ئالدىمىزغا كەڭرى ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئوت - بوغۇز چىقارغايسىزلەر...» دېيىلگەنىدى.

ئەگەر ياردەمگە كېلىۋاتقان يىگىرمە مىڭ قارا چېرىك قاراشەھەرگە يېتىپ كېلىپلا قالسا، كورلىنىڭ قولدىن كېتىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغانلا ئىش ئىدى. كورلا قولدىن كەتسە، كۇچا سەلتەنىتى خەۋپكە ئۇچرايتتى. شۇڭا، ئىسھاق خوجا دەرھال ھەرقايسى قوشلاردىكى پەنسادلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، كېچىلەپ ھەربىي كېڭەش چاقىردى ۋە كېڭەش ئەھلىگە

① ساغان تۈڭگە — موڭغۇلچە «ئاق چىغلىق» مەنىسىدە. چوقۇنىڭ ئۈستىدىكى بىر غولنىڭ نامى.

② ھەربىي يۈرۈشتە ئەسكەرلەر ئوت قالاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يېقىلغۇ.

ئۆزلىرى دۈچ كېلىۋاتقان خەۋپنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:

— بىز زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ چىققانىمىز، — دېدى تەمكىنلىك بىلەن، — قاراشەھەرنى ئاللىساق دارۇ - سەلتەنەت — كۇچا ئامان بولىدۇ. مۇبادا چېكىنسەك، بىزگە ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمايدۇ. شۇڭا، دەريادىن چوقۇم ئۆتۈپ، قارا چېرىكلەر يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى قاراشەھەرنى ئىشغال قىلىشىمىز ۋاجىپ!

ھەممەيلەننىڭ شۈكلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىسلام خەلىپە مۇنداق دېدى:

— ھازىر تاشقىن بولۇۋاتقان چاغ. سۇ قىنىغا پاتماي ئېقىۋاتىدۇ. دەريادىن كېمە بىلەن ئۆتمىسە، كېچىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، باغراش كۆلىنىڭ جەنۇبىي بىلەن ئايلىنىپ ئۇششاقتالغا ئۆتۈپ، ئاندىن كەينىمىزگە يېنىپ قارا شەھەرگە تېگىش قىلساق.

— مۇبادا قارا چېرىكلەر بىزدىن بۇرۇن قاراشەھەرگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟ — دەپ ئىستىھزا بىلدۈردى بىر پەنساد.

— ئەگەر شۇنداق بولسا، ئامال قىلىپ ئۇلارنى شەھەردىن ئالداپ ئېلىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، قارا شەھەر قالماقلىرىنى بىز تەرەپتە تۇرۇشقا كۆندۈرەيلى. دېمىسىمۇ، يەرلىك قالماقلار مانجۇلاردىن جاق - جاق تويۇپ كېتىشتى. شۇڭا، ئۇلارغا قارشى چىشىنى بىلەپ تۇرىۋاتىدۇ!

ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجا پەنسادلارغا بىر نەزەر سېلىۋەتكەندىن كېيىن:

— شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — مۇنداق بولسۇن: ئالدى بىلەن باغراشنى ئايلىنىپ ئۇششاقتالغا بېرىپ، قارا چېرىكلەرنىڭ ئارقىسىغا

ئۆتۈۋالايلى. پۇرسەت تېپىپ، ئۇلارنىڭ چىنداۋۇل ① قىسىملىرىغا شەبخۇن ② ئۇرايلى - دە، قارا شەھەرگە كەتكەن قارا چېرىك-لەرنى ئارقىغا قايتىشقا مەجبۇرلايلى. ئۇلارنى ئالداپ تۈزلەڭ-لىككە چىقىرىۋالساقلا، بىز بىلەن مەيدان ئۇرۇشى ③ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار پىيادە، بىز ئاتلىق قوشۇن. «رۇسمات جەڭ» دە: «پىيادە ئەسكەرلەر تۈزلەڭلىكتە ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن مەيدان ئۇرۇشى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك»، دېيىلگەن. ئاندىن قالسا، دەرھال قارا شەھەر قالماقلىرىنىڭ چوڭى باتمەگە ئادەم ئەۋەتىپ، قالماقلارنى بىز تەرەپتە تۇرۇشقا كۆندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ ئىشقا تۇڭچى ئازنا مەمەت مەسئۇل بولسۇن. ھازىردىن باشلاپ، قالماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق يەرلىك پۇقرالارغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى قەتئىي جاكارلايمەن. مۇبادا، بۇ پەرمانغا كىمەرسىكى خىلاپلىق قىلسا، شۇ كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن. ئەمدى قالغان ئىشلارغا كەلسەك، ئۇنى بىرىنچىدىن ئاللاغا، ئىككىنچىدىن، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان غازىلىرىمنىڭ ھىممىتىگە تاپشۇردۇم. ئامىن!— دەپ دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى.

قوشۇن ئەتىسى باغراش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى داۋۇت دېگەن يەر ئارقىلىق ئۇ قاتقا ئۆتۈپ مېڭىپ، ئالتىنچى كۈنى قۇرۇقتاغ ياقىسىدىكى جۆكتە قۇدۇق دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلاردېمىنىمۇ ئالماستىن يەنە دەرھال ئاتلىنىپ، ئۇشاقتالنىڭ ئايىقىدىكى خوتۇن قۇدۇق دېگەن يەرگە كەلگەندە، كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەتىسى ئىراۋۇلچىلار شىنجىڭزى دېگەن يەردە مانجۇلارنىڭ بارگاھىنىڭ سىزىلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۇدا

① چىنداۋۇل قىسىملىرى — ئارقىدا ماڭغۇچى، ئارقا سەپ قىسىملىرى.

② شەبخۇن — كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم.

③ مەيدان ئۇرۇشى — تۈزلەڭلىكتە بولىدىغان پوزىتسىيىلىك ئۇرۇش.

ياغقان يامغۇردا بۇ قارا چېرىكلەرنىڭ ھەممە ئىسۋابلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن، زەمبىرەك، مىلتىق - ياراقلىرىمىزمۇ ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇلارنى قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ، ئۆزلىرى بىپەرۋا ياتقانىكەن. ئۇلار قاراڭغۇدا كۈچالىق غازىلارنى پەرق ئېتەلمەي، «بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۇزۇن - تولۇك ئېلىپ چىققان ئادەملەر ئىرخشايدۇ» دەپ، بىخەم يېتىۋېرىشتى. شىنجىڭزى دېگەن يەردە بارگاھ قۇرۇپ يېتىشقان بۇ قارا چېرىكلەر قارا شەھەرگە يارەمگە كەلگەن ھېلىقى يىگىرمە مىڭ قارا چېرىكنىڭ ئارقا سەپ قىسمى ئىكەن.

ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجا مانجۇلارنىڭ مەگدەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، شەبخۇن ئۇرماقچى بولدى - دە، قوشۇنغا دەرھال يېيىلىپ، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى. ئىسلام خەلىپە پەنساد قولىدىكى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، تولپارىنى دىۋىتىپ، جەۋلانبازلىق قىلدى - دە، قىلىچۋازلىققا چۈشۈپ كەتتى. «چاپ! چاپ!» دېگەن ئاۋازلار، «ھازىر بول!»، «ۋاقىپ بول!» دېگەن قىقاس - چۇقانلار ۋە توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ پەرياد - پىغانى پەلەكتىن ئۆرلىدى. باتۇرلارنىڭ قىلىچى زەربىدىن پايانسىز چۆل لەرزىگە كەلدى، رويى زېمىن، تاغۇ - تاشلار تىترىدى. قىلىچلاردىن چىققان ئوتلار ئەتراپقا چاچرىدى. ئىسلام خەلىپە بىر مانجۇ سەردارىغا ھۇجۇم قىلىپ ئات سېلىپ بېرىۋېدى، ھېلىقى مانجۇ سەردارىنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ بىر كىشنىدى - دە، ئالدى پۇتلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تىكلىنىپ قالدى. مانجۇ چېرىكلىرى كۈچالىق غازىلارنىڭ شەبىخۇنىدا مەگدەپ تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما تېزلىكتە ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشتى ۋە ئىسھاق خوجىنىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى دادىللىق بىلەن ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. ئاخىرى، ئۇلارنى كەينىگە چېكىندۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئىش ئەمدىلىكتە تەتۈرىسىگە

قاراپ مېڭىۋاتاتتى.

ئىسھاق خوجا قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتىنى سول قاناتقا، سول قانىتىنى ئوڭ قاناتقا يۆتكەپ، سەپنى تۈزىدى ۋە قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاللادىن مەدەت تىلەپ، لەشكەرلىرىنى غازاتقا تەرغىپ قىلىپ رىغبەتلەندۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا يىغا - زارە قىلىشىپ: «قالساق غازى، ئۆلسەك شېھىت» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنى قارا چېرىكلەرگە شۇنداق ئۇرغىلى تۇردىكى، ئەيىۋەھەنناس! ئالەمنى قورال - ياراقلارنىڭ تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازلىرى قاپلىدى، ئۆلۈكلەر دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كەتتى، قارا چېرىكلەرنىڭ باشلىرى قارا تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار قول - پۇتلىرى ئۈزۈلگەن ھالدا تەرەپ - تەرەپتە يېتىشاتتى. ئىسلام خەلىپە ھېلىقى مانجۇ سەردارغا قىلىچ سىلىغۇدى، سەردارنىڭ ئوڭ مۈرىسى بوراندا يېرىلغان دەرەخ شېخىدەك ساڭگىلاپ قالدى، ئىسلام خەلىپە يەنە بىر قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سويىسىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ چۈشۈردى. تاڭ سۈزۈلگەندە، غازىلارنىڭ قىلىچ كۆتۈرگۈدەك ھالى، نەيزە ئۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن ئۇچقان چاڭ كۈنچىقىش بىلەن كۈنپېتىشنى تۇراپ قويىدى، تۇلپارلاردىن ئاققان تەر ئېرىق بولۇپ ئاقتى. ئاقىۋەت، زەپەر ئىشىكى ئىسھاق خوجىنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپتىن ئېچىلدى. بىر كېچە ۋە بىر كۈندۈز كۈچلۈك قارا چېرىكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى تازىلىدى. مانجۇ چېرىكلىرىدىن بىرەر مىڭدەكى قېچىپ قۇتۇلغاندىن سىرت، باشقىلىرى تامامەن يوقىتىلدى.

كۈچا غازىلىرى ئۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، سۇ ئىچىشكە ۋە تائام يېيىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە بىرئاز سەرەمجان بولۇپ، غىزالىنىشقا تۇتۇش قىلىپ تۇراتتى، تېۋىلغا دېگەن

يەرگە قارا چېرىك كېلىپ چۈشتى، دېگەن خەۋەر كەلدى. ئەسلىدە، ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قارا چېرىكلەرنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرى بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن قاراشەھەرگە ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدى شەھەرگە كىرگەن، كەينى تېخى لىشىخۇ دېگەن يەرگە ئەمدىلەتىن يېتىپ بارغاندا، مانجۇ ئەمىر لەشكىرى چىنداۋۇل قىسمىنىڭ تۈيۈقسىز زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ياردەمگە ئىراۋۇل ① قىسىم ئەۋەتكەنىكەن. كۈچا غازىلىرىنىڭ كېلىدىن يا تاماق ئۆتمىدى ۋە يا باشقا ئىشلارنى خىيال قىلىشقىمۇ پۇرسەت بولمىدى. ئۇلار بىر نىيەت، بىر ئىتتىپاق بولۇپ، دەرھال ئاتلىنىپ، ئوتتۇز يول بېرىسىدىكى چۇقۇرغا كەلگەندە، ئىراۋۇلچى قارا چېرىكلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار مەيدان جېڭى قىلىش ئۈچۈن، كونىشەھەر ياقىسىدىكى تۇزلەڭلىكتە سەپلىرىنى تۈزەشكە كىرىشىپ كەتتى.

× ×

يازنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان ئىسسىق ھارارىتى ۋادىدىن تاغ باغرىغا كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ياقنى جەزىرىمە قاپلىغانىدى. خۇددى شامال ئەبەدىي كۆچىسىزلىنىپ توختاپ قالغاندەك ھاۋا ھەرىكەتسىز ئىدى. كۈن خۇددى پەرداز بېرىلگەندەك پارقىراپ تۇراتتى. پەقەت ئۇنىڭ تەكشى ئالتۇن يۈزىدىلا ئاندا ـ ساندا، خۇددى ئەينەككە پۈۋلىگەندەك كۆزگە ئارانلا تاشلىنىدىغان سايىلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھەممە نەرسە كۆيۈپ تۇرغان ئاپتاپتا بىر ئىقىمدا جىمجىتلىقنا چۆككەنىدى.

① ئىراۋۇل قىسىم — ئالدىن يۈرەر قىسىم.

يالغۇز قۇرغۇي ئاسماندا پەرۋاز قىلاتتى. پاتمىچۇقلار①
كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئاپئاق تاش ئۈستىدە قېتىپ قېلىشقانىدى.
تاغلاردىكى ئاپئاق قار ۋە كۆك مۇزلار ئېرىۋاتاتتى. ۋادىغا
سۇ ئېلىپ كېلىدىغان چۇقۇ ئېقىنى سۇغا لىق تولغانىدى.

چۇقۇ ئېقىنىنىڭ بويىدىكى تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقان
بۇ يېزا ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئاران ئەللىك تۈتۈن بار
ئىدى. كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قاراپ سوزۇلغان ئەگرى -
بۈگرى هارۋا يولى بۈككىدە ئۆسكەن قارىياغاچلىقنىڭ ئارىسىدا
كۆزدىن غايىب بولاتتى. ئېرىق بويىدا قاتار ئۆسكەن توپ
تېرەكلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە پەيدا بولۇپ، يىراقلارغا سوزۇ-
لۇپ بېرىپ كۆزدىن يۈتەتتى. تېرەكلىك ئارىسىدا يېزا
مەسچىتىنىڭ پەشتىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

هازىر دەل پېشىن ۋاقتى ئىدى. پەشتاق تەرەپتىن
«ئەشەدۇنلا ـ ئىلاهە ئىللەللا...» دېگەن ئەزان ئاۋازى ئاڭلانىدى.
ئەزان تولىمۇ ئاستا ئېيتىلىۋاتاتتى — مەزىن بەك قېرىپ
كەتكەنىدى. شۇڭا، ئاۋازىنى ئۇنىڭ بىر ئۆزىدىن بۆلەك
باشقا ئادەملەرنىڭ ئاڭلىمىقى قىيىن ئىدى.

مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، توخۇمنىڭ قۇمدا قالغان
ئىزىنىڭ شەكلىنى ئەسلىتىدىغان سوزۇنچاق بىر كۆل بار ئىدى.
كۆلنىڭ نېرىقى قىرغىقى تاشلىق ۋە ياپيالىڭاچ ئىدى.
باغلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن بۇ تەرىپىنى بولسا قېلىن ئۆسكەن
ئوتلار قاپلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قېرى قارىياغاچنىڭ

① پاتمىچۇق — كەسلەنچۈكنىڭ بىر خىلى.

قارامتۇل سارغۇچ كەلگەن يۇمىلاق يىلتىزلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. كۆلگە يۇقىرىدىن ئىككى تاغ ئېرىقى كېلىپ قۇيۇلاتتى. بۇ ئېرىقلارنىڭ بىرى جۇلۇگەننىڭ ئېرىقى ① دېيىلەتتى. يەنە بىرى كۇڭجيانىڭ ئېرىقى ② ئىدى.

چۇقولۇقلارنىڭ تۇرمۇشى ھەرقانداق بوران - چاپقۇنلاردىن ۋە غەم - ئەندىشىلەردىن يىراق بولۇپ، خۇرجا خەنزۇلار ③ بىلەن خۇيزۇلارغا ئىجارە ھەققىنى تۆلەپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ كۈنى تۈپتۈز يولدا ھېچقان- داق كاتاڭغا ئۇچرىماي، چايقالماي سىلىق كېتىۋاتقان كۆتەك ھارۋىغا ئوخشايتتى.

بۇ يەر قىرىق خولۇق كىچىك يۇرت ھېسابلانسىمۇ، ئەمما، تارىخى بەك ئۇزاق، بەك كونا بىر يۇرت ئىدى...

× ×

مىلادى 640 - يىلى (تىمساھ يىلى) قوزا ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى. شەرق تەرەپ ئاقىرىپ كېلىپ، يېڭى بىر كۈن باشلاندى.

بۇككىدە ئۆسكەن قارىياغاچلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىنى يېرىپ ئۆتكەن چوڭ يولدا يۈك - تاق ئارتىلغان ئاتلىرىنى يېتىلىگەن

---

① شۇ زامانلاردا چۇقونىڭ قىرىق خولۇق يېرىنى ئىگىلىۋالغان بىر خەنزۇ پومېشچىكنىڭ ئېرىقىنىڭ نامى.

② كۇڭ فامىلىلىك بىر خۇيزۇ پومېشچىكنىڭ ئېرىقىنىڭ نامى.

③ خۇرجا — تېرىقچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان كۆچمەن خەنزۇ ئاھالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆت — بەش ياياق يولۇچىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. قارىغاندا، ئۇلار كېچىلەپ يول يۈرگەن بولسا كېرەك.

— توختا! — قوۋۇقنىڭ ئۈستىدىكى ساقچىنىڭ بوغۇق، ئەمما سۈرلۈك ئاۋازى ئاڭلانغاندا، ھېلىقى يولۇچىلار سېپىل ئالدىدىكى خەندەكنىڭ بويىغا كېلىپ بولۇشقانىدى.

— نەدىن كەلدىڭلار؟ گۇمرۇك تەمتىكىڭلار ① بارمۇ؟

— كېنگىتتىن ② كېلىۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى يولۇچىلار ئىچىدىكى ئورۇق، ئېگىز بىرى، — بىز ئۇلۇغ تاڭ ئېلىنىڭ پۇقرالىرى. قولىمىزدا گۇمرۇك تەمتەك بار.

— ئۇنداق بولسا، مەن كىرىپ قوۋۇقچىباشىغا مەلۇم قىلاي. سەل تەخىر قىلىپ تۇرغايسىلەر! — دېدى ساقچى ۋە قوۋۇق ئۈستىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بىر ھازادىن كېيىن، زەنجىرنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارتىپ قويۇلغان كۆۋرۈك تاراقلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا پولات بىلەن قاپلانغان ئېغىر قوۋۇق دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتى گۈلدۈرلەپ ئۇلۇق ئېچىلدى. ھەيۋەتلىك قوۋۇق ئىچىدە زىرىھ - ساۋۇت، پولات دۇبۇلغا كىيگەن، مەيدىسىگە پارقىراپ تۇرغان مىس كۆرگۈ تاقىغان، قوللىرىدا ۋالىلداپ تۇرغان يالىمانلىق سۈڭگۈ ③ تۇتقان، يانلىرىغا ئەگرى قىلىچلارنى ئاسقان ئىككى ھايىل ④ چېرىك ئىككى تەرەپتە تىك تۇراتتى. سەپنىڭ ئەڭ بېشىدا تۇرغان بىر چېرىك كۆك بۆرىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىزىل بايراقنى تۇتۇپ تۇراتتى.

---

① گۇمرۇك تەمتەك — قەدىمكى زاماندا بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە بارغاندا ئېلىپ ماڭىدىغان يولخېتى.

② كېنگىت — قارا شەھەرنىڭ قەدىمكى نامى.

③ سۈڭگۈ — نەيزە.

④ ھايىل — قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قوشۇنلىرىدا ئەڭ كىچىك بىرلىكنىڭ نامى. بىر ھايىلدا ئادەتتە 12 كىشى بولاتتى.

بېشىغا پولات دۇبۇلغا، ئۈستىگە زەنجىر قۇياق (زىرىھ) كىيگەن، كۆكرىكىگە پولات مەيمەنە (قەلب) ئەينەك تاقىغان، يېشى ئوتتۇزلاردا بار ئىگىز بويلۇق، تەمبەل بىر سىپاھ — قوۋۇقچىباشى بولسا كېرەك — ھىلىقى يولۇچىلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

يولۇچىلار ئارىسىدىكى ھىلىقى ئىگىز، ئورۇق يولۇچى — ئېھتىمال مۇشۇ يولۇچىلارنىڭ چوڭى بولسا كېرەك — دەرھال سەپەر خالتىسىدىن گۈمرۈك تەمتەكلىرىنى چىقىرىپ، ھىلىقى سىپاھقا ئىكرام بىلەن ئىككى قوللاپ سۇندى.

گۈمرۈك تەمتەككە لاچىننىڭ كۆمۈشرەڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. بۇ، شۇ زامانلاردا ھەرقايسى ئەللەر ئارا ئالاقىدە گۈمرۈك — ئۆتكەللەردىن ھايالسىز ئۆتۈشتە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك ئورتاق بەلگە ئىدى. يولخېتىدە، ئۇيغۇرچە (تۈركچە)، سوغدىچە ۋە خەنزۇچە ئۈچ خىل يېزىقتا: «ئۇلۇغ كۈنچىقىش ئېلى — تاۋغاچ ئېلىنىڭ خاقانىدىن سالام. ئۇشبۇ مەكتۇپنى كۆرسەتكەن مەزكۇر كىشىنىڭ خاقانلىقىمىزنىڭ پۇقراسى، راھىب شۈەنزاڭ ① ئىكەنلىكى بەرھەق. ئۇل زات بۇددا نوم — سۇترالىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئەنەتكەك ② ئېلىگە سەپەر قىلدى. ئىناق قوشنىدارچىلىق يۈزىسىدىن مەزكۇر شۈەنزاڭ مۇبادا مۇبارەك ئېلىڭىزگە بېرىپ قالسا، يول بويىدىكى گۈمرۈك — ئۆتكەللەردىن ئامان — ئېسەن ئۆتۈشكە يول بېرىلىشىنى ئىلتىجا قىلىپ، ئۇشبۇ گۈمرۈك — تەمتەك بېرىلدى» دەپ يېزىلغانىدى. يولخېتىنىڭ ئۈستىگە كۆنۈپتىش ئەللىرىدىكى ھەرقايسى گۈمرۈك — ئۆتكەللەرنىڭ مەمۇرلىرىنىڭ: «ئۆتۈشكە ئىجازەت بېرىلدى» دېگەن مەزمۇندىكى قىزىل سۈرۈقلۇق تامغا — مۆھۈرلىرى قاتار بېسىلغانىدى.

---

① شۈەنزاڭ — (664—602) يەنى تاڭ شۈەنزاڭ. «غەربكە ساياھەت» تىكى تاڭ راھىبى تاڭ سېڭنىڭ پروتوتىپى.

② ھىندىستان.

— مەرھابا، ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلىنىڭ مېھمانلىرى، — دېدى ھېلىقى سىپاھ ئۇلارنىڭ تەمتەك خەتلىرىنى بىر-بىرلەپ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، — چۇقۇ ئېلى① سىلەرنى قارشى ئالىدۇ! ئۇ، ئۇلارنى قوۋۇق ئىچىگە باشلىدى ۋە ھايىل باشىغا تاڭ ئېلىدىن كەلگەن بۇ مېھمانلارنى دۆلەتلىك مۇساپىرخانىلاردىن بىرىگە باشلاپ بېرىپ، ئۇبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

باھارنىڭ غۇبارسىز، كۆك، تىنىق ئاسمىنىدا قۇياش خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى زېمىنغا تەكشى سېپىشكە باشلىدى. شەھەرنىڭ سىنتاش يېيىتىلغان ئازادە كوچىلىرى سۈپۈرۈلۈپ پاكىزە تازىلانغان، تەكشى سۇ سېپىلگەنىدى. كوچا - كويلار ھەيۋەتلىك بېزەلگەن، شەھەر ئىچىدىكى ھەرقايسى مۇراسىم دەرۋازىلىرىغا يىپەكتىن دەرپەردىلەر ئېسىلغانىدى. تاڭ ئېلىدىن كەلگەن مېھمانلار شەھەر مەركىزىدىكى بىر تۆپىلىككە جايلاشقان دۆلەتلىك بىرىنچى مۇساپىرخانىغا چۈشۈشتى.

ئۇردا تەرەپتىن كاناي، بۇرغىلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى، ناغرا - دۇمباقلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى. تاڭ ئېلىدىن كەلگەن بۇ مېھمانلار ھەيرانۇ - ھەس بولۇشۇپ، مۇساپىرخانىنىڭ بالىخانىسىدىن كوچىغا قاراپ ئېچىلغان بىر دېرىزە ئالدىغا كېلىشىپ، ئوردىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلغانلىقىنى كۆردى.

قاتمۇقات سىپاھ - ساقچىلارنىڭ ھىمايىسىدە، ئون ئىككى دانە باغراش ئارغىمىقى قوشۇلغان، ئېگىزلىكى ئون ئىككى گەز،

① چۇقۇ ئېلى — خەنزۇلارنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە 危须国 دەپ خاتىرىلەنگەن، ئۇ قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى ئىدى.

كەڭلىكى ئالتە گەز كېلىدىغان شاھ مەپە خاقان ئوردىسى ئىچىدىن تاراقلاپ چىقىپ كەلدى. بۇ شاھ مەپىنىڭ ھەممە يېقى ئالتۇن - كۈمۈش، بىللۇر، سەدەپ، ھېقىق، كەھرىۋا ۋە مارجان قاتارلىق يەتتە ئېردەنى ① بىلەن ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بېزەلگەن. مەپىنىڭ توقا شادىلىرىغا ئۇدۇن شايىسىدىن قىلىنغان تۇغ - ئەلەملەر قادالغان، ئۈستىگە قەشقەر يىپەكىدىن سايىۋەن تۇتۇلغانىدى. شاھ مەپە ئىچىدە ئولتۇرغان خاقان بىلەن تۈركان خاتۇن ئۇلۇغ تەبەسسۇم بىلەن ئاۋامغا كۆرۈنۈش قىلغاندا، ئەتراپتا بىردىنلا شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلدى:

— كۆك تەڭرىدىن قۇت بولمىش، ئۇلۇغ چۇقۇ ئېلىنىڭ خاقانىغا مىڭ، مىڭ، مىڭ مۇبارەك!

— گۈزەل تارىم، تۈركان خاتۇنغا مىڭ، مىڭ مۇبارەك!

شاھ مەپىنىڭ كەينىدىن ئون باغراش ئارغىمىقى قوشۇلغان، ئېگىزلىكى ئون گەز، كەڭلىكى تۆت گەز كېلىدىغان، توقا شادىلىرىغا خوتەن شايىسىدىن تۇغ - ئەلەملەر ئېسىلغان، كۈمۈش، بىللۇر، سەدەپ، ھېقىق، كەھرىۋا، مارجان ۋە ساپال مونچاقلار بىلەن بېزەلگەن ۋەلىئەھد مەپىسى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدا چاغرى تېكىن ئولتۇرغانىدى. ۋەلىئەھد مەپىسىنىڭ كەينىدىن ئايچېچەك قۇنچۇيى ئولتۇرغان ياسداق مەپە كۆرۈندى. ئارقىدىنلا ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمىر - ئەمرالار، ئەكابىر - ئەشرەپلەر، بۇقرايۇ - پەقىرلەر تۈرنىدەك تىزىلىشىپ يېتىپ كېلىشتى. مانا مەملىكەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئون ئىككى مىڭ كىشىلىك بارگاھ قوشۇن رەتلىك سەپ تارتىپ، دەبدەبە، ئەسئەس بىلەن يېتىپ كەلدى. قوشۇن ئالدىدا تامامەن بوز رەڭلىك باغراش ئارغىمىقىغا مىنگەن ئۈيغۇر يىگىتلىرى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن چاپانلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇپ، بەلباغلىرىغا پىچاق - قىلىچ ئېسىۋالغان، سۆڭگۈ - ئايپالتا كۆتۈرۈشكەن

① ئېردەنى — سانسكرىتچە «گۆھەر» دېگەن مەنىدە.

چىگىل پىيادىلىرى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن توخرى ياللانمىلىرى كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارغا باغراش ئارغىمىقى مىنگەن، دوبۇلغىسىنىڭ كۆزلۈكى تۈۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ئۈستىگە ئېغىر قويۇق ساۋۇت كىيگەن بىر تۈرك سۇتنە باشى سەردار ئىدى.

كۆز ئالدىدىكى بۇ دەبدەبىلىك مەنزىرىگە ھەيران بولغان شۆەنزاڭ:

— بۈگۈن قەدىمىمىز قۇتلۇق بولۇپتۇ، — دېيىشىگە، مېھمانلارغا داستىخان سېلىۋاتقان مۇلازىم:

— ھەئە، بۈگۈن قۇتلۇق نورۇز بايرىمى كۈنى. خاقانىمىز بىلەن تۈركان خاتۇن پۈتۈن مەملىكەتكە نورۇز ئېشى بەرمەكچى. بۈگۈن ئەر - ئايال، قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك، پۇقرايۇ پەقىر، دەھرى - راھىپلار ھەممەيلەن شادلىققا چۆمىدىغان قۇتلۇق كۈن، — دەپ جاۋاب بەردى.

شۆەنزاڭ «نورۇز بايرىمى» دېگەن گەپنى كوچىلاپ سوراپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تىلىنى تىيىپدى. ئاڭغىچە تاماق تەييار بولۇپ قالدى، ئۇلار تاماقنى يېيىشىپ بولغاندىن كېيىن، بىر پەس ئۇخلىۋېلىشتى، ئاندىن رەستە - گۈزەرلەرنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىشتى.

شۆەنزاڭ رەستە ئارىلاپ كېتىۋاتقانىدى، كۆزى كوچىنىڭ جەينىكىگە جايلاشقان بىر دۇكان ئالدىغا ئولىشىۋالغان ئادەملەرگە چۈشتى. ئۇ قىزىقىپ ھېلىقى بىر توپ ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ قارىسا، بىر ئەجنەبىي دۇكاندىن بىر كىتابنى سېتىۋالماقچى بولۇپ، باھادا پۈتۈشەلمەي تۇرغانىكەن. دۇكاندا ئۇيغۇرچە، تۇخرىچە، خەنزۇچە ۋە سانسكرىتچە تىل - يېزىقتىكى ھەر خىل كىتابلار سېتىلىدىكەن. ئۇ دۇكان خوجايىنىدىن «نورۇز بايرىمى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب بارمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، خوجايىن كىتابلار ئارىسىدىن سوغدىچە يېزىلغان

«نورۇز ھەققىدە رىسالە» دېگەن بىر نېپىز كىتابنى ئېلىپ بەردى. شۆەنزاڭ بۇ رىسالىنى يۈز يارماققا سېتىۋالغاندىن كېيىن، كەچكىچە كوچا ئايلاندى. ئۇ بىر ئاشپۇزۇلدا تاماق يەپ چىققاندا، خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى. كۈن ئاستا - ئاستا تۈن غىلاپىغا كىرىشكە باشلىدى. كۆكنى يۇلتۇزلار قاپلىدى. ئاسمان خۇددى قازاننىڭ كۈيسىدەك قاپقارىڭغۇ-لۇق ئىچىگە چۆكۈشكە باشلىدى.

بۈگۈن شۆەنزاڭ رەستە ئارىلىغاچ بۇ ئەل توغرۇلۇق كۆپ مەلۇماتلارغا ئېرىشتى. ئۇ مۇساپىرخانىغا قايتىپ كەلگەن-دىن كېيىن بىر قۇر يۇيۇندى، ئاندىن شىرە ئالدىغا ئولتۇرۇپ، شام يورۇقىدا ھېلىقى رىسالىنى كۆرۈشكە باشلىدى. كىتابتىكى نورۇز ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەت ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. رىسالىدە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، كۆك تەڭرىسىنىڭ زېمىن قىز دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، لاتاپەتتە يېگانە بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىزنىڭ بىر جىلۋىسى ئالەمنى ئاجايىپ بىر سېھىر بىلەن پەردازلاپ بېزەۋېتىدىكەن ھەم ئۇخلىغان ھېس-تۇيغۇلارنى ئويغىتىدىكەن. لېكىن، زېمىن قىز باشقىلارغا زوق بېرىپ، ئۇلارنىڭ جانلىرىنى يايراتقىنى بىلەن، ئۇنىڭ جېنىنى يايرىتىدىغان جۈپتى بولمىغاچقا، بارا - بارا جۇدەپ، ئاخىرى قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ، چاچلىرىمۇ ئۇچتەك ئاقىرىپ، شالاڭلاپ، چىرايلىرى زەپىرەندەك سارغىيىپ، يۈرىكى مۇزلاپ، ۋۇجۇدى سوۋۇپ، خاك - تۇپراقتا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. كۆك تەڭرىسى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئېچىنىپ، ئۇنىڭ باغرىنى ئىللىتىپ قايتىدىن ھوشىغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، ھارارەتلىك قۇياشنى ئاپىرىدە قىلىپتۇ. قۇياش ئاتەش نۇرىنى زېمىن قىزغا سېخىيلىك بىلەن ئايىماستىن چېچىپتۇ. بىراق ئۇ يەنىلا ئىللىماپتۇ، ھەتتا قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ. قۇياش نۇر چېچىپ،

نۇر چېچىپ، ئاخىرى ھېرىپ كەچلىرى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كۆك تەگرىسى يەنە ئاينى، يۇلتۇزلارنى يارىتىپتۇ. ئاينىڭ جۇلالىق نۇرلىرى، چاراقلاپ يانغان شوخ يۇلتۇزلارنىڭ چاقچاقلىرىمۇ ئۇنىڭ توڭلىغان، ئىللىقلىقىغا قانماي، قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولغان مىسكىن دىلىنى يورۇتالماپتۇ، ئۇنى ئويغىتالماپتۇ. كۆك تەگرىسىنىڭ بۇ ئىشتىن بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپتۇ. ئاخىرى زېمىن قىزنى باشقا بىر يول بىلەن ئويغاتماقچى بولۇپتۇ - دە، كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن سائەتتە نوروز ئىسىملىك بىر نۆۋەر، قاۋۇل، مەرد يىگىتنى ئاپىرىدە قىلىپتۇ.

نوروز يىگىت ئاپىرىدە بولۇپ، تۇنجى قېتىم زېمىن قىزنىڭ ھۇزۇرىغا مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن يېتىپ كېلىشى ھامان، زېمىن قىز شېرىن مۇھەببەت شەپىسىدىن بىر قاتتىق تەشنالىق ئىچىدە ئويغىنىپتۇ ۋە نوروز يىگىتنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ سائەت، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ياشىرىپ، ئالدىراش ياسىنىشقا باشلاپتۇ. ئۆز قەلبىنى بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق سايرىشى بىلەن ئىزھار قىلىپتۇ. نوروز يىگىتمۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە شەيدا بولۇپتۇ. ئۇلار شۇنداق ئىجىل بولۇشۇپ كېتىپتۇكى، ھاي - ھاي! زېمىن قىزنىڭ توڭلىغان ۋۇجۇدى ئىللىپ، باغرىدا نوروز يىگىتنىڭ ئىللىق مېھرى ئېقىپتۇ. زېمىن قىزنىڭ باغرىدا چوغلۇق گۈللىرى ئېچىلىپ، ھىجراندىن سارغايغان يۈزىدە پەيدا بولغان كۈلكە جىلۋىسىنى، كۆڭۈل شادلىقىنى نامايان قىلىپتۇ. زېمىن قىزنىڭ نوروز يىگىتنىڭ بەرنا بويلىرىغا چىرماشقان تال چىۋىقتەك چاچلىرى بوستانلار ئارقىلىق، زېمىن قىزنىڭ تولغان چىرايلىقىنى كۆكسى يۇمشاق ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان چوققىلار ئارقىلىق، يۇمشاقلىقىنى باغرى يومران چىمەنلەر ئارقىلىق، ھەر خىل ناز - كەرەشمىلىك جىلۋىدار يۈزى غۇنچە تۇزۇشكە

تەييارلىنىۋاتقان ۋە باھارغا تەقلىنىپ، يۈزلىرىگە ئەگىلىك سۇۋاپ ئالدىراش تەييارلىنىۋاتقان گۈلزارلىقلار ئارقىلىق نامايان بولۇپ، جاھانغا مەغرۇرلۇق بىلەن جۇلالىق ھۆسىنىنى ئېچىپ كۆلۈپ بېقىپتۇ. زېمىن قىز يار ۋەسلىدىن مەستخۇشلۇق ئىلكىدە يىلاندەك تولغىنىپتۇ، تومۇرىدا ئاققان سۇلار كۆۋەجەپ پەلەككە دولقۇن ئېتىپتۇ. كۆك تەڭرى ئۇلارغا قاراپ ھاياجاندا كۆزلىرىدىن ئۈنچە-مارجاندەك ئىككى تامچە ياش تۆكۈپتۇ. بۇ ياش ئەمەس، كۆك تەڭرىنىڭ ئۇلارغا سوۋغاتلىق ئۈچۈن بەرگەن بىر جۈپ رەڭدار ئېردەنىسىكەن. ئۇ ئىككىسى، كۆپ رەھمەتلەر بىلەن ھېلىقى بىر جۈپ ئېردەنىنى بىردىن بويۇنلىرىغا ئېسىشىپتۇ. ئۇلار تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. زېمىن قىزنىڭ رۇخسارى بۇ يۈك-سەك مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتتىن تېخىمۇ تولۇپ، تېخىمۇ يارقىنلىشىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ئىككىسى بىللە بولۇپ، شۇنداق شېرىن مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈپ يۈرگەندە، ھەش-پەش دېگۈچە بىر پەسىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. زېمىن قىز تېخىمۇ گۈللەپ-ياشناپ ۋايىغا يېتىپتۇ. يەنە بىر پەسىل كەپتۇ. ئۇنىڭ باغرىدىكى ئالما، ئانار، ئەنجۈر، گىلاس... لار شىرنىسە يىغىپ، بىرىسىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پىشىشقا باشلاپتۇ. ئاشىقلارنىڭ ۋىسال ۋەسلىنىڭ كارامىتىدە، ھوسۇللاردىن تاغ ياسىلىپ، پۈتكۈل جانلىق مەۋجۇدات شادلىق ناۋاسىغا چۆمۈپتۇ. بىراق، ھەر ئاشىقنىڭ ھىجران پەسلى بولىدىكەن. كۆك تەڭرىسى ھەم ئۇ ئالەمنىڭمۇ، ھەم بۇ ئالەمنىڭمۇ تەڭرىسى بولغاچقا، بۇ ئالەمدىكى جانلىقلارنىڭ كۆچلۈك تەقەززاسى، باھارغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، نورۇز يىگىتنى ھەر يىلى بىر پەسىل بۇ ئالەمنى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپتۇ. ئۇلار ياش تۆكۈشۈپ ئايرىلىپتۇ. زېمىن قىز ھىجران ئازابىغا چىدىماي، چاچلىرىنى

يۈلۈپ ناله قىلىپ يىغلاپتۇ. نورۇز يىگىتمۇ ئەلەم ئىچىدە ئازابلىق، كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە كېتىپتۇ... زېمىن قىزنىڭ بارا ـ بارا ھايات گۈللىرى سولىشىپ سارغىيىپتۇ ۋە ئىللىق باغرى ھىجران دەستىدىن قايتا مۇزلاپ، ئۆزى بىھوش بولۇپ يەنە قېتىپ قاپتۇ، ھۆسنىمۇ يوقاپتۇ.

شۇنىڭدىن بېرى، ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە، كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەندە، نورۇز يىگىتنىڭ كېلىشىگە، زېمىن قىز ئاندىن ھوشىغا كېلىپ، ھۆسنىگە تولۇپ، بۇ ئالەمدىكى پۈتكۈل جانلىق مەۋجۇداتلارنى ۋىسال ۋەسلى بىلەن كۈلدۈرىدىكەن. نورۇز يىگىت كەتكەندە، تەبىئەتنىڭ زېمىستان كۈنى ھاسىل بولۇپ، ئىللىق يۈرەكلەرنى مۇزلىتىدىكەن....»

ئەتىسى، شۈەنزاڭلار ئۆزلىرى چۈشكەن تەكيەخانا① بېگىنىڭ ھەمراھلىقىدا، باغراش كۆلىنى سەيلە قىلىشقا باردى. ئۇلار كۆل بويىغا ئەمدىلەتىن كېلىپ تۇرۇشقانىدى، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتتى ۋە خۇددى مېھمانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، باھارنىڭ ئۆتكۈنچى يامغۇرى كۆل يۈزىگە تەكشى سۇ سېپىپ ئۆتتى. بىر ئازدىن كېيىن، ھېلىقى قارا بۇلۇتلارنىڭ چەتلىرىدىكى ئاق بۇلۇتلار ئاستا ـ ئاستا تاراپ باھارنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرى كۆلنى قىپقىزىل يورۇتۇۋەتتى. كۆل يېنىدىكى تاغنىڭ بەزى يېرى كۆپكۆك، بەزى يېرى بېغىررەڭ، بەزى يېرى ياپيېشىل بولۇپ كۆرۈنەتتى. سۇغا ئېگىشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان مەجنۇنتاللارنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرى خۇددى سۇدا يۇيۇپ تازىلىغاندەك ياپيېشىل بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. كۆل ياقىسىدا، ئۇن نەچچە تال نىلۇپەر گۈلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غوزەكلىرىدىن سۈزۈك سۇ تامچىلاپ تۇراتتى.

① تەكيەخانا ـــ مېھمانخانا.

نېلۇپەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى سۇ مونچاقلىرى سىمابتەك لىغىرلاپ تۇراتتى. شۇەنزاڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ، قەدىمكىلەرنىڭ: «ئادەم رەسىم ئىچىدە تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدى ــ دە، بۇ سۆز ھەقىقەتەن دۇرۇس ئېيتىلغانىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى. شۇ ئەسنادا، قولىدىكى ئۇزۇن خادا بىلەن قولۋاقنى تېپىگىنىچە بىر بېلىقچى ئۇدۇل ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كېمىسىنى توختاتتى. شۇەنزاڭلار كېمىگە چىقىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، بېلىقچى كېمىسىنى خادا بىلەن ئىتتىرىپ، ئۇنى توپ تالنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

كۆلنىڭ سۈيى خۇددى جامغا قۇيۇلغان مەيدەك تىنىق بولۇپ، سۇ يۈزى مەيىن شامالدا سەل ــ پەل جىمىرلاپ تۇراتتى. كۆل شامىلى سالقىن ئەمما كۈچسىز چىقماقتا ئىدى. كۆل بويىدىكى تاللار مەيلى سۇغا ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇرغانلىرى بولسۇن، ياكى مەيىن شامالدا ئىرغاڭلاپ تۇرغانلىرى بولسۇن، ھەممىسىلا باھارنىڭ تىنىقىدا مەست ئىدى. تالنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرىغا قونۇشۇۋالغان كۆل تومۇچۇقلىرى كېلىۋاتقانلارنى كۆردى بولغاي، بەس ــ بەس بىلەن سايراشقا كىرىشىپ، كىشىنى مەست قىلىدىغان سۇزۇك ۋە چۈچۈك چۇۋۇلداشلىرى بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالدى.

قۇياش نۇرى كۆل ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن ئايىماي سېپىپ تۇراتتى. كۆل بويىغا سىلىنغان ئاۋالوكىتا ئىشۋارا ① بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ كەينىدىكى پايانسىز ئوتلاقلاردا، ئۈيۈر ــ ئۈيۈرى بىلەن ئوتلىشىپ يۈرۈشكەن سان ــ ساناقسىز ئاتلارنىڭ قارىسى كۆرۈنەتتى. مۇنداق جىق ئاتنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان شۇەنزاڭدا تۇيۇقسىزلا بۇ

---

① ئاۋالوكىتا ئىشۋارا ــ بۇددا دىنىدىكى ئۈچ چوڭ بۇتنىڭ بىرى. ئۇ باش بۇت ــ ئامىتابانىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، ئادەتتە مېھىر ــ شەپقەت ھامىيسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئاتلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى.

قۇلۋاق كۆل ياقىسىغا كېلىپ، ئۇمغا تىرىلىپ توختىدى. ئەمما، قىرغاقتا يەنە ئالتە ـ يەتتە قەدەمدەك ئارىلىق بار ئىدى. شۇڭا، شۆەنزاڭ بۇ ئاتلارنى قۇلۋاقتا تۇرۇپلا تاماشا قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار توختىغان يەرگە يېقىن بىر يەردە، بىر ئۈيۈر ئات ئوتلاپ يۈرەتتى. بۇ ئاتلارغا بىر قاراگىر ئايغىر باشچىلىق قىلاتتى. بىر جىرەن بىيىنىڭ يېنىدا ئىككى قۇلۇن قېيغىتىپ چېپىپ يۈرەتتى. ھېلىقى قاراگىر ئايغىر بېشىنى سىلىپ يەردىكى يۇمران كۆك چۆپلەرنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتى. ئۇ شوخلۇق بىلەن بويىنىنى يېنىدىكى بىيىگە قاراپ سوزۇۋېدى، ھېلىقى بىيە كەيىنىچە بولۇپ، قاراگىر ئايغىرنى راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى. قاراگىر ئايغىرمۇ بىيىسىدىن دەردىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى بىرنى تەپمەكچى بولۇۋاتقاندا، تۇساتتىنلا بىر شۈبھىلىك ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى ـــ دە، دەرھال توختاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆل تەرەپكە قارىدى. قۇلۋاقتىكى ئادەمنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا، ئۇنىڭ ھوشيار قۇلاقلىرى ئويناقلاپ كەتتى. ئۇ خۇددى بىرەر خەتەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلىپ بىر كىشنىدى ـــ دە، پۈتۈن ئۈيۈرنى سۈرگەن پېتى يىراقلارغا قوغلاپ كەتتى...

ئاخشىمى، شۆەنزاڭ كەچلىك ئىبادىتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كۈندۈزى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلىمەكچى بولۇپ شىرە ئالدىغا كەلدى. ئۇ خىيال سۈرۈپ بىر ھەس ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ تەپەككۇر تۇلپىرى خىيال ئاسمىنىدا شوخ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىختىيارسىز قولىغا موي قەلەمنى ئېلىپ بىر پەس خىيال سۈردى ـــ دە، قەلەمنى سىياھقا مىلەپ، خاتىرىسىگە تۆۋەندىكىلەرنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى:

«...... بۇ ئەلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئالدى . تۆۋەنكى

ياققا قارىتىپ سېلىنغان بىر تەڭرى ئىبادەتخانىسى بار ئىكەن.
بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا چوڭ بىر كۆل بولۇپ، بۇ كۆلدە
ئەجدىھا ياشايدىكەن. مۇبادا، بۇ ئەجدىھا كۆل بويىدا ئوتلاپ
يۈرۈشكەن بىيىلەرگە چېپىلىپ قالسا، بۇ بىيىلەر ياندۇرقى يىلى
كۆكلەم پەسلىدە قۇلۇنلايدىكەن. ئەجدىھادىن ئېلىنغان بۇ قۇلۇنلار
تولىمۇ شاش كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرى
ئۇنى «تاي بۇرۇل» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئەلنىڭ
ئادەملىرى تاي بۇرۇللارنى قولغا ئۆگىتىۋېلىپ مىنىپ يۈرۈ-
شىدىكەن. شۇڭا بۇ ئەل ئۆزىدىن چىقىدىغان تۇلپارلىرى بىلەن
ئىقلىمغا مەشھۇر ئىكەن. بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرىمۇ ئەجدىھا
نەسلىدىن بولۇپ، تولىمۇ جەسۇر، تولىمۇ غەيۇر كېلىدىكەن...»①

يازنى قىش، يورۇق كۈننى قاراڭغۇ كېچە، راھەتتە
ياشاۋاتقاننى بەختسىزلىك كۈتىدۇ دېگەندەك، بۇ يۇرت كېيىنكى
دەۋرلەردە خارابلىشىپ، ئاستا - ئاستا تاشلىنىپ قالدى...

× ×

مىلادى 1828 - يىللىرىدىكى جاھانگىر خوجا يېغىلىقىدا،
پىچان تۈيۈقلۇق ئابدۇ سەمەت جەۋەندە، تۆمۈر ئاخۇن چېچاك،
مەھەممەت سىدىق قاتتىق دېگەن ئىشەكچىلەر قەشقەردىن لەڭ
توشۇغاندا، بۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپى ئەلۋەك، سۈيى مول،
ھاۋاسى ئىللىق ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ بىر ئېرىق سۇنىڭ داۋام-
لىق ئېقىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، چۈشۈپ قونۇپ ئۆتىدىكەن.
بىر يىلى ئەتىيازدا، ئۇلار قەشقەرگە ئىشەك ھەيدەپ ئۆتكەندە،
يەرنى تاياق بىلەن جىجىلاپ، ئىشەك بوغۇزى قىلىدىغان قوناق-

① تاڭ شۈەنزاڭ: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتنى قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» خەنزۇچە نەشرى، 3 — 4 - بەتلەر.

تىن بىر ئوچۇم چىچۇۋېتىپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. قايتاشىدا كېلىپ قارىسا، قوناقنىڭ ناھايىتى بولۇق ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شۇڭا بۇ يەردىن كەتكۇسى كەلمەي، گەمە كولاپ قىشلاپ قاپتۇ.

شۇ يىللىرى قەشقەر تۇشۇك دەرۋازىسىلىق تىلىۋالدى ئاخۇن قاقچى ① گۇلە ـ قاق ئېلىپ قارا شەھەرگە كېلىپ، بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. كېيىنكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىلىرىنى ئەسلىشىپ:

«چۇقو دېگەن دەشتتۇر،
سۇ ئىچمىكى تەستۇر.
ئۇندا باردۇر تۆت مۆمىن،
رەھمىتىگە ئۇلاشتۇر.»

دەپ قوشاقلار توقۇغانىكەن. يەنە كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق تويلار بولدى، باللار تۇغۇلدى، قېرىلار زاراتگاھلىققا كۆچتى. ئابدۇ سەمەت جەۋەندە دېگەن كىشىنىڭ چوڭ ئوغلى بارات ئاخۇن. تۆمۈر ئاخۇن چىچاڭ دېگەن كىشىنىڭ چوڭ ئوغلى ھاپىز ئاخۇن كېيىنكى چاغلاردا چۇقوغا شاگىپ بولدى. مەھەممەت سىدىق قاتتىق دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى سېتاخۇن بەش ياشقا كىرگەندە دادىسى تۇگەپ كەتتى. تىلىۋالدى ئاخۇن قاقچى دېگەن كىشىنىڭ زورىخان دېگەن قىزى ھاپىز شاگىپقا ياتلىق قىلىندى. ئۇنىڭ ئابدۇرېھىم ئاخۇن ② دېگەن ئوغلى كېيىنكى چاغلاردا كورلىدىكى يۈسۈپجان ئاتام دېگەن ئىشانغا مۇرت بولۇپ، كورلىدا توختاپ قالدى.

دېمەك، بوۋىلارنىڭ سورۇنلاردىكى ھۆرمەتلىك ئورۇنلىرىنى

---

① تىلىۋالدى ئاخۇن قاقچى — مۇئەللىپنىڭ بوزۇكۋار بوۋىسى بولىدۇ.
② ئابدىرېھىم ئاخۇن — مۇئەللىپنىڭ چوڭ دادىسى بولىدۇ.

خۇددى شۇلارغا ئوخشاش ساقىلىنىڭ ياكى چېچىنىڭ ئاقارغان-
لىقىنى ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ئاتىلار ۋە ياكى ئانىلار ئىگىلەپ
كېلىشتى. بىر خىلدا ئۆتىدىغان خاتىرجەم ھايات ھەمىشەم
شۇنداق بولىدۇ. ھەربىر ئالاھىدە كۈن ناھايىتى ئۇزاقتەك
بىلىنىدۇ. چوڭلارغا ھەۋەس قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ پات چوڭ
بولمايۋاتقانلىقىدىن تاقەتسىزلىنىپ كەتكەن بالىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ
ئاي ۋە يىللاردەك تېز چوڭىيىشىپ كېتىشىۋاتقانلىقىنى سېزىش-
مەيدۇ. شامال ئات يايلىنى ئۆرۈگەندەك، ۋاقىتمۇ كۈنلەرنى بىر-
بىرگە چېتىپ ئۆتكۈزۈۋېرىدۇ. ئۇياق - بۇياققا قاراپ
ئۈلگۈرمەيلا، بىر يىلنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى، تېخى تۈنۈگۈن
شامال ئۆرۈۋەتكەن پور سۆگەتنىڭ غولىدىن ئۈسۈپ چىققان
نوتىلارنىڭ بىر - ئىككى يىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا تېز يوغىناپ
بادىرىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، ھېلىقى
تاقەتسىز بالىلار يوغىناپ بەرنا يىگىت بولۇپ قالىدۇ،
ھېلىقى بەشتاش ئويناپ يۈرگەن كىچىك قىز قارىسىڭىز
كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان زىبا بويلۇق قىزغا ئايلىنىپ
قالىدۇ. ئارقىدىنلا، ئۆي - ئوچاقلىق بولىشىدۇ، پەرزەنت
كۆرۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاۋۋال چېكە چاچلىرى، ئاندىن
پۈتۈن چاچ ۋە ياكى ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقىرىشقا باشلايدۇ...
قىرىپ چاچ - ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقارغان رېھىمشىق ئىمام
كىمنى كۆرسە، شۇنى نامازغا كېلىشكە ئۈندەيتتى، شۈكرى -
قانائەت قىلىش، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ ساۋاپ تېپىش
ئۈستىدە بىر قېتىم باشتىن سۆزلەپ چىقاتتى. كىشىلەر بۇ
مۆئىيىم بوۋايىنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى
ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشاتتى.

يامانلىقنىڭ قارا كۈچلىرى چوقۇننىڭ يولىنى ئۇنتۇلۇپ
قالغاندەك تۇيۇلاتتى. يېزىدىكى ئارامبەخش ھاياتنى ھېچنەرسە
بۇزمىغانىدى. ئويمانلىق ئۇنى شامالدىن، تاغ سەللىرىدىن
پەيدا بولغان خاراب قىلغۇچى سۇ ئاپىتىدىن ساقلايتتى.

ئېتىزلىقلار ۋەيران بولمايتتى، مال - ۋارانلار ئوتقا ئۇرۇنمايت-
تى. ئەگەر چېكەتكىلەر ئۆتىدىغان بولسا، باشقا جايدىن ئېگىز
ئۇچۇپ ئۆتەتتىكى، بۇ يەرگە ھەرگىز چۈشمەيتتى. كۈن ئۆزىنىڭ
شولىسىنى پۈتۈن ئاسمانغا چېچىپ، سۇس، ھالرەڭ نۇرىنى
قارلىق چوققىلاردا قالدۇرۇپ، كۈنپېتىشتىكى خان خۇرا①
تېغىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتەتتى. مۇناردىن ياقىسى يوق
موللام② نىڭ ئەنە شۇ ھەممە ۋاقىتتىكىدەك قايغۇلۇق ۋە
ناھايىتى يېقىملىق بولغان ئەزان ئاۋازى كەچكى جىمجىتلىقتا تۇمان
باسقان كەڭ ئېتىزلىقلارغا ۋە ياشناپ تۇرغان باغلارغا ئاڭلىناتتى.
كۆپكۆك بولۇپ پارقىراپ تۇرغان ئاسمان بۇلبۇللارنىڭ زوقلىنىپ
سايراشلىرىغا ۋە باغلاردا ئۇخلاپ قېلىشقان ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ
نەپىسى قوشۇلۇپ كەتكەن تۈن شامىلىنىڭ ھىدىغا تولغان ھالدا
قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى.

× ×

ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجا ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىگە
بېرىدىغان، چېرىدىغان ۋە غول قىسىم بويىچە سەپ تۈزۈشىنى،
قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ھارۋىلارنى، توپا قاچىلانغان سېۋەتلەرنى ۋە توپ -
زەمبىرەكلەرنى تىزىشنى بۇيرۇدى، بۇلارنىڭ ئارقىسىغا بىر
قاتاردىن ئوقچىلارنى تەيىنلىدى، پىيادىلەرنى بۇلاردىن ئايرىلماي،
ھارۋا، توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ كەينىدىن سەپ بويىچە مېڭىشقا

① خان خورا تېغى — قارا شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئېگىز تاغنىڭ نامى.
② ياقىسى يوق موللام — ئىسىم - فامىلىيىسى ئېنىق ئەمەس. چۇقۇلۇق
ئوقۇمۇشلۇق زات. شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن كادىرلار ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى
ئابلا نادىر ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر يىلى قۇربان ھېيت نامىزىدا، ئۇ موللام
ياقىسى پۈتمىگەن يەكتەكنى كىيىپلا ئالدىراش ھېيت نامىزىغا ئىمامەتچىلىك
قىلغانلىقتىن، «ياقىسى يوق موللام» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

بەلگىلىدى، ھەرقايسى سەپلەرگە ئۆز ئورۇنلىرىنى تاپقاندىن كېيىن، تېز يۈرۈپ يېتىشىپ مېڭىشنى جىكىلىدى، بېرىنغار، چىرىنغار ۋە غول قىسىملاردىكى بەگ، يىگىتلەرنى ۋە سىپاھلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ مەيدان جېڭىدە قەيەردە تۇرۇش ۋە قانداق شەكىلدە مېڭىش كېرەكلىكىنى تەيىنلەپ بەردى. ئوردۇ① چۈشكەن يەرنىڭ ئەتراپى ھارۋا ۋە خەندەكلەر بىلەن مۇستەھكەملەندى. ئىسلام خەلپە ئىستىھكامچىلارغا خەندەك قېزىلىدىغان يەرلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، مەسئۇللارنى بەلگىلەپ قويۇپ، قايتىپ كەلدى.

شىجائەت بېغىنىڭ دەرەخلىرى بولغان كۈچا غازىلىرى تاغدەك سەپلەرنى تۈزۈپ، چېقىن سۈپەت مىلتىق - زەمبىرەكلىرىنى، ھەيۋەتلىك نەيزىلىرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ، قارا شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان قارا چېرىكلەرنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئۇلار خۇددى تاش قەلئەدەك چىڭ، ھەق يولىدەك مۇستەھكەم ئىدى. ئېھتىيات يۈزىسىدىن، پىيادىلەرنىڭ ئالدىدىكى ئوقچىلار بىلەن توپچىلارنىڭ ئالدىغا ئولجا ئېلىنغان ھارۋىلارنى بىر قاتار تىزىپ چىقىپ، ئۇلارنى زەنجىر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىشتى.

ئىسھاق خوجىنىڭ ئوردۇ بارگاھى غول قىسىمدا تەسىس قىلىنغانىدى. غولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە توختى مۇھەممەت خەلپە قازى ئەسكەر، باھاۋۇددىن خوجا، مەمۇر خەلپىلەر باشچىلىقىدىكى بېرىنغار قىسىم ئورۇنلاشقانىدى؛ غولنىڭ سول تەرىپىگە بولسا، باش مۇشاۋۇر دانىيال خوجا، دۇنايى خەلپە، سۇمۇللا تۇڭگانى ۋە ئىسلام خەلپىلەر باشچىلىقىدىكى چىرىنغار قىسىم ئورۇنلاشقانىدى.

لەشكەر سەپلىرى قارار تېپىپ، ھەر كىشى ئۆز ئورنىغا ئورۇنلىشىش بىلەن، ھېچكىمنىڭ ئۆز ئورنىدىن ئىختىيارى قوزغالماسلىقى، ھېچكىمنىڭ رۇخسەتسىز جەڭگە كىرمەسلىكى توغرۇلۇق ئىجراسى قەتئىي پەرمان بېرىلدى.

---

① ئوردۇ — باش شتاب، قوماندانلىق ئورنى.

كۇچا غازىلىرى تەق بولۇپ تۇرۇشىغا، تېۋىلغىدىن چىققان ئون مىڭدەك مانجۇ چېرىكى ئەللىك ئالتە ھارۋىدا ئوق - دورا، توپ - زەمبىرەك، ئىككى يۈز ئەللىك تۆگىگە ئوزۇق - تالقان، جەڭ ئەسۋابلىرىنى يۈكلەپ، ئالدىرىماي يېتىپ كېلىشتى.

مانجۇلارنىڭ ئوڭ قانىتىدىكىلەر ئىسھاق خوجىنىڭ قوشۇنىنىڭ سول قانىتىغا كەينى - كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئوردۇغا يېقىنلاپ كەلدى. لېكىن ھەر قېتىملىق ھۇجۇمدا، كۇچا غازىلىرىنىڭ ئوق زەربىسى مانجۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلۈم ئۆيىگە كىرگۈزۈپ، بىر قىسمىنى قاچۇرۇپ تۇردى.

جەڭنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن، ئەمىرلەشكەر ئىسھاق خوجا خۇددى زەنجىردىكى ئارسلانلاردەك تۇرغان جەڭگىۋار يىگىتلەرگە غولنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ۋە ئوقچىلارنىڭ قارا چېرىكلەرنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇشىغا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار خۇددى سۈبھى ئۇپۇقتا يۈز ئاچقىنىدەك، ھارۋىلارنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ چىقىشتى — دە، مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ قېنىنى جەڭ مەيدانىغا تۆكۈپ، نۇرغۇنلىرىنىڭ بېشىنى خۇددى سويىمىنى ئۆزگەندەك ئۈزۈپ تاشلىدى. غولنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىسلام خەلىپە ئۆز سىپاھلىرىنى باشلاپ مەردانە ھەرىكەت قىلىپ، بىر مۇنچە قارا چېرىكنى يەر چىشلىتىپ، ئۇلارغا مامات زەھەرىنى ئىچۈردى ۋە ياياق ھالدا خەۋپلىك جايلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، يىگىتلىك مەيدانىدا جەۋلانبازلىق قىلدى. تۇيۇقسىز بېرىلگەن بۇ زەربە ئالدىدا، مانجۇلار بىر سائەتكە يېقىن تېڭىرقاپ تۇرۇشتى - دە، كېيىن جانلىرىدىن كېچىپ، كۇچا قوشۇنىنىڭ بېرىنغار ۋە چىرىنغار قىسىملىرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بېرىنغار قىسمىغا قىلغان ھۇجۇمى ئاجايىپ كۈچلۈك بولدىكى، ئىسھاق خوجىنىڭ ئوردۇگاھىغا باراي - باراي دەپلا قالدى. لېكىن، كۇچا غازىلىرى ئۇلارنى شىددەتلىك ئوق يامغۇرى بىلەن قارشى ئېلىپ چېكىندۈردى.

ئىقبال ۋە نۇسرەت شامىلى غازىلارنىڭ دۆلەت چىمەنىدە ئەستى، شۇنداق قىلىپ، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن مانجۇلار نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە دەرھال ئۆز سېپىنى مۇستەھكەملەپ، كۇچالىقلارنىڭ نۆۋەتتىكى ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇشكە تەييارلاندى.

تاڭ ئاتقاندا، ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجا ئۇجمە چومىقىنى قولىغا ئېلىپ، قوشۇنىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى باشلاپ، گېگىزى① قەرەپتە ئىستىھكام قۇرۇپ ياتقان مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ ئۈستىگە ئات چاپتۇردى. بۇ چاغدا مانجۇ چېرىكلىرى تۆگىلىرىنى چۆكتۈرۈپ، هارۋىلىرىنى قاتار تىزىپ، توپ - زەمبىرەكلىرىنى تىكلەپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەرەددۇتلىنىپ تۇرغانىدى. چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق قوشۇنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ سېپى پاتىپاراق بولدى. شۇ ئەسنادا، ئىسھاق خوجىنىڭ سېپىدىن قاتار ئېتىلغان توپ ئوقلىرى قارا چېرىكلەرنىڭ ئوق - دورىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، شۇنداق دەھشەت پارتلاشقا باشلىدىكى، پارتلاش زەربىسىدىن يەر - زېمىن لەرزىگە كېلىپ، بىر سەكرەپ، بىر تىترەپ توختىدى. ئادەملەرنىڭ قۇلاقلىرى گاراڭ بولدى. قالغان تۆگىلەردىكى ئوق - دورىلارمۇ خۇددى بەسلەشكەندەك كەينى - كەينىدىن پارتلاپ، تۆگە، يۇ زەمبىرەك، قورال - ياراقلارنى ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈپ تاشلىدى. دورىلارنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ۋە كۇچالىقلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئايىقىدىن چىققان چاڭ - توزاڭلار زېمىن يۈزىنى قاراڭغۇ قىلىپ، ئەمدى لەتىن جامالىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان كۈن نۇرىنى خىرە قىلدى. ھېچقانداق ئىنسان گۇرۇھىنىڭ كۆز نۇرى كۈندۈز بىلەن كېچىنى ئايرىپ پەرقلەندۈرۈشكە مۇمكىنچىلىك تاپالمىدى. گوياكى بۇ ئالەمدە قىيامەتتىن نەمۇنە، ئاخىرەتتىن بىر نىشانە ئاشكارا بولغاندەك، ئاسمان مالائىكىلىرى «بۇ چۆلدە نېمە غوۋغا؟»

---

① گېگىزى ــــ چۆقونىڭ غەربىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئىسمى.

دەپ تام ئۈستىگە قونۇپ قارىشىۋاتقانىدەك بىر مەنزىرە ئايان بولدى......

× ×

ئىسھاق خوجا چۇقۇدا قوشۇنىنى بىرەر قۇر تەرتىپكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، قارا شەھەرگە قاچقان قالدۇق قارا چېرىكلەرنى قوغلاش ئۈچۈن، قوشۇننى باشلاپ ئىلگىرىلىگەننىڭ ئايىقىدىكى قازانبۇلاق ئارقىلىق سىرىقسۇنى كېسىپ ئۆتتى. ئۇلار شوردۆڭ دېگەن يەرگە كەلگەندە، موڭغۇللار ئارىسىغا ئەۋەتىلگەن ئازنا مەمەت تۆگىچىغا ئۇچرىدى. ئۇ تۇردى چەنپەن① دېگەن بىر تارانچى بىلەن بىللە ئىسھاق خوجىنىڭ ئالدىغا ماڭغانىكەن. قوشۇن شوردۆڭدە چۈشكۈن قىلىپ قوش تىكتى.

— مانجۇلار ئۈششاقتال بىلەن چۇقۇدا غازىلاردىن شىكەست يېگەندىن كېيىن، — دەپ مەلۇمات بېرىشكە باشلىدى ئازنا مەمەت تۆگىچى ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجىغا، — قارا شەھەرگە سالامەت قايتىپ كېلەلىگەن قارا چېرىكلەر مىڭغا يەتمەيدۇ. شەھەر ئىچىدە يەتتە مىڭدەك مانجۇ، مىڭدەك چەنپەن بولۇپ، جەمئىي توققۇز — ئون مىڭدەك قارا چېرىك بار. مەن ئەمىر لەشكەر جانابلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، قالماق ئاقساقىلى باتمەڭگە: «سىلەر خوجاملارغا ئوق چىقارماڭلار، ئەگەر ئۇلار دۇئايى بەند قىلىۋېتىپ قالسا، ھەممە نەرسەڭلەرگە ئوت كېتىدۇ» دېسەم، باتمە قالماق ئىشەندى، ئۇ: «راست، بىز جاھانگىر خوجىنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ نەچچە قېتىم خاقانى چىننىڭ يارلىقى بويىچە، كاشغەرگە بېرىپ، خوجىلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانىدۇق. بىزگە زادىلا ياخشىلىق كەلمىدى. ئارىمىزدا ۋابا تارقىلىپ،

① چەنپەن — خەنزۇچە «遣犯» دېگەن سۆز بولۇپ، سۈرگۈن قىلىنغان گۇناھكارلارنى كۆرسىتىدۇ.

نۇرغۇن قالماقلار ئۆلۈپ كەتتى. مال - چاۋۇلىرىمىزغا چېچەك يۇقتى، قوتۇر بېسىپ قىرىلىپ كەتتى. ئەمدى خوجاملارغا ھەرگىز ئوق ئاتمايمىز. خوجاملار نەمدۇنغا① كېلىپ تۇرسۇن. بىز مانجۇلارنى ئالداپ شۇ يەرگە ئاپىرايلى. خوجاملار سىرتتىن ھۇجۇم قىلسۇن، بىز ئىچكى جەھەتتىن ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرەيلى، قالغان ئىش خوجاملارنىڭ ھىممىتىگە باغلىق» دەپ، ماڭا تۆردى چەنپەننى قوشۇپ جانابلىرىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

ئەمىرلەشكەر ئىسھاق خوجا ئۇنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەت توختى خەلپە، دانىيال خوجا ۋە باشقا پەنسادلار بىلەن كېڭەشتى. ئاخىرىدا، ئۆزى قازى ئەسكەر مۇھەممەت توختى خەلپە بىلەن بىللە بىر بۆلۈك قوشۇننى باشلاپ نەمدۇنغا بارىدىغان، دانىيال خوجا، ئىسلام خەلپىلەر بىر بۆلۈك قوشۇننى باشلاپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلماي قارا كۆرسىتىپ ھەيۋە قىلىپ تۇرىدىغان، نەمدۇندىكى جەڭدە نۇسرەت ئاتا قىلسا، ئىككى بۆلۈك قوشۇن شەھەرگە ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ قارار تېپىشتى. ئەتىسى، تۆردى چەنپەننىڭ يول باشلىشى بىلەن، ئىسھاق خوجا بىر بۆلۈك قوشۇننى باشلاپ، نەمدۇن دېگەن جايغا ئاتلاندى. دانىيال خوجا باشچىلىقىدىكى يەنە بىر بۆلۈك قوشۇن قارا شەھەرنىڭ يېنىدىكى ۋەيشاڭغا بېرىپ، پارچە - پۇرات قارا چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، پاراكەندىچىلىك قىلدى.

قارا شەھەر ئاغلاقچى ئامبىلى زالىڭگا باشچىلىقىدىكى مانجۇ چېرىكلىرى موڭغۇللارنىڭ ئاقساقىلى باتمەنىڭ بەرگەن يالغان مەلۇماتىغا ئىشىنىپ، شەھەرنى ساقلاشقا ئازغىنا چېرىك قالدۇرۇپ، قالغان قارا چېرىكلەرنىڭ ھەممىسىنى نەمدۇنغا باشلاپ كەتتى. نەمدۇن ئەسلىدە بىر تۈزلەڭ جاي ئىدى. تۈزلەڭلىكتە

① نەمدۇن — موڭغۇلچە «سەكسىز تېرەك» دېگەن سۆز. خوتۇنسۇمۇل ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىغا ئون كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا.

مەيدان جېڭى قىلىش قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۇقۇدىكى مەيدان جېڭىدە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مانجۇ قوماندانى مەيدان جېڭى قىلىشتەك خاتالىقنى قايتا زادىلا ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەمما ئاغلاقچى ئامبال زالىڭئا تولىمۇ تەكەببۇر، تولىمۇ ئۆزۈمچىل بىر ھەربىي بولغاچقا، يېنىدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتىگە زادىلا كۆنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ زىخمۇ تۇشۇپ قالغان بولسا كېرەك. ئاغلاقچى ئامبال زالىڭئا قوشۇننى باشلاپ نەمدۇنغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئاندىن سەزدى، ئەمما كېچىككەنىدى.

ئىسھاق خوجىنىڭ لەشكەرلىرى ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، مانجۇلارنىڭ ئىچىدىكى موڭغۇللار ئارقىسىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇپ، كۇچالىقلارغا ماسلاشتى. مانجۇ قوشۇنى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قېلىپ، ئىككى تەرەپتىن تەڭلا زەربە يېدى. كەچ كىرىشتىن ئىلگىرى، مانجۇلار ئاساسەن يىغىشتۇرۇلۇپ بولۇندى. ئەتىسى چۈشتىن ئىلگىرى، قارا شەھەر سېپىلىمۇ تەسلىم بولدى. شەھەردىكى مانجۇلارنىڭ قاچىدىغىنى قېچىپ، ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، بۇ شەھەر كۇچالىقلارغا ئوڭچە قالدى. شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە، قازى ئەسكەر توختى مەھەممەت خەلىپىنىڭ ئوغلى خوجامبەردى بىلەن كورلىلىق ئىسلام خەلىپە باشلىق بىر نەچچە غازىلار مانجۇلارنىڭ ئوقىدا شېھىدلىق مەقامىغا يەتتى.

# يەتتىنچى باب

# داۋۇت خەلپە

«... بىلىكىدە كۈچ - قۇۋۋىتى يوق كىشىلەر
ئۇششاق تاشلارنى يىغىپ ساقلاپ قويسۇن.
پۇرسەت كەلگەندە زالىمنىڭ مېڭىسىنى يانجىپ
پۇخادىن چىقىدۇ.»

— شەيخ سەئدى

مىلادى 1865 - يىلى 6 - ئاي.

قاسىم پولكان ئىسھاق خوجىنىڭ چوقۇدىكى مەيدان جېڭىدە قارا چېرىكلەردىن ئولجا ئالغان، تۆت تېمىغا ئاق تۇرنا ۋە ئالتۇن نەقىشلەر كەشتىلەنگەن ئازادە چېدىرىغا كىرىپ، بوسۇغىدىلا توختاپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى سەئىد غازى باھادۇرخان ئىسھاق خوجامدۇر؟ دېگەننى ئويلىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى زېرىھلىق قۇياق كىيىشىپ، بەللىرىنى تاسما بىلەن باغلىغان باھادۇر پەنسادلار بولۇپ، يەرگە سېلىنغان تىكمەت كىگىزنىڭ ئۈستىدە يېرىم ھالقا ھالەتتە ئولتۇرۇشقانىدى.

قاسىم پولگان سالامنى خاتا بېرىدىپ گۈلكىگە قېلىنىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپلا يەر ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، بىر نىشانغا قارىماي، ئالدىغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئىسلام تۇپرىقى ۋە خەلقىنىڭ باھادۇر غازىسى، سەئىد ئىسھاق خوجامغا كۆپتىن كۆپ سالام! باھادۇر غازىنىڭ تىنى سالامەت، نۇسرەتلىرى زىيادە بولغاي... توقسۇن ـ تۇرپانلىق غازىلار مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. غالىب ئىسلام باھادۇرلىرىنى باشلاپ بىز تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ، ئىسلام يوسۇنلىرىنى كەڭ جارى قىلدۇرغايلا.

ــ ھۆرمەتلىك باھادۇر، ھارمىغايسىز! نەچچە كۈن يول يۈردىڭىز؟ بىزمۇ توقسۇن ـ تۇرپان تەرەپلىرىدە ئىسلام جارى بولۇۋېتىپتۇدەك، دەپ ئاڭلىدۇق. بىزدە ئادالەت تۇغىنى شۇ يەرلەرنىڭ ئاسمىنىدا! جەۋلان قىلدۇرايلى دېگەن خىيالمۇ يوق ئەمەس.

قاسىم پولگان تىكمەت كىگىزنىڭ چېتىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆتكۈر ۋە تىنىق كۆزلىرىنى ئۆزىدىن سەمىمىي ھال سورىغان بۇ كىشىگە تىكتى. بۇ كىشىنىڭ قاراشلىرى مەردانە ئىدى، بەش ئەزايى راۋۇرۇس، كۆزىدىن زېرەكلىكى، تەدبىرلىكى چىقىپ تۇراتتى. يۈزىدە بولسا تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

ــ شۇنداق،ــ قاسىم پولگان ئۆزىدىن ھال سورىغان بۇ مەردانە كىشىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلغان سەئىد غازى ئىسھاق خوجام ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى،ــ بىز بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان مانجۇلار ئىنتايىن جاھىل. ئۇلار تەسلىم بولۇشنى خالىماي، سېپىلغا بېكىنىۋالدى. بىز ئۇلارنى قورشىۋالدۇق، ئەمما يېڭەلمىدۇق. ئۇلار بىزگە شەبخۇن ئۇرۇپ، باسۇرۇق قىلىپ، كارىز ئاغزى ياكى كىشىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان يەرلەردە پەيدا بولۇپ، بىزنىڭ

غازىلىرىمىزنىڭ جېنىنى ئالماقتا. — ئۇ سەل تىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. — پۈتۈن يەمشى، يېلانلىق، دىشاڭ①لاردىكى خۇرجالار بىلەن ۋەيشاڭ بازىرىدىكى مەيمەيچىلەر قارا چېرىكلەرگە قوشۇلۇپ سېپىل ئىچىگە بېكىنىۋېلىشتى. ھازىر ئۇلار بىزگە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇشماقتا. دەسلەپتە ئۇلار «ئىمان ئېيتساق» دېيىشكەندى. لېكىن بىزنىڭ بىخەستەلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

قاسىم پولگان توقسۇن - تۇرپاندىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى كۆپ تەرەپتىن چۈشەندۈردى. ئىسھاق خوجا ئۇنىڭ سۆزىنى زادىلا بۆلمەستىن دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. قاسىم پولگاننىڭ دېيىشىچە، توقسۇن يەمشىلىك مەسۇمخان خوجا، يەمشىلىك ناسىر شەيخ پولگان. يېلانلىقلىق قاسىم پولگان ۋە ۋايىت خەلپە. زايىت خەلپە، ھاجى باقى خەلپە دېگەن ئادەملەر توخسۇنلۇقلارنى باشلاپ، سەھرالاردىكى چېرىكلەرنى، مەيمەيچى ۋە خۇرجالارنى سۈر - توقاي قىلىپ، ئۇلارنى تۇرپان سېپىلىغا قامىۋالغانىكەن. بۇ چاغلاردا تۇرپان چوڭ يۇرت سانالغانلىقتىن، تۇرپانغا قاراشلىق ئون توققۇز بازار ۋە دىشاڭلاردا خۇرجالار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بەزى بازارلاردا يەتتە - سەككىز مىڭى بولسا، بەزى دىشاڭلاردا ئىككى-ئۈچ مىڭى بار ئىدى. داۋگۇاڭ② زامانىسىدا، مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ ئىچكىرىسىدىن يامراپ كۆچۈپ چىققان بۇ خۇرجالار مۇشۇ ئەتراپلاردا يەر ۋە كارىز ئىگىلەپ، يەرلىك پۇقرالارنى مەدىكار قىلىپ ئىشلىتىپ كۆپ قاقشاتقان بولغاچقىمۇ، ئۇلار بىلەن يەرلىك ئاھالە ئوتتۇرىسىدىكى

---

① توقسۇندىكى يېزىلارنىڭ ناملىرى. دىشاڭ — خەنزۇچە سەھرا دېگەن مەنىدە.

② داۋگۇاڭ — مانجۇ خاقانى (1821—1850) ئىسىنگورونىڭ سەلتەنەت نامى.

ئۆچمەنلىك بەكلا كۈچلۈك ئىدى. كۆچمەنلەر بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قېتىمقى ماجىراغا يىلانلىقتىكى كۆك فامىلىلىك بىر خوجانىڭ كونا كارىزىنى تىندۇرۇۋېتىپ، ئاياغتىكى ئۈزۈمزارلارنى ۋە ئېتىزلىقلارنى قۇرۇتۇۋەتكەنلىك ۋەقەسى تۇتۇرۇق بولغانىدى. ئۇلار شەھەرگە بېكىنىۋالغاندىن كېيىن، سېپىلنىڭ مۇستەھكەم، چېرىكلىرىنىڭ كۆپلىكىگە تايىنىپ، قوزغىلاڭچىلارنى سېپىل يېنىغا زادىلا يېقىن كەلتۈرمەي قويۇشتى. قوزغىلاڭچىلار ئۈچ ئايدەك ئىرىكىشىپ تۇرۇشقاندىن كېيىن، توخسۇنلۇق موللا ھابىل ئەئلەم دېگەن كىشىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، قاسىم پولگاننى قاراشەھەرگە — ئىسھاق خوجىنىڭ ئالدىغا ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتىشكەنىدى.

قاسىم پولگاننىڭ سۆزى تۈگىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىسھاق خوجا ئەتراپىدىكى سەردارلارغا سۈرلۈك نەزەرى بىلەن بىر قاراپ چىقتى.

— باھادىرلارنىڭ مەسلىھەتى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

سەردارلاردىن بىرنەچچىسى: «ھازىرچە يۈرۈشنى توختىتىپ دەرۋ سەلتەنەتكە قايتقىنىمىز ياخشىمىكىن!» دېيىشتى.

قازىئەسكەر توختىمەھەممەت خەلپە ئوچۇق مىجەزلىك ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ گەپنى چۇرتلا كېسىپ ئېيتتى:

— تەڭداشسىز سەئىد غازى كۇچا لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئاقسۇدىن تاكى قاراشەھەرگىچە يۈرۈش قىلىپ، مىسلىسىز غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. ھالا بۈگۈن توخسۇن - تۇرپان ھودۇتلىقىغا يانداپ كەلدۇق. يەنە بىرئاز غەيرەت قىلساق، مۇقەددەس ئەسھابۇلكەھف① بىزنىڭ بولىدۇ. شۇڭا، كەينىمىزگە قايتىشقا بولمايدۇ.

يەڭگىل مىجەزلىك، ھېچ نەرسىدىن قانائەت ھاسىل

① ئەسھابۇلكەھف — پىچانىدىكى تۇيۇق خوجام مازىرى.

قىلمايدىغان دانىيال خوجا سۆزلەشكە باشلىدى:
— بىزنىڭ ئارقىمىزدا قالدۇرغانلىرىمىز بىقىسىپ تۇرغان دۆۋە - دۆۋە گۈلخانلار، ئالدىمىزدا قارا شەھەردىكى دۈشمەندىنمۇ قەتئىي رەقىبلەر يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ قازانغان نۇسرەتلىرىمىز ۋەجىدىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەۋەرسەك، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويامدۇق - قانداق؟

— جانابىي تۆرەم! سىز بىزنىڭ توقسۇنلۇق غازىلارغا ياردەم بېرىشىمىزنى خاتالىق دېمەكچىمۇ؟ بىز ئەسلىدىنلا ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانمىغانمىدۇق؟ — ئىسھاق خوجا ئاۋازىنى سوزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاھاڭى گەرچە ۋەزمىن بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ سۆزىدىكى قەتئىيلىك ئاھاڭىنى ئوڭايلا سېزىۋېلىشتى.

دانىيال خوجا گويا ھېچ نەرسە بولمىغاندەك دادىللىق بىلەن سۆزلەيتتى:

— قارا شەھەرنى ئالغاندا بىرمۇنچە تالاپەتلەرنى بەردۇق. بىرمۇنچە باھادۇرلىرىمىز شېھىت بولدى، ئەمدى، ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن توختىساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— ھەي دانىيال خوجا! — دېدى ئىسھاق خوجا، — گەرچە بۇ قېتىمقى يۈرۈشىمىزنىڭ مۇشەققىتى كۆپ بولسىمۇ، مەنپەئەتىمۇ ئاز ئەمەس. پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدۇق دېگەندىمۇ، سەلتەنىتىمىزگە مەڭگۈ پايدا يەتكۈزىدىغان تەجرىبىلەر ھاسىل بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈش قىلىشىمىزنىڭ ئادالىتىمىز ئۈچۈن مەنپەئەت بېرىشى شۈبھىسىز!

بارگاھتىكى سەردارلارنىڭ ھەممىسى ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجىنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق ئەستە ساقلاش ئۈچۈن، تەلپەكلىرىنى چېكىسىگە ئىتتىرىپ، ئالقانلىرى بىلەن قۇلىقىنى قالقانداپ، دىققەت بىلەن ئولتۇرۇشتى.

— شاھماتتا پىيادىلەر ئالتە مەنزىل سەپەر قىلغاندىلا پەرزىن مۇقامىغا يېتىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ يېڭى چىققان ئايمۇ ئون تۆت كېچە سەپەر قىلىش ئارقىلىق ھىلاللىق مەرتىۋىسىدىن تولۇن ئايلىق دەرىجىسىگە يېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىز-نىڭ سەئىد غازىمىز دانىيال خوجام،— دېدى ئىسھاق خوجا سۆزىگە ئۇلاپلا.— توقسۇن - تۇرپان تەرەپلەرگە ھازىرچە يۈرۈش قىلماي، بىر مەزگىل دەم ئېلىپ، لەشكەرلىرىمىزنى تەرتىپكە سالساق، دەيدۇ. ئەمىر ئىسلام، سەئىد غازى راشىدىن خان خوجام بىزنىڭ نۇسرەتلىك يۈرۈشلىرىمىزنى توختىتىپ قويغانلىقىمىزنى ئاڭلىسا، قانداق قاراشتا بولار؟

توختى مەھەممەت خەلىپە پوتىسى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتۈپ بولۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزنىڭ نۇسرەت سۈپەتلىك يېڭىلمەس قوشۇنىمىز كۇچادىن چىققاندىن بېرى دۈشمەننىڭ بارلىق توسقۇنلۇقلىرىنى بىت - چىت قىلىپ كەلدى. غالىبلارغا خاس غۇرۇر بىلەن كۆنچىقىش تەرەپلەرگە غەلىبىسېرى يۈرۈش قىلدى. خاقانىي چىن ئىسمىنىڭ ئالدىغا «ئۇلۇغ» دېگەن بىر سۆزنى قوشۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇرۇق سۆلەت لاپچىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلدۇق. مانجۇلارنىڭ ئىككى قولى بىز خەقنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن بويالغان. شۇڭا ئۇلارنى يوقىتىش ۋاجىپ! مۇبادا، ئۇلار بىزگە قارشىلىق كۆرسىتىپ تەسلىم بولمىسا، بىز ئۇلارنى باش ئېگىشكە مەجبۇرلىشىمىز لازىم. ئۇلارنى تىزلاندۇرۇپ، بۇ ئانا تۇپراقنى پايمال قىلغانلىقىغا تۆۋا قىلدۇرۇشىمىز لازىم!

تېكمەت كىگىزدە ئولتۇرغان قاسىم پولكان ئۆزىنىڭ ئىلتىجاسىنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق بەس - مۇنازىرىگە سەۋەبچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغىنىدىن ئىختىيارسىز ئالدىغا سۈرۈلۈپ قويدى: «ھە، ئۇلارنىڭ سۆزىدىن قارىغاندا، بۇ

قېتىمقى يىراققا يۈرۈش قىلىشىمىز مەقسىتى يالغۇزلا تۇرپان، توقسۇن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق بولغان جايلار ئىكەن — دە! شۇ يەرلەرگە ئامان — ئېسەن يەتكۈزگەيسەن، خۇدايىم! ئۆتكۈر نەيزەمنى قولۇمغا ئېلىپ، شەۋكەتلىك ئەجدادلىرىمىزنى قىرغان كىشىلەر بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىدىغان بولدۇم...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

— ئەمىر لەشكەر! — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز، — مېنى نۇسرەت سۈپەت قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە جەڭ قىلىش شەرىپىگە نائىل قىلغايلا! ئىسلام باھادۇرلىرىنى كۈنچىقىش تەرەپلەرگە مەن باشلاپ باراي!

كۆپچىلىك قاسىم پولگانغا قاراپ قېلىشتى، ئىسھاق خوجا قېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دېدى:

— پولگان، سىلىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرىمىز. بىزنى نۇسرەت يولىغا باشلاپ مېڭىشلىرىغا ئىشەنچىمىز كامىل!

دانىيال خوجا قاسىم پولگاندىن سورىدى:

— سىز قەھرىمان قوشۇنىمىزنى باشلاپ تاغدىن ئۆتۈشتە قايسى يولنى تاللىدىڭىز؟

قاسىم پولگان دانىيال خوجىنىڭ سۆزىگە چۈشىنەلمەي بىر پەس مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، ئەمما كېيىن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تېزلا چۈشەندى:

— قانداق دەيدىلا، سەئىد غازى خوجام؟

— توقسۇن يولىنىڭ قاتتىقلىقى تەرىپى بولسا، — دېدى دانىيال خوجا، — ھەممە ئىنسان گۇرۇھىغا خۇددى قۇياش نۇرىدەك روشەن. بۇ يول مۇشەققەتلىك يول. شۇڭا، بۇ يولدىكى ئاغى بۇلاق دېگەن جايدا تاغقا مىتىن بىلەن بىرلەۋھە ئويۇپ قويۇلغان دەپ ئاڭلىدۇق. ئۇ لەۋھەدە: «بۇ يولدىن بىر نۆۋەت ئۆتكەنلەر بولسا، ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكى ۋە ناھايىتى نادانلىقىدىن ئۆتىدۇ. ئىككىنچى مەرتىۋە ئۆتكەنلەر،

مازارى ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىشنى ئويلاپ، تىجارەت،
نەپەقە، ئەھلى ئايال زۆرۈرىيىتىدىن ئۆتىدۇ. ئۈچىنچى مەرتىۋە
ئۆتكۈچىلەرنىڭ بولسا، ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق» دېيىلگەنمىش.
شۇڭا سىز — پولگان ئىنىمىز، بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنى
مۇشۇ زەھەردەك تومۇز ئاپتىپىدا بۇ قاقاس چۆل تاغدىن
قانداق باشلاپ ئۆتكۈزۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز؟

— راست ئېيتىدىلا، سەئىد غازى خوجام! ئاغىي بۇلاق
يولىنىڭ مۇشەققىتى ھەقىقەتەن جانغا پاتىدۇ. بىراق، يول
ئازابى ھەرقانچە قىلغان بىلەن دۈشمەن ئاتقان ئوقنىڭ ئازابى-
دىن ئاچچىق بولمىسا كېرەك؟!

دانىيال خوجا قاسىم پولگاننىڭ ئۆتكۈر سۆزىگە جاۋاب
بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى.

قاسىم پولگان يىلانلىقتىكى جانباقى لاڭقا` دېگەن تۇزاق-
چىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئاتىسى
بىلەن بىللە قاپقان قۇرۇپ، بۆرە، تۈلكە تۇتۇپ، تېكە، جەرەن
ئوۋلاپ، تاغ يوللىرىغا پىششىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزىگە
ئىلىنغانلىكى ئاڭنى ئېتىپ تىك مولالاق چۈشۈرىدىغانلىقتىن،
«پولگان» دەپ ئاتالغانىدى. توقسۇننىڭ ئەگرى - توقاي
مۇشەققەتلىك تاغ يوللىرى ئۇنىڭدا خېيىم - خەتەردىن قورق-
مايدىغان، جاپا - مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان قەيسەر
مىجەز - خۇلقىنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئۇ كارۋان باشلاپ لەنجۇ-
غىمۇ كۆپ بارغانىدى.

سەردارلار ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجىغا: «يېتەرلىك
ئوزۇق - تۈلۈك، ئات - ئۇلاغ ۋە قورال - ياراق تەييار قىلىپ
ئاندىن يۈرۈشكە قەدەم قويساق بولارمىكىن» دەپ مەسلىھەت
بېرىشتى. بۇ مەسلىھەت ئىسھاق خوجىغا ماقۇل چۈشتى. ئۇلار

نەچچە يۈزلەپ ھارۋا، تۆگە، ئات، ئېشەك ۋە قېچىرلارغا ئوق -
دورا، توپ - زەمبىرەك، قورال - ياراق، ئوزۇق - تۈلۈك،
ئىچىدىغان سۇ، ئوت - بوغۇز قاتارلىقلارنى يۈكلەپ، سائادەتلىك
زامان ۋە ياخشى بىر ۋاقىتتا، زەپەر ئۆزەڭگىسىگە ئاياغلىرىنى
قويۇپ ئاتلاندى. كاناي - سۇنايلارنىڭ ساداسى، «ھۇزۇرۇم»
نەغمىسىنىڭ زىل ئاۋازلىرى، كوچا لەشكەرلىرىنىڭ كۆركەم
ھەشەمەتى بىلەن نەيزە ۋە قىلىچلارنىڭ ئوتتەك پارقىراشلىرى،
ئۈزۈندىن ئۈزۈنغا سوزۇلغان بۇ قەدىم يوللارنى قاپلاپ ماڭدى...

قوشۇن يىلانلىق يولىدا تۇرپانغا قاراپ كېتىپ باراتتى.
يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۈك باغلار، چەكسىز بوستانلىقلار
كەڭ سوزۇلۇپ ياتاتتى. يول تەرەپكە ساڭگىلىغان جۈجەملەر-
نىڭ پۇتاقلىرى بەزى نەۋكەرلەرنىڭ بۆكلىرىنى ئىلىپمۇ
قالاتتى. قوي - ئۆچكىلەر كۆك مايسىلار ئۈستىدە يۈگۈرۈشۈپ
يۈرمەكتە. بۇغداي ئېتىزلىقلىرى ئارىسىدا ئاندا - ساندا سوقما تاملىق
ھويلىلار كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئاسماندىن توپ - توپ قۇشلار
ئۇچۇپ ئۆتمەكتە. يېزىلار، ئادەملەر بارغانسېرى شالاڭلاشماقتا.
يول سوزۇلۇپ كېلىپ يەنە پايانسىز چۆلگە چىقتى. ئۇزاقتا تاغلارغا
چۈشكەن قارلار پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردە
بۇلۇتلارنىڭ كۆلەڭگۈلىرى ئۆمىلەشمەكتە. ئىسسىق شامال
قۇرۇپ كەتكەن چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ھىدىنى دىماققا ئۇرماقتا.
ھاۋادا سوزۇلۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن كۆكسىنەك كىچىك قۇشلارنى
قوغلاپ يۈرەتتى.

× ×

ئىسھاق خوجىنىڭ تۇرپانغا ئەسكەر باشلاپ كەلگەنلىكىدىن
خەۋەر تاپقان بۇ يەردىكى مانجۇلار خېلى ئالاقزادە بولۇشتى. بەزىلىرى

باشلىرىنى ئېلىپ قېچىشتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، تۇرپان سېپىلى پۇختا ئىدى. ئىسھاق خوجا تۇرپانغا يېتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپلا شەھەر سېپىلىنى ئېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. سېپىل ئېلىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان سەردارلار، پەنسادلار كۆپ تىرىشىپ، سېپىلنى تەكشۈرۈشكە، ئۇنىڭ چىڭلىقىنى سىناشقا، زەئىپ تەرەپلىرىنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى. بۇ ئالامەت ئېگىز ۋە مەزمۇت سېپىلنى ئالغاندىلا، دۈشمەننى ئاندىن باش ئەگدۈرگىلى بولاتتى. بۇ تاياق تىقىش بىلەن تەڭلا ئىچىدىكى چۇمۇلىلەر تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىدىغان سېرىق چۇمۇلىنىڭ ئۇۋىسى ئەمەس ئىدى. قېرى، ياش پەنسادلار بىرلىكتە سېپىلنىڭ تۈرلۈك يەرلىرىنى كۆزلەپ، ئۇنى بۇزۇش چارىلىرىنى كۆردى.

قاسىم پولكانىڭ روھىدا غەيرەت جۇش ئۇرۇپ، جەڭگىۋارلىقى قايناپ - تاشتى. ئۇ گويا يېڭىباشتىن ياشىرىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ، ئۆزلىرىنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن جەڭ ئىلمىنى ئۆگىنىپلا چۈشكەندەك تەكەببۇر تۇتىدىغان پەنسادلار ئالدىدا، ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن جانبازلىق قىلماقچى بولدى.

ئىش كىچە - كۈندۈز توختىماي ماڭدى. يۈزلىگەن ئەسكەرلەر سېپىل تۈۋىگە ئىچىگە دورا قاچىلانغان مەخسۇس قازانلارنى دۈم كۆمتۈرۈپ چىقتى، قېلىن تاملارنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىپ يەرنىڭ ئاستىدىن لەخمە كولىدى. يۈزلەرچە ئەسكەرلەر سېپىل تېمىنىڭ بەلگىلىك جايلىرىنى تاللاپ، پالاخمانلارنىڭ ياردىمى بىلەن سېپىلغا تاش ئېتىشقا كىرىشتى. ئۈستىدىن ھارۋا مېڭىش مۇمكىن بولغان قېلىن تام پۈتۈن بىر تاغنىڭ تېشى ئېتىلغان تەقدىردىمۇ قىمىرلىمايدىغاندەك تۇراتتى.

سېپىلنى قوغدىغۇچىلارمۇ تىنچ يېتىشمىدى. يۇقىرىدىن تۇرۇپ، پوتەيلەرگە يوشۇرۇنۇپ، قېلىن ئوق ياغدۇرۇپ تۇردى.

گاھىدا ئۇلار ئاتقان ئوقلار شۇنچە ئۇزاققا كېتەتتىكى، يىراقتىكى بىرەر ئادەم ياكى ئاتقا تېگىپ، باھادۇرلارنى ھەيران قالدۇراتتى. بۇ ھال دۈشمەن سېپىدىمۇ ئاجايىپ ئەسكەرلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتەتتى. قوغدىغۇچىلار بەزەن يۇقۇرىدىن ئوت تاشلاپ، قايناق مومىلارنى تۆكۈپ، سېپىل تۈۋىدىكىلەرنى قوغلايتتى.

ئىسھاق خوجا سېپىلنىڭ تاغ تەرىپىدىكى بىر دۆڭلۈك ئۈستىگە چېدىر تىكىپ جايلاشقانىدى. ئۇنىڭ تەمبەل، قاۋۇل بەستى ئۇنىڭ ماھىر قىلىچۋاز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۇ پەنسادلارغا مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنى پىداكارلىققا دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. لەشكەرلەرنى ئۈممىدسىزلەنمەسلىككە رىغبەتلەندۈرەتتى. گاھىدا، مەرھۇم باھادۇرلارنى يادلاپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىشلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى.

قىلىچۋاز يىگىتلەرنىڭ ئىچلىرى پۇشۇپ، قوللىرى قىچىشىپ تۇراتتى. ئۇلار جەڭنى سېغىناتتى، قانلىق بوران كۈنلىرىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. گاھىدا دۈشمەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇپ قوياتتى — قاراڭغۇ كېچىدە يۈزلەرچە قارا چېرىكلەر قوۋۇق ئىچىدىن چىقىپ، قارا بوران- دەك بېسىپ كېلەتتى. كېچىدىكى قىقاس - چۇقان كۆككە يېتەتتى. قىسقا، لېكىن تولىمۇ قىزغىن جەڭلەر باشلىنىپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭدا، بارلىق ئەسكەرلەر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، دۈشمەن قانداق بېسىپ كەلگەن بولسا، شۇنداق چاپسان كۆزدىن غايىب بولۇپ، قوۋۇقتىن كىرىپ كېتەتتى.

ئىسھاق خوجا ئۈستىلارغا يوغان، ئېگىز شوتىلارنى ياساتتى. بىر قانچە جەڭچى، چاققان يىگىتلەرنى تاللىدى. ئۇلارغا قاسىم پولگاننى پەنساد قىلىپ تەيىنلەپ، بىر كېچىسى ئەپچىللىك بىلەن شوتىلارنى سېپىل تاملىرىنىڭ تۆرلۈك تەرەپلىرىگە — بىرنەچچە يەرگە ئورناتقۇزدى. ئۇلارغا سېپىلغا چىقىپ، قاراۋۇللارنى قىرىپ، ئىچكىرىگە چۈشۈشنى بۇيرۇدى. قاسىم

پولگان باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر قىلىچ، ئايپالتا، نەيزە ۋە
مىلتىقلىرىنى ئېلىپ، ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، قورقۇمسىزلىق
بىلەن شوتىلارغا ئېتىلدى. سېپىل تۆۋىدە ئەنسىزلىك باشلاندى.
كۆتۈرۈلگەن يىگىتلەرنىڭ تولىسى ئېگىزلىكتىن تاشتەك ئۇرغىت
تىلىپ، پارچىلىنىپ يەرگە چۈشتى. قاسىم پولگاننىڭ ئاجايىپ
چاققانلىقى ھازىر تازا ئەسقاتتى. ئۇ قارا چېرىكلەرنى چېپىپ
تاشلاۋەردى. ئاۋۋال چىققانلىرى تۆپىدە قىلىچلىنىپ ئۆلگۈردى،
لېكىن، بىردىنلا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكەن قارا چېرىكلەر تەرىپىدىن
قىيما - چىيما قىلىۋېتىلدى. ئەمما، يىگىتلەر شوتىلاردىن
ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ كېلىپ، قارا چېرىكلەرنىڭ ئۈستىگە
شىددەت بىلەن تاشلىنىۋاتاتتى...

ئىسھاق خوجا ئېلى خوجا ئىسىملىك بىرەيلەننى سېپىل ئىچىگە
ئەلچىلىككە كىرگۈزۈپ: «مانجۇلار شەھەرنى بىكارلاپ ئىچكىرى تەرەپكە
كەتسۇن، بىز يول بېرىمىز» دەپ ئېلان قىلدى ۋە بول ئېرىق①
قوۋۇقىنى توسۇپ ياتقان لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ،
قۇمۇل تەرەپنى ئېچىپ قويدى. شەھەردىكى مانجۇلار ئۇزاقتىن
بۇيان مۇھاسىرىدە ياتقاچقا، ئوزۇق - تۈلۈكلىرى ئۈكسۈپ
قالغانىدى. شەھەردە ئاچارچىلىق دەۋر سۈرمەكتە ئىدى. ئۇلار
ئىت - ئېشەك، مۈشۈك - چاشقان، ئىشقىلىپ يېگۈدەك
نەرسىلا بولسا، ھەممىنى يەپ تۈگىتىشكەنىدى. ھەتتا دەل -
دەرەخلەرنىڭ قوۋزاق - يوپۇرماقلىرىنىمۇ ئالا قويماي يەپ
بولۇشقانىدى. سۇمۇللا دېگەن بىر باھادۇر تۇڭگانىي ئادەملىرىنى
باشلاپ سېپىلغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، مانجۇلارنى
پاراكەندە قىلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئوق تەگدى.
مانجۇلار ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئوتتا پىشۇرۇپ كاۋاپ
قىلىپ يەپ كېتىشتى. مانجۇلار مۇشۇنداق جان قايغۇسىدا
تۇرغىنىدا، ئەلچى كېلىپ ئىسھاق خوجىنىڭ «يول بېرىمىز»

① بول ئېرىق — ھازىرقى نامى بۇلىيۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

دېگەن خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئۇلار بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، شەھەردىن قېچىپ چىقىپ بول ئېرىققا بارغاندا، بۆكتۈرمىدە ياتقان قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن چاپ - چاپ قىلىنىپ، ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى. بىرەر مىڭدەك مانجۇ ئىمان ئېيتقانلىقىدىن ئامان قالدى. كۇچا قوشۇنى شەھەر ئىچىدىكى قورال - ياراق، توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇۋالدى......

× ×

ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانىيلارنىڭ سۇ دالويە① ۋە داۋۇت خەلىپە② دېگەن چوڭلىرىدىن ئەلچى كېلىپ، ئۇلارنىڭ «ئۈرۈمچى ۋەيشاڭلىرىدىن تامامىنى ئېلىپ، مانجۇلارنى شەھەرگە قامىۋالدۇق. بىزگە مەدەت بېرىپ، خوجاملاردىن بىرى باش بولۇپ، لەشكەر باشلاپ كەلسە!» دېگەن ئەرزىنى يەتكۈزدى........

× ×

كۈن ئولتۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇزاقتا ئېدىرلارنىڭ، سايلارنىڭ باغرىدا كەچنىڭ كۆلەڭگىلىرى تەمتىرەشمەكتە ئىدى. چوڭ يولنى بويلاپ سوزۇلغان تىرىلغۇلۇقلار ياپيېشىل بولۇپ شامالدا تولقۇنلىناتتى. ئىسھاق خوجا ئۆزىنىڭ سەر-

① سۇ دالويە — سۇ خوۋەنجاڭ.

② داۋۇت خەلىپە — تومىن، ياكى تۇدېلىڭ. سۇ خوۋەنجاڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرىغا خەلىپە بولغان.

دارلىرى ۋە پەنسادلىرى بىلەن قوشۇننى باشلاپ، سەنگېجۇاڭ① دېگەن يەردىن چىقىپ، هارغان ئاتلارنى زورلىماي ئاستا ماڭماقتا ئىدى. ئۇ ۋۇجۇدىدا هارغىنلىق سېزەتتى. بېشىدا بولسا، تورلۇك خىياللار، پىكىرلەر هۆكۈم سۈرەتتى. يېنىدىكى ساداقەتلىك هەمراهلىرىغا گاهىدا ئاستا بىر نەرسىلەرنى دەپ پاكى بىرەر نەرسىگە ئىشارەت قىلىپ، يەنە شۈك بولۇپ قالاتتى. ئەنە ئۇزاقتا خوگمىياۋزى② نىڭ كونا سېپىلى كۆرۈندى. ئاتلار مەنزىلنىڭ يېقىنلاشقىنىنى سەزدى بولغاي، پۇرقىرىشتى — دە، قامچىسىزلا يورغىلاپ چاپسان مېڭىشقا باشلىدى. بىر توپ قېلىن دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن چاڭ كۆتۈرۈلدى. هايالشمايلا، داۋۇت خەلىپە باشلىق تۆگگانىيلار يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى قارشى ئالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، داۋۇت خەلىپىنىڭ خاس ئەسكەرلىرى، يېقىنلىرى، هەمسۆهبەتلىرى، يۇرت چوڭلىرى بار ئىدى. داۋۇت خەلىپە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىسهاق خوجىغا سالام بەردى ۋە ئەدەب بىلەن كۆرۈشتى. ئەمىر لەشكەرنىڭ سالامەتلىكى، سەپەرنىڭ مۇشەققەتتى توغرۇلۇق سورىدى. باشقىلارمۇ تەرتىپ ۋە ئەدەب بىلەن كېلىپ، ئىسهاق خوجا بىلەن كۆرۈشتى.

ئىسهاق خوجىمۇ داۋۇت خەلىپىدىن هال - ئەهۋال سورىدى. كېيىن ياسىداق ئاتقا مىنگەن داۋۇت خەلىپە بىلەن ياندىشىپ مېڭىپ، خوگمىياۋزىغا كىردى. خەلق ئۇنى خۇشال — خۇرام قارشى ئالدى.

---

① سەنگېجۇاڭ — ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىگە ئوتتۇز كىلومېتر كېلىدىغان بىر ئۆتەڭنىڭ نامى.

② خوگمىياۋزى — ئۈرۈمچىنىڭ يەنە بىر نامى.

× ×

ئەتىسى، سۇ دالويەنىڭ قارارگاھىدا تەنتەنىلىك ئەھدە-پەيمانلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا داۋۇت خەلپە رىياسەتچىلىك قىلدى.

— ئاللا گۇۋاھچىدۇر، — دېدى داۋۇت خەلپە تەنتەنە بىلەن، — مۇسۇلمانلىق مېھرى بىزنىڭ قول-پۇتلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزگە مەھكەم باغلاپ قويدى...

ئۇ سەل توختىۋالغاندىن كېيىن قەتئىي قارارغا كەلدى، بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرى پارقىرىدى، قۇرئاننى ئۇزاتتى:

— بۇ مۇبارەك كىتابنىڭ ئۈستىگە قولىمىزنى قويايلۇق.

ئىسھاق خوجا، سۇ دالويە ۋە داۋۇت خەلپىلەر تىترىگەن قوللىرىنى قۇرئان ئۈستىگە قويۇشتى.

— ئەمدى قەسەم ئىچەيلۇق!

ئۇلار كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

— ئاللا ئالدىدا، شۇ كىتابى مۇبارەككە قول قويۇپ تۇرۇپ، قەسەم ئىچىپ ۋەدە بېرىمىزكى...

— ئاللا ئالدىدا، شۇ كىتابى مۇبارەككە قول قويۇپ تۇرۇپ، قەسەم ئىچىپ ۋەدە بېرىمىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە ھۆر-لۈكى ئۈچۈن، تاكى ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە، جىھاد قىلىمىز.

— ئۆلۈپ تۈگىگۈچە ھېچقانداق تەپرىقە نىيەتتە ۋە ئاسىي ھەرىكەتتە بولمايمىز.

— ... تەپرىقە نىيەتتە ۋە ئاسىي ھەرىكەتتە بولمايمىز...

چىرايلىرى سارغايغان، قوللىرى تىترىگەن سۇ دالويە خېلىلا يېنىكلەپ قالدى ۋە ئەركىن نەپەس ئالدى.

— ئەمدى قۇرئاننى سىز ئېلىڭ! — دېدى داۋۇت خەلپە قۇرئاننى ئىسھاق خوجىغا ئۇزىتىپ، ئۆزىمۇ قولىنى قۇرئان ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ قولى دىر - دىر تىترەيتتى. پېشانىسىدىن چىپ - چىپ تەر ئاقاتتى.

— ئاللا تائالانىڭ ئالدىدا، قولۇمنى شۇ مۇبارەك كىتاب ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ئېيتىمەنكى، مېنىڭ دېگەنلىرىم ھەق ۋە راستتۇر. كىچىككىنە يالغىنى بولسا، مېنى يەر يۇتقاي!...

داۋۇت خەلپە ھاياجانلىنىپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئاۋازى چىقماي قالدى.

ئاندىن ئۇلار قۇرئاننى نۆۋەت بىلەن قوللىرىغا ئېلىپ، ئۇنى ئۈچ قېتىمدىن سۆيدى ۋە ئۈچ قېتىم بېشىدا كۆتۈردى.

ئەھد - پەيمانلىشىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىسھاق خوجا سۇ دالويە ۋە داۋۇت خەلپىلەر بىلەن بىللە، پەنسادلىرى ۋە سەردارلىرىنى، تەجرىبىلىك جەڭچىلىرىنى يىغىپ، جەڭگە ھازىرلىنىش توغرىسىدا كېڭەشتى. لەشكەر تۇپلاپ، قورال - ياراقنى كۆپەيتىش، قارا چېرىكلەر بىلەن قەيەردە، قانداق ئۇچرىشىش ۋە باشقا ئىشلار خۇسۇسىدا، مەسىلىلەرنى ئېنىقلىۋېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جەڭگە تەييارلىق ئىشلىرى كېچە - كۈندۈز ماڭدى. سۇ دالويە ياشىنىپ قالغان، ئاغرىقچان بىر ئادەم بولغاچقا، جەڭنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى داۋۇت خەلپىگە تاشلاپ قويدى. داۋۇت خەلپە ئۆزى ئۇرۇش ئىشلىرىدا تەجرىبىسىز بولغاچقا، نېمە قىلىشىنى بىلمەيرەك قالغانىدى. ئۇنىڭ سورۇنۇشى بىلەن، ئىسھاق خوجا باش ئەمىر لەشكەر دەرىجىسىدە پۈتۈن ئىشنى ئۆز قولىغا ئالدى. ئۇ، كۆپ جەڭلەرنى كۆرۈپ ئۈستىخىنى قاتقان، تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ باھادۇرلۇق سۈپىتى ئۆزىگە يارىشىپ

تۇراتتى.

تەييارلىق ئىشلىرى تېخى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتمىگەن بىر پەيتتە، لومەنچېڭ ① دىكى مانجۇلارنىڭ هۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر كەلدى. ئىسهاق خوجا ئۆز كۈچلىرىنى نېرى - بېرى قىلىپ تەرتىپكە سالدى. قارارگاھ ئۈچۈن، جەڭدە قولايلىق بولىدىغان خۇڭمياۋزى دېگەن بۇتخانىنىڭ كەينىدىكى تۆپىلىكنى تاللىدى. ئەتراپقا كۈچلۈك قاراۋۇللار قويۇلدى. دۈشمەن كۈچلىرىنى تەكشۈرۈپ بىلىش ئۈچۈن، چىنداۋۇللار ئەۋەتىلدى. دۈشمەننىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرىنىڭ باشقا بىر ياق بىلەن كېلىپ باسۇرۇق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كېچىلەرنى سەگەكلىك بىلەن ئۆتكۈزدى. يىراقتا، لومەنچېڭدىكى قارا چېرىكلەر ياققان گۈلخانلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كېچە لەشكەرگاھتا ئىش قايىندى. ئىسهاق خوجا مۇھىم جايلارغا يۈزلەرچە بوش هارۋىلارنى قاتار تىزدۇرۇپ، ئۇلارنى يوغان زەنجىرلەر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاتقۇزدى. بۇنىڭ پاناھىدا، پىيادە مەرگەنلەر قارشى تەرەپنى يىراقتىن بىمالال ئوققا تۇتالايتتى.

يىگىتلەر ئۆز ئاتلىرىنىڭ جابدۇقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ياراق - جابدۇقلىرىنى تەييارلاشقا باشلىدى. تاڭ ئاتقاندا، لەشكەرلەر ئاتلىنىپ، ساۋۇتلىرىنى، دۇبۇلغىلىرىنى كىيىشكەن هالدا چېرىنغار، بېرىنغار بولۇشۇپ، ئەمىر كۈتۈپ تۇرۇشتى.

ئەمىر لەشكەر ئىسهاق خوجا داۋۇت خەلپىنى باشلاپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ كۈچلىرىنى كۆرۈپ، بايقىماق بولۇپ، دۆڭگە چىقتى. ئۇۋۇدىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك پىرقىراپ يۈرگەن قارا چېرىكلەرنى كۆرگەن داۋۇت خەلپە شۇ يەردىلا بوشىشىپ، چىرايى بۇزۇلۇپ كەتتى، قانداق قىلىمىز، دېگەندەك قىلىپ، ئەمىر لەشكەر ئىسهاق خوجىغا قارىدى. ئەمىر لەشكەر ئاۋال-

① لومەنچېڭ — ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەشھۇر گازارمىلارنىڭ بىرى. هازىرقى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

قىدەكلا قاتتىق، قەھرلىك ۋە تەشۋىشسىز ئىدى.

— نېمە قىلماقچىدىلا! — دېدى ئۇ يوغان ئاۋازى بىلەن، — ئۇرۇشماي قاچقاندىن كۆرە، كۈچلۈك يېغى بىلەن ئېلىشىپ تاياق يېگەن ياخشىراق. تاياق يېيىشمۇ پايدا — پىششىق بولىدىلا، تەجرىبە ھاسىل قىلىدىلا...

داۋۇت خەلپە ئۈنچىقمىدى. يالغۇز ئۆزى يەنە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ ئالغا قاراپ كېلىۋاتماقتا ئىدى. ئۇ، يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشتى ۋە نەۋكەرلىرى تۇتۇپ تۇرغان ئاتقا مىندى - دە، تۆڭگانىيلارنى باشلاپ، بوران ئاۋازى بىلەن دۈشمەننىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرىغا ئېتىلدى. چاڭ - توپا ئارىسىدا جەڭ قايىندى. شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان قارا چېرىكلەر دولقۇنى ئارقىغا شۇخشىدى. يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ھارۋىلارنىڭ كەينىگە توپ - توپ بولۇپ يوشۇرۇنۇپ، مانجۇلارنى ئوق بىلەن چىنەپ ئاتتىن غۇلىتىشقا باشلىغاندا، ئىسھاق خوجا يىگىتلەرنىڭ ئىككىنچى چوڭ قىسمىنى باشلاپ، قارا چېرىكلەرنى ئۇزاقتىن قورشىۋېلىشنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلدى.

مانجۇلار كەلكۈن سۈيىدەك بېسىپ كېلىۋاتقان كۇچالىقلار بىلەن تۆڭگانىيلارنى توختىتالماي ئارقىغا ھەدەپ قاچاتتى ئەمما يەنە پەيتنى پايلاپ ئالغا ئېتىلاتتى. لېكىن، مۇنداق قىلىۋاتقانلىرى ئۇلارنىڭ ئازلا بىر قىسمى بولۇپ، قالغان كۆپچىلىكى بۇزۇلۇپ، تەرتىپسىز قېچىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار سەردارلىرىنى قوغدىغان ھالدا كەينىگە چېكىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئىسھاق خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى ھېچ توختىماستىن ھەرىكەت قىلىپ، قارا چېرىكلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرماقتا ئىدى....

كۈن دەرەخلەرنى تۇتۇقلاشتۇرۇپ، مېچىتلەرنىڭ

ئېگىز پەشتاقلىرىدا، گۈمبەزلىرىدە، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ دۇبۇلغىلىرىدا ئوت چاقناتتۇرۇپ، ئۇپۇققا كىردى. ئاخشام قاراڭغۇلۇقى ئاستا ـ ئاستا قويۇقلاشتى. ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمەنلىكى ئېچىلىشقا باشلىدى. شەھەرنىڭ ئىچمۇ ـ تېشمۇ جىمجىت بولۇپ كەتكەنىدى. ئېگىزلىكتە، سالقىن شامال سوقۇپ تۇراتتى. كېچە ئۇزارغانسېرى يىراقتىن پات ـ پاتلا قىقاس ـ چۇقان ئاڭلىناتتى. بۇ يەردە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، قاسىم پولگاننىڭ باشچىلىقىدا جېسەكچىلىك قىلىۋاتقان يۈزلىگەن يىگىتلەر ئۈنىنى چىقارماستىن قۇلاقلىرىنى قالقاندىشىپ تىڭشاۋاتاتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا، ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا بىردىنلا كۈچلۈك قىقاس كۆتۈرۈلدى.

بىر ئازدىن كېيىن پەستە، يېقىنىراق بىر جايدا قانداقتۇر بىر ھەرىكەت بولۇپ، قىقاس چىققاندەك بولدى. قاسىم پولگان دىققەت بىلەن پەسكە قۇلاق سالدى.

— تۇڭگانسىلار شەبخۇن ئۇردىغۇ — دەيمەن! — دېدى ساقچىلارنىڭ بىرى.

قاسىم پولگان، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ: — توغرا! ياردەمگە بېرىش كېرەك. بۇ يەر تىنچ، — دېدى. بۇ يەر لومەنچىلىك دېگەن قورغانغا ئەڭ يېقىن بولۇپ، شەھەرنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىكى قوۋۇق ئىدى. ھاي ـ ھۇي ئاۋازلىرى، ۋارقىراشلار، چىرقىراشلار بېسىلمىدى. قاسىم پولگان پەنسادتىن رۇخسەت ئېلىپ، ئونچە يىگىت بىلەن تۆپىلىكتىن ياردەمگە يۈگۈردى. بىر ئازدىن كېيىن، قىقاس ـ چۇقان ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپ ئايرىم، قىسقا ۋاي ـ ۋايلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

بىرنەچچە قېتىملىق ئېلىشىش ئارقىلىق، خوڭمىياۋزىدىكى مانجۇلاردىن لومەنچىلىك قاتارلىق ئاز ساندىكى قورغانلارغا بېكىنىۋالغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ئاسان

يوقىتىلدى. بۇ بىر بۆلۈك مانجۇلارنىڭ كۈنىمۇ ساناقلىق قالغانىدى.

× ×

بىر كۈنى، داۋۇت خەلپە سۇ دالويەنىڭ بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىنقى سەپتىن ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، سۇ دالويە جەڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

— ئېھ، ئېھ... مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن،— دېدى سۇ دالويە يۆتىلىپ تۇرۇپ،— بۇ زىققا كېسىلى جېنىمغا كەلگەن ئوخشايدۇ. مانجۇلارنىڭ چارىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۇرتنى قانداق سوراشنى ئويلىشىپ كۆردىڭىزمىكىن، ئىنىم؟...

— مەنمۇ سىز ئاكامدىن شۇ ئىشنى سوراپ باقايمىكىن دەپ كەلگەنىدىم.

— بىز چەنتۇلارنىڭ يۇرت ئېلىشتىكى باھادۇرلۇقىغا قايىل بولساقمۇ، ئەمما يۇرت سوراشقا كەلگەندە ئۇلارنىڭ كۆپ خام ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. شۇڭا يۇرتنى چەنتۇلار بىلەن بىللە سورىغاندىن كۆرە، ئۆز ئالدىمىزغا ئوڭچە سورىغىنىمىز تۈزۈك.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

— مانجۇلارنى يىغىشتۇرۇشقا ئەمدى كۆپ كۈچ ۋە كۆپ مەدەتكار كەتمەيدۇ،— دېدى سۇ دالويە خۇنچىدىكى چاينى ئىچىۋېتىپ،— ئەمما، يۇرت سوراشتا ھىيلە - پەند بىلەن چارە قىلماق كېرەك. چۈنكى ھىيلە - پەند كۈچ - قۇۋۋەتتىن كۈچلۈكرەكتۇر. سىز مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟— دەپ سورىدى داۋۇت

خەلىپە.

— بىر قاغا تاغنىڭ كامىرىغا ئۇۋا ياساپ، شۇ يەرنى ماكان قىلىپ ياشاپ كەلگەنىكەن، ئەمما، قاغىنىڭ بالىسىنى داۋاملىق يىلان يەپ كېتىدىكەن. يىلاننىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان قاغا تاقەتسىزلىنىپ، يىلان ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆزىنى تۇمشۇقى بىلەن چوقۇپ قارىغۇ قىلىۋەتمەكچى بولۇپتۇ. قاغىنىڭ بىر چىلبۆرە دوستى بار ئىكەن. ئۇ:

— سېنىڭ بۇ تەدبىرىڭ خاتا، — دەپتۇ، — دۈشمەنگە قەست قىلىشتا ئۆزىڭگە بىخەتەر ئۇسۇل بىلەن ئىش قىلىش كېرەك. بولمىسا، ئۆزىنى هالاكەتكە تۇتۇپ بەرگەن بېلىقئالغۇچتەك ئىش قىلغان بولىسىز.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قاغا.

— سۇ بويىنى ئۆزىگە ۋەتەن قىلىپ تۇتقان بىر بېلىقئالغۇچ بار ئىكەن، — دەپتۇ چىلبۆرە، — ئۇ ئۆزىنىڭ هاجىتىگە لايىق بېلىق تۇتۇپ يەپ خاتىرجەم ياشاپ كەلگەنىكەن. بېرىپ - بېرىپ ئۇ قېرىپتۇ - دە، كۈچىدىن قېلىپ، بېلىق ئالالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. «ئەپسۇسكى، ئەزىز ئۆمرۈم بەربات بولدى. ياش ۋاقتىمدا قېرىلىق ئۈچۈن مال - دۇنيا يىغماپتىمەن. هالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ماغدۇرۇمدىن قېلىپ، هېچ ئىش قولۇمدىن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى هىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ كۈن كەچۈرمىسەم بولمىدى» دەپ، بىر قىسقۇچپاقىغا: «بۈگۈن بۇ يەردىن ئىككى بېلىقچى ئۆتتى. ئۇلار: بۇ يەردە بېلىق كۆپ ئىكەن، بېلىقنى مۇشۇ يەردىن تۇتساق بولىدىكەن، دېيىشىپ، ئەتە - ئۆگۈن كېلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. ئەمدى، بۇ يەردىكى بېلىقلارنىڭ هالىغا ۋاي!» دەپتۇ. قىسقۇچپاقا بۇ شۇم خەۋەرنى دەرهال بېلىقلارغا يەتكۈزگەنىكەن، ئۇلار ۋاي - تو ۋا دېيىشىپ، هېلىقى بېلىقئالغۇچتىن بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى سوراپتۇ. «ماڭا مۇنداق بىر هىيلە ماقۇل كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ بېلىقئالغۇچ خۇپسەنلىك قىلىپ، — مۇشۇ يېقىندا ئادەمزاتنىڭ كۆزى چۈشمىگەن

بىر كۆلچەك بار. ئەگەر سىلەر شۇ جايغا كۆچسەڭلار، راھەت - پاراغەتتە، خاتىرجەم كۈن كەچۈرگەن بولاتتىڭلار!» «ۋاي شۇنداق بولسۇن!» دېيىشىپتۇ بېلىقلار. مەسلىھەت بويىچە، بېلىقئالغۇچ ھەر قېتىمدا ئىككىدىن بېلىقنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ كۆلگە ئاپىرىپ قويىدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەر كۈنى ئىككىدىن بېلىقنى ئېلىپ بېرىپ، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پاك - پاكىز يەپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىدىكەن. بېلىقلار: «مېنى كۆتۈرگىن!» دەپ تالىشىدىكەن. بېلىقئالغۇچ ئەقىل - ئىبرەت كۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ غەپلىتىگە نەزەر سالىدىكەن. زامانە بېلىقلارنىڭ ھالىغا مىڭ كۆز بىلەن يىغلايدىكەن. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قىسقۇچپاقىمۇ ھېلىقى كۆلگە كۆچۈش ئارزۇسىنى بايان قىلىپتۇ. بېلىقئالغۇچ ئويلاپ: «ماڭا بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك دۈشمەن يوق. ئۇنىمۇ يارەنلىرى يارغان جايغا ئېلىپ بارغىنىم تۈزۈك» دەپتۇ - دە، ئۇنى گەدىنىدە كۆتۈرۈپ ھېلىقى دۆڭگە ئېلىپ كەپتۇ. قىسقۇچپاقا بېلىقلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆرۈپ: «ھە، ئىش مۇنداق ئىكەندە، ئەقىللىق كىشى دۈشمەنىنىڭ سۇيىقەستىدىن ۋاقىپ بولسا، ھەرىكەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ھەرىكەت قىلمىسا، ئۆز خۇنىغا شېرىك بولىدۇ. ئەگەر ھەرىكەت قىلسا، دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ» دەپ پىكىر يۈرگۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قىسقۇچپاقا بېلىقئالغۇچنىڭ دۈمبىسىدىن ئۆمىلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ كانىيىنى مەھكەم سىقىپتۇ. قېرى ۋە زەئىپ بېلىقئالغۇچ بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي، يەرگە يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسقۇچپاقا ۋە قالغان بېلىقلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ...

— بۇ مەسەلنى سىزگە شۇنىڭ ئۈچۈن ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەنكى، — دېدى سۇ دالويە ھاسىراپ تۇرۇپ، — مەن سىزگە دۈشمەننى ھالاك قىلىدىغان ۋە لېكىن ئۆزىڭىز ھايات قالىدىغان بىر يولنى تېپىڭ! دېمەكچى.

— ئەمىر لەشكەر① كۆپ جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن.
ئۇستىخىنى قاتقان، تەجرىبىلىك جەڭچى، — دېدى داۋۇت
خەلىپە، — ئەگەر بىز ھىيلە - مىكىر بىلەن يوچۇق ئاچساق،
ئۇ تەپەككۇر بىلەن ئۇنى ئېتىۋېتىش قۇربىغا ئىگە. بىز ئۇنى
كەچلىك قىلىپ بولغۇچە، ئۇ بىزنى ئەتىگەنلىك قىلىۋېتەرمىكىن!...

— بىز ئەگەر كۈچالىقلارنىڭ كۈچى بىلەن لومەنچېڭدىكى
مانجۇلارنى تولۇق يىغىشتۇرۇۋالالىساقلا، ئىشنىڭ يېرىمى پۈتتى،
دېگەن سۆز. قالغىنىغا يەنە ئازماس ئاللا بار. پەرۋەر-
دىگارىمىز خالىسا، نۇسرەت بىزنىڭكى بولىدۇ!...

× ×

ئۇزاق ئۆتمەي، لومەنچېڭدىكى مانجۇلارمۇ ئەمىر لەشكەر
ئىسھاق خوجىغا زىممىلىك بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.
خۇڭمياۋزى پەتىھ بولۇپ ئۇزاققا بارماي، سانجى، فۇكاڭ،
سەنتەي (جىمسار)، گۇچۇڭ (چىتەي)، گۇمۇدى (مىچۈەن)، ماناس
ئۆپچۆرىلىرىدىكى مانجۇلارمۇ پاك - پاكىز يوقىتىلدى. ئىسھاق
خوجا نۇسرەتلىك قوشۇنىنى باشلاپ جىڭغا بارغاندا، قىش
كىرىپ، سوغۇق شىددىتى ۋە قار - شىۋىرغان دەھشىتى ناھايىتى
قاتتىق بولدى. ئۇلار نائىلاج تۇرپانغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

پىچان، قۇمۇل، باركۆل ۋە مورى قاتارلىق جايلارنىڭ
ئېلىنىشى، ئىسھاق خوجام جىڭدىن قايتقاندىن كېيىن
يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى. بۇ ئىشلار بولۇپ تۇرغاندا، راشىدىن
غازى خان خوجامدىن بىر يارلىق كەلدى. بۇ يارلىقتا: «قىپ-
چاقلار كاشغەرنى ئالدى. ياركەنتنىمۇ بېسىۋاپتۇ. ئۇ تەرەپتىكى
خوجىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەلدى. تولا لەشكەر، قورال -
ياراق ۋە خەزىنە زىيان بولدى. ئۆزلىرى دەرھال لەشكەر

① ئىسھاق خوجىنى دېمەكچى.

باشلاپ كېلىپ، ئەنجانلىقلار بىلەن قىپچاقلارنىڭ بۇ شەھەرلەرنى ئاجرىتىۋالمىسلا، كېيىنكى ئىشلار يامانلىقا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىزگە يېقىن كېلىپ قالغان ئەڭ يامان دۈشمەندۇر، نامە تامام» دەپ يېزىلغانىدى.

«كۆل توشسا تاشىدۇ، ئاي تولسا ئۆرۈلىدۇ» دېگەندەك، ئەمىر لەشكەر ئىسھاق خوجا نۇسرەت قازىنىپ تۇرغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، بۇنداق بىمەھەل ۋە پايدىسىز يارلىقنىڭ يېتىپ كېلىشى، خۇددى ئەسكى تاملىقتا ھۇقۇش سايرىغاندەك ۋە قاتتىق زاۋال ۋاقتىدا خوراز چىللىغاندەك بىر ئىش بولدى.

ئىسھاق خوجام ئىشلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزەلمەي، قولىنى چىشلىگۈدەك بولۇپ، ئۆرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنى داۋۇت خەلىپىگە① مەرھەمەت قىلىپ، تۇرپان، قارا شەھەر، كورلا، بۈگۈر ئەتراپلىرىغا مۇۋاپىق ئادەملەرنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ قولىغا ھوقۇق تۇتقۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، دارۇ سەلتەنەت — كۇچاغا يېتىپ كەلدى. ئالدىغا چىققانلارنىڭ كۆپلۈكى، ئاتا - بالا، قېرىنداشلارنىڭ دىدار كۆرۈشۈشى، جەڭدە قازا تاپقانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ يىغا - زارى ۋە ئاھ - پىغانلىرى، تاماشىچىلارنىڭ هاي - ھۇيلىرى پەلەككە يەتتى...

نەزمە:

چىرقىراق بىر نادان كەتتى كۆرەڭلەپ،
سۆكۈشتە دانانى بابلىدىم مەن دەپ.
بۇ ئەخمەق بىلمەسكى، ھىجاز② كۆيىنى،
ئۆرۈش دۇمبىقىنىڭ يوق ئەتكىنىنى.

— شەيخ سەئدى

① بۇ چاغدا، سۇ خوجىنجاڭ كېسەلدىن ئۆرە بولالماي ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

② ھىجاز — ئەرەبىستاندىكى بىر تۈزلەڭلىكنىڭ نامى. مەككە، مەدىنە شەھەرلىرى مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە جايلاشقان.

# سەككىزىنچى باب

## زېمىننىڭ ئومۇرتقىسى

ئالۋان ـ ھوسۇلۇم تولا،
قوياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قويىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

— ئۇيغۇر خەلق قوشىقى

مىلادى 1865 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

سادىر ① نىڭ پىكرى ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشتى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر ئويلايتتى، قانداقتۇر بىر خەۋپنى سېزەتتى، قىسمەتنىڭ كۆلپەتلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشاتتى، مېڭىسىدە ھەممە نەرسە قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقانىدى. يىراق ـ يىراقلاردىن بىر سىرلىق نۇر ئايلىنىپ كېلەتتى، قاراڭغۇغا قوشۇلاتتى ۋە قانداقتۇر بىر يەرگە ۋال ـ ۋۇل قىلىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ، كۆيۈشۈپ ئاغرىيتتى. قېرىلىق يەتتىمىكىنە؟

① سادىر — مەشھۇر سادىر پالۋان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى، قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ يىرا تەرەپكە قارىدى. يىرا ئويمانلىقتا ئىدى. ئاسماننا كۆتۈرۈلگەن نەچچە توپ تۇماندىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەتراپ تىمتاس، ھەممە نەرسە جىمجىت، قىلچىمۇ تىۋىش يوق ئىدى. ئادەتتىكى كۈنلەردە ۋاڭشىپ قاۋاپ كېتىشىدىغان ئىتلار نەگە كەتتىكىنە؟ يەرلەر خۇددى ئەتىياز ۋاقتىدىكىدەك كۈزنىڭ ئاپتىپىدا ۋاق - ۋاق يىرىلاتتى. ئۇ مۆكۈنگەن قومۇشلۇقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدىن لايخورەكلەرنىڭ سۇنى شالاپشىتقان ئاۋازلىرى ئاندا - ساندا كېلىپ تۇرغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، زېمىن قېتىپ قالغان، كائىنات ھەدىرلىماي بىر ئورۇندا تۇرۇپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر توپ تاغ قۇشقىچى گۇررىدە قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئالدىدىكى باغجانلاپ قويۇق ئۆسكەن بىر تۈپ ياۋا ئەترگۈلگە بىر تاغ قۇشقىچى كېلىپ قوندى. بۇ تولىمۇ چىرايلىق قۇش ئىدى، پەيلىرى كۈن نۇرىدا مۆجىزىلەردىكىدەك ھەرخىل رەڭلەردە تاۋلىناتتى. سادىرنىڭ تاغدىكى نىياز ① لارغا قوشۇلغاندىن بېرى، بۇنداق چىرايلىق تاغ قۇشقىچىنى تېخى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچقا، قايغۇغا ئوخشاش بىر تۇيغۇ كەلدى. «ھاياتىمنىڭ ئاخىرى كۆرۈندىمۇ - نېمە، قاڭرۇق؟ — ② دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — بۇمۇ ياخشى، قانداق قىلىمىز؟ تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ. دادامنىمۇ ئۆلتۈرۈشتى، ئۆيۈمنىمۇ ۋەيران قىلىشتى، ئۆزۈم بۇ تاغلاردا قاڭقىپ يۈرگىلى نەچچە زامان بولدى. زۇلۇم ئاستىدا ئىڭرىشىپ يۈرگەن تارانچىلارنىمۇ مانا مۇشۇنداق پاراكەندە قىلىۋەتتىم...»

---

① نىيازلار — شۇ مەزگىللەردە مانجۇلارنىڭ زۇلمىغا چىدىيالماي، قارشىلىق كۆرسىتىپ تاغقا چىقىۋالغان كىشىلەرنىڭ نامى.

② قاڭرۇق — سادىر پالۋاننىڭ لەقىمى.

قايسى يىلى ئەتىيازدا دادىسى خۇشئەھمەتلەرنى كۆرگىلى بارغان ھېلىقى كۈن ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. تاغۇ تاشلار، مەھەللە - كويلىرى، تاي - قۇلۇنلىرى، ئىت - مۈشۈكلىرى ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن پىر - پىر پىرقىرىشاتتى. كىشىلەر ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا يەرلەرنى تەييارلاش ئۈچۈن، قومۇش - تىكەنلەرگە ئوت قويۇشۇۋېتىكەنىدى. قۇرۇپ قالغان ئوت - چۆپلەرگە تۇتاشقان يالقۇنلۇق ئوتلارمۇ تۇزلەڭلىكتە ئايلىنىپ، ئۆزىچە خۇشاللىق ساداسى چىقىراتتى، تېخىمۇ لاۋۇلداپ ياناتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دادىسى خۇشئەھمەت كەلدى. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىدىن ئېزىلىپ، قەددى پۈكۈلگەن بۇ بوۋاي قېرىپ قالغان پۇتلىرىنى سۆرەپ، ئەڭ قەدىمىي قاراقاش ئۇسسۇلىنى ① ئوينايتتى. تۇزلەڭلىكتە يالقۇنلاۋاتقان ئوتنىڭ يېنىدا سۈرگۈنلەر ② ئوت بىلەن بىللە ئېگىلىپ - قوپۇپ ئۇسسۇل ئوينىشاتتى. سادىرنىڭ كۆز چاناقلىرىغا يىغان ئىككى تامچە ياش كېلىپ توختىدى. سادىر ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى.

«ۋاڭگىدە» قىلىپ تويۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئۇنى ئۆزىگە كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى. مىلتىقىنى مۈرىسىگە ئاستى. يۇقىرىغا — ئېدىرغا قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى. بەلنىڭ نېرىقى چېتى قىيالىق ئىدى. ئۇ ئېگىز قىيالىقنىڭ دالدىسىدا مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئۇ مۆكۈنۈپ يۈرۈپ يۈگۈردى. ئۇ ۋادىنىڭ ئاخىرىسىغا كەلگەندە، مىلتىقلار خۇددى قوماچ قورۇغاندەك ئېتىلىشقا باشلىدى. ئېدىرنىڭ ئاخىرىدا، ئاستىدىكى رەڭلىك شېغىل تاشلىرى پارقىراپ تۇرغان يوغان بىر بۇلاق قايناپ تۇراتتى. سادىر قولىدىكى مىلتىقىنى تۇتقان

---

① خۇشئەھمەت ئەسلى خوتەن قاراقاشلىق ئىدى.

② مانجۇ ئىستىبداتى XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن غۇلجا ئەتراپلىرىغا سۈرگۈن قىلغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى.

پېتى دۈم يېتىپ، مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى قېنىپ - قېنىپ ئىچتى. ئۇنىڭ تۆپىسىدىن، خېلى يۇقىرىسىدىن ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۆتتى. ئۇ شۇئان ئۆزىنى بىر قارا قورام تاشنىڭ كەينىگە ئېتىشقا ئاران - ئارانلا ئۈلگۈردى. بىر يېرىگە ئوق تەگمىگەنلا بولسا، قۇتۇلدى دېگەن سۆز.

تۆۋەن تەرەپتىن ناھايىتى كۆپ قارا چېرىك كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھەدەپ ئوق ئېتىشاتتى.

قاتتىق ئېتىشىش باشلاندى. سادىر تەمتىرىمەستىن، سوغۇققانلىق بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى دۈشمەنلەرنى چەنلەپ ئاستا ئاتاتتى. ئۇ بۇ ئېتىشتا ھېچكىمنىڭ بۇرنىنىڭ قانىشىنى خالىمىدى. ئەگەر، خالىغان بولسا ئىدى، شۇ ئازغىنا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئوندەك قارا چېرىكنى جەھەننەمگە يوللىغان بولاتتى. ئۇلار ئوچۇقچىلىقتا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشماستىن ئۇدۇل كېلىشەتتى. سادىر ئۇلارنى قورقۇتۇش ۋە ئالداش ئۈچۈنلا ئوق ئاتاتتى.

ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە قارا چېرىكلەر ئاتقان ئوقلار كېلىپ چۈشەتتى. بىراق ئۇ پەرۋا قىلمايتتى.

— ھە، نېمە!— دېدى بىر چاغلاردا سادىر تېرىكىپ،— نېمە قىلىشىۋاتىسىنوي ئىتنىڭ كۈچۈكلىرى! مېنى ئاتماقچىمۇ سىلەر؟

ئۇ قىيالىقلارغا قاراپ ماڭدى. شىددەتلىك جەڭ باشلانغانىدى. سادىر گاھ تۇرۇۋالاتتى، ساقلايتتى. كېيىن ئۈستىگە يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا دەھشەتلىك تۈردە جاۋاب قايتۇراتتىمىيۇ، يەنە جىم بولۇۋالاتتى.

ئۇ، قورقماستىن ئۆرە تۇرۇپ ئوق ئېتىۋاتقان بىر سولۇننىڭ تىزىنى چەنلەپ ئاتتى.

سادىرنىڭ يېنىغا، ئەتراپىغا، قىيا تاشلارغا چۈشكەن ئوقلار تارسىلدايتتى. قىيالارنىڭ

ئۈستىنى تاشلارغا تەگكەن ئوقنىڭ ئىسى قاپلاپ كەتكەندى.

— ئۇنى تۇتالمىدۇق؟ — دەپ سورىدى ئاغلاقچى ئامبال سالدى.

— تۇتالماسمىز، دارىن، — دېدى كېكەچلەپ رۇستەبەگ، — ئۇ يىلاندەك چاققان، شۇنچىلىك چاققانلىكى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. هازىر ئۇ خالىسا ھەممىمىزنى ئېتىۋەتكەن بولاتتى. قىيالىقتا چىقماي تۇرۇپ، تۆۋەندە، سەل داراسىدا قورشىۋالغان بولساق، بەلكىم تەسلىم قىلغان بولاتتۇقمىكىن؟

سادىر ئېتىشقا باشلىدى. قارشى تەرەپمۇ ئاتتى. ئوقلارنىڭ قىيالارغا كېلىپ تېگىشىدىن چىققان چاڭ - توپىلار ئەتراپنى قاپلاپ كەتتى. تاش پارچىلىرى ئوقتەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ، ئۇ يەر، بۇ يەرگە يامغۇردەك ياغاتتى. تاشقا تەگكەن ئوقلار قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك بىر خىل ئاۋاز چىقىراتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، مۇشەققەتنىڭ شامالغا كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئاغلاقچى ئامبال رۇستەبەگدىن سورايتتى:

— ھە، يۈزبېگى، بۇ قانداق بولغىنى؟ بىزنى بىر يۈز سەكسەن ئادەم...

— ئۇدۇلىمىزدىكى پەقەت بىر... ھۇجۇم قىلىپ باقسامىكىن - يە؟

— ئۇ تولىمۇ ئېگىزدە ئامبال دارىن! قىيالىقتا يامىشىپ چىقىپ بولغۇچە، ھەممىمىزنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

— كەچ كىرىۋاتىدۇ. قاراڭغۇ چۈشە - چۈشمەيلا ئۇ يەنە قېچىپ كېتىدۇ.

— چوقۇم قاچىدۇ ئامبال دارىن! بىز ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى يامان ۋاقىتتا، ناھايىتى يامان يەردە، ناھايىتى يامان ئەھۋالدا ئۇچرىشىپ قالدۇق، بىز تىنماستىن ئوق ئېتى-

ۋاتىمىز، بۇنىڭ پايدىسى يوق، سادىرنىڭ ئوقى كۆپ.
مانجۇ سەردارى سالدى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئاچچىقتىن بوغۇلۇۋاتاتتى: «قانداق قىلىپ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇق – ھە؟ بىر يېرىم سائەت بۇرۇن ھەرىكەت قىلغان بولساق... ھېلىقى ناسىر چەنپەن دېگىنى خەۋەر بېرىپ كەلگەندىلا تۇتۇش قىلىدىغان ئىش ئىكەن، ھەي...»
قارا چېرىكلەر بىردىنلا ئېتىشنى توختاتتى. ئۇلار ئۆرە تۇرۇۋالغان رۇستەم بەگنى كۆردى. ئۇ قۇرئان تۇتقان ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.
— سادىر، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىۋاتىمەن. تەسلىم بول! سېنىڭ قاراپ تۇرۇپ بالىلىرىڭنى يېتىم قالدۇرۇشۇڭنى خالىمايمەن.
رۇستەمبەگ يۇقىرىغا — سادىرغا قاراپ تىك مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ رۇستەم بەگ سادىرنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن بىرى بولۇپ، موللاتوختىيۇزىنىڭ بېگى موللا توختىنىڭ ئوغلى ئىدى. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ خان ئامبالنىڭ پەرمانى بويىچە، موللا توختىيۇزىگە يۈز بېگى بولغانىدى.
— رۇستەم بەگ، يېقىن كەلمە!
— سادىر، مانجۇ ھۆكۈمىتىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، جۇمۇ! تاغۇ تاشلار قارا چېرىكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. يا ئېتىلىپ كېتىسەن، ياكى يارىلىنىسەن. ياخشىلىقچە تەسلىم بولساڭ، دارىن سېنى كەچۈرۈم قىلدۇرۇۋېتىدۇ.
— رۇستەم، يېقىن كەلگۈچى بولما! مەن ئۆز قولۇمنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىدا بۇلغىنىشىنى خالىمايمەن! رۇستەم، مانجۇلار ئۈچۈن جېنىڭنى بىكاردىن - بىكارغا سېلىپ بېرەمسەن؟— دەپ ۋارقىرىدى سادىر.
رۇستەم قۇرئاننى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە تىك مېڭىپ كېلىشكە باشلىدى.

— يا تەسلىم بول، يا مېنى ئېتىۋەت!

— بىلىمەن، دارىنىڭ سېنى كەچۈرگىنى بىلەن مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ،— دەپ توۋلىدى سادىر. ئۇنىڭ ئاۋازى قىيالىقتا ياڭراپ كەتتى، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى،— رۇستە، ئاڭلاپ تۇر! مەن بەردىبىر ئۆلىمەن. ئەمما، مەشھەرگاھقا قاقاقلاپ كۈلۈپ كىرىمەن! مۇقەددەس قۇرئاننى تۇپراق ئۈستىگە قوي ـ دە، كەينىڭگە يان! ئۇنى ناپاك قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ بۇلغىما!

سادىر مۇشۇ تاپتا غالىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مىلتىقنى چەنلىدى، تىترىكىمۇ توختىدى، تەپكىنى باستى، رۇستە بەگ چىررىدە قىلىپ قالدى، قۇرئان تۇتقان قولى يەرگە چۈشتى. قۇرئان ئۇچۇپ بېرىپ تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. تاغ شامىلى قۇرئاننىڭ بەتلىرىنى ئۆرۈشكە باشلىدى.

ئاغلاقچى ئامبال سالدې بۇيرۇق بەردى. قارا چېرىكلەر ھەر تەرەپتىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى. سادىر ئەمدى ئۇلارغا قارشى ئوق ئاتمىدى.

كۈن ئاستا ـ ئاستا تۈن غىلىپىغا كىرىشكە باشلىدى. ئەتراپ بارا ـ بارا قاراڭغۇلاشتى. «نىيازلار بۇ كەمگە باردىغان يېرىگە بېرىپ بولۇشتى،— دەپ ئويلىدى سادىر ئىچىدە،— شەھەردىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتكەن ئادىمىم ھەرقاچان قوشتولغاي① دېگەن يەرگە كېلىپ ساقلاپ تۇرىدۇ. قارا چېرىكلەرنىمۇ قارا كۆرسىتىپ يۈرۈپ، ئاخىر خالىتا جىلغا ئارىسىغا ئەكېلىپ قويىدۇم. قالغىنىنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم...»

سادىر قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، سۆسەردەك غىپپىدىلا

① قوشتولغاي — مۇڭغۇلچە سۆز بولۇپ، قوش چوققا دېگەن مەنىدە.

غايىب بولدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇدۇلدىكى قىلىن قارىغايزارلىققا — تىك قىيالىق ئېگىزلىككە كىرىپ كەتتى. ئۇ تاغ يوللىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئەمدى ھېلىقى ئىككى سۆتنە قارا چىرىك ئىكەن، تۆت - بەش سۆتنە چېرىك، ھەتتا بىر قوش چېرىك كەلسىمۇ بۇ تاغلاردا ئۇنى تۇتۇپ باقسۇنچۇ قېنى؟

ئالدىنقى كۈنى كېچىدە، ئۇ تاغدىكى نىيازلارغا ئۇزۇق - تالقان غەملەپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆز يېزىسىدىكى قەمەرىدىن خەلىپە دېگەن ئىمامنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. ئىمامنىڭ دېيىشىچە، شەھەردىكى تۇڭگانىيلار بىلەن تارانچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، باياندايى كۈرەسىنى قورشىۋاپتۇدەك. ئابدۇرۇسۇلبەگ دېگەن باھادۇر تارانچىلارنى باشلاپ قوزغىلىپتۇ...

— «يۇقرالارنىڭ يىلىكى ئۈزۈلگەندە، خىزىرنىڭ رەھمى كېلۇر» دېگەن مانا شۇدە،— دېدى سادىر قەمەرىدىن ئىمامنىڭ سۆزىدىن يېڭىلىق ھېس قىلىپ،— ئۇنداق بولسا مەن ئادەملىرىمدىن بىرەيلەننى شەھەرگە ئەۋەتىپ، ئەھۋال ئۇقۇپ باقاي. ئەگەر شۇنداق بولسا، تاغدىكى نىيازلارنى باشلاپ، ئۇدۇل باياندايى تەرەپكە ئاتلىناي.

— مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارىمەن،— دېدى قەمەرىدىن خەلىپە ئىمام، ئۇنىڭغىچە ھۆسنەرىخان قۇشناچ:

— ھوي ئادەم، جىن تەگدىمۇ سىلىگە؟ «قېرىغاندا قاشلىقنىڭ نېمە كېرىكى» دېگەندەك، سىلى قېرىغا نېمە ھال! ئۆيىگە بىر خالتا تېرىقنى چاچماي ساق ئەكىلەلمەيدۇ، تېخى سوقۇشقا بارىمەن دېگىنىنى كۆرۈڭ بۇنىڭ! «ئاچ كىشى سوقۇشقاق، ئورۇق قوي چىچقاق كېلىدۇ» دېگەندەك، قېرىغىنىغا تەن بەرمەيدىغان ئادەم ئىكەنغۇ بۇ!— دەپ، سادىرنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

قەمەرىدىن خەلىپە ئىمام سادىرلار ئۈچۈن ئۇزۇق — تۈلۈك

غەملەپ بەرگۈچە، ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن نىيازلاردىن
بىرىنى شەھەرگە جۆنەتتى، قالغانلىرىنى تاغنىڭ ئىچىدە ساقلاپ
تۇرۇشقا ماڭغۇزۇۋەتتى، ئۆزى ئىمامنىڭ ئىچكىرىكى قازىنىسىدا
بىر كېچە - كۈندۈزدەك مۆكۈنۈپ يېتىپ، قانغۇچە ئۇخلاپ،
هاردۇقىنى چىقاردى. كېيىن، ئىمام راسلاپ بەرگەن ئوزۇق - تۈلۈكنى
ئاتقا ئارتىپ، گۈگۈمدىن پايدىلىنىپ تاغقا ماڭدى. ئۇ، ئويمانبۇلاق-
تىكى قومۇشلۇققا كەلگەندە، تاڭ ئېتىپ قالدى. ئۇ، كەچ كى-
رىشنى كۈتۈپ، قومۇشلۇق ئىچىگە يوشۇرۇندى. بۈگۈن ئەتىگەن
قومۇشلۇققا پىچان ئورۇغىلى چىققان ناسىر چەنپەن دېگەن بىر
تامغىلىق يانچى ئۇنى تۇيۇقسىزلا كۆرۈپ قالدى.

مانجۇ دائىرىلىرى تاغدىكى «نىياز» لارنى كۆرۈپ مەلۇم
قىلمىغۇچىلار دارغا ئېسىلىدۇ، دەپ ئېلان قىلغانىدى. ئۇنداقلار-
نى دارغا ئاسقاندىن سىرت، يەنە ئۆيىدىكى مال - بىساتلى-
رىنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلاتتى. بۇمۇ يەتمىگەندەك،
قوشنا - قولۇملىرىدىن بەش تۈتۈننى چېتىپ جازالايتتى.
چېتىپ جازالانغانلار «چەنپەن» دېيىلەتتى. چەنپەنلەرنىڭ
ئېغىرراقلىرى مىس كانغا پالىناتتى. يېنىكرەكلىرى شۇ يەردىكى
مانجۇ بايلىرىغا «ساغرىسى تامغىلىق يانچى» ھېسابىدا بەخ-
شەندە قىلىپ بېرىلەتتى.

ناسىر چەنپەن سادىرنى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، «خو-
جايىنغا دەيمۇ - دېمەيمۇ؟» دەپ بىر ئاش پىشىمچە ئىككىلىنىپ
قالدى. كۆز ئالدىغا قېرى ئانىسى، چۆچۈرىدەك بەش بالىسى
كېلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى ئۇ جاڭزا تەرەپكە ماڭدى ...

قارا چېرىكلەر كۆرەدىن چىقىپ سادىر ياتقان قومۇش-
لۇقنى قورشىۋالغاندا، ئۇمۇ ئەمدى ئاتلىناي دەپ تۇرغانىدى.
چېرىكلەرنىڭ دەۋرەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ
ئېغىزدۇرۇقىنى چىقىرىۋەتتى - دە، چۇلۋۇرىنى بويىنىغا يۆگەپ
ئۇنى قارشى تەرەپتىكى سالانىڭ ئىچىگە قويۇۋەتتى. ئۆزى

بولسا يوشۇرۇنۇۋالدى. بايامقى ئېتىشىش مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا، مۇشۇ يەردە، مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۈز بەرگەنىدى...

مەھەللىدىكى دېھقانلاردا كۆز بىلەن كۆرگۈدەك دەرىجىدە بىر خىل ئۆزگىرىش بار ئىدى. ھەممە ئادەم جانلانغان، كىشىلەر ئۆيدىن ـ ئۆيگە كىرىپ چىقىشاتتى، كۈلۈشەتتى.

— پالۋان ئۇرۇشقا كىرگەندە، مىلتىقى يىگىرمە غۇلاچ، قىلىچى قىرىق غۇلاچ ئۇزىراپ كەتكۈدەك، دېيىشىدۇ.

— ئۇنىڭغا قىلىچمۇ، ئوقمۇ ئۆتمەيمىش.

— مانجۇ ئامبىلى سالدى ئۇنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىنلا تۇتۇۋاپتۇ دېيىشىدۇغۇ؟

— ئۇ شۇنداق ھېرىپ كېتىپتىكەن...

— بىچارە! ھېچنىمنى تۇيماي شۇنداقمۇ ئېغىر ئۇخلاپ كەتكەن بارمۇ!

— خۇددى بوۋاقلاردەكلا، — ھە!

— سالدى قارا چېرىكلىرىگە ئوقلارنى ئۇنىڭ قارنىغا ئېتىڭلار! دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ.

— چېرىكلىرى ئېتىپتۇ.

— شۇنداق قارىسا...

— نېمىنى كۆرۈپتۇ دېمەمسەنۇي؟

— ئوقلار ئۇنىڭغا ئۆتمىگۈدەك.

— بېشىنى خىزىرسىلىغان ـ دە ئۇ قاڭرۇقىنىڭ!

— شۇڭا ئوق كار قىلمايدۇ!

— ئوقمۇ، قىلىچمۇ ئۆتمەيدۇ!

مەھەللىدىكىلەر تاغدىكى ئېتىشىشتىن خەۋەر تېپىپ، قەمرىدىن خەلىپە ئىمامنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشقانىدى. ھەممە كىشى ئۆزى قانداق ئويلىغان بولسا، شۇنداق سۆزلىشەتتى.

— خۇدايىم بىزگە بىر ئىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇ يېزىغا قانداق كەلگەن بولغىيدى. ئەجەپ ئۇنى تۇتۇپ قالالمىدۇق-

ھە؟ ئۇ مۇشۇ يەردە بولغان بولسا ئىدى، دارىنلار بىزنى بۇ دەرىجىدە بوزەك تىپىپ كېتەلمەس ئىدى.

قەمىرىدىن خەلپە ئىمام ئۇلارغا جاۋاب بەرمەيتتى. پەقەتلا:

— ئاللا يوقسۇللىرنى يالغۇز قويمايدۇ،— دەيتتى ئۇ.— ئاللا زۇلۇمغا قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن ھەردائىم بىللە بولۇپ كەلگەن. بولمىسا، يەر يۈزىنى زۇلۇم قاپلاپ كېتىپ، بىز بەندىلىرىگە باش تىققۇدەك ماكانمۇ قالمىغان بولمايتتىمۇ؟

— راست ئېيتتىلا،— دەپ ئىمامنىڭ سۆزىنى تەستىقلاشتى جامائەت بىر ئېغىزدىن.— يۇسۇپ پەيغەمبەرنى قۇدۇقتىن چىقارغان خۇدا بىزنى تاشلاپ قويىدۇ دەمسىلەر؟ خۇدا بىزگىمۇ بىر ئىگە ئەۋەتىدۇ!

× ×

شۇ چاغلاردا، مانجۇ خاقانلىقىدا «چاڭموزىلار ئىسيانى» دەپ ئاتالغان تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى پارتلىغانىدى. مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ئۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، بۇ تەرەپلەرگە يېتىششەلمەي قالدى، قارا چېرىكلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىلىدىغان مائاش-تەمىناتلىرىمۇ توختاپ قالدى. ئىلى جاڭجۇنى چاڭلىڭ، مەسلىھەتچى خان ئامبال مىڭچۇ قۇرۇقدىلىنىپ قالغان خەزىنىنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە، ئاھالىدىن ئالۋان-ياساقنى كۆپەيتىپ ئېلىشقا باشلىدى. ئىلىدىكى دېھقانلار تۆلەپ كېلىۋاتقان سەككىز خىل ھوسۇل ئەسلىدىنلا ئۈستۈرمە ھوسۇل ئىدى. ئەمما بۇ سان 1862-يىلى ئون ئالتە خىلغا، 1863-يىلىغا كەلگەندە بولسا بىراقلا ئوتتۇز ئىككى خىلغا ئۆستۈرۈلدى. ئالۋان-سېلىق خۇددى ئۆي تۇشقىنىدەك كۆپەيگىلى تۇردى. ئۈستۈرمە ھوسۇلنىڭ

ساني يىلدىن – يىلغا كۆپىيىپ كېتىۋەردى. گاۋنى تولا يەپ ۋور-
ساقلىرى باداڭدەك كۆپۈپ كەتكەن، بويى بىر غېرىچ، بويىنى
ساپاقتەك، بېشى قاپاقتەك، كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ
كەتكەن، ھەتتا چۈمۈلىدىنمۇ ئۆركۈيدىغان بولۇپ قالغان بالىلار
ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى. ئۆستۈرمە ھوسۇل ئۈچۈن
يەر تېرىغۇچىلار بېساتىدىكى بارلىق ۋەجىنى بېرىپمۇ ئۇنى
زادىلا تۆگىتەلمەيتتى. ئۇنى ئاز دەپ تېخى «ۋاڭخۇلو» ① دېگەن
دەريا ئالۋىنىچۇ! كىشىلەر مانجۇ ئىستىبداتىنىڭ زۇلۇم – سىتەم-
لىرىگە چىدىيالماي قوشاقلارنى قوشۇشقانىدى:

نوغايتۇ② نىڭ يولىدا،
مانجۇلار يېتىۋاپتۇ.
تۆت چەنتۇنى بىر مانجۇ،
ساپانغا قېتىۋاپتۇ.

ئەللەر تېرىيدۇ ئاشلىق،
ئاشلىققا مانجۇ باشلىق.
ئاشلىق تەرگەن ئەللەرنىڭ،
قىش – ياز كۆزى ياشلىق.

1764 – يىلىدىكى ئۇچتۇرپان «جىگدە يېغىلىقى» باس-
تۇرۇلغاندىن كېيىن، مانجۇ ئىستىبداتى ئىلگىرى – كېيىن

① ۋاڭخۇلو — خەنزۇچە: 往后罗 — «كەينىگە تىزىش» دېگەن مەنىدە. ئىلى جاڭجۇنى ئىلى دەرياسى بويىدا سېلىنىغان چوڭ كۆرۈكنى دەريا سۈيىنىڭ يالاپ غۇلىتىپ تاشلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۇنى چەتلىتىش يۈزىسىدىن، ھەر يىلى تاشقىن مەزگىلىدە، دەرياغا تورمەل تاشلىتاتتى. بۇ ئالۋان — «ۋاڭخۇلو ئالۋىنى» دەپ ئاتالغان.

② نوغايتۇ — ئىلىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.

بولۇپ، ئالتە شەھەردىن ئالتە مىڭ تۈتۈن ئۇيغۇرنى ئىلىغا سۈرگۈن قىلدى. بۇ ئالتە مىڭ ئائىلە مانجۇلارغا يىلىغا ھەربىرى ئون ئالتە تاغاردىن بولۇپ جەمئىي توقسان ئالتە مىڭ تاغار ھوسۇل ئالۋان قوياتتى؛

داۋگۇاڭنىڭ 20 - يىلى (1840 - يىلى)، ئىلىدىكى تاشتۆپە ئۆستىڭىنى قازدۇرغاندا، ئەمگەك كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىن يەنە بىر مىڭ تۈتۈن ئۇيغۇر يۆتكەپ چىقىلدى. ھەربىر تۈتۈن مانجۇ دائىرىلىرىگە يىلىغا ئون ئالتە تاغاردىن جەمئىي ئون ئالتە مىڭ تاغار ھوسۇل ئالۋان تۆلىدى. داۋگۇاڭنىڭ 2 - يىلى (1841 - يىلى) سەنداۋان ئۆستىڭىنى چاپدۇرغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن يەنە يېڭىدىن بەش يۈز تۈتۈن ئۇيغۇر يۆتكەپ چىقىلدى. بۇلار يىلىغا سەككىز مىڭ تاغار ھوسۇل ئالۋان تۆلىدى. داۋگۇاڭنىڭ 3 - يىلى (1842 يىلى)، ئارابوز ئۆستىڭىنى چاپدۇرغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا يەنە بەش يۈز تۈتۈن ئۇيغۇر يۆتكەپ چىقىلدى. بۇلارمۇ يىلىغا سەككىز مىڭ تاغار ھوسۇل ئالۋان تۆلەيدىغان بولدى. دېمەك، ئىلىغا يۈز يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جەمئىي سەككىز مىڭ تۈتۈن — قىرىق مىڭ جان ئۇيغۇر يۆتكەپ چىقىلدى. بۇ ئۇيغۇرلار مانجۇ ئىستىبداتىغا يىلىغا ئون ئىككى تۈمەن سەككىز مىڭ تاغار ھوسۇل ئالۋان تاپشۇراتتى. بۇ ھوسۇللار ئايرىم - ئايرىم ھالدا، خۇييۈەن (چوڭ كۈرە)، خۇينىڭ (باياندا ي)، نىڭيۈەن (غۇلجا) قاتارلىق كۈرەلەردە ساقلىناتتى. بۇ ئۈچ كۈرەنى مانجۇلارنىڭ ئۆزلىرى ساقلايتتى. باياندا ي كۈرەسىگە مانجۇلاردىن باشقا يەنە يىگىرمە مىڭدەك شىبە ئورۇنلاشقانىدى.

× ×

1865 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، قاينۇق،

جاغىستايغا توپلانغان بىرقانچە مىڭ تارانچى ئابدۇرۇسۇلبەگ، سادىر پالۋان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا، بايانداي قەلئەسىگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىدى. قوزغىلاڭچىلار قەلئە ئەتراپىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇشتى. ئۇلار خۇددى بازارغا كېلىۋاتقان خەقلەرگە ئوخشاش، قەلئەگە ئالدىرىماي، خاتىرجەملىك بىلەن يېقىنلىشاتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇزاققا قالماي، قوزغىلاڭچىلار بايانداي قەلئەسىنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋالدى. ھەش - پەش دېگۈچە، قەلئە ئەتراپىغا چېدىر - بارگاھلار تىكىلىپ، گۈلخانلاردىن ئىسلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. گۈلخان ئەتراپىغا مىڭلىغان تارانچى ھارۋىسى چىقىرىلىپ قويۇلدى. تارانچىلار خۇددى سەپەر ئۈستىدىكى كارۋانلار قونالغۇغا چۈشكەندەك، خاتىرجەم ۋە بىمالال ئىدى. ئۇلاردا: «قەلئە ئىچىدە مانجۇلار بار، بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قالارمۇ؟» دېگەن خىيال پۈتۈنلەي يوق ئىدى.

بايانداي قەلئەسى مانجۇلار ئىلىدا قۇرغان توققۇز كورەنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ كۈچلۈك قورغانلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ قەلئەنى مانجۇلارنىڭ خىل قوشۇنى ساقلايتتى. بايانداي كورەسىدە، مانجۇلاردىن تۆت ياندىشى ئامبال، ئون ئالتە سۇمۇن زەڭگى، ئون ئالتە باقاۋۇل، ئون ئالتە چەۋەنداز ياساۋۇل، ئون چەۋەنداز، بەش نەۋكەر، ئون ئالتە تۇرشاۋۇل، ئون ئالتە چاۋۇشبەگ، ئاتمىش تۆت چاۋۇش، ئون ئالتە تۇغچى، ئاتمىش سەككىز ھۇجۇمچى، قىرىق ھىماتچى، بىر مىڭ تۆت يۈز ئەللىك ئالتە چېرىك، ئون ئالتە توپچى، قىرىق سەككىز ئىشچى چېرىك، ئاتمىش تۆت شەپقەتچى چېرىك، ئۈچ يۈز يىگىرمە پىيادە چېرىك بولۇپ، جەمئىي ئاتمىش يەتتە سەردار، ئىككى مىڭ بىر يۈز قىرىق تۆت قارا چېرىك بار ئىدى.

ئەتىسى، قوزغىلاڭچىلار ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ قوماندانلىقى

دا، بایاندای قەلئەسىگە ئۇمۇمىي ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى. قور-
غاندىكىلەر دەسلەپتە توپ ئېتىپ قوزغىلاڭچىلارنى يېقىن كەل-
تۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قوزغىلاڭچىلار ئالدىنقىلىرى يىقىلسا،
كېيىنكىلىرى تاپ باستۇرۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يوپۇرۇ-
لۇشۇپ كېلىۋەردى. ئۇلار سېپىلغا شوتىا قويۇپ چىقىشاتتى.
سېپىلغا چىققانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ قولى، قايسىلىرىنىڭ بېشى
قىلىچ زەربىسىدە ئۈزۈپ تاشلىنىپ، گەۋدىسى يەرگە غۇلاپ
چۈشەتتى. چۈشكە يېقىن، تارانچىلارنىڭ ھۇجۇمى تېخىمۇ
كۈچىيىپ كەتتى. پۈتۈن قەلئەدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق، ئەر - ئايال-
نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، قاتتىق قارشى-
لىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلار كاۋىلارنى داشقازاندا قاينىتىپ
ئۇماچ قىلىپ تەييارلاپ قويۇشقانىدى. ئۇلار، سېپىلغا ھۇجۇم
قىلىپ چىقىۋاتقان تارانچىلارنىڭ ئۈستى - بېشىغا قايناق
كاۋا ئۇمىچىنى شارقىرىتىپ شۇنداق قۇيۇۋېدى، ھۇجۇمچىلار
كاۋا ئۇمىچىنىڭ كۆيدۈرۈشىگە چىدىماي ئۆزلىرىنى پەسكە
ئېتىشتى. ئۇلار دالدا بولارمىكىن دەپ بۇغداي مەڭگەنلىرىنى
باشلىرىغا ئېلىپ چىقىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما، قىزىق ئۇماچ
يەنىلا ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى قىلچىمۇ ئاياپ قويماي
كۆيدۈرۈپ، ئاللا - توۋىسىنى چىقىراتتى، كاۋا ئۇمىچىدا كۆي-
گەن يەرلىرى ھۆررەك - ھۆررەك بولۇپ چاۋۇرۇپ چىقاتتى.
بایاندای سېپىلى ئېلىنغاندىن كېيىن، تارانچىلار تونۇش
شىبەلەردىن: «بېشىمىزغا نېمىنى تۆككەنىدىڭلار؟ ئۇ نېمە ئۇلار
ئەجەبمۇ كۆيدۈرىدىكەنغۇ؟ يۈز - كۆزىمىزگە چاپ-
لىشىپ قېلىپ، نەنى تۇتساق شۇ يەرنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ
چىقتى؟» دەپ سوراشقانىدى. شۇنداق قىلىپ، تارانچىلارنىڭ
سېپىلغا قىلغان بىرىنچى ھۇجۇمى نەتىجىسىز ئاياغلاشتى.
بۇ چاغدا، تەلكە بويلىرىدىن سۈرۈلۈپ كەلگەن بىر پارچە
بۇلۇت ئۇلارنىڭ ئۈستىدە يامغۇرىنى شارقىرىتىپ قۇيۇۋەتتى.

كەچكە يېقىن، ھاۋا تېخىمۇ بۇزۇلۇپ، يامغۇر بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى. جۇدۇنى تۇتۇپ غەزەپلەنگەن ئىلى دەرياسىنىڭ دولقۇنى قىرغاققا شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. رىتىمسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دولقۇن تۈۋرۈكلىرى قانچە ئېگىزلىگەنسېرى، دۇلقۇنلار ئارىسىدىكى ئويمانلىق تېخىمۇ تۆۋەن چۈشەتتى. شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان مۇدھىش بوران، چېدىرلارنى، ئۆيلەرنى خۇددى ھازىرلا ئۇچۇرۇپ دەرياغا پۈكلەپ تىقىدىغان ئەلپازدا، بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا چايقايتتى. شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر تارانچىلارنىڭ بېشىغا چېلەكلەپ قۇيۇلغاندەك چۈشۈشكە باشلىدى.

تەبىئەتنىڭ قۇدرىتىگە ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيتتى. قوزغىلاڭچىلار توڭلاپ تىترەشكە باشلىدى. ئۇلار توپلىشىپ گۈلخان يېقىپ ئىسسىنماقچى بولۇۋىدى، ئەسەبىي بوران ئۇلارغا زادىلا ئىمكان بەرمەي قويدى.

چېدىرلارنىڭ ئىچى سوغۇق ۋە قاراڭغۇ ئىدى. ئۈستىدىن شارقىراپ يامغۇر ئۆتسە، يان يوچۇقلىرىدىن گۈركىرەپ شامال كىرەتتى. چېدىر ئىچىگە گۇڭگا نۇر چېچىپ تۇرغان شاملارنىڭ ئوتى شامال دەستىدىن ھېلىدىن-ھېلىغا ئۆچۈپ تۇراتتى. چېدىر ئىچىدە ئەلەڭلەپ يۈرۈشكەن ئادەملەرنىڭ تامغا چۈشكەن ئۇزۇن - ئۇزۇن سايىلىرى غەلىتە مەخلۇقلارغا ئوخشايتتى.

ئابدۇرۇسۇلبەگ سىرتقا چىقىپ، چېدىرلارنى ئارىلاپ، قاراۋۇللارنى تەكشۈردى. قاتتىق بوران ئادەملەرنى ئۇچۇرۇپ كېتەي دەيتتى. بولۇپمۇ شامالغا قارشى مېڭىش ناھايىتى قىيىن ئىدى. بۇ قاراڭغۇدا نەچچە ماڭدام نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قاراۋۇللۇقتا تۇرغان نەۋكەرلەرنى ئارىلاپ يۈرگەن ئابدۇرۇسۇلبەگ ئۇلارغا:

— تۈن ناھايىتى قاراڭغۇ، ھوشيار بولۇڭلار! دۈشمەن تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ بىزنى ئوڭدا قويمىسۇن!—

دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

ئابدۇرۇسۇلبەگ سىرتتىنى بىرئاز ئايلانغاندىن كېيىن، سۇلتان مەزەمزات تۇرغان ئۆيگە كىردى. مەزەمزات مانجۇچە كۇرستا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ئەھمەتخان سىڭا كۆز ۋە موللا ناسىرئەلەم، موللا شاۋكەت، ئەھمەت خەزىنىچىبەگ قاتارلىق ئەئيانلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقانىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ بوسۇغىدىلا ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇردى①.

— ئەمىر لەشكەر، بۇ ياققا ئۆتۈڭ!— دەپ يېنىدىن جاي كۆرسەتتى مەزەمزات ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنى كۆرۈپ.

ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ قۇللۇق بىلدۈرۈپ، مەزەمزاتنىڭ يېنىدىكى بىر كۇرسىقا بېرىپ ئولتۇردى.

بۇ چاغدا شامال كۈچىيىپ ئىشىكنى زەردە بىلەن كېلىپ ئۇردى. مەزەمزات بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك، ئەتراپقا قاراپ قويدى.

— دەريانىڭ گۈركىرەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ھېلىمۇ تاشقىن بولماستىن ئىلگىرى بۇ قاتتقا ساق - سالامەت ئۆتۈۋاپتۇق دەڭلار،— دېدى مەزەمزات ئەئيانلىرىغا قاراپ.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن چىڭ قورغان بۇ؟— دېدى مەزەمزات بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن،— نەچچە رەت ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىدۇق.

— قورغاندىكى ئاشلىق بىلەن ئوق - دورا ئۇلارنىڭ بىر يىل قارشىلىق كۆرسىتىشىگە يېتىدۇ، — دېدى قازى

---

① تارانچىلار 1865 - يىلى 8 - ئايدا، چىلپەڭزىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىلى جاڭجۇنى چاڭلىڭ تەرىپىدىن 1864 - يىلى نەزەربەند قىلىنغان مەزەمزات تەيجىنى سۇلتان، تۇڭگان ياكۇر ئاخۇننى ئورۇنباسار سۇلتان، ئابدۇرۇسۇل ئىشىكئاغىنى ئەمىرلەشكەر، موللا ناسىر ئەلەمنى قازىكالان، موللا شاۋكەتنى قازى ئەسكەر، ئەھمەتبەگنى خەزىنىچىبەگ قىلىپ سايلاپ چىقىشقانىدى.

ئەسكەر موللا شاۋكەت،— قولىمىزدا توپ - زەمبىرەك بولغان بولسىغۇ بىر يولى. مېنىڭچە، باشقا چارە قىلمىساق بولماسمىكىن، تەقسىر.

— سادىر تام تېشەرنى بىر ئامال قىلىپ بېقىشقا ئۈندەپ باقامدۇق؟

— ھەببەللى، سېپىلنىڭ ئاستىغا لەخمە كولاپ، دورا كۆمسەك، سېپىلنى ئاسمانغا ئۇچۇرغىلى بولاتتى،— دېدى ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ دەرھال.

— شىبەلەرنىڭ مانجۇلارغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىشىپ كۆرمەي بولمايدۇ،— دېدى ئەھمەت خەلىپىچىبەگ.— شىبەلەر يۇۋاش خەق. ئادەتتە بىز خەق بىلەن ئانچە ئاداۋىتى يوق. بەلكى ئۇلارنى قولغا كەلتۈرگىلى بولۇپ قالار!

— خۇدايىتائالا دۈشمىنىمىزنى راۋا كۆرگەن ئوخشايدۇ،— دېدى مەزەمزات،— قاراڭلار، غەربتىن بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇپ، چاقماق چاقتۇرۇپ، مانجۇلارنى قورقۇتۇپ، جېنىنى ھەلقۇمىدا قويۇۋاتىدۇ.

بۇ چاغدا سىرتتا بولغان ئوپۇر-توپۇر ئاۋاز ئۆي ئىچىگە بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلىنىپ قالدى. ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ مەزەمزاتتىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن قايتىپ كىردى.

— تەقسىر، قەلئەدىن چۈشكەن بىر شىبە: «سۇلتان بىلەن كۆرۈشسەم، ئۆزىگە ئېيتىدىغان مەخپىي سۆزۈم بار ئىدى» دەيدۇ،— دېدى ئۇ.

— كىرسۇن!— دېدى مەزەمزات.

ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ ئاۋايلاپ بېرىپ ئىشىكنىڭ بىر چېتىنى ئاچقانىدى، سىرتتىن نەشتەردەك سوغۇق شامال بىلەن مۇزدەك يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە كېلىپ ئۇرۇلدى،

شام لېپىلداپ ئۆچۈپ قالايلا دەپ قالدى، ئۆي ئىچى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۆيگە بىرى كىرىپ كەلدى، ئىشىك يېپىلىپ، سىرتتىن كىرىۋاتقان شامال توختىغاندىن كېيىن، شام لېپىلداشتىن توختاپ، قايتىدىن يورۇق يېنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىمۇ شامنىڭ يورۇقى گۇڭگا ئىدى، لېكىن ئادەمنى تونۇغىلى بولاتتى. ھېلىقى كىشى ئىشىك ئالدىدىلا ئۆرە تۇردى. ئۇ — ئىنچىكە، ئېگىز كەلگەن بىر ئادەم ئىدى.

— تارانچىلارنىڭ ئۇلۇغ سۇلتانىغا سالام! داڭقىڭ، شان - شۆھرىتىڭ ھەممىگە ئايان. ھازىر سېنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. مەرتىۋەڭ ئۈستۈن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن! — دېدى ئۇ سالقىن ئاھاڭدا. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، بېشىدىكى قىزىل مونچاقلىق دىڭ قالپاقنى قولىغا ئېلىپ، يامغۇر سۈيىنى سىلكىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بېشىغا كىيىۋالدى - دە، تەكەللۇپسىزلا ياندىكى بىر مانجۇچە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— خۇش كېلىپسەن! — دېدى مەزەمزات ئىللىق چىراي بىلەن، — بوران - چاپقۇنلۇق بۇ مۇدھىش كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

سورۇن ئەھلى بۇ چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ چىراي ۋە ئۈستىبېشىغا قاراپ ھەيران بولۇشتى. مېھمان ئۇيغۇرچىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ باشقا مانجۇلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارغا ئوخشاش يۈز سۆڭەكلىرى سىرتىغا بۈرتۈپ چىققان ئەمەس ئىدى. قوللىرى ئۇزۇن، قويۇق قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى قارا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئارىلاپ ئاق سانجىغان كەكە ساقىلىنى سىيپاپ قوياتتى.

— ھۆرمەتلىك مەزەمزات تەيجى①، ئالدىڭىزدا ئولتۇرغان كىشىنى ئادەتتىكى مانجۇ ئەمەلدارىمىكىن دەپ ئويلاپ قالما!

① مەزەمزات ئەسلىدە مانجۇ ئوردىسىدىن يىلىغا يۈز سەر كۈمۈش مائاش ئالىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئىدى.

مەن شىبە كۆرەسىدىكى ئوكۇرتاي ① خارماقا دېگەن كىشى بولىمەن!

— خارماقا! تەسلىم بولغىلى كەلگەن بولساڭ، يالغۇز كەلگىنىڭ نېمىسى؟ قېنى نەۋكەرلىرىڭ؟— دېدى مەزەمزات شۇبھىلەنگەندەك قاشلىرىنى ھىمىرىپ.

— ئۇنداق ئەمەس، تەقسىر! مەن تەسلىم بولغىلى كەلمىدىم، ئەلچى بولۇپ كەلدىم! مەن شىبە قوشىدىكى ئىككى تۈمەن ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ ھاياتىي كېپىللىكىنى سىنىڭدىن تىلەپ كەلدىم،— دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئۇ.— بىز شىبەلەر سىلەر چەنتۇلار بىلەن يۈز يىلدىن كۆپرەك قوشنىدارچىلىق قىلىپ بىللە ئۆتۈپ كەلدۇق. سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئۇنچىلىك چوڭقۇر ئاداۋەت يوق. سىلەر ئەمدى مانجۇلاردىن ئىنتىقام ئالماي قويمايسىلەر. ئەمما سىلەر بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئۇ دەرىجىدە بۇزۇلغان ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، قەلئەگە ھۇجۇم قىلغاندا، بىزگە تەگمىسەڭلار.

— نېمىشقا ئامان قويغۇدەكمىز؟ سىلەرنىڭ شەرتىڭلار نېمە؟

— مانجۇلارنىڭ توپ - زەمبىرەكچىلىرى بىزنىڭ قوشتا، توپ - زەمبىرەكلىرىمۇ بىزدە قۇرۇقلۇق. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇلار بىزنى تولىمۇ بوزەك تاپقانلىقى ئۈچۈن، بىز شىبەلەرمۇ ئۇلارغا چىش - تىرنىقىمىزغىچە ئۆچ. شۇڭا بىز بۇ توپچىلارنى سىلەر ئۈچۈن يىغىشتۇرۇۋېتەيلى. ئۇ چاغدا سېپىلغا ھۇجۇم قىلىشىڭلار كۆپ ئاسانلىشىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە...— خارماقا سۆزىنى توختىتىپ مەزەمزاتقا قاراپ قويدى.

— ھە، بۇنىڭ بەدىلىگە بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟... دېمەمسەنۇي!

① ئوكۇرتاي — باشبۇغ، ئاقساقالغا تەڭ ئەمەل نامى.

— بىرى، بىزنى ئەسلى ھالىتىمىز بويىچە قويۇشۇڭلار كېرەك، تۇزۇم — قائىدىلىرىمىزنى ئۆزگەرتمەيمىز؛ يەنە بىرى، دىنىمىزنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىماسلىقىڭلار كېرەك؛ ئۈچىنچىسى، بىزنى مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا سالمىساڭلار...

— ھۆرمەتلىك ئوكۇرتاي جانابلىرى، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى خالامسەنكىن؟

— بىز ئىككى تۈمەن شىبە نېمىلا بولمىسۇن مانجۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولۇپ كەلدۇق. تۇز ھەققىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايمىز.

مەزەمزات خارماگانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بېشىنى ئېگىپ بىر پەس ئويلاندى - دە:

— ئەسلىدە بىز سىلەرنى مانجۇلار بىلەن قوشۇپلا قىرىپ تاشلىساقمۇ بولاتتى، — دېدى، — بىراق، سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلار ئاسايىشلىق زاماندا بىز بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىشقان. مانجۇلارغا قويىدىغان ھوسۇلىمىز كېمىيىپ قالغاندا، سىلەر ياردەم قولۇڭلارنى سۇنۇپ، ھوسۇلىمىزنى قويۇشۇپ بەرگەنىدىڭلار. بىز شۇنىڭ يۈزىنى دەپ بولسىمۇ سىلەرنى ئۆلتۈرمەيمىز. بىراق، مانجۇلار شەرتسىز تەسلىم بولۇشى كېرەك. بولمىسا، پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇنى قەلئە قوماندانىغا يەتكۈزۈپ قوي! ئۈچ كۈنگىچە ئېنىق جاۋابىنى بەرمىسە، قەلئەگە قارىتا ئومۇمىي ھۇجۇم باشلايمىز!...

× ×

— چەنتۇلار بىلەن تۇڭگانىيلار باشتا يېغى قوپقاندا، — دېدى قەلئە قوماندانى چۇڭشى خارماگانىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — مەن ئىلى جاڭجۈنى چاڭلىڭ جانابلىرىغا:

«گەدەنكەش چەنتۇلار بىلەن پاراكەندە تۇڭگانىيلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، پەيلىدىن ياندۇرماق لازىم. قاتتىقلىق قىلىش دۇرۇس ئەمەس» دېسەم، جاڭجۇن دارىن گېپىمنى ئاڭلىماي قويدى ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى نېمە بولدى؟ بېشىمىزغا بالانىڭ چوڭى تېرىلدى!

ئۇ جىلى بولغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— چەنتۇلار: «تەسلىم بولساڭلار هاياتىڭلارغا كېپىللىك قىلىمىز» دەۋاتىدۇ. مۇبادا قارشىلىق كۆرسەتسەك، ئۇلار قەلئەنى هۇجۇم بىلەن تارتىۋالىدۇ. ئۇ چاغدا كۆپ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولمامدۇق؟— دېدى خارماڭا.

ئامبال چۇڭشى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماستىن ماڭاتتى. بىر هازادىن كېيىن توختىدى - دە، قول ئاستىدىكى ئامباللارغا:

— مەن خارماڭا بىلەن خۇيىيۇەن كۇرەسىگە بېرىپ، مىڭجۇ جاڭجۇن دارىنغا ئەهۋالنى چۈشەندۈرۈپ كۆرەي. قېنى، ئۇ نېمە دەيدىكىن؟— دېدى.

× ×

ئەتىسى، خۇرجاچە كىيىنگەن چۇڭشى خارماڭانىڭ هەمراھلىقىدا، تاڭ سەهەردىكى تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئاتلىرىنى بىردەم چاپتۇرۇپ، بىردەم قاتۇرتىپ كېتىۋاتاتتى. چۇڭشىنىڭ خىيالىدىن «كۇرەگە ئامان - ئېسەن يېتىۋالسام» دېگەن ئوي نېرى كەتمەيتتى. ئۇ چوڭ كۇرە جايلاشقان تۆپىلىككە يېقىنلاشقانسېرى، كۆڭلىدىكى يامان تۇيغۇلار كۈچىيىپ، ئالاق - جالاق بولۇپ، ئەتراپىغا قارايتتى.

يول بارغانسېرى دۆڭگە سوزۇلۇپ، قىرلار ئېگىزلەپ

كېتىۋاتاتتى. ساپ ھاۋالىق تاڭ سەھەردە يىراقلاردىكى ئابرال تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى. كۈن تېخى چىقمىغان بولسىمۇ، قارلىق چوققىلارنىڭ ئۈستى خۇددى ئوتقا پۈركۈنگەندەك ۋال - ۋۇل يېنىشقا باشلىغانىدى. كەچ كۈز-نىڭ يامغۇرلىرىدا يۇيۇلغان كۈزگى بۇغدايلارنىڭ كۆپكۆك مايسىلىرى تاڭ سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلىدا يېنىك چايقىلىپ ۋە يىپەكتەك تاۋلىنىپ كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرسىمۇ، بىراق، خۇددى گۆردىن تارتىۋالغان ئۆلۈكتەك ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن ئامبال چۈڭشىنىڭ ھەپسىلى ئۇچۇپ تۇرغاچقا، بۇ مەنزىرىلەرگە قاراشقا رەۋىتى يوق ئىدى. لېكىن، گۈل - گىياھ ۋە ئورمانلىق-قا پۈركەنگەن بۇ كۆپكۆك ئېدىرلارنى، يىراقتىكى قارلىق چوققىلارنى ۋە شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىنى كۆرۈپ، ئۇ يۇرتىنى ئەسلىدى، كۆڭلى تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپ، قانداقتۇر بىر مەيۈسلۈك ئۇنى ئەسىر قىلىۋالدى. ھەئە، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتى چېڭدېمۇ① مانا مۇشۇنداق مەيىن، ياپيېشىل مايسىلار بىلەن قاپلانغانىدى. بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تاغلار، تاغلارنىڭ چوققىلىرى بىلەن بويى تالاشقان سەددىچىن سېپىلىدىكى قاراۋۇل تۇرلىرى... ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئىختىيارسىز خۇرسىنىپ قويدى. — ھەي!...

ئىلى دەرياسى بويىغا جايلاشقان چوڭ كورە — مانجۇ ئىستىبداتىنىڭ بۇ يەردىكى ئالىي ۋەكىلى — ئىلى جاڭجۈنى تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. شۇڭا بۇ كورە — «خۈييۈەن كورەسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. كورەدە، ئىلى جاڭجۈنى مىڭچۈنىڭ قول ئاستىدا، سەككىز ياندىش ئامبال، قىرىق سۈمۈن زەڭگى، قىرىق باقاۋۇل، قىرىق چەۋەنداز ياساۋۇل، ئىككى نەسەبىي كاھبەگ، توققۇز كاندىدات چېرىكچى، ئىككى كاندىدات سۈمۈن زەڭگىسى، ئىككى

① چېڭدې — خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېڭدې شەھىرى. مانجۇلارنىڭ ئانا يۇرتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كانددات باقاۋۇل، ئىككى نەسەبىي نەۋكەر، قىرىق چاپاۋۇل، قىرىق چاۋۇشبېگى، بىر يۈز يىگىرمە چاۋۇش، قىرىق سەككىز تۇغچى، ئىككى يۈز ئوتتۇز تۇرشاۋۇل، ئىككى يۈز ھىماتچى، ئىككى مىڭ ئالتە يۈز چېرىك، تۆت يۈز ئوقچى، ئالتە يۈز پىيادە لەشكەر، قىرىق توپچى، سەكسەن ئىشچى ئەسكەر، ئىككى يۈز قىرىق شەيقەتچى چېرىك بولۇپ، جەمئىي بىر يۈز ئاتمىش ئىككى ھەر دەرىجىلىك سەردار، تۆت مىڭ ئالتە يۈز قىرىق چېرىك، بىر يۈز ئاتمىش نەپەر ئىشكارچى، ئىككى تۈمەن ئىككى مىڭ نەچچە جان ئائىلە ـ تاۋابىئات بولۇپ، ئىككى تۈمەن ئالتە مىڭدىن كۆپرەك ئۇلۇغ ـ ئۇششاق مانجۇ بار ئىدى.

ئۇزاقتىن بۇيان زادى تىنچىماي كېلىۋاتقان گەدەنكەش تارانچىلارنىڭ ئۇششاق ـ چوششەك ئىسيانلىرىغا يېقىندا يەنە پاراكەندە تۇڭگانلارنىڭ ئىسيانلىرى قوشۇلۇپ، مانجۇ ئىستىبداتىنى ھودۇقتۇرۇپ قويغانىدى.

تۇڭجى خانىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادى 1863 ـ يىلى) ھەمەل ئېيىدا، لوسىگۇڭلۇق ياڭ زەنشىڭ دېگەن بىر تۇڭگانىي ئەتراپىغا تۇڭگانلارنى توپلاپ ئىسيان كۆتۈرگەندە، سابىق ئىلى جاڭجۈنى چاڭلىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى بېسىقتۇرغان ۋە ھېلىقى ياڭ زەنشىڭ دېگەننى بويىنى كېسىپ چاپتۇرۇۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىسيانچىلار تىنچىغاندەك قىلغانىدى. تۇڭجى خانىنىڭ ئۈچىنچى يىلى (1864 ـ يىلى) كۇچادىكى گەدەنكەش ئۇيغۇرلار بىلەن پاراكەندە تۇڭگانلار گەنسۇلۇق ما خۇالۇڭ دېگەن تۇڭگانىنىڭ ئىسيانىغا ئاۋاز قوشۇپ يېغا قوپۇشتى. كۇچانىڭ خان ئامبىلى سالىڭئا① ئازغىنە چېرىكى بىلەن تەڭ كېلەلمەي ئۆلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا (دەلۋە ئېيىدا)، غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، پاراكەندىچىلىك چىقاردى. 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، تۇڭجى خان يارلىق چۈشۈرۈپ، ئىسيانى

① سېيشەننىڭ بوۋىسى.

پاستۇرۇشتا ئىقتىدارسىزلىق قىلغان ئىلى جاڭجۈنى چاڭلىڭنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئىلىنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى مىڭچۈنى جاڭجۈنلۈككە تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسيانلار ھازىر يانغىنغا ئايلانغانىدى. مانجۇ ئىستىبداتىنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قېتىۋاتاتتى.

مىڭچۈ مۇشۇلارنى ئويلاپ، قانداق قىلىشىنى بىلمەي، ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، ئۆرە ئولتۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيدى. ئېغىزىنى چايقاپ تۇرغىنىدا، مۇلازىم باياندای قورغىنىنىڭ ئامبىلى چۇڭشى ۋە ئوكۇرتاي خارماڭانىڭ تاشقىرىدا كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

باياندای قەلئەسىنىڭ خەۋىرىنى ئاللماي تىت - تىت بولۇپ تۇرغان مىڭچۈ مۇلازىمىغا ئۇلارنى دەرھال قوبۇلخانىغا تەكلىپ قىلىشنى بۇيرۇدى - دە، ئۆزى رەسمىي كىيىنىپ، ئەتىگەنلىك ناشتىنىمۇ قارىماستىن قوبۇلخانىغا چىقتى...

× ×

— تەقسىر، جاڭجۈندىن ئەلچى كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ مەزەمزاتىقا، — خارماڭا باشلاپ كەپتۇ.

— بىزدىن ساڭا سالام بولغاي، ھۆرمەتلىك تەيجى جانابلىرى، — دېدى چۇڭشى تىزىنى ئېگىپ، بىر قولىنى يەرگە تەگكۈزۈپ سالام بەرگەندىن كېيىن، — بىز ئىلى جاڭجۈنى مىڭ دارىننىڭ پەرمانىغا بىنائەن سىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كەلدۇق. مانا بۇ دارىن جانابلىرىنىڭ سەن تەيجى جانابقا ئەۋەتكەن گۇڭسىسى ①، — ئۇ بىر

① گۇڭسى — ئالاقە، ھۆججەت.

ليپاپىنى يېنىدىن چىقىرىپ مەزەمزاتقا سۇندى ۋە:— بۇ كىشى ئاغلاقچى ئامبال ئىلدىڭا بولىدۇ، بۇ كىشى سەردار دۇلۇنبا بولىدۇ،— دەپ، ئەتراپتىكى ھەمراھلىرىنى تونۇشتۇردى.

مەزەمزات ئۇلارغا تۆۋەن تەرەپتىن جاي كۆرسىتىپ، ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.

— چاڭجۇن دارىنىغا ئۇچۇر بەرگەنىدۇق،— دېدى. مەزەمزات بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن،— چاڭجۇن دارىنىنىڭ جاۋابى قانداق بولىدىكىن؟

— سىلەر خاقانلىقىمىزغا پۇقرادارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان خەقسىلەر،— دېدى چۇڭشى،— ئارىلىقتا بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن كۆڭۈللەر ئازار يەپ قالدى. شۇڭا خاقانىمىز چاڭلىڭ① دارىنىنى بەنلەپ②، مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى. «پۇقرالىرىم بولسا بۇيوجىڭ»③ دەپ سىلەرنى كەچۈردى. يېڭى چاڭجۇن دارىن: «يارىشىپ قالساق» دەپ بىزنى ھۇزۇرۇڭلارغا ئەۋەتتى.

— چۇڭ دارىن، بۇ «كۆڭۈلسىزلىكلەر» ھەرگىز سەن ئېيتقاندەك ئۇنداق ئاددىي ئىش بولمىسا كېرەك،— دېدى موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم سۆز ئېلىپ،— بىز بىلىمىز، سىلەر ھەممە نەرسىنى كەچۈرسەڭلارمۇ، ئىسيانچىلارنىڭ كاللىسىنى زادى كەچۈرمەيسىلەر. ئۇلارنى مويتۇڭزىدا چاپمىغىچە كۆڭلۈڭلار ھەرگىز تىنمايدۇ. سىلەر بىزنى كۆپ قېتىم ئوقۇتۇپ موللا قىلىپ قويغان!

— بۇ ئىلگىرى شۇنداق بولغان، — دېدى چۇڭشى تەرىنى تۈرگىنىچە.

---

① چاڭلىڭ — (长苓) ئىلى جاڭجۇنى.

② بەنلەپ — (办理) بۇ يەردە «تانساۋىنى تارتتى» دېگەن مەنىدە.

③ بۇيوجىڭ — (不要紧) بۇ يەردە «كېرەك يوق» دېگەن مەنىدە.

— توغرا، بىزمۇ شۇنداق قاراپ كەلگەن، — دېدى موللا شاۋكەت قازى ئەسكەر، — بىراق، مۇشۇنداق بىپەرۋا قاراشنىڭ دەردىنى بىز ئاز تارتتۇقمۇ؟ ئىلگىرى يۇۋاشلىق بىلەن پۇقرادارچىلىقىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېدۇق، سىلەرمۇ بىزگە ئەمىنلىك بەردىڭلار. سەللە نارازى بولۇپ قارشىلىق كۆرسىتىۋېدۇق، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان پۇقرادارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ قىلچىمۇ يۈز - خاتىرىسىنى قىلماي، ئەدىبىمىزنى تازا بەردىڭلارغۇ؟

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان چۇڭشى قىپقىزىل قىزىرىپ، لام - جىم دېمەي تۇرۇپ قالدى.

سۆھبەت كەچ كىرگىچە داۋام قىلدى. ئەمما، تۈزۈك كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولمىدى. بۇنداق كېتىۋەرسە ھېچقانداق نەتىجە چىقماسلىقىغا كۆزى يەتكەن مەزەمزات ياكۇر ئاخۇن تۇڭگانىي بىلەن كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن:

— ئاللاتائالا: «ۋەقەلەد زەنەگەن ۋەسسەر دۇنيا بىنا ساھىبىيە ۋە جەھەننامە...①» دېگەن، — دېدى ھەممەيلەنگە بىر قارىۋېتىپ، — بۇ زېمىندىكى مەزلۇملارنىڭ ئاھۇ - زارلىرى، كۆزلىرىدىن ئاققان قان - ياشلىرى ئۇتلۇق مالامەت تاشلىرىغا ئايلىنىپ زۇلۇمنىڭ ئىگىسى بولغان سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا تەگمەكتە. بىز زۇلمەتتىن كېيىن كۈن چىقىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى ئايدىڭ. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان، بىز بۇ قۇياشنى تاقەت بىلەن كۈتۈپ كەلدۇق. چۈنكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «تاقەت قىلىش — قارشىلىق قىلىش بىلەن باراۋەردۇر» دەپ ئۆگىتىشكەن.

ئۇ سۆزىنى توختىتىۋېلىپ بىرئاز جىم تۇردى - دە:

— مۇبادا ئىلى جاڭجۇنى ئۆز خېتىدە ئېيتقىنىدەك سە-

---

① «بىز دۇنيا ئۈستىدىكى ئاسماننى يۇلتۇز چىراغلىرى بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى شەيتانلارغا ئاتىدىغان تاش قىلىپ ياراتتۇق...».

مىمىيەتچىل بولىدىغان بولسا،ــ دېدى ئۇ قولىدىكى خەتنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ،ــ بايانداي ئاغلاقچى ئامبىلى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنكى مەنسەپلەرنى بىز ئۇيغۇرلارغا بەرسۇن ھەمدە غۇلجا، بايانداي، چىلپەڭزە قاتارلىق ئۈچ كۇرەنى بىزگە بوشىتىپ بەرسۇن؛ ئىلى ئاغلاقچى ئامبىلى، سۇيدۇڭ باسقاقبېگى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنكى مەنسەپلەرگە تۇڭگانىيلاردىن قويسۇن ھەمدە سۇيدۇڭ، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ قاتارلىق ئۈچ كۇرەنى تۇڭگانىيلارغا بوشىتىپ بەرسۇن؛ ئىلى مانجۇ كۇرەسى، قورغاس كۇرەسى ۋە تەلكە كۇرەسى قاتارلىق ئۈچ كۇرە مانجۇلارغا قالغاندىن سىرت، ئۇ يەرلەردىكى بىر بۆلۈك يەرلەرنى ئۇيغۇرلار، تۇڭگانىيلار تۇرىدىغان قىلىپ ئاجرىتىپ بەرسۇن. بۇلار بىر-بىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلمىسۇن. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن بىز سىلەرگە زىممىلىك بېرەلەيمىز. بىز ئۇيغۇر، تۇڭگان تائىپىلىرى چەككەن رىيازەتلەرنى ئىلى جاڭجۇنى مەسئۇل بولۇپ تىزىملاپ چىققاندىن كېيىن، نامە پۈتۈپ، مانجۇ، خەنزۇ، شىبە، سولۇن، چاخار، ئۆيرۇت قوشۇلىرىدىن بىردىن ئادەم تەيىنلەپ بىز بىلەن بىللە كىنجاپىقا① — خاقانىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتسۇن. بۇ نامەگە خاقان ئۆزى بىر نېمە دېگەي! مۇبادا، خاقان: «پۇقرالىرىم كۆپ ئازاب چېكىپتۇ. مەن ئۇقماپتىمەن، ئەمدى ئۇقتۇم. ئۇلار ئىسيان كۆتۈرۈپ يۈرمىگەي، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولسۇن» دېسە، بىزمۇ بارىغا شۈكۈر - قانائەت قىلىپ ئۆتۈرمىز. مۇبادا بىزگە زۇلۇم - سىتەمنى راۋا كۆرۈپ، «گەدەنكەش چەنتۇلار بىلەن پاراكەندە تۇڭگانىيلارنى قىرىڭلار!» دەپ يارلىق چۈشۈرسە، ئۇنىڭغىمۇ ئەلھۆكمىللا! بىز ئۇيغۇرلار ئەركىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆلۈشنى ئاسارەت ئىچىدە خارۇ زار بولۇپ ياشاشتىن ئەلا كۆرىدىغان خەلقمىز!

---

① بېيجىڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

× ×

1866 - يىلى ھەمەل ئېيىنىڭ 20 - كۈنى يېرىم كېچىدە، «گۈمبالڭ!» قىلغان قاتتىق پارتلاش ساداسى ئىچىدە، بايانداينىڭ شىمالىي قوۋۇق ئۆپچۆرىسىدىكى سېپىلىنىڭ ئۇن غۇلاچتەك يېرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى - دە، چاڭ - توزانلار ئىچىدە غۇلاپ چۈشتى. نەررە ساداسى ئىچىدە سەلدەك دەۋرەپ كەلگەن تارانچىلار ۋارقىراشقىنىچە قەلئە ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىشتى. قارشىلىق كۆرسەتكەن مانجۇلارنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى. بىر كېچىدىلا قەلئە غەزەپلەنگەن ئالامان تەرىپىدىن تۈپتۈز قىلىپ تۈزلىۋېتىلدى.

ئەسلىدە، ئىلى جاڭجۈنى مىڭچۇ بىر تەرەپتىن چۈڭشى قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تارانچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن باش دەپتەردار شىجىرخۇن بىلەن مەسلىھەتچى ئامبال رۇڭشۇەن ئىككىسىنى ئۇتتۇز چېرىك بىلەن ياردەمگە ئەسكەر تەلەپ قىلىپ، چاررۇسىيىنىڭ تۈركىستان گوبىرناتورىنىڭ ئالدىغا ماڭغۇزغانىدى. بۇلار چوڭ كۆرەدىن چىقىپ، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، سۇيدۇڭ تەرەپكە ئوغرىلىقچە قاچماقچى بولغىنىدا، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ سۇيدۇڭ يولىنى قورۇقلاپ ياتقان ئايغاقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. باش دەپتەردار شىجىرخۇننىڭ يېنىدىن مىڭچۇنىڭ تۈركىستان گوبىرناتورى ياساۋۇل گېنېرال فون. كائۇفمانغا يازغان خېتى چىقتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «گوبىرناتور جانابلىرىغا! ...گەدەنكەش چەنتۇلار شۈكۈر - قانائەتنى تەرك ئېتىپ، خاقانىمىزغا قارشى قوپۇشتى. بىر ئوچۇم ئىسيانچىلار تىنچ پۇقرالىرىمىزنى پاراكەندە، ئەل - يۇرتنى مالىمان قىلدى... بىزدىكى چەنتۇلار بىلەن تەۋەلىكىمىزلاردىكى ئەنجان-

لىقلارنىڭ تىلى بىر، دىلى بىر، تومۇرداش خەلق. مۇبادا بۇ ئىسيان ئۇچقۇنلىرى ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋېلىنمىسا، ئايدالانى قاپلىغان يانغىن خەۋپىگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن... بىزدە: «قوشناڭنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسە، ساڭا تۇتاشماسمۇ؟» دەيدىغان بىر سۆز بار. بىزدىكى ئىسيان ئۇچقۇنلىرىنى ۋاقتىدا ئۆچۈرۈ-ۋېلىشىمىزغا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن. ئىناق قوشنىدارچىلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلغايسىز. مۇبادا شۇنداق قىلسىڭىز، بىزدىن زىيان كۆرمەيسىز... كونكرېت ئىشلارنى ھۇزۇرىڭىزغا ئەۋەتكەن ۋەكىلىم بىلەن سۆزلىشەرسىز. بۈيۈك مانجۇ ئىمپېراتورلىقىنىڭ ئىلىنى جۇڭغارغۇچى باش جاڭجۇنى مىڭچۇ، تۇڭجى خانىنىڭ تۆتىنچى يىلى، دەلۋە ئېيىنىڭ يې-گىرمە تۆتىنچى كۈنى.»

ئىلى جاڭجۇنى مىڭچۇنىڭ ساختىپەزلىكىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن مەزەمزات بارلىق خام خىياللارنى تەرك ئېتىپ، قەلئەگە دەرھال تېگىش قىلىشنى قارار قىلدى.

ئەسلىدىكى پىلان بويىچە، سادىر پالۋان ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن قەلئەنىڭ شىمالىي قوۋۇقىنى چەنلەپ قازغان لەخمىنى دەل شۇ كۈنى پۈتتۈرۈپ بولغان ھەمدە بەش يۈز جىڭدەك مىلتىق دورىسىنى بولاق قىلىپ پۇختا تاڭغاندىن كېيىن، لەخمە ئارقىلىق سېپىل ئاستىغا مازلاپ① نىقتاپ تىزىپ قويغانىدى. ئۇ ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگدىن سېپىلنى يېرىم كېچىدە پارتلىتىش ھەققىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان-دىن كېيىن، تىزىلغان دورىلارنى بىر قۇر تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتى-دە، ئاندىن كالىنىڭ ئۈچىيىدىن ياسالغان پىلتە پىلىكنىڭ بىر ئۇچىنى بولاق دورىلار ئىچىدىكى بىر بولاق دورىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئوبدان جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە لەخمىدىن يېنىپ چىقتى...

① مازلاپ — ئۈستى-ئۈستىگە قاتار تىزىش، دېگەن مەنىدە.

نەزمە:

تاغلاردىن ماكان تۇتتۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
ئاتلاندۇق قورال ئېلىپ،
تەقدىرگە بويۇن ئەگمەي.

**— ئۇيغۇر خەلق قوشىقى**

## توققۇزىنچى باب

# چۆچەك ئاسمىنىدا چاقنىغان قۇتۇپ نۇرى

**ياخشى ئىش دېگەننى يولدىن تېرىۋالغىلى بولمايدۇ، ئۇنى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن ئۆگىنىدۇ.**

مىلادى 1866 - يىلى ئەتىياز.

كۈننىڭ ئىللىقلىقى هاۋادا بارغانسېرى بىلىنىشكە باشلىدى. ئادەمنىڭ يۈز - كۆزىنى ئاچچىق چېقىپ تۇرىدىغان ئىزغىرىن شامالларنىڭ ئورنىغا ئەمدى تەنگە هۇزۇر بېغىشلايدىغان، روهنى تەۋرىتىدىغان ئىللىق، مەيىن شاماللار سوقماقتا ئىدى. باهار بۇلۇتلىرى هاۋادا گۈلدۈرلەپ، شارقىراپ يامغۇر قۇيۇپ ئۆتتى. ئاقىرىپ تۇرغان يالىڭاچ تاغ - ئېدىرلار، ئايدالالار يېشىللىق بىلەن قاپلاندى. ئوت - چۆپلەر كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا گويا كۈن ساناپ ئۆسكەندەك ئۆسۈپ، شامالدا چايقىلىپ تۇرىدىغان چىمەنزار ئوتلاقلارغا ئايلىنىۋاتاتتى. باهار پۈتۈن چۆچەك ئىقلىمىغا باشقىچە رەڭ ۋە ئاهاڭ بېغىشلىماقتا ئىدى.

ئورمانلىقلاردىن تۇرلۇك قۇشلارنىڭ چۇرقۇراشلىرى كېلەتتى. تىنىمسىز، ئۇچقان بال ھەرىلىرىنىڭ ۋىڭ - ۋىڭ قىلغان كۈيلىرى پۈتۈن چىمەنزارلىقلارنى قاپلاپ كەتكەنىدى. دالادا ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، قوزىلارنىڭ قىيغىتىپ يۈگۈرۈشلىرى، قىز - يىگىتلەرنىڭ ئىر - ئۆلەڭلىرى ئەمدى قۇلاققا باشقىچە ئاڭلانماقتا ئىدى. دالادا ياشلار چۇقان سېلىشىپ ئوينايتتى. قىز - كېلىنلەرنىڭ چېكىسىدە يېڭى ئېچىلغان لەيلىقازاق گۈللىرى يېنىپ تۇراتتى.

چارۋىچىلار تۆۋەن تەرەپتىكى تۈزلەڭلىكتە چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خۇددى تۈر-نىلاردەك قاتار تىزىلىشىپ، يايلاققا، سالقىن ئېدىرلارغا ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى. ئۆيۈر - ئۆيۈرى بىلەن دۈپۈرلۈشۈپ كىشنەشكەن يىلقىلار زور ھەيۋەت ۋە دەبدەبە بىلەن چاڭ - توزان كۆتۈ-رۈپ كېلەتتى. كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان بىر چاقىرىمچە يەرلەرگە سوزۇلغانىدى. باللار يول ياقىسىدىكى كۆكاتلىقلار ئارىسىدىن سەكرەپ چىقىپ يىلقىلارنى ئۈركىتەتتى. يىلقا ئۈركۈپ يان تەرەپكە قاچقىلى تۇرغاندا، يىلقىچىلار:

— ھەي ئېزىتقۇلار، خەپ سىلەرنى!— دەپ، سويىلىرىنى شىلتىپ كېلىپ كەپسىز باللارنى قوغلايتتى. باللار چاتقاللىق-نىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈشەتتى ۋە قېچىپ كېتەتتى. سان - ساناق-سىز قويلار قۇيرۇقلىرىنى چايقاپ، لەپەڭشىپ، تۇياقلىرى بىلەن خۇددى مۆلدۈر ياغقاندەك ئاۋاز چىقىرىشىپ يولدىن ئۆتۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى پۈتكەن، چىرايلىرى كۆيۈپ قارىدىغان مالچىلار مېڭىشاتتى. باي چارۋىچىلارنىڭ يۈك-تاقىلىرى ئارتىلغان تۆگە كارۋىنى چوملىرىغا قىمىز چاناشلىرىنى ئېسىۋالغان ھالدا، تۆگىچىلەرنىڭ يېتىلىشى بىلەن سالماق قەدەم تاشلاپ ئۆتەتتى. يورغا ئاتلىرىنى مىنىشىپ، قىزىل چوغلۇقتەك كىيىنىشكەن، ناخشا ئېيتىپ ماڭغان قىز - كېلىن-

چەكلەر ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

× ×

چۆچەك خان ئامبىلى گۇاڭفېڭنىڭ يامۇلىدىكى داتاڭدا كېڭەش بولۇۋاتقانىدى. تۆردىكى قارا سىر بىلەن سىرلانغان ئىككى شىرەنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسىدە خان ئامبال گۇاڭفېڭ ئولتۇرغانىدى، سول تەرەپتىكىسىدە چۆچەك جامە مېچىتىنىڭ ئىمامى ئولتۇراتتى. ئوڭ تەرەپتىكى بىر قاتار قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى شىلىن باشلىق مانجۇ ئەمەلدارلىرى ئولتۇرۇشقان، سول تەرەپتىكى بىر قاتار ئورۇندۇقلاردا چۆچەكتىكى تۇڭگانىيلارنىڭ چوڭلىرى ۋە قازاقلارنىڭ ئوكۇرتايلىرى ئولتۇرۇشقانىدى.

خان ئامبال گۇاڭفېڭ يىغىن ئەھلىگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن، يېنىدىن بىر سېرىق لىپاپىنى چىقاردى-دە، ئىچىدىكى قاتلاقلىق خەتنى ئېلىپ بىر سىلكىپلا ئۇنى ئاچتى. بۇ خەت ئىلى جاڭجۈنى مىڭچۈننىڭ جايلاردىكى پاراكەندە تۇڭگانىيلارنى تەخىرسىز قىرىپ تاشلاش توغرىسىدا چۆچەك خان ئامبىلى گۇاڭفېڭغا ئەۋەتكەن پەرمانى ئىدى. خان ئامبال پەرماننى يىغىن قاتناشچىلىرىغا ئوقۇپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:

— ئەمدى بىز مەسلىھەتلىشىپ كۆرسەك، — دېدى خالار-خالىماس، — بىر-بىرىمىزگە ئىشىنىپ، يۇرتىنى بۇزماي، ئەلنىڭ ئاسايىشلىقىنى ساقلاپ تۇرساق دەيمەن. ئىشنىڭ ئاقىۋىتى زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر تەڭرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مۇبادا سىز مۇسۇلمانلار يېڭىپ، ھۆكۈمەت ئىسلامغا ئۆتسە، ئۇ چاغدا بىز سىزلەرگە زىممىلىك بىلدۈرسەك. مۇبادا، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى ئاۋۋالقىدەكلا

خاقانىمىزنىڭ ئىلكىدە قالسا، سىزلەرمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ ئەمىر ئىتائىتىدىن چىقماي ئۆتۈرسىلەر!

ئىمام دەرھال يېنىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار خان ئامبىلىنىڭ مەسلىھەتىنى لازىم تاپتى ۋە شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ كېلىشتى. مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە، چۆچەكتىكى تۇڭگانىيلار غۇلجىدىكى تۇڭگانىيلارغا بىر مەھەل قوشۇلماي تۇرىدىغان بولدى. كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر باشباشتاقلىق قىلىپ، پاراكەندىچىلىك چىقارغانىدى، ئۇلارنى تۇتۇپ باغلاپ، ئىمىل دەرياسى بويىغا سۈرگۈن قىلىپ، چۆچەكتىن قوغلاپ چىقىرىشتى. مۇشۇنداق تەدبىرلەر ئارقىسىدا، چۆچەك باشقا شەھەرلەردەك بۇزۇلماي، تىنچ تۇردى. ئەمەلىيەتتە بولسا، چۆچەك تىنچ ئەمەس ئىدى.

ئەتىسى، خان ئامبال چۆچەك مەسلىھەتچى ئامبىلى شىلىن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. يامۇلنىڭ ئالدىدا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. بىر پەستىن كېيىن، ئۇچىسىغا سەپەر كىيىمى كىيگەن، چىرايىنى چاڭ - توزان باسقان بىرەيلەن ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئۇ — غۇلجا خان ئامبىلى كۈيجاڭ ئىدى. گۇاڭفېڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. كۈيجاڭ غۇلجا بۇزۇلغاندىن كېيىن قېچىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، غۇلجىدىكى پاراكەندە تۇڭگانىيلار بۇزۇلۇپ، گەردەنكەش چەنتۇلار بىلەن بىرلىشىۋاپتۇدەك. ئۇلار بايانداي قەلئەسىنى تارتىشىۋېلىپ، سابىق ئىلى جاڭجۈنى چاڭلىڭ بىلەن يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئىلى جاڭجۈنى مىڭشۈنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، چوڭ كۈرەڭگە قاماپ قويۇپتۇدەك. مانجۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىمان ئېيتىپ، چاچ - ساقاللىرىنى ئېلىپ زىممىيلىك بىلدۈرگەنلىكتىن، ئامان قاپتۇ. بۇزۇلغانلار زىممىيلىك بىلدۈرۈشنى رەت قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاياپ ئولتۇرماي قىرىپ تاشلاپتۇ. ئاخىرىدا، ئۇ: «بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن؟» دەپ سورىۋىدى، خان ئامبىلى گۇاڭفېڭمۇ بىلمەيمەن، دېگەندەك قىلىپ مۈرىسىنى

قىسىپ قويۇپ، جاۋاب بەرمىدى. بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، قاچقۇن ئامبال كۈيجاڭ چۆچەكنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، گۇاڭفېڭ بۇ يەرنىڭ ھازىرچە تىنچ ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىلى جاڭجۇنىنىڭ تۇڭگانىيلارنى قىرىپ تاشلاش ھەققىدىكى پەرمانىنى ئىجرا قىلماي باستۇرۇپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈنىدە، بىردەم غەزەپ، بىردەم مەسخىرە كۈلكىسى، بىردەم ۋەزىيەتكە بولغان ئەندىشە ھەم خاقانلىقنىڭ زەئىپلىكىگە بولغان ئېچىنىش سېزىلىپ تۇراتتى.

— پاراكەندە تۇڭگانىيلار،— دېدى گۇاڭفېڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— شۈبھىسىزكى، سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن زور بىر خەۋپ. بىراق، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خەقنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر. ئۇلار شۇنداق بىر ھەرە ئۇۋىسى ئىكەنكى، تېگىپلا قويدۇڭمۇ، چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ، ئۆلىشىپ كېلىپ، چېقىپ سېنى بىردەمدىلا كاردىن چىقىرىدۇ. ئەمما بىزدىكى بەزى دارىنلارنىڭمۇ نەپسى ئالامەت يوغىناپ كەتكەن. ئۇلار سەلتەنەتىمىزنىڭ يۈزىگە چىققان سۆگەل. ئۇلار مۇسۇلمان پۇقرالارنى قارماق بىلەن بېلىق تۇتقاندەك تۇتۇپ، ئۇلارنى خۇددى بەد نەپسى ئەجدىھادەك پۈتۈن يۇتماقتا.

— ھە؟!— ھەيران بولدى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاچقۇن ئامبال كۈيجاڭ.

گۇاڭفېڭ كۈلدى ھەم ئاندىن يەنە جىددىي سۆزلەشكە باشلىدى:

— شۇنداق، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بۇ يەرگە مەخسۇسلا پۇقرالارنىڭ ئىلىكىنى شوراپ، پۇل ۋە مال - مۈلۈك توپلاش مەقسىتىدە كەلگەن. ئۇلار كەلگەندە بىر تال قارا مىلتىقنى كۆتۈرۈپ ياياق كېلىپ، كەتكەندە ھارۋا - ھارۋىغا ئالتۇن - كۈمۈش بېسىپ قايتىدۇ، خۇددى قاراقچىنىڭ ئۆزى.

چەنتۈلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى بولسا ناھايىتى نادان، قاراقورساق ۋە ۋىجدانسىز ئادەملەر، تېگىدەك بەستى بىلەن قۇلدەك پۈكۈلۈپ، خۇشامەتتىن تىترىشىپ، بۇ دارىنلار ئۈچۈن مالايلىق قىلىشىدۇ. ئۇلار مالاي بولۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى، ئۆز قوۋمىنى قاڭغىر قاقشىتىشنى بولسا ئابروي دەپ بىلىدۇ.

— بۇنداق زالىم سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تىلى جاڭجۇڭغا پىكىر سۇندۇم دېگەن ئىدىلىغۇ گۇاڭ دارىن؟

— بۇ ئەلدە «ئىسلاھات» دېگەن سۆزنى ئېغىزغا ئالغانلارنى ئەڭ يامان گۇناھكارلار قاتارىدا دار ياكى سۈرگۈن بىلەن مۇكاپاتلىشىدۇ،— دېدى گۇاڭفېڭ غەزەپ بىلەن.

خان ئامبال گۇاڭفېڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدا خەتمەكەردە① بولۇپ، ياش نۇرۇپلا گۇاڭدۇڭ تەرەپلەردە ئەمەل تۇتقانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى - يېڭى نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن تېزلا چىڭ ئوردىسىنىڭ دىققىتىگە نائىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاققا قالماي جاھىللار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانىدى. گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشىنىڭ ۋالىيسى، خان مۇپەتتىش لىن زېشۈي گۇاڭجۇدا ئەپيۇننى چەكلەپ، ئېنگلىز ئەتكەسچىلىرىنىڭ نەچچە مىڭ ساندۇق ئەپيۇننى كۆيدۈرگەندە، ئۇمۇ بۇ ئىشنى قىزغىن قوللىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن، لىن زېشۈي ئىلىغا پالانغاندا، ئۇمۇ بىللە كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىللىقى، دىيانەتلىكلىكى بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدا خېلى ئىناۋەت قازانغانىدى.

قاچقۇن ئامبال كۈيجاڭ شۈك بولدى. ئۇ چىرايى خاپىلىققا تولغان گۇاڭفېڭنىڭ يۈزىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىدە دەرد - ئەلەم بەلگىسىنى كۆردى. ئۇ، چىقىپ كېتىش ياكى ئولتۇرۇپ يەنە پاراڭ قوزغاش توغرىلىق ئويلاپ تۇرغاندا، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى شىلىن سۆز باشلاپ قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆتكەنكى كېچەشتىن

① خەتمەكەردە — جۈيرېن (举人)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىدە ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدا خەتمەكەردە مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىلا ئاندىن ئەمەل تۇتقىلى بولاتتى.

كېيىن، غۇلجىنىڭ تارانچىلار قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان چۆچەك تۇڭگانىلىرىمۇ قازاقلارنى قوزغىتىپ ئىسيان كۆتۈرۈش غەرىزىدە بولۇۋېتىپتۇدەك ھەم جايلاردىكى تارانچى چەنتۇلار بىلەن ئالاقە باغلاۋېتىپتۇ.

گۇاڭفېڭ بۇ سۆزلەرنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى ۋە غازىنىڭ سەيخانىسىنى خېيىمنىڭ چەمگە ئۇرۇپ كۈلىنى تۆكتى ۋە تاقەتسىزلىنىپ:

— بۇ ۋەقە ھەققەتكە يېقىن، — دېدى ئىچىنىپ تۇرۇپ، — يالغۇز بۇ يەردىكى تۇڭگانىيلاردىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە تۇڭگانىيلارنىڭ كۆكرەكلىرىدە مۇنداق قارا نىيەت ئۇۋا تۇتقان. خوش، نېمىشقا ئەمدى چەنتۇلاردەك ئاق كۆڭۈل، يوۋاش، مۆمىن بىر خەلق تۇڭگانىيلارنىڭ پىتنىسىگە شېرىك بولماقچى؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىلەمسىلەر؟ مۇشۇكنىڭ ئاسلىنىنىمۇ ئۇرۇۋەتسە، ئۇمۇ ئاخىرى ئېتىلىپ كېلىدىغان يولۋاسقا ئايلىنىدۇ ئەمەسمۇ!

— دارىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىلى جاڭجۇننىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلماي باستۇرۇپ قويغانلىقلىرىنى دۇرۇس دېمەكچىمۇسىلە؟

— يوغسۇ، بۇ پەرمانىنىڭ مەزمۇنىدىن بۇ يەردىكى تۇڭگانىيلار بىزدىن بۇرۇنراق خەۋەر تېپىپ بوپتۇ. خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تەييارلىقلىرى پۇختا ئىكەن. شۇڭا، ئىشنى سىلىقلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولسىلا، قاتتىقلىق قىلماسلىق لازىم، دەپ ئويلىدۇق. چۈنكى، ھازىر قاتتىقلىق قىلماق — تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

— سىلى قانداق تەدبىر قوللاندىلا؟

— مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامىنى ھۇزۇرىمىزغا تەكلىپ قىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزدۇق. ئەھدۇ - پەيمانلار تۈزۈشتۇق. ئەمدى بۇ

يەردىكى تۆڭگانىيلار يەنە پاراكەندىچىلىك چىقارماس، دەپ ئويلايمىز.

— سىلى خام ئويلاپسىلا، بۇلارنىڭ ناپاك نەسلىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇۋەتكەن ياخشىراق،— دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى قاچقۇن ئامبال كۇيجاڭ.— چۈنكى، ئوتنى ئۆچۈرۈپ، چوغنى قالدۇرۇپ قويۇش، يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمىنى ساقلاپ قېلىش — ئاقىللارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس...

— چەنتۇلاردا: «سۆزنى يۇمشاق قىلساڭ، يىلان ئۇۋىسىدىن چىقىدۇ. قاتتىق سۆزلىسەڭ، ئىنسان دىنىدىن چىقىدۇ» دېگەن بىر سۆز بار،— دېدى خان ئامبال گۇاڭفېڭ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولماي،— بۇلارنى قىرىپ تۈگەتمەك مۇشەققەتلىك ئىش، ئانچە ئوڭايغا توختىمايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ قولىدا قورال بار، ئۆزلىرى ھوشيار تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ئەھدۇ - پەيمان قىلىشقانمىز. لەۋزىدە تۇرماسلىق ياخشى پەزىلەت ئەمەس!

— ئەگەر سىلى يۈز كېلەلمىگۈدەكمەن، دېسىلە، تامغا بىلەن ھوقۇقنى دەرھال پېقىرغا ئۆتكۈزۈپ بەرسىلە،— دېدى قاچقۇن ئامبال كۇيجاڭ ئېغىۋاگەرچىلىك قىلىپ،— مانا بىز ئۇلار بىلەن ۋەدىلەشمىگەن. بۇ ئىشقا بىز جاۋاب قىلايلۇق!

گۇاڭفېڭ قاچقۇن ئامبالنىڭ يەڭ ئۇچىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ناگاننىڭ ئاغزىغا مەنىسىتمىگەندەك قاراپ قويدى، ئەمما ئۈندىمىدى. قارىغاندا، «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، قاچقۇن ئامبال كۇيجاڭ غۇلجىدىكى پەشۋاغا چۆچەكتە جاۋاب بېرىش ئىرادىسىگە كەلگەندەك قىلاتتى.

خان ئامبال گۇاڭفېڭ مەسلىھەتچى ئامبال شىلىنگە قارىۋىدى، ئۇ دەرھال تەتۈر قاراپ، كۆرمىگەنگە سېلىپ تۇرۇۋالدى. گۇاڭفېڭ ئامالسىزلىقتىن، خان ئامباللىق تامغىسىنى قاچقۇن

ئامبال كۆيجاڭغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، پېشىنى قاققان پېتى داتاڭدىن چىقىپ كەتتى.

× ×

چۆچەك يامۇلى جاھانگىر خوجا يېغىلىقىدىن كېيىن سېلىنغانىدى. يامۇلنىڭ تاملىرى قېلىن، ئېگىز ۋە پۇختا سوقۇلغانىدى. مانجۇلار بۇ سېپىلنى سوقتۇرىدىغان چاغدا، ئالتە شەھەردىن ئىككى مىڭدەك ھاشارچى يۆتكىگەنىدى. سېپىل پۈتۈپ ئىككىنچى يىلى، مانجۇلار سېپىلنىڭ شەرقى — شىمالىي تەرىپىدىن تۆت ئەتراپى تەخمىنەن تۆت يۈز غۇلاچتىن كېلىدىغان بىر پارچە تۈز يەرنى ئالتە شەھەرلىك ۋە ئەنجانلىق سودىگەرلەرگە ئۆي - جاي سېلىشقا كېسىپ بەرگەنىدى. سودىگەرلەر بۇ جايغا بىر قورغان سوقتۇرۇپ، قورغاننىڭ ئىچىگە ئۆي - ئىمارەت سالدۇردى. بۇ قورغان كېيىنچە سارت قورغان دەپ ئاتالدى.

قاچقۇن ئامبال كۆيجاڭ چۆچەكتىكى مانجۇلارنى قوتۇرتىپ، مۇسۇلمانلار نامازغا يىغىلغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى تۇتاش قىرىپ تاشلىماقچى بولدى. بىراق، بۇ خىل جىنايى مەقسەتتىن تۇڭگانىيلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا خەۋەر تېپىپ بولۇشتى. ئۇلار مانجۇلارنىڭ قول سېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىنلا، ئاۋۋال قول سېلىشتى. ئىمام ئاخۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قوزغىلاڭچىلار ئۈچ بۆلەككە بۆلۈندى: بىر بۆلىكى مېچىت ئىچىگە پاناھلىنىپ كىرىۋالغان ئۇششاقلار بىلەن ئەھلى ئاياللىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىغان، يەنە بىر بۆلىكى يامۇلغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى، ئۈچىنچى بۆلىكى يامۇلنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدىغان بولدى. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى قوراللاندۇرۇلدى. ھەتتا، ئۆسمۈر

بالىلارمۇ «ھېچ بولمىغاندا، يىقىلغان مانجۇلارنى سانجىپ ئۆلتۈرسەكمۇ بىرگە ھېساب» دېيىشىپ، قوللىرىغا بىردىن پىچاق ئېلىشتى.

تۇڭگانىيلار ناماز بامداتنى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇنلا گۈگۈمدا ئوقۇپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىپ، ئامبال يامۇلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. مىچىت بىلەن دەرۋازىنىڭ ئارىلىقى يۈز قەدەمدەك كېلەتتى. مانجۇلار كۈندىكى ئادىتى بويىچە زەمبىرەك ئېتىپ دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىغا، يامۇل ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىشكە مەخسۇس بەلگىلەنگەن تۇڭگانىيلار دەرھال چۇقان - سۈرەن كۆتۈرگىنىچە دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار يامۇلدىكى مانجۇلار نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى ئۇقۇپ بولغۇچە، كۆزىگە كۆرۈنگەنلىكى مانجۇنى تۇتۇپ، بېشىنى سويمىنى پىپ لەكتىن ئۈزگەندەك ئۈزۈپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاۋەردى. بۇ چاغدا يامۇل سىرتىدىمۇ جەڭ قىزىپ كەتكەنىدى. قوزغىلاڭچىلار شەھەرنىڭ بىرقانچە يېرىگە ئوت قويۇپ بېرىشتى. پۈتۈن شەھەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېگەن ساداسى ۋە ئوت - تۈتۈن بىلەن قاپلاندى.

يامۇل ئىچىگە بېسىپ كىرگەنلەر قاچقۇن ئامبال كۇيجاڭنى ئاختۇرۇپ تاپالمىدى. ئۇ، مۆكۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئاخىر سابىق خان ئامبال گۇاڭفېڭ باشلىق بىرنەچچە مانجۇ ئەمەلدارىنى ئەسىر ئالدى ۋە ئۇلارنى ھەيدەپ بېرىپ ئىمام ئاخۇنغا تاپشۇرۇپ بەردى. قوزغىلاڭچىلار باشقا مانجۇلار كۆرۈنمىگەنلىكتىن، «ئۇلار ئۆلۈپ تۈگىگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، سۇسلۇق قىلىپ، ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. ھېلىگەر قاچقۇن ئامبال كۇيجاڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ غاپىللىقىدىن پايدىلىنىپ، دەرھال يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن چىقىپ، چېرىكلىرىگە يامۇلنىڭ قاپقىسىنى تاقاتقۇزدى، ئاندىن يامۇلنىڭ ئۈستىگە ئادەم چىقىرىپ،

ۋۇمباق چالغۇزۇپ، ئۆلمەي قالغان مانجۇلارنى ئاياغقا تۇرغۇزدى. مانجۇلار ياموۇلنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالغان يىگىرمە - يىگىرمە بەشتەك قوزغىلاڭچىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياموۇل يەنە مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار ياموۇلنى تارتقۇزۇپ قويغانلىق ئەلىمىنى ئەسىرگە چۈشكەن سابىق خان ئامبال گۇاڭفۇدىن ئالماقچى بولدى. ئىمام ئاخۇننىڭ «چاپماڭلار!» دېگىنىگە ئۇنىماستىن، ئۇنى چېپىپ، قىيما - چىيما قىلىپ تاشلىدى. ئامبال ياموۇلنىڭ مانجۇلارنىڭ قولىدا قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن شەھەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇلار ئىمام ئاخۇننى ھاكىم قىلىپ تىكلىدى.

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان چېڭخۇاڭمياۋ① بۇتخانىسىغا بىر بۆلۈك مانجۇلار بېكىنىۋالغانىكەن. ئۇلار زىممىلىك بىلدۈرۈشكە ئۇنىماي جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلار بۇتخانىغا ئوت قويۇپ بەردى. بۇتخانىدىكىلەر تاكى بۇتخانىنىڭ ئۆگزىسى كۆيۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنگە قەدەر، ئۇلارنى ئاغزى بېسىلماستىن تىللاپ تۇردى.

ئىككى تەرەپ تىركىشىپ تۇرۇشتى. «مالورلوخوچىن② دېگەن يەردە مىلتىق ۋە ئوقيالار بىلەن قوراللانغان ئۆت - بەش مىڭ مانجۇ - قالماق چېرىكلىرى پەيدا بوپتۇ. ئۇلار ئەتە ئەتىگەندە شەھەرگە تېگىش قىلىدىكەن» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئەتراپتىكى قىرلاردىن ئىككى مىڭدەك قازاق ئىسيانچىلىرىمۇ چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار شەھەردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغانىدى.

ئەتىسى قارا چېرىكلەر قارا كۆرسىتىپ، ھەملە قىلىپ تۇرۇشتى. ئاخىرى، مۇسۇلمانلار بىر تەرەپ، مانجۇلار بىر تەرەپ

---

① چېڭخۇاڭمياۋ — شەھەر مۇئەككىلى بۇتخانىسى دېگەنلىك بولىدۇ.

② مالورلوخوچىن — ھازىرقى چۆچەك شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قىز بېيىت دېگەن جاي.

بولۇپ سەپ تۈزۈشتى. گاھ ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى قاتتىق ئېتىشىپ كېتەتتى. گاھ بىر پايمۇ ئوق ئاتماي، بىر - بىرىنى پايلاپ يېتىشاتتى. قوزغىلاڭچىلار مانجۇلارنىڭ سېپىنى بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولۇپ نەچچە رەت ئىنتىلىشىپدى، مانجۇلارنىڭ يامغۇردەك ياغدۇرغان ئوقىغا دۇچ كېلىپ، توسۇلۇپ قالدى. مانجۇلار بولسا، ئوق ياغدۇرۇپ، قەدەممۇ قەدەم، بېسىپ كەلمەكتە ئىدى!

— ئەدىل بەگ مىرزا، — دەپ توۋلىدى ئىمام ئاخۇن، — سىز بۇر باھادۇرغا بىر ئات، زېرەھلىق ئۈستى - باش تەييارلاپ، قولىڭىزدىكى قابانبايىنىڭ بايرىقىنى ئۇنىڭغا بېرىڭ! ئۇ غازىلىرىمىزنى باشلاپ، دۈشمەنلەرگە شىر كەبى ئېتىلغاي!

— لەببەي، ھەزرىتىم! — قىرىق ياشلاردىكى ئەدىل بەگ مىرزا سەپتىن ئالدىغا چىقتى. ئۇ — كىرەي قازاقلىرىنىڭ قابانباي دېگەن باھادىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى ئىدى.

— جانابىي بۇر باھادۇر! — دېدى ئىمام ئاخۇن، — تۇڭگان غازىلىرى بىلەن قازاق غازىلىرىدىن مىڭ كىشىنى ئېلىڭ - دە، ئىلغار① سەپنى باشلاپ ئۇدۇلدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈڭ! سىز ئەدىل بەگ مىرزا، چېرىنغارلارنى باشلاپ بۇر باھادۇرنى ئوڭ قاناتتىن قوغداشقا مەسئۇل بولۇڭ. مانجۇلار ھەرگىزمۇ ئايلىنىپ كېلىپ يامۇل تەرەپكە ئۆتۈۋالمىسۇن! بىز بېرىنغارلارنى باشلاپ، كەينىڭلاردىن ئىزمۇ ئىز بېسىپ بارىمىز!

— پەرمانىڭىزغا جېنىمىز پىدا! — دېدى بۇر باھادۇر.

— سىز بىزنىڭ ئىلغارىمىز. سىزگە ئاللا يار بولسۇن! يېڭىڭ، يېڭىلمەڭ!

— ئامىن!

مۇشۇنداق جەڭدە ئىلغارلار سېپىدە بولۇش بۇر باھادۇرنىڭ

① ئىلغار — ھەربىي سەپ نامى. ئادەتتە ئۇدۇلدىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان سەپ شەكلىگە قاراپ ئېيتىلىدۇ.

كۆڭلىنى كۆتۈردى، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ، ئۆز نەۋكەرلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، مانجۇلارنىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقىغا قارىماستىن جەڭگە ئاتلاندى.

بۇر باھادۇر ماناستا تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن ئالتۇن قازغۇچىلارغا ئەگىشىپ چۆچەككە كېلىپ تۇرۇپ، قالغانىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە خىزمەتتە بولۇپ يۈرۈپ، يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشلارغا كەلگەندە، چۆچەك بۇزۇلغانىدى. ئۇ يوغانباش، گۆرەنلىك، ئورا كۆز، قويۇق ساقاللىق، قوش بۇرۇن، ئاۋازى يوغان، قارا چاچ، قوشۇما قاش، قارامتۇل، بەدىنى تولغان، ۋۇجۇدىدا كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان قامەتلىك، كېلىشكەن مۇلايىم بىر ئادەم ئىدى. چۆچەك تۇڭگانىلىرى ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئۇ كۈندۈزلىرى جەڭچى، كېچىلىرى ساقچى بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدە تۇرۇپ ئېلىشقانىدى. ئۇ جەڭدە، قەيەردە خەتەر بولسا، ئۆزىنى شۇ يەرگە ئۇراتتى.

كۈن تىك چۈش بولغان پەيت ئىدى. چۆچەكنىڭ ھاۋاسى بۆلەكچىلا ئىسسىپ كەتكەنىدى. قابانبايىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بۇر باھادۇر ئىلغارلارنى باشلاپ، مانجۇلارنىڭ سېپىگە يېرىپ كىرىپ، ئۇلارنى بەش - ئالتە بۆلەككە پارچىلاپ تاشلىدى. بۇ بۆلەكلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئەدلىبەگ مىرزىنىڭ قازاقلىرى، بەزىلىرىنى تۇڭگانىلار سۈرۈپ - توقاي قىلىپ قوغلىماقتا ئىدى. مانجۇلارنىڭ ئاتلىرى ئەتىگەندىن بۇيان ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ، ھېرىپ قالغانىدى. بۇر باھادۇرلارنىڭ ياخشى دەم ئالدۇرۇلغان ئاتلىرى جەڭدە تېلىقىپ قالغان بۇ ئاتلاردىن ئۆتۈپ، قېچىپ كېتىۋاتقان مانجۇلارغا بىردەمدىلا يېتىشىۋالدى.

يېڭىلگەن مانجۇلار بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ قېچىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ خېلىلا چوڭ ئىكەنلىكىنى بۇر باھادۇر

يېقىن بارغاندىلا بىلدى، ھەربىر توپتا بەش - ئالتە يۈزدىن مانجۇ، قالماق بولۇپ، ئۇلارغا نىسبەتەن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ توپى ناھايىتى كىچىك ئىدى. بۈر باھادۇر يېنىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى - دە، مانجۇلارنىڭ كىچىكرەك كۆرۈنگەن بىر توپىنى ئىككى ياندىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئالدىدىن چىقىپ توسۇۋالدى ۋە ئۇلارنى ئەسىر ئالدى.

بۈر باھادۇر يەنە ئوق بېسىپ ئېتىۋاتقاندا، ئوڭ يەلكىسى قاتتىق ئېچىشتى، ۋە كۆيۈشكەندەك بولدى. قارىسا، ئوڭ مۈرىسىگە مانجۇلار ئاتقان بىر تال يا ئوقى سانجىلىپ قالغانىكەن. ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئۆزىنى چاپماقچى بولۇپ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان مانجۇنى چەنلەپ تۇرۇپ ئاتتى، ئۇنىڭ ئوقى مانجۇنىڭ كۆزىگە يېقىن يېرىگە تەگدى. ئوق يېگەن مانجۇ بىر قولى بىلەن يۈزىنى چاڭگاللىدى ۋە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. بۇ ئەسنادا، يەنە بىر قالماق ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ قالدى. بۈر باھادۇر قايتا ئوق ئېتىپ ئۈلگۈرەلمەسلىكىنى سەزدى - دە، يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇردى. قالماق بۆرە چىشلىق پولات گۈرزىسىنى بۈر باھادۇرنىڭ بېشىغا ئۇرماق بولۇپ كۆتۈردى، بۈر باھادۇر ئۇنىڭ گۈرزە تۇتقان قولىنى مۆلچەرلەپ قىلىچ ئۇردى، لېكىن قىلىچ گۈرزىگە تەگدى، بۈر باھادۇرنىڭ ئوق تەگكەن يەلكىسىدىن بەدىنىگە شۇنداق بىر ئاغرىق تارقالدىكى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى سىرقىراپ كەتتى. ئۇ، قولىدىكى قىلىچىنىڭ يەرگە قانداق چۈشۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى. قالماقنىڭ ئالتە چىشلىق گۈرزىسى بۈر باھادۇرنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلار ئىدى، ئەمما ئەدىلبەگ مىرزا ئۇنى ۋاقتىدا كۆرۈپ قېلىپ، بىر ئوق بىلەنلا ئۇنى ئاتتىن تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.

مانجۇلار تىرىپىرەن بولغاندىن كېيىن، ئۇۋۇسى چۇۋۇل-

غان ئېتىز چاشقىنىدەك پېتىراپ قاچقىلى تۇردى. بۇر باھادۇر تەرتىپسىز قېچىۋاتقان قارا چېرىكلەرنى كۆزىتىپ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئۇ مىنگەن ئاتنىڭ كاللىسىغا، بويىنىغا، ساغرىسىغا ۋە پاقالچاقلىرىغا نۇرغۇن يا ئوقى تېگىپ قادىلىپ قالغانىدى، ئېتى ۋە ئۆزى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، يولۋاس رەڭگىدە ئالاقان بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇلار نۇسرەت قازىنىپ قايتقاندا، ئىمام ئاخۇن باشلىق چۆچەك ئەھلى ئىستىقبال قىلىپ ئالدىغا چىقىشتى. ئۇلار بۇر باھادۇر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئىمام ئاخۇن شۇ مەيداندىلا ئۇنى «باھادۇر» لۇق نامى بىلەن تارتۇقلىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇر باھادۇر پۈتۈن چۆچەك ئىقلىمىدا كىشىلەر ئاغزىدا رىۋايەت قىلىنىدىغان مەشھۇر شەخس بولۇپ قالدى.

× ×

شۇنداق قىلىپ، ئىككى قىش، ئىككى ياز ئۆتتى. قوزغىلاڭچىلار ئامبال يامۇلىنى زادىلا ئالالمىدى. تۇڭگانىيلار ئارىسىدا ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۇلار بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ، قازاقلار ئارىسىغا قاچقىلى تۇردى. ئىمام ئاخۇن قاچقۇن تۇڭگانىيلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار زادىلا قايتقىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرى بۇر باھادۇر: «ئۇلارنى ئۆزۈم بېرىپ ياندۇرۇپ كېلەي» دەپ، تۆت - بەش تۇڭگانىينى ئەگەشتۈرۈپ قىرغا كەتتى. باھادۇرنى كۆرۈپ، قاچقۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى چۆچەككە قايتماقچى بولۇشتى. ئارىسىدىن بىر تۇڭگان: «زادى قايتمايمەن!» دەپ جاھىللىق قىلىپ

تۇرۇۋالدى. بۇر باھادۇر ئۇنىڭغا زادى گەپ يېگۈزەلمەي تېرىكىپ، ئۇنى ئەستەك بىلەن بىرنى سالدى. ھېلىقى خۇمسىنىڭ يېڭى ئىچىدە خەنجىرى بار ئىكەن، ئۇ خەنجىرىنى چىقىرىپ، باھادۇرنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلىدى. قازاقلار قاتىلنى دەرھال تۇتۇپ، چەمبەرچەس باغلىدى، باھادۇرنىڭ جاراھىتىنى تىكىپ، ئۇلارنى چۆچەككە ئېلىپ كەلدى.

ئىمام ئاخۇن ھېلىقى قاتىلنى چېپىشقا بۇيرۇۋېدى، بۇر باھادۇر قوشۇلمىدى:

— قويۇڭلار! خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەجىلىم مۇشۇ جاراھەتتىن بولۇپ ئۆلۈپ كەتسەم،— دېدى ئۇ ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ تۇرۇپ،— ھەر نېمە قىلساڭلار، شۇ چاغدا قىلىڭلار! ناۋادا ساقىيىپ قالسام، بۇ مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكمەڭلار.

ھېلىقى قاتىل بىر باي تۇڭگاننىڭ ئوغلى ئىدى. قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى بۇر باھادۇر ئۇنىڭ ئۆيىدە چاكارلىق قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن ھېلىقى جاھىل تۇڭگان: «سەن مېنىڭ چاكىرىم بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە مېنى ئۇرامدىغان!» دەپ، ئۇنىڭغا پىچاق سالغانىدى.

ياملۇدىكى مانجۇلار «بۇر باھادۇر ئۆلۈپتۇ» دەپ ئاڭلاپ، «ھەر نېمە بولسا، يامان دۈشمەندىن بىرى ئازىيىپتۇ» دېيىشىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار خاتىرجەم، بىغەم بولۇپ ئورۇشقان بىر كۈنى كېچىسى، كۆزەتچىلىرىنى غەپلەت بېسىپ ئۇخلاپ قېلىشقاندا، تۇڭگانىيلار سېپىلغا يامىشىپ چىقىپ، بۇ كۆزەتچىلەرنى تۇيدۇرمايلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈشتى-دە، ياملۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇلۇق ئېچىۋەتتى. تالادىكى قوزغىلاڭچىلار ياملۇغا باستۇرۇپ كىرىپ، شۇنداق چاپ-چاپ قىلىشتىكى، مۇنداق قىرغىندا ئادەم تۇرماق ئۇچار-قاناتمۇ ساق قالماس ئىدى. قوزغىلاڭچىلار ياملۇدىكىلەرنى

قىرىپ، ماللىرىنى ئولجا قىلىشتى.

قاچقۇن ئامبال كۈيجاڭ يامۇلنىڭ تاغ تەرىپىدىكى بىر بۇتخانىنى ماكان قىلىپ ياتقانىدى. ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى، سېپىلنىڭ ئاستىنى قازدۇرۇپ، تامىنى نېپىزلىتىپ قويغانىدى. تۇڭگانىيلار يامۇلغا ئىككىنچى رەت باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇنىڭ قولىدىن نۇسرەتنىڭ كەتكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ، ئوتتۇز ھەمراھىنى باشلاپ ھېلىقى لەخمە ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ ئاتلىق قېچىپ كەتتى. ئۇ، قارا ئىمىل بويىغا يېتىپ بارغاندا، قازاقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ماللىرى تالاڭغا كېتىپ، ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئادەملىرىمۇ پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاندى.

بۇر باھادۇرنىڭ يارىسى تېخى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتمىگەنىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ يامۇلغا تېگىش قىلغىنىنى ئاڭلاپ، باھادۇرنىڭ ئارسلاندەك غەيرىتى يەنە ئۇرغۇپ تاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاراھىتىگىمۇ قارىماستىن، قولىغا قىلىچ ئېلىپ، نەرە تارتقىنىچە ئامبال يامۇلىغا قاراپ يۈگۈردى. ئەمما، يىگىرمە قەدەم بارا - بارمايلا، جاراھەت ئېغىزى سۆكۈلۈپ كېتىپ، ئۈچەي - باغرى يەردە سۆرىلىپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلگەندە، ئۇ ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى. ئۇ ئوچۇق قالغان كۆزلىرى بىلەن يامۇل تەرەپنى ئىملىغاندەك قىلىپ ياتاتتى.

بۇر باھادۇر قازا قىلىپ كەتكەن كۈنى كېچىسى، چۆچەك ئاسمىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يەتتە خىل رەڭلىك نۇر ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقناپ، ئۇزاققىچە تولغىنىپ جۇلا قىلىپ تۇردى ①. ئەتىسى پۈتۈن چۆچەك تەۋرەپ كەتتى. ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا: «بۇر باھادۇر شېھىت كەتكەنلىك

① قۇتۇپ نۇرى. شىمالىي قۇتۇپقا يېقىنراق جايلاردا كۆرۈنىدىغان ھادىسە.

تىن، ئۇنىڭ روھى ئاسماندا يەتتە خىل رەڭدە تاۋلىنىپ كۆرۈنۈپتۇ» دېگەن سۆز تارقىلىپ يۈردى. چۆچەك خەلقى باھادۇرنىڭ نامىزىنى ئىمام ئاخۇنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە داغدۇغىلىق چۈشۈردى. كىشىلەر باھادۇرنىڭ مېيىتى سېلىنغان جىنازىنى قولىدا كۆتۈرۈشۈپ ئېلىپ مېڭىپ، چۆچەك قەبرىستانلىقىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى سۇ بويىغا — يولنىڭ ئېغىزىغا قويۇشتى. بۇر باھادۇرنىڭ ئاتىسىمۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ دەردىدە يىغلاپ يۈرۈپ، ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىمۇ ئوغلىنىڭ يېنىغا قويۇشتى. ئاتا - بالىنىڭ قەبرىسى بىر يەردە بولدى. بۇ قەبرىستانلىق كېيىن كىشىلەرنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ، قالدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان. چۆچەك ۋەقەسى توغرىسىدىكى سەھىپىنى ئاياغلاشتۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا، ئەرەب تارىخچىسى ئابدۇلھەسەن ھەرەكاننىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزىنى دىققىتىڭىزگە سۇنۇشىمىزغا رۇخسەت قىلغايسىز:

«... ئاھ، يەر ئۈستىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلگەن. يەر ئاستىدا ياتقان بەزى ئادەملەرنى ئۆلۈك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار تىرىك.»

شۇنداق! دەۋرلەر ئالمىشىدۇ. ئادەم قېرىيدۇ. ئىنسانلار ئۆلۈپ كېتىشىدۇ. شەھەرلەر بۇزۇلۇپ، قەلئەلەر خارابىگە ئايلىنىدۇ. ئېكىنزارلار، باغلارنىڭ ئورنىنى سەھرالار، چۆللەر ئىگىلەيدۇ. ئەمما، بىزنىڭ باھادۇر ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى قېرىمايدۇ، ئەبەدىي ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقلىرى ھەققىدە كېيىنكىلەر ھېكايە قىلىشىدۇ، كىتاب يازىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب ئىش - ئىزلىرى، ئۇلارنىڭ يۈكسەك روھى خاتىرىلەنگەن بۇ كىتابلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مىراس بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز

ئۇغرىسىدا يېزىلغان بۇ كىتابلار نەسىللەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئادەم بالىسى هايات بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۆلمەس روھىمۇ هايات بولىدۇ. ئۇلارنى ئۇنتۇلدۇرۇش تارىخنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. قەھرىمان ئاتا - بوۋىلىرىمىز كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز سىما ۋە ئۇستاز بولۇپ قالىۋېرىدۇ......

نەزمە:

شىشە كۆپتۇر ھەممە جايدا، شۇ سەۋەبتىن قەدرىسىز،
لەئلىنى① تاپماق قىيىن، شۇڭلاشقا قىممەت، بەك ئېزىز.

— شەيخ سەئدى

① لەئل — قىزىل ياقۇت.

# ئونىنچى باب

## گۈلباغ قەلئەسىنىڭ ئېلىنىشى

**بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەڭ، دوستۇڭ**
**يۈزگە يېتىدۇ؛ بىر قەدەم چېكىنسەڭ،**
**دۈشمىنىڭ ئىككى يۈزگە...**

— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرىدىن.

مىلادى 1865 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.

بۇزرۇك خان تۆرەم، سىدىقبەگ ۋە ياقۇپ قوشبېگى قاتارلىقلار يەكەنگە قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئۇ يەرنى ئىگىلەپ ئالغان كۇچالىق خوجىلارنى جەڭدە يەڭدى. بىراق، يەكەندە يەنە كۇچالىق خوجىلار بىلەن بىللە كەلگەن ئون مىڭچە تۇڭگانىلار بار ئىدى. بۇ تۇڭگانىلار توپ - زەمبىرەكلىرىگە ئوت يېقىپ، جەڭ ئاياقلاشقان كۈنى نامازشامغىچە ئورنىدىن زادى يۆتكەلمەي تۇرۇۋالدى. ئاخىرى، ئىككى تەرەپ ئەپلىشىپ، ئەھدى - پەيمانلار قىلىشىپ، سالا - سۈلھەلەر بىلەن ياراشقان بولۇشتى. ئۇلار بۇزرۇك خان تۆرەم تەرىپ-

دىن قەشقەر دارۇ سەلتەنەتىگە تەكلىپ قىلىندى. مەۋلايىم سۆز ۋە شېرىن تىللار بىلەن تۇڭگانىيلارغا نۇرغۇن ئىنئام - ئېھسانلار قىلىندى. ئاخىرى، ئۇلارنىڭ قولىدىكى توپ - زەمبىرەكلەر، قورال - ياراقلار، ئالتۇن - كۈمۈش، ئوق - دورا قاتارلىقلار جەڭگى - جېدەلسىز قولغا چۈشۈرۈلدى. تۇڭگانىيلارنىڭ چوڭلىرىغا مۇناسىپ تون - كېچەك، سەللە - كۇلاھ ۋە پۇل - تىللالار سوۋغا قىلىندى، ۋەدىلەر بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلى تىنچىپ، قورقۇنچتىن خالاس بولدى.

لېكىن، بۇ چاغدا گۇلباغ قورغىنى تېخى ئېلىنمىغانىدى. قورغاندىكى مانجۇلارنىڭ ئاش - ئوزۇقلىرى تۈگەپ، ئاچلىق دەردىدىن، ياشلىرى قېرىلىرىنى، چوڭلىرى كىچىكلىرىنى يېيىشكە باشلىغانىدى، ھايات قالغانلىرى خۇددى قۇرۇق پانۇسقا ئوخشىشىپ، ئۆز ئۆلۈملىرىگە رازى بولۇشۇپ تۇرۇشقانىدى. قورشاۋ ساقمۇ ساق ئون ئۈچ ئاي داۋام قىلغانىدى.

بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ قوشۇنلىرى يەكەندىن قايتىپ، سىدىقبەگ بىلەن ياقۇب قوشبېگىنىڭ قوماندانلىقىدا پۈتۈن ھۇجۇم تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قورغانغا ئومۇمىي ھۇجۇمنى باشلىدى

گۇلباغ قورغىنىغا ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان يەردە كەڭ سازلىق باشلىناتتى. ياز ئايلىرىدا پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان سازلىق پاسكىنا، سېسىق بولۇپ، ئادەم يېقىن يولىغىلى بولمايتتى. سازلىقتىن ساپلا چىرىگەن ئوت - چۆپ، دەرەخ، قومۇشلارنىڭ ۋە چىرىگەن تۇپراقنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. قىشتا بولسا، بۇ يەر ئەكسىچە كۆپكۆك مۇزلۇققا ئايلىناتتى. سازلىق ياز پەسلىدە ئوت - چۆپ، قومۇش - يېكەنلەر بىلەن يېپىلىپ كەتكەچكە، سۇنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

قىشتا بولسا، قار بىلەن يېپىلغان كەڭ مۇزلۇق ئاپپاق داستىخاندەك ئېچىلاتتى. سازلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، قىزىل دەرياسىدىن باشلىنىدىغان بىر ئۆستەڭ سۇ قورغاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىنى بويلاپ بارىدۇ، ناچۇق تەرەپكە ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىدىكى دۆڭلۈكلەرنىڭ ئاستىدا كەڭ ئېتىزلىقلار يېيىلىپ ياتاتتى. بۇ تۇپراق ئادەملەرگە سېخىيلىق بىلەن بىرگە قىرىق، بىرگە ئەللىك ھوسۇل بېرىشكە تەييار ئىدى.

تۆرەمنىڭ قوشۇنلىرى قورغانغا ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان ئۆستەڭنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دۆڭلۈكتىن پايدىلىنىپ ئورۇش قىلىۋاتاتتى. ئۇ ياقۇپ قوشبېگىگە ئەنجانلىق يىگىتلەرنى ئوتتۇرا سەپكە تىزىشقا بۇيرۇق بېرىپ، سىدىقبەگنىڭ سەرۋازلىرىنى مانجۇلارغا يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. مۇداپىئەدە ياتقان ئادەملەرگە شەبخۇن ۋە شاۋقۇن – سۈرەننىڭ ئېغىر تەسىر قىلىشىنى تۆرەم ئوبدان بىلەتتى. قورغان ئەتراپىدا چېپىشىپ يۈرگەن ئاتلىقلار «ئۇرە! ئۇرا!» دېيىشىپ، ھەممىنى لەرزىگە كەلتۈرۈشتى. قورغاننىڭ ئۈگەكلىرى ئۈستىدە دالدا قىلىنغان شاخ – پاخاللارغا يېنىپ تۇرغان يا ئوقلىرىنى ئېتىشىپ، بىر – ئىككى ئورۇنغا ئوت قويۇۋەتتى. قورغاننىڭ ئىچكىرىسىدىنىمۇ ئوقلار ئېتىلدى. غەزەپلەنگەن مۇداپىئەچىلەرنىڭ ھاقارەتلىرى ئاڭلاندى. ئەمما، تۆرەمنىڭ قوشۇنى بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن ھېچكىم يۈرەك توختىتىپ قورغاندىن تاشقىرىغا چىقالمىدى.

بۈزرۈك خان تۆرەم مۇداپىئەدە ياتقانلارنىڭ كېچىسى تۇيۇقسىز مەيدانغا قوشۇن تارتىپ چىقالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، ھەرقانداق ئەقىل – ھوشى بار سەركەردىنىڭ بۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە كەلكۈندەك يامراپ كەلگەن لەشكەر ئالدىغا تەييارلىقسىز، تەرتىپسىز ئېتىلىپ چىقالمايدىغانلىقى ئۆز – ئۆزىدىن ئايدىڭ ئىدى. بۇ كېچىدىكى

شاۋقۇن - سۈرەن تۆرەمگە ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كېرەك ئىدى. «جەڭنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دەپ قەدىمكى كىتابلاردا! بىكارغا ئېيتمىغان - دە! ئۇ، مۇشۇنداق شاۋقۇن - سۈرەن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغانلىقىنى، مانجۇلارنىڭ بولسا قورقۇپ قەلئەدىن بېرىسىغا چىقالمايۋاتقانلىقىنى نامايىش قىلماقچى، شۇنىڭ بىلەن مانجۇلارنىڭ روھىنى چۈشۈرمەكچىدى.

بۈزرۈك خان تۆرەم مانجۇلار بىلەن بولىدىغان بۇ ھايات - ماماتلىق جەڭدە ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن ئەنسىرەپ جايناماز ئۈستىدە كېچىچە بىدار ئولتۇرۇپ چىقتى. گەرچە يېنىدا كۆپ جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان سەركەردىلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي جەڭنى كۆرۈپمۇ باقمىغان تۆرەمنىڭ كۆڭلىدە ئەتە يۈز بېرىدىغان جەڭ ھەققىدە ئېنىق بىر سان يوق ئىدى. قايسى كۈنى، ياقۇپ قوشبېگى پۈتۈن جەڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدە ئۆز مۇددىئاسىنى مۇپەسسەل سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتكەنىدى. «جەڭ دېگەن مۇشۇنچىلىك گەپ ئىكەنغۇ» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ. ئەمما. «ئېيتماققا ئوڭاي، قىلماق تەس» دېگەندەك، ۋاقىت قىستاپ كەلگەنسېرى بۇ قېتىمقى جەڭدە يېڭىلىپ قالىدىغاندەكلا بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ جايناماز ئۈستىدە خۇدادىن ئۆزىگە نۇسرەت ئاتا قىلىشنى تىلەپ، سەجدىگە باش قويىۋاتاتتى. «غالىب قىل، پەرۋەردىگار!» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئىچىدە.

چارلىغۇچىلار قورغان ئىچىدىكى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ ئالدىراش سەپلىنىۋاتقانلىقىنى، تەيپاۋ (توپ - زەمبىرەك) لىرىنى سۆرىتىپ، بايراقلىرىنى تىكلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەن ھامان، بۈزرۈك خان تۆرەممۇ ياقۇپ قوشبېگىگە پۈتۈن

لەشكەرلەرنى سەپراس - چەپراس قىلىپ تىزىغۇزۇپ چىقىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى ئاتلىق سەپ ئالدىغا كېلىپ:

— ئوغلانلىرىم! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ پۈتۈن قوشۇنغا، — جانپىدالىق كۆرسىتىڭلار. چۈنكى، يەڭسەڭلار مەڭگۇ غالىب بولۇپ ئاتىلىسىلەر؛ يېڭىلسەڭلار، دۈشمەن بېشىمىزنى خوتەنغا ئاسىدۇ! سىلەرگە خۇدايىتائاللا مەدەت قىلۇر، مەن سىلەرگە دۇئا قىلاي. خۇدايىم بۇيرۇسا، چوقۇم نۇسرەت بىزنىڭكى!

— ئىنشائاللا! — دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى قوشۇندىكىلەر.

تۆرەم قىسقا بىر ئايەتنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن تەسىرلىك قىرائەت قىلدى - دە، خوجىلارغا خاس سىرلىق ۋە سالاپەتلىك تەرىزدە پەتىۋا بەردى:

— ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!
مىڭلىغان ئادەملەر تەڭلا:
— ئاللاھۇ ئەكبەر ! — دەپ تەكبىر ئېيتقاندا، ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كېلىپ تىترەپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ ئەۋلىيالىقىغا ئىشىنىدىغان بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ پەتىۋاسىدىن روھلانغانىدى.

ئاپپاق خوجا دەۋرىدە، قالماقلارنىڭ پادىشاھى غالدان سېرىن بىلەن تۈزۈلگەن فارامىن① بويىچە، ئالتە شەھەر ئاھالىسى قالماقلارغا باج - سېلىق تۆلەيدىغان بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر مەھەل ئارام ئېلىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەن، ھەركىشى ئۆز كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. كاڭشىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، مانجۇ خاقانلىقى جۇڭغارلارنىڭ

① فارامىن — كېلىشىم، بىتىم دېگەن مەنىدە.

خانى ئامۇر سانانى ئۆرۈشتا مەغلۇپ قىلغاندا، ئالتە شەھەر يەنە قالماقلارنىڭ ئىزىنى قوغلىشىپ كەلگەن مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. يەتمىش يىل چامىسىدا بۇ يۇرتلاردا يەنە ئەمىنلىك ئورنىدى. ئەمما، داۋگۇاڭ يىللىرىدا يۈز بەرگەن جاھانگىر خوجا يېغىلىقىدىن بۇيان، بۇ يۇرتلار زادى تىنچىپ باقمىدى. ھەر ئۈچ يىلدا بىر يېغا، ھەر بەش يىلدا بىر غەلىيان بولۇپلا تۇردى. ھالسىزلانغان بىچارە پۇقرالار «پىر دېمەك — پەيغەمبەر دېمەك» دېگەن ساددا ئېتىقاد بويىچە، ھەزرىتى ئاپپاقنى بەكمۇ ئۇلۇغلىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى دەپ بىلەتتى. ئۇلار «ئەگەر خىلاپلىق قىلساق، ئاسىي بولىمىز. مەھشەرگاھ كۈنى دوزاخ ئازابىغا قالىمىز» دەپ، خوجىلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى ئۆزىگە ئۇدۇم بىلدى. ئۇلار مۇشۇنداق ئېتىقاد بىلەن، جەڭگى — جېدەللەرگە ئۆزلىرىنى ئېتىشاتتى، شەھەرلەرنى خوجىلارغا ئېلىپ بېرىشەتتى. بۇ نەپسانىيەتچى خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ تويماس نەپسى ۋە ھاۋايى — ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ، پۇقرا-لارنىڭ ئۆلۈپ — تىرىلىشى بىلەن ھېسابلاشمايتتى، ئالتە شەھەر خەلقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا مىراس قۇللىرى ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كۆرمىگەن كۈننى سالاتتى.

بىر كۈنى، خوجىلاردىن بىرى بەزمە تۈزۈپ، يۇرت كاتتىلىرىنى كۈتۈۋالدۇ. بۇ بەزمىگە دۇتار، تەمبۇر، ساتار چالىدىغان ئەلنەغمىچىلەرمۇ ھازىر قىلىندۇ. بەزمە داۋام قىلىپ يېرىم كېچە بولغاندا، ھېلىقى خوجا: «جاللات!» دەپ تۈۋلايدۇ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان، چىرايىدىن ئاۋۇزلۇقى چىقىپ تۇرغان بەتبەشىرە ئىككى كىشى ھازىر بولىدۇ. سورۇندىكى تامام كىشىنىڭ رەڭگىرويىدا قان قالمايدۇ. ئۇلار: «قايسىمىزدىن گۇناھ ئۆتكەندۇ؟» دەپ تۇرۇشقاندا، خوجا ئەلنەغمىچىلەردىن بىرىنى ئىشارەت قىلىدۇ. جاللاتلار

ھېلىقى بىچارىنى سۆرگەن پېتى تالاغا ئېلىپ چىقىپ سويۇپ تاشلايدۇ. بۇ بىچارىنىڭ گۇناھىنىڭ نېمىلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىرلىردىن بىرى:

— بۇ نەغمىچىنىڭ سەۋەنلىكى نېمە بولۇپ، ئۆزى ئۆلۈمگە لايىق بولۇپ قالدى؟— دەپ سورىغىنىدا، ھېلىقى خوجا:

— ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىدى،— دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھېلىقى بىچارە نەغمىچى تەمبۇرنىڭ تارلىرىنى تولا چېكىشۋېرىپ قوللىرى ئاغرىپ، تىرناقلىرى يېرىلىپ، بارماقلىرى كۆيۈشۈپ كەتكەنىمىدىكىن ياكى ھاجىتى قىستاپ، ئەدەپكە چىقىپ كېلىشكە ئىجازەت سوراپ خوجامغا قارىغانمىكىن، ئىشقىلىپ، بۇ بىچارىنىڭ ئەجىلى شۇنىڭ بىلەن توشقان.

ۋەلىخان تۆرەمنىڭ زامانىسىدا، بىر كۈنى تۆرەم بەزىمە ئۇيۇشتۇرۇۋېتىپ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، «جاللات!» دەپ توۋلاپتۇ. چاقىلانغان قىلىچنى يالىڭاچلىغان بىر بەھەيۋەت كىشى دەرھال سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ۋەلىخان تۆرە سورۇن ئەھلىدىن بىرەيلەننى ئىشارەت قىلىپ قويۇپتۇ. جاللات ھېلىقى شور پېشانە بايقۇشنى سۆرگەن پېتى تالاغا ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ. خېلى كۈنلەردىن كېيىن، بىرەيلەن: «ئۇنىڭ گۇناھى نېمىكىن؟» دەپ سورىغاندا، ۋەلىخان تۆرە:

— كۆزۈمگە بېشى يوق كۆرۈندى،— دېگەنىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئادەم: «مەنمۇ تۆرەمنىڭ كۆزىگە باشسىز كۆرۈنۈپ قالماي» دەپ قورقۇپ كېتىپ:

— ئى ئىبارا خۇدايا، مېنى مۇشۇنداق كارامەتلىك خوجامنىڭ زامانىسىدا يارىتىپ قويغانلىقىڭغا مىڭ قەترە شۈكرى،— دەپ، ۋەلىخان تۆرەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ،

ئۇنىڭغا سەجدە قىلغانىكەن.

بىر كۈنى، ۋەلىخان تۆرە قەشقەردىكى بىر داڭلىق تۆمۈرچى ئۇستىنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ماڭا شۇنداق بىر قىلىچ سوقۇپ بەرگىنكى، ئۇ قىلىچنى ھەرقانداق بىرنەرسىگە شىلتىسا كېسىپ تاشلايدىغان بولسۇن!— دەپتۇ. ھېلىقى ئۇستىمۇ «ياخشى بولىدۇ» دەپ، ئۇستىرىدىن ئۆتكۈر قىلىپ بىر قىلىچ سوقۇپ چىقىپتۇ. «تۆرەمدىن ئوغلۇمغا دۇئا ئالىمەن. ئىنئام-ئىلتىپاتلىرى بولسا كۆرىمەن. ئۇلۇغلارنىڭ بالىلارغا مەرھەمەتى كاتتا بولىدۇ» دېگەن ئۈمىدتە، بىر ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھېلىقى قىلىچنى تۆرەمگە كۆرسەتكىلى كەپتۇ.

ۋەلىخان تۆرە قىلىچنى قولىغا ئېلىپ:

— قىلىچ مېنىڭ دېگىنىمدەك بولدىمۇ؟— دەپ سوراپتىكەن، ھېلىقى تۆمۈرچى ئۇستا:

— ۋاي تەقسىر، دېگەنلىرىدەك بولمامدىغان!— دەپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ۋەلىخان تۆرە تۆمۈرچى ئۇستىنىڭ بالىسىنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ. ھېلىقى نارەسىدە ئوغۇل تۆرىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، تۆرە ھېلىقى قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى چاپقانىكەن، بىچارە ئوغۇل چىرقىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەستىن، ئىككى نىمتا بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ۋەلىخان تۆرە:

— بارىكاللا! ناھايىتى ئۆتكۈر قىلىچ سوقۇپسەن. ئەگەر، سەن سوققان قىلىچ بالاڭنى ئىككى پارچە قىلىۋېتەلمىگەن بولسا، ئۆزۈڭنى چاپپار ئىدىم،— دەپتۇ. بىچارە تۆمۈرچى ئۇستا ئۆزىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا مىڭ قەترە شۈكرى قىلىپ، ئوغلىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ، «قۇللۇق، تەقسىر!» دەپ چىقىپ كەتكەنىكەن.

بۇ يۇرتلارنىڭ گاھىدا قالماقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى، گاھىدا مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قېلىشى، ھالا

بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بولسا، ئىنجانىلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قېلىشى تامامەن سىياسىي مەقسەتلىرىنى كۆلەۋ-جەندىلىرى بىلەن يوشۇرۇپ كەلگەن نەمەنگانلىق مۇشۇ خوجىلارنىڭ ناباپىلىقىدىن، شۇملۇقلىرىدىن بولغان. يەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ خوجىلارغا مۇنداق ھەددىدىن زىيادە ئىخلاس قىلغانلىقىغا قاراپ، كىشى يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي قالاتتى...

بىرقانچە قېتىملىق جەڭلەردىكى مەشقەلەر بىكارغا كەتمىگەنىدى. بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ قوشۇنى بىر تەن، بىر جان بولۇپ ھەرىكەت قىلاتتى. سەپ خۇددى چىڭ تارتىلغان ئوقيا كىرىچىگە ئوخشايتتى، ئوتتۇردىسى سەل ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى.

سول تەرەپ دەريا. تۆرەم پۈتۈن قوشۇنىنى ئوڭ تەرەپتىكى كەڭلىكلەردىن دەريا تەرەپكە ياندىشتۇرۇپ چىقىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، دەريا تەرەپ سەل يانتۇراق ئىدى. بۈگۈن شامالمۇ تۆۋەنكى تەرەپتىن چىقماقتا ئىدى. يول يانتۇ بولسا، شامال كەينىدىن چىقىپ تۇرسا، ئۇچقۇر ئاتلار تېخىمۇ چاپسانراق چېپىشى مۇمكىن. ياقۇب قوشبېگى تۆرەمگە تەكلىپ قىلغان تولغىما ئۇسۇل چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتلىنىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇ ياقۇب قوشبېگىگە ئاتلارنىڭ ئۇچقۇرلىرىنى تەييارلاپ قويۇشنى بۇرۇنلا بۇيرۇغان، يەر شارائىتىنىڭ يانتۇلۇقىنىمۇ تولۇق ھېسابقا ئالغانىدى.

تۆرەمنىڭ قوشۇنىنىڭ جەنۇبتىن يانچە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مانجۇلار، دۈشمەن بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشىش ئۈچۈن قورغان ئالدىغا چىقارغان قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئالدىغىراق چىقىرىپ، دەرياغا كەينىنى قىلدى - دە، جەنۇبقا قاراپ بۇرۇلۇشقا باشلىدى.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىككى - ئۈچ چاقىرىمچە ئارىلىق قالغاندا، بۈزرۈك خان تۆرەم، سىدىقبەگ ۋە ياقۇب قۇشبېگىلەر خاس نەۋكەرلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە بايراقدارى بىلەن بىللە ئېگىز بىر دۆڭدە توختىدى. مانجۇلارنىڭ سەردارىمۇ سېپىلدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر دۆڭلۈكتە ئاتلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدىكى قورغاننى ئايلىنىپ ئاققان دەريا سۈيى ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى.

مانجۇلارنىڭ قوشۇنى ئارىسىدا، بەشئاتار مىلتىق تۇتقانلار، يولۋاس سۈرەتلىك سىپەر كۆتۈرگەن، دەستىسى ئۇزۇن نەيزىلەر ۋە ئۇزۇن قىلىچلار بىلەن قوراللانغان پىيادىلەرمۇ كۆپ ئىدى. ئەگەر، ئاتلىقلار ئۇلارغا توغرىدىن توغرا دۈچ كېلىدىغان بولسا، زالىپ ئېتىلغان مىلتىق ئوقلىرى، تىكەندەك تىك تۇرغان نەيزىلەر ئاتقا ياكى ئاتلىققا تېگەتتى ۋە سانجىلاتتى. ياقۇب قوشبېگى دۈشمەن پىيادىلىرىنىڭ ئوتتۇرىدا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال تۆرەمگە مەركەزنى ئوچۇق قالدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئىككى قانىتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دۈشمەنگە ئىككى يېقىنىدىن ۋە كەينىدىن زەربە بېرىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئوڭ قاناتتىكى مىربابا ياساۋۇلبېشى، ئابدۇللا پەنساد ۋە غازى پەنسادلار تۆرەمنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، دۈشمەنگە ئالاھەزەل بىر چاقىرىم يول قالغاندا، ئاتلىرىنى تۇساتتىن ئوڭ تەرەپكە بۇراشتى ۋە مانجۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ سول قانىتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. تۆرەمنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سول قانىتىدىكى مەشھۇر سەردارلاردىن ئالدىراج دادخاھ ۋە ئەزىزبېك پەنسادلارمۇ بۇيرۇق بويىچە مەركەزگە تەگمەي، مانجۇلارنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئالدىنقى كۈنى كېچىسى، بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ قارار-
گاھىدا بولغان ھەربىي كېڭەشتە، تۆرەم بۇ قېتىمقى جەڭدە
قانداق تاكتىكا قوللىنىشنى سورىغاندا، ياقۇپ قوشبېگى
ئويلىغانلىرىنى مۇنداق بايان قىلغانىدى:

— بىزدە قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان
«بۆرە ئويۇنى» دەيدىغان بىر جەڭ ھىيلىسى بار،— دەپ
سۆزىنى باشلىدى ئۇ،— مۇشۇ ھىيلە قوللىنىلغانلىكى جەڭ-
لەرنىڭ كۆپىنچىسىدە غەلىبە قازىنىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
بۇنداق ئۇسۇل كۆپ قوشۇن قاتناشقان جەڭلەرگە ماس
كېلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بويىچە بولغاندا، قوشۇن «مەيمەنە»
(ئوڭ قانات)، «قەلب» (مەركەز)، «مەيسەرە» (سول قانات)
شەكلىدە تىزىلىدۇ. قوشۇننىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا يەنە
ئىشەنچلىك يىگىتلەرنى قويۇپ، بىر قىسمىنى ئوڭغا ۋە سولغا
ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئارقىدىن پىيادە ئوقچىلارنى ئىشقا سېلىپ،
سەركەردە قوشۇننىڭ ئالدىدا يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ
يۈگۈرسۇن. ئالدى بىلەن ئوقچىلار يىراقتىن ئوق ئېتىپ
ئۇرۇشسۇن. ئىككى سەپ يېقىنلاشقاندا، ھەممە ئۆزىنىڭ
قارشىسىدىكى بىلەن ئۇرۇش قىلىشى ۋە نەيزىلىشىشى لازىم.
سەپ تارقىلىپ كەتكەندە، قىلىچ، ئايپالتا بىلەن جەڭ
قىلىشى كېرەك. يىگىتلەر ھەتتا چىش - تىرناقلىرىنى
ئىشقا سالسۇن، ياقىسىدىن ئالسۇن، يېپىشسۇن،
ئاخىرىغىچە تىركەشسۇن. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەنگە قىلچىمۇ
ئاراملىق بەرمىسۇن. دۈشمەن سېپى قالايمىقانلىشىشقا
باشلىغاندا، قوشۇن بۇيرۇق بويىچە ساختا چېكىنىپ، قوغلاپ
كەلگەن دۈشمەننى پىستىرما چەمبىرىكىگە ئالغاندىن
كېيىن، دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يوقىتىش
ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. بۇنداق ئۇسۇل تارىخلاردا
يەنە «توران تاكتىكىسى» دەپمۇ ئاتالغان.

ياقۇپ قوشبېگىنىڭ بۈگۈنكى جەڭ توغرىسىدىكى
قىسقا، ئەمما مېغىزلىق چۈشەندۈرۈشى بۈزرۈك خان تۆرىنىمۇ
ۋە باشقا كېڭەش ئەھلىنىمۇ قايىل قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ
ھەربىي ئىشلاردا پىشقان قوماندان، ئۇستا تاكتىكىچى
ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، قوشۇنىنىڭ ھەرقايسى
بىرلىكلىرىدىكى قوماندانلار جەڭدە زادى قانداق قىلىش
كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالغان بولغاچقا، بۈگۈن قورغان
ئىچىدىن دەۋرەپ چىققان مانجۇلار ئالدىدا ئانچە مەڭدەپ
قېلىشمىدى، ئۇرۇشتىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالغا ئاساسەن،
بۇيرۇق بويىچە تەمكىنلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، مانجۇلار-
نى خېلى ھودۇقتۇرۇپ قويدى.

ئەڭ زور كۈچنى مەركەزگە قويغان مانجۇلار ئۆز-
لىرىنىڭ ئاۋۋال تۈزگەن پىلانىنى ئالدىراشلىق بىلەن
ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. مەركەزگە قويۇلغان قوشۇنىنىڭ
بىر قىسمى ئوڭ قاناتقا قوشۇلۇپ، تۆرەمنىڭ قوشۇنىنىڭ
سول قانىتىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

تولغىمىنىڭ بىر نازۇك يېرى شۇكى، مەركەزگە
تەگمەي ئۆتكەن ئىككى قانات بىر - بىرىدىن ئاجرىلىپ
قېلىشى مۇمكىن ئىدى. دۈشمەن ئۇلارنى ئىككى بۆلەككە
بۆلۈپ تاشلىشى، كېيىن كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ، تولغىما
ئىشلەتمەكچى بولغانلارنىڭ ئۆزىنى تولغاپ قورشىۋېلىشى
مۇمكىن ئىدى. ھازىر بۈزرۈك خان تۆرىنىڭ قوشۇنىنىڭ
سول قانىتى خۇددى مانا مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈشكە
باشلىدى.

ئەمما، مانا مۇشۇ يەردە ئەڭ يۈگۈرۈك ئاتلارنىڭ
تاللانغىنى ئەسقاتتى. مانجۇ پىيادىلىرى ئالدىن كېسىپ
چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئابدۇللا پەنساد باشچىلىقىدىكى
ئۈچ - تۆت يۈز چەۋەنداز دۈشمەن قوشۇنىنىڭ كەينىگە

ئۆتۈۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئوڭ قاناتتىن مىربابا ياسا-ۋۇلبېشىنىڭ ئىككى يۈز ئاتلىقىمۇ ئۇچقۇر ئاتلاردا دۈشمەننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېلىپ، ئالدىراج دادخاھنىڭ يىگىتلىرىگە قوشۇلدى. مانجۇلارنىڭ قوشۇنى كۆتۈلمىگەن يەردىن، ھەم ئىككى ياندىن، ھەم كەينىدىن زەربە يەپ ھودۇقۇپ قالدى. جان ئاچچىقىدا ۋارقىراۋاتقان، نەيزە يەپ، قىلىچ ۋە ئوق تېگىپ يىقىلىۋاتقان، ئاياغ ئاستىدا مىجىقلىنىپ چىرقىراۋاتقان ۋەھىمىلىك ئاۋازلار، تىغ، نەيزە زەربىلىرى، «ئۇر! چاپ! ھە، ئۇر!» دېگەن ۋارقىراشلار ئاتلارنىمۇ قوترىتىۋەتكەنىدى. مانجۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئاتلىقلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ پىيادىلەرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى.

مانجۇ پىيادىلىرىنى ئەمدى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئاتلىقلىرىمۇ بېسىپ، يانچىپ كېتىشكە باشلىدى.

ئوچۇق قالغان مەركەزدىن مانجۇلارنىڭ قوشۇنىدىكى بىر قىسىم چېرىكلەر ئوتنىڭ يالقۇنىدەك ئېتىلىپ چىقىشتى-دە، تۆرەملەر تۇرغان دۆڭلۈككە ھۇجۇم قىلىپ كېلىشكە باشلىدى. ئوڭ قاناتتىكى ئابدۇللا پەنساد بىلەن غازى پەنسادنىڭ يىگىتلىرى تېخىچە مانجۇلارنىڭ قورشاۋىدا ئىدى. تۆرەملەر تەرىپىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىككى يۈزدەك مانجۇ چېرىكىنىڭ ئۇزايى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. ئابدۇللا پەنسادنىڭ ئۈچ - تۆت يۈزدەك يىگىتى قىزغىن ئۇرۇش بولۇۋاتقان جايدىن چىقىپ، مانجۇ ئاتلىقلىرىنىڭ كەينىگە چۈشتى. ئەمما، ئوتتۇرىدىكى مۇساپە خېلى يىراق ئىدى. ئابدۇللا پەنساد يېتىپ كەلگۈچە، مانجۇ ئاۋانگارتلىرى تۆرەمنى پۈتۈن خىزمەتچىلىرى بىلەن قوشۇپ يانچىپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنى سەزگەن تۆرەمنىڭ خىزمەت-

چىلىرى ھودۇقۇپ قېلىشتى. ياۋاشراق ئات مىنىپ چىققان موللا مۇھەممەت شىرىپ خەلپىتىم:

— ھەزرىتى تۆرەم، بىزدىن نۇسرەت قاچقان ئوخشايدۇ، بىخەتەر جايغا چېكىنەيلى، — دېدى.

قورقۇپ رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن تۆرەم بىخەتەر جايغا كېتىشكە تەمشىلىۋىدى، باياتىن ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ تۇرغان ياقۇپ قوشبېگى غەزەپ بىلەن ئاچچىق قىلدى:

— نەگە؟ جانابىي تۆرەم! سىز تۇغ ئاستىدا تۇرغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز؟ مۇبادا، تۆۋەنگە چۈشۈپلا كېتىدىغان بولسىڭىز، لەشكەرلىرىمىز سىزنى ۋە تۇغنى كۆرمەي، «يېڭىلىشىپتىمىز!» دەپ ئويلىشىدۇ. سىزنىڭ چېكىنىشىڭىز تولىمۇ زەرەرلىكتۇر! ئۇ — پۈتۈن قوشۇننىڭ يېڭىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ!

— يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! — دەپ ۋارقىرىدى بۇزرۇك خان تۆرە نائىلاج تىترەپ - قاقشاپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا ياقۇپ قوشبېگى تۆرەمنىڭ كەينىدە تۇرۇشقان خاس نۆكەرلەرگە بۇيرۇدى:

— ئاتلان ھەممىڭ! ئاۋۇ كېلىۋاتقان قارا چېرىكنىڭ ئالدىنى توس!

بۇ نۆكەرلەر قارارگاھتا قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلۈك لەشكەر ئىدى. ئۇلار مەخسۇسلا قارارگاھنى قوغداشقا تەيىن قىلىنغانىدى. ياقۇپ قوشبېگى بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار دۈشمەننىڭ ئۇدۇلىدىن چىقىپ، ئوق ئاتا - ئاتا، ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىشتى. خاس نۆكەرلەر مانجۇلاردىن ئىككى ھەسسە ئاز بولسىمۇ، دادىل ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، نېرىقى تەرەپتىن ئابدۇللا پەنسادمۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ - تۆت يۈز يىگىتىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. ئەمدى مانجۇ ئاۋانگارتلىرى قورشاۋدا قالدى. بىر چاغدا شۇ قورشاۋنى ئونچە ئاتلىق

مانجۇ يېرىپ چىقتى. خۇددى ئوغلاق تارتقاندا، ئوغلاق تالىشىپ توساتتىن تاماشىبىنلار ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدىغان ئوغلاقچىلارغا ئوخشاش، ئۇلار بۆرزۆك خان تۆرە تۇرغان دۆڭلۈككە چىقىپ كەلدى. مۇلازىملاردىن بىرنەچچىسى «گۇر» قىلىپ كەينىگە قاچتى. ئەمما، تۆرەم ئۆز نۆكەرلىرىنىڭ قولى ئۈستۈن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى دومىلە مىلتىقىدىن دۆڭنى ياقىلاپ ئۆتۈۋاتقان دۈشمەن ئاتلىقلىرىغا قاراپ توختىماستىن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ ھېچقايسىسىغا تەگكۈزەلمىگەن بولسىمۇ، تۆرەمنىڭ شەخسەن ئۆزى جەڭگە قول سالغىنىنى كۆرگەن نۆكەرلەر ئاۋۇالقىدىنمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىشىپ، دۈشمەن ئاۋانگارتلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى.

ئېرى تەرەپتە، دۈشمەن قوشۇنىنى ئوراپ، يۆگەپ، تولغىما ئۇسۇلىنى ياقۇپ قوشبېگى ئىپتىقاندەك ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان پەنسادلار مىڭغا يېقىن يىگىتلىرى بىلەن مانجۇ سەردارى تۇرغان دۆڭلۈككە يېتىپ باردى. پىيادىلەر ئەمدى ھېچ ئىشقا ئەسقاتمىدى. مانجۇلار سىپىدە پاتىپاراقچىلىق باشلاندى. بەزىلىرى ئاتلىرىنى دېۋىتكىنىچە دەريا تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. جەڭ مەيدانىدا ئېگىسىز قالغان ئاتلار ئۇيان - بۇيانقا دوقۇرۇپ چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. بۇ قالايمىقانچىلىقتا گاڭگىراپ قالغان پىيادە چېرىكلەر ئوتتۇرىدا قالايمىقان پېتىرىشىپ يۈرۈشەتتى.

ئابدۇللا پەنسادنىڭ يىگىتلىرى بۇ چېرىكلەرنى سۈر - توقاي قىلىپ چېپىپ تاشلاۋەردى. بىر يەردە ئۈزۈلگەن قوللار چېچىلىپ ياتاتتى، بىر يەردە بولسا باشسىز تەن ئوڭغۇل - سوڭغۇل تاشلىنىپ ياتاتتى، يەنە بىر يەردە ئادەم كاللىسى سايىقىدىن ئۈزۈلگەن تاۋۇزلاردەك دومىلاپ يۈرەتتى.

دۆڭدە تۇرغان مانجۇ سەردارى ئۆزلىرىدىن نۇسرەت كەتكەنلىكىنى بىلدى بولغاي، نۆكەرلىرىنى ئېلىپ دەريا تەرەپكە ئالدىراپ چېكىندى ۋە ئۇدۇل كەلگەن پېتى تولۇپ-تېشىپ ئېقىۋاتقان قىزىل دەرياسىغا ئېتىنى سالغانچە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ نۆكەرلىرى دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇۋېلىپ قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى زادىلا يېقىن يولاتمىدى.

مانجۇلارنىڭ راستىنلا گۇلباغ قەلئەسىگە قاراپ چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى. غەم-ئەندىشىلىرىمۇ تۈگىدى، قورقۇپ قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان يۈرىكىمۇ ئورنىغا چۈشتى.

— شۈكرى! ئىگەم ئۆزۈڭگە مىڭ قەترە شۈكرى! — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى بۇزرۇك خان تۆرە چەكسىز هاياجان ئىچىدە، «دۈشمەن قاچسا باتۇر كۆپىيەر» دېگەندەك، تۆرەمنىڭ مۇشۇ تاپتا جانبازلىق قىلغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇمۇ يىگىتلەردەك قاچقانلارنىڭ كەينىدىن قوغلىماق بولۇپ تەمشىلىۋىدى، ياقۇپ قۇشبېگى يەنە ئاچچىق قىلدى:

— تۆرەم، سىز نېمە قىلاي دەيسىز؟ ئۇرۇشتا قاچقانلارنى قوغلاش ئەمرۇل-ئۇمرانىڭ ئىشى ئەمەس، تۇغىنىڭ ئاستىدا شۈك تۇرىڭىز، ئۇلارنى يىگىتلىرىمىز قوغلىسۇن!

— ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن، جانابىي قۇشبېگى! — دېدى بۇزرۇك خان تۆرە. ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتا تېخىمۇ زور نۇسرەت قازانغۇسى كېلىپ تاقەتسىزلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇ كەينىدىكى بىر چاپارمەنگە، — بېرىپ بۇيرۇقۇمنى يەتكۈز، مانجۇ سەردار-لىرىنى تىرىك تۇتقانلارغا مۇكاپات بېرىمەن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇ خۇددى پۈتۈن جەڭنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزى تەنها قولغا كەلتۈرگەندەك بولۇپ، كېرىلىپ كېتىۋاتقانىدى. ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ هېچقايسىسىغا قاراپمۇ قويمايۋاتاتتى.

چاپارمەن دۆڭدىن ئات سېلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، تۆرەم كۆزلىرىنىڭ نەم ئىكەنلىكىنى سەزدى. غەلىبە زوقىدىن

كۆزىگە ياش كەلگەنلىكىنى ئەمدى بايقىدى - دە، كۆلۈمسىرەپ، ئالقىنى بىلەن كۆز يېشىنى ئاستا ئېرتىپ قويدى.

مانجۇلار قەلئەنىڭ قوۋۇق - دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ، تاختا كۆۋرۈكنى تارتىۋەتتى. قەلئەنىڭ سېپىلى ئېگىز، پۇختا ۋە قېلىن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مانجۇلار توپ - زەمبىرەك ئېتىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلارنى سېپىل يېنىغا زادىلا ياندىشتۇرمىغانلىقتىن، بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ قوشۇنلىرى گۈلباغ قەلئەسىنى ئېلىشقا كۆپ ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، مۇشەققىتى بىكارغا كەتتى، ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدى، ئىككى تەرەپ تىركىشىپ قالدى.

بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، مانجۇلارنىڭ خې دالويە دېگەن چوڭى: «بىزلەرنى ئۆز ھالىمىز بىلەن قويساڭلار، بىز سىلەرگە زىممىي① لىك بىلدۈرسەك. ھاياتىمىزغا كېپىللىك قىلساڭلار، دەرھال قەلئەنى ئېچىۋېتىپ، سىلەرگە تەۋەلىك بىلدۈرسەك!» دەپ ئەلچى چىقاردى. بۇزرۇك خان تۆرە مانجۇلارنىڭ ئەلچىلىرىگە: «بولىدۇ. ئەمما شەرت شۇكى، مانجۇلار ساقال - بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرۈپ تاشلاپ، غۇسۇل - تەرەت ئېلىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىنى، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ پەرھىز - سۈننەتلىرىنى ئادا قىلسۇن. شۇ چاغدا، ئامانلىقىڭلار ئاندىن تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ» دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى.

مانجۇلارنىڭ ئەلچىلىرى بۇ جاۋابنى قەلئە قوماندانىغا يەتكۈزگەندە، قەلئەدىكى مانجۇلار ئارىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بەردى. قەلئە قوماندانى خې بويۇن تەسلىم بولۇشنى قۇۋۋەتلىدى:

— ھازىر قەلئە ئىچىدىكى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق

① زىممىي — ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىپ، تەسلىم بولۇش دېگەن مەنىدە.

چېرىك ۋە ئائىلە — ئاۋابىنائاتلارنىڭ ھاياتى بىلەن ئويناشماسلىق كېرەك،— دېدى ئۇ كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ،— مۇشۇلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ چەنتۇلار قويغان شەرتكە كۆنۈش كېرەك. چۈنكى، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەن ماقال بار. جېنىمىزنى ساقلاپ قالالىساقلا، قالغىنىنى كېيىن كۆرمەيمىزمۇ! خاقانىمىز ئۆز پۇقرالىرىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ.

قەشقەر خان ئامبىلى جاڭ تەي: «بىز بولساق قورغان بولىدۇ، بىز ئۆلسەك قورغانىمۇ ئامان قالمايدۇ» دەپ، تەسلىم بولۇشنى رەت قىلدى ھەمدە خې دالويەنىڭ بۇزرۇك خان تۆرە بىلەن تەسلىم بولۇش ھەققىدىكى سۆلھ سۆھبىتىگە قاتنىشىشتىن قەتئىي باش تارتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئوتتۇرىدىكى سۆھبەت ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. بۇزۇرۇك خان تۆرە ئەمدى تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ سىدىقبەگ ۋە ياقۇب قۇشبېگى قاتارلىقلار بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، قورغانغا شەبخۇن قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە ئىچكىرىسىدىن ماسلىشىش ئۈچۈن، قېچىرچىلىق قاسىم قولۇپساز دېگەن بىرىنى قەلئە ئىچىگە خۇپىيانە كىرگۈزۈۋەتتى.

ئەتىسى تۈن نىسپى بولغاندا، ئۇلار قورغان ئەتراپىغا شىپقاپ كېلىشتى. قورغان ئەتراپىدا سۇ تولدۇرۇپ قويۇلغان ئىرەن خەندەك بار ئىدى. خەندەكتىن دەرۋازىغا ئۆتىدىغان كۆۋرۈكمۇ مەخسۇس زەنجىر بىلەن قوۋۇق تەرەپكە كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى. ھۇقۇشنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاش ئاۋازنىڭ ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ، ھېلىقى قاسىم قولۇپساز دېگەن كىشى ئاللىقاچان قەلئەنىڭ قېچىرچى دەرۋازىسىنى ئېچىپ قويغانىدى. شۇ ئەسنادا، يىگىتلەردىن بىرى سېپىل خەندىكىدىكى سۇنى شالاپلاتماي سېپىل تەرەپكە ئۆتۈۋالدى — دە، كۆۋرۈكنىڭ زەنجىرىنى

بوشىتىپ، كۆۋرۈكنى چۈشۈرۈپ بولدى.

ئابدۇللا پەنساد بىلەن مىربابا ياساۋۇل بېشى خەندەك لىۋىگە كېلىپ تۇرۇشقانىدى. قوۋۇق ئېچىلىپ كۆۋرۈك چۈشۈشى بىلەن تەڭ، ئۇلار قوۋۇق ئىچىگە ئات سېلىپ، قىلىچ يالىڭاچلاپ بېسىپ كىردى.

قاراڭغۇدا مانجۇلار دۈشمەن قايسى، ئۆزىنىڭ ئادەملىرى قايسى، ئاجرىتالماي قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا دۈشمەن كۆرۈندى. گۈلباغقا بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك دۈشمەن باستۇرۇپ كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشتى مانجۇلار.

سەھەردىكى غەرق ئۇيقۇسىدىن قورقۇپ ئويغانغان يېڭىشەھەرلىكلەر تۆرەمنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مانجۇلارنى قوغلاپ يۈرگەنلىكىنى تاڭ يورۇغاندا ئاندىن بايقىدى. مانجۇلاردىن نارازى كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھۈنەرۋەنلەر بولغان، دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىنى مانجۇلارنىڭ بىھېساب ئات - ئۇلاغلىرى چەيلىۋەتكەن، مانجۇلار تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن جاھانگىر خوجىنىڭ تەرەپدارلىرى قاتىللاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن، كاسىپلارنى ۋە دېھقانلارنى قۇتراتقانىدى. ھاكىمىيەت ئۆزگىرىپ، مانجۇلارغا نۇسرەت يۈزىنى تەتۈر قىلىۋالغاندىن كېيىن، مەنسىپىدىن ئاجراپ قالغان ئىلگىرىكى بەگلەر: «مانجۇلار خوجىلارنىڭ قاتىلى!» دەپ خۇن دەۋاسى قىلىپ چىقىشتى. بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ قوشۇنىنىڭ ئەتراپىغا بەش - ئالتە مىڭ كىشىلىك قۇتۇرغان قىساسكار خالايىق قوشۇلدى. ئۇلار خان ئامبالنىڭ ئادەملىرىنى يوشۇرۇنغان يەرلىرىدىن تېپىپ چىقىشاتتى. كوچىدا قېچىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ قورشىۋالاتتى. پىچاقمۇ، پالتىمۇ، تاياقمۇ، تاشمۇ، خىشمۇ، ئىشقىلىپ، قولىغا نېمىلا چىقسا شۇنىڭ بىلەن زالىملارنى ئۇرە - ئۇر قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ، يانچىپ تاشلىشاتتى. قۇتۇرغان خالايىق ئارىسىدا

یەرلىك ھاكىمبەگلەر ۋە نېقىپ بەگلەردىن جەبىر - زۇلۇم كۆر-
گەن ئادەملەرمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار بەش - ئون يىل بۇرۇنقى
قىساسلىرىنىمۇ ئەمدى مانا بۇ مانجۇلاردىن ئالماقتا ئىدى.

قەلئە ئىچىدىكى خان ئامبال تۇرىدىغان يامۇلنىڭ ئەترا-
پىغا تۆرەمنىڭ يىگىتلىرىدىن قاراۋۇل قويۇلغان بولۇپ، ھېچ-
كىمنى بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزمەيۋاتاتتى. خې دالويە باشچىلىقىدىكى
تەسلىمنى قوبۇل قىلغان بىر توپ مانجۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائى-
لە - تاۋابىئاتلىرى ياقۇپ قوشبېگى تەرىپىدىن يالاپ ئېلىپ
چىقىپ كېتىلدى.

يامۇلنىڭ ئىچىدىكى ھويلىدىن «گۈمباڭ!» قىلغان قاتتىق
پارتلاش ساداسى چىقىپ، قاپقارا ئىس - تۈتەك ئاسمانغا تۈ-
رۈلۈپ - تۈرۈلۈپ كۆتۈرۈلدى.

ئەسلىدە خان ئامبال جاڭ تەي سەپدىشى خې بويۇننىڭ
بۇزرۇك خان تۆرە بىلەن سۈلھ قىلىش ئىشىغا قاتنىشىشتىن باش
تارتقاندىن كېيىن، تۆرەمنىڭ قوشۇنلىرى قورغانغا باستۇرۇپ
كىرگەن كۈنى، ئۆزىنىڭ قورۇسىغا كىرىۋېلىپ، ئائىلە - تاۋا-
بىئاتلىرى ۋە چاكار - دېدەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەترا-
پىغا يىغىپ، شۇ يەرگە ئالدىنئالا كۆمۈپ قويۇلغان بىر ئىدىش
پوروخنىڭ پىلتىسىگە چېكىۋاتقان ئۈزۈن غاڭزىسىدىكى ئوتنى
يېقىپ، ئۆزلىرىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. بايامقى
پارتلاش ئاۋازى مۇشۇنىڭدىن چىققانىدى.

كۈن چىقىۋاتقاندا، سېپىل سىرتىدا مانجۇلارنىڭ گۈلباغ
قەلئەسىگە ياردەمگە كەلگەن كىچىك بىر قوشۇنى پەيدا بولدى.
ئەمما، ئۇلار سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان خەندەكتىن بېرىسىگە
زادىلا ئۆتەلمىدى. سېپىلنىڭ قىچىرچى دەرۋازىسى، تازغۇن
دەرۋازىسى، بارىن ۋە ناچۇق دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇز-
رۇك خان تۆرىنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن،
خەندەكلەرنىڭ كۆۋرۈكلىرى تارتىۋېتىلگەنىدى. شەھەر ئىچىدە،

ئىنتىقام ئېلىش داۋاملاشماقتا ئىدى.

نەزمە:

يىللار چەكسىز، پايانى يوق، ھايات ئۇزۇن!
جاھاندا خەلق بىېشىمىزدىن ئۆتمەك ئىستەر.
قولدىن - قولغا ئۆتتۈپ شاھلىق بىزگە يەتتى،
بىزدىن يەنە باشقا قولغا شۇنداق ئۆتەر.

— شەيخ سەئىدى

# ئون بىرىنچى باب

## ھەفتەئىي مۇھەممەدان ①

مىلادى 1865 - يىل 12 - ئاي.

بازار كۈنى. قەشقەردىكى ئەنجان رەستىسىدە ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىر توپ ئەنجانلىق نەۋكەرلەر كۈن نۇرىدا يەتتە خىل رەڭ بىلەن تاۋلىنىپ جۇلالىنىۋاتقان قەشقەر خان ئەتلىسىگە خېرىدار بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئىچىگە تىك ياقىلىق كۆڭلەك، تېشىغا سەقەرلات تون كىيگەن سىپمىز سودىگەرگە تۆت كىيىملىك خان ئەتلەس ئۆلچەپ بېرىشنى بۇيرۇشتى.

سودىگەر ياغاچ گەزنى قولىغا ئالدى - دە، ئەنجانلىق نەۋكەرلەرگە مەسخىرە بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ:

— ئاۋۋال پۇلۇڭنى كۆرسەت، — دېدى، — ئاقچاڭ قانداق تەڭگە؟

چوڭ قالپاق كىيگەن بىر يىگىت كۆن قاپچۇقىدىن ئۈچ - تۆتچە كۈمۈش تەڭگە ئېلىپ سودىگەرگە بەردى.

---

① ھەفتەئىي مۇھەممەدان — يەتتە مۇھەممەتنىڭ مازىرى، دېگەن مەنىدە. بۇ جاي يەكەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ھازىر «پىرىمنىڭ مازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

سودىگەر قولىدىكى بىر مىسقاللىق شەرئىي ئاق تەڭگىنى كۆرۈپ، خۇددى ئۇششۇك تەگكەن پىلەكتەك سالپايدى ـ دە، پۇلنى دەرھال ئىگىسىگە قايتۇردى.

بىلىگە خەنجەر ۋە قىلىچ ئاسقان بەستلىك ئەنجانلىق باش نەۋكەر ئاۋۋال ئالىقىنىدىكى كۈمۈش تەڭگىلەرگە، كېيىن سودىگەرگە تەئەججۇپ نەزەرى بىلەن تىكىلدى:

ــ نېمە بولدى ئاخۇن؟ مۇنۇ پۇلدا نېمە ئىللەت بار؟

ــ بۇ ئىككى يېرىم مىسقال ھېسابىدا خەجلىنىدىغان تەڭگە، مەن ئالمايمەن!

ــ نېمە ئۈچۈن ئالمايسىز، ئاخۇن؟ نېمە ئۈچۈن؟ ــ تىت ـ تىت بولۇپ سورىدى ئەنجانلىق باش نەۋكەر.

ــ پۇلۇڭىزنىڭ سالمىقى توشمايدۇ، ئالسام زىيان تارتىمەن.

ــ بۇ شەرئىي ئاق كۈمۈش تەڭگە ئىدىغۇ؟ نېمىشقا ئالمايسىز ئاخۇن؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان قەشقەرلىق ئۆكتەم بىر يىگىت جاۋاب بەردى:

ــ ئەنجانلىقلارنىڭ پۇلى جا!

ــ جا؟ــ دەپ ئەنجانلىق باش نەۋكەر ھېلىنقى ئۆكتەم يىگىتكە ئېتىلدى. ئەمما، ئۇ يىگىت ئۆزىنى بازارغا لىق تولغان خالايىقنىڭ ئارىسىغا ئاتتى. شۇ چاغدا دۇكانلار ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى ئەنجانلىق باش نەۋكەرگە تاش ئاتتى ۋە:

ــ ئەنجانلىق، كەت يۇرتۇڭغا!ــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

كۆزلىرىدىن ئوت چاقناۋاتقان ئىككىنچى ئەنجانلىق نەۋكەر ھېلىقى سودىگەردىن تەھدىت بىلەن سوزۇپ سورىدى:

ــ ئاخۇن! بىزنىڭ پۇلنى ئالمايسىز ـ ھە؟

سودىگەر ئەمدى ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورقىقانىدى. شۇڭا، مۆلايىملىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ مېھمان، بىز كونا پۇلدا سودا قىلىپ كېلىۋاتىمىز.

— كونا پۇل؟ ئاخۇن! سىزگە مانجۇلارنىڭ پۇلى كېرەكمۇ؟

قەشقەر بازىرىدا ھەقىقەتەن مانجۇلار چىقارغان بىر مىسقاللىق تەڭگىلەر ياخشى ئۆتەتتى. چۈنكى، بۇ تەڭگىلەرنىڭ سالمىقى ئېغىرراق، دېمەك، قىممىتىمۇ يۇقىرىراق ئىدى. ياقۇببەگ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مالىيە چىقىمىنى قامداش ئۈچۈن، بىر مىسقاللىق كونا كۈمۈش تەڭگىگە ئوخشاش بىر مىسقاللىق تەڭگە سوقتۇرۇپ، ئىككى يېرىم مىسقال ھېسابىدا خەجلەشنى جاكارلىغانىدى. ئەمما، كىشىلەر يەنىلا مانجۇلارنىڭ بىر مىسقاللىق تەڭگىسىنى خەجلىشەتتى. شۇڭا، ئالتە شەھەر ئەتراپلىرىدا شۇ چاغلاردا مانجۇلار چىقارغان بىر مىسقاللىق تەڭگىلەرنىڭ خېرىدارى ياقۇببەگ چىقارغان ئىككى يېرىم مىسقاللىق تەڭگىلەرگە قارىغاندا كۆپرەك ئىدى. ئەمما، غەزەپلىنىپ تۇرغان ئەنجانلىق باش نەۋكەرگە سودىگەر بۇنى ئوچۇق ئېيتمىدى.

— مانجۇلار يوق بولدى! بىز سىز ئاخۇنلار ئۈچۈن ئۇلارنى يوقىتىپ بەردۇق! — دېدى ئەنجانلىق باش نەۋكەر.

شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى:

— مانجۇلارنى بىز ئۆزىمىز يوقاتتۇق، سەن تەييارغا ھەييار بولدۇڭ! بازارنى بىكار قىل، ئەنجانلىق! — دېدى-دە، دۇكان ئالدىدا تۇرغان ئەنجانلىق نەۋكەرلەرگە چالما ئاتتى. چالما ئۇلارنىڭ باشلىرىغا تېگىپ، ئۇۋۇلۇپ چۈشۈپ، توزانلىرى يۈزلىرىگە چېچىلدى. خالايىق ئارىسىدىن ئاللىكىملەرنىڭ كۈلگىنى ئاڭلاندى. ئەنجانلىق باش نەۋكەر قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە سۇغۇرۇۋالدى-دە، چالما ئاتقان ھېلىقى ئادەمنى قاراشتۇردى، ئەمما تاپالمىدى. كېيىن يەنە سېمىز سودىگەرگە يۈزلەندى. سۆزىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنى سوزۇپ سورىدى:

— ياقۇببەگنىڭ پۇلىنى ئالمايسىز ئاخۇن!؟

سودىگەر ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچىدىن قورقۇپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى:

— مەن ئالسام، زىيان تارتىمەن...

ئەنجانلىق باش نەۋكەر يەنە بىر قېتىم:

— ئالمايسىزمۇ؟ — دەپ سوزۇپ سورىدى — دە، كېيىن ئەتراپتىن ھەدەپ ئېتىلىۋاتقان، باش - كۆزلىرىگە تېگىپ يېرىپ تاشلىغان تاش ۋە چالمىلارنىڭ ئەلىمىنىمۇ بىراقلا ھېلىقى سودىگەردىن ئېلىپ، ئۇنىڭ كەڭ يەلكىسىگە بارلىق كۈچى بىلەن قىلىچ ئۇردى. ئۆتكۈر قىلىچ سودىگەرنىڭ گۆشلۈك يەلكىسىنى بوينىنىڭ ئالدىدىن تاكى كىندىكىگىچە توغراپ كېسىپ چۈشتى. شۇ چاغدا، يەنە بىر ئەنجانلىق نەۋكەرمۇ قىلىچىنى يالىڭاچلىدى — دە، بىر زەربە بىلەن زوڭزىيىپ قالغان سودىگەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. سېمىز سودىگەرنىڭ باشسىز بوينىدىن شارىلداپ ئېقىۋاتقان قان پۈتۈن دۇكاندىكى ئەتلەسلەر ۋە يىپەك رەختلەرگە چاچرىدى.

بۇنى كۆرگەن ئادەملەر قىيا - چىيا قىلىشىپ، ۋەھىمە ئىچىدە قېچىشقا باشلىدى......

× ×

كېيىنكى چاغلاردا، ياقۇپبەگنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسى — كۇچادىكى راشىدىن خان بىلەن خوتەندىكى ھاجى پادىشاھ ئۈستىدىن ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە قىلىپ، يەتتە شەھەر تەۋەسىدە، ھەتتا پۈتۈن پەرغانە، ياق، پۈتۈن تۈركىستان تەۋەسىدە «بىر دۆلەت» بولۇپ، يېگانە يۇرت سوراش بولۇپ قالغانىدى. «بىر غىلاپقا ئىككى قىلىچ سىغمايدۇ. پۈتۈن يەتتە شەھەرگە ياكى مەن بەدۆلەت بولۇشۇم كېرەك. ياكى تۆرەم!» ياقۇپبەگ شۇ پىكىر ئاساسىدا، بۇزرۇك خان تۆرىنى ئوتتۇرىدىن ئىرغىتىپ تاشلاشنىڭ كويىدا ئۇزۇندىن بۇيان مەشغۇل ئىدى. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاستىرتتىن بىر - بىرلەپ ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىشنى ھەممىدىن ئاۋۋال تۆرەم بىلەن سىدىقبەگنىڭ

ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىشتىن باشلىدى. «تۆرەم سىدىقبەگنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن، بەدەخشاندىن قوشۇن كەلتۈردى. بۇ تېخى ئەسكەرلەرنىڭ بېشى. ئارقىدىن نەچچە مىڭ لەشكەر كېلىدۇ...» دەپ سۆز تارقاتتى ئۇ.

ئەسلىدە، كۈچالىق خوجىلار بىرىنچى قېتىم ياقۇببەگ بىلەن سوقۇشۇپ يەكەننى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويۇپ قاچقاندىن كېيىن، شۇ چاغلاردا ئاقسۇ ھاكىمى بولۇپ تۇرۇۋاتقان جامالىدىن خوجىنىڭ ھىممەت ۋە قەھرىمانلىقى قايناپ-تېشىپ، غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، ئولتۇرالماي قالغانىدى: «ئۆزۈم بېرىپ، يەكەن بىلەن قەشقەرنى پەتھ قىلمىسام ھېساب ئەمەس. ياقۇببەگ دېگەن ئەنجانلىقنى تىرىك تۇتۇپ، بېشىغا ئىنسان كۆرمىگەن خارلىقلارنى سېلىپ، ئۇنى ئېتىمنى يېتىلەيدىغان مىراخور قىلمىسام، قارى بالا بولماي كېتەي!» دەپ قەسەم ئىچىپ، ئاسمانغا تېپىپ، جاھانغا پاتماي كەتكەنىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر توپ خۇشامەتچىلىرى: «ۋاي شۇنداق بولمىدىغان! يۇرتىدىن تانغان ئاشۇ يالاڭتۆش ئەنجانلىقنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن!» دەپ، ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە خۇشامەت قىلىشىپ، ئۇنىڭ دىمىقىدىكى مەمەنلىك تۇتۇنىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى چاغلىماي، قوشۇنىنى باشلاپ، ھەيۋەت - ھەشەمەت بىلەن قەشقەر تەرەپكە ئاتلاندى. شۇ چاغدا، بەدەخشان تەرەپتىكى گۈلابىنىڭ ھاكىمى ھەمراخان دېگەن بىر باھادىر ئۈچ يۈزدەك بەدەخشانلىق زەبەردەست پالۋان ئەسكەرلەرنى قورال - ياراقلىرى بىلەن ئېلىپ، ئۇنىڭغا ياردەمگە كەلگەنىدى. جامالىدىن خوجا: «بىزگە ياقا يۇرتنىڭ ئادەملىرى كېرەك ئەمەس» دەپ، ئۇلارنى قوبۇل قىلماي قويدى. نائىلاج، بۇ بەدەخشانلىق نا ئۈمىد بولۇپ قايتىپ بېرىپ، بوزرۇك خان تۆرەمگە قوشۇلۇپ كەتتى. ياقۇببەگ مۇشۇ بەدەخشانلىقلاردىن تۆرەم بىلەن سىدىقبەگنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن

پايدىلاندى. تۆرەم بىلەن سىدىقبەگنىڭ ئارىسىدىكى سوغۇقچىلىق ياقۇببەگنىڭ ھىيلىسى بىلەن مانا مۇشۇنداق ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. «سىدىقبەگنى تۆرەمنىڭ يېنىدىن نېرى قىلغاندىلا، تۆرەمنىڭ كارى ئاسان بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنىڭ ئاستىغا پىلتە قويۇپ، ئۇنى خۇسۇمەت ئوتىدا ياندۇرۇپ، نىزاھ پىلىكىنى ئوت ئالدۇرماقچى بولدى. مۇبادا بۇ پىلتە ئوت ئېلىپ كەتسىلا، ئۇ كۈتكەن مەقسىتىگە يېتەلەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.

بۇزرۇك خان تۆرىنى ياقلايدىغان كىشىلەر بۇ سىردىن ۋاقىپ بولۇپ، تۆرەمگە كۆيۈنۈپ:

— تۆرەم، ئەنجانلىققا ئىشەنمەڭ! بۇ ئەنجانلىقلار سىزنى ئوڭدا قويىدۇ، — دېيىشكەنىدى، — ئەنجانلىقلار ئۆزىڭىزگە سادىق بولسۇن دېسىڭىز، سىدىقبەگنى يېنىڭىزدىن نېرى قىلماڭ. سىدىقبەگنى يېنىڭىزدا تۇتقانلىقىڭىز، قىلىچىنىڭ دەستىسىنى قولىڭىزدا تۇتقانلىقىڭىز بولىدۇ! چۈنكى، ئەركەكنىڭ كەمىرىدىكى شەمشەر قىنىدا تۇرۇپمۇ كۈچ بېغىشلايدۇ!

ئەمما، تۆرەم بۇ نەسىھەتلەرنى زادىلا ئاڭلىمىدى. قەشقەرلىقلەرنىڭ نەمەنگانلىق خوجىلارغا ئىخلاسى ئەزەلدىن كۈچلۈك بولغاچقا، سىدىقبەگ شۇنچىۋالا كەڭ قەشقەرگە سىغمىدى. ئاخىرى، «تۆرەملەر كەلدى، ئەمدى قىپچاقلارنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرايلى!» دېگەن چۇقان — سادالار ئىچىدە، بىرمۇنچە باشباشتاق ئالامان شەھەردىكى قىرغىز — قىپچاق قېرىنداشلىرىنى تاياق — توقماق بىلەن ئۇرۇپ قوغلىغىلى تۇردى. قىرغىز — قىپچاقلار قېچىشقا باشلىدى. تۆرەمنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولمىدى. ياقۇببەگ بولسا، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ، نىزاھ ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. ئاخىرى، سىدىقبەگمۇ قەشقەردە تۇرالماي، ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ، سەھراغا چېكىنىپ، يۇرتى بارىنغا بېرىۋالدى.

ياقۇببەگ ئۇنى بارىندىمۇ ئىنچ ياتقىلى قويمىدى. چۈنكى ئۇ: «ناۋادا بىر كۈنلىرى تۆرەم بىلەن ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالسا، بۇ ئىككىسى ئىتتىپاقلىشىپ يەنە بىرلىشىۋالىدۇ. ئۇ چاغدا مەن ھەم ئىچىدىن، ھەم تېشىدىن بولۇپ، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالىمەن» دەپ ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا، بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدامچىلىق قىلىپ، سىدىقبەگنى يەنە تۇزاققا دەسسەتمەكچى بولدى.

سىدىقبەگ ئۆزىمۇ قارا تۇرۇك ئادەم ئىدى. شۇڭا، ياقۇببەگنىڭ قۇرئان تۇتۇپ: «كۆڭلىمىزدىكى ئاداۋەتنى چىقىرىپ تاشلايلى! دوستلۇق كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، بىر - بىرىمىزگە زىيان - زەخمەت قىلىشمايلى!» دەپ ئىچكەن قەسىمىگە ئىشىنىپ قالدى. يېڭىسار ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ياقۇببەگكە ئىشىنىپ يەنە قايتىپ كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئەمما، ئىش كېچىككەنىدى! ئۇ دەرھال ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىساردىن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى - دە، قورغاننى مەھكەم تاقاپ بېكىنىۋالدى. ياقۇببەگمۇ ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، قورغانغا دەرھال ھۇجۇم قىلماي مۇھاسىرىگە ئېلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى. ئاخىر، سىدىقبەگنىڭ سەۋر قىلىشقا مادارى قالماي، بىر كېچىدىلا قورغاننى تاشلاپ قاچتى. ياقۇببەگنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، سېرىقتولنىڭ ئايىغىدىكى قوتاز قۇيرۇق دېگەن يەردە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. سىدىقبەگ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئېتىغا ئوق تېگىپ يىقىلدى - دە، ئۆزى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى.

ياقۇببەگ ئۇنى بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ ئالدىدىلا سوراق قىلىپ، پۈتۈن توقا - لەنەتنى ئۇنىڭ گەدىنىگە ئارتتى - دە، ئاندىن ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئىش مىلادى 1865 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يۈز بەرگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا، قەشقەر ئۆلىمالىرىنىڭ بىر يىغىنىدا، موللا مۇھەم-

مەتيار خەلپىتىم سىددىقبەگ پاچىئەسىنى ئەسلەپ، سوروۋن ئەھـ
لىگە مۇنداق ھېكايەتنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:
بىر ئورمانلىقتا ئېگىزلىكتە ھەممە دەرەخلەردىن بېشى
ئۇستۇن، چوڭلۇقتا بارلىق دەرەخلەردىن كاتتا، سايىسى ھەمـ
مىدىن ياخشى بىر چىنار بار ئىكەن. بۇ چىنارنىڭ تۇۋىدە بىر
چاشقان ئۇۋا تۇتقانىكەن. ئۇ ھىيلىگەر، پەملىك ۋە ھوشيار بولۇپ،
بىر پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن مۇشكۇل چىگىشلەرنى قىيىسپ
يېشىۋېتەلەيدىغان چاشقان ئىكەن. ئۇنىڭغا يېقىن بىرجايدا بىر
مۇشۇكمۇ ئۇۋا تۇتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى بار جايغا ئوۋـ
چىلار ناھايىتى كۆپ كېلىدىكەن ۋە تۇزاق قويىدىكەن. بىر
كۈنى، بىر ئوۋچى نەق ئاشۇ دەرەخ تۇۋىگە تۇزاق بېسىپتۇ ۋە
بىر پارچە گۆشنى بۇ تۇزاققا بېكىتىپ قويۇپتۇ. ھېلىقى مۇشۇك
نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، تۇزاقتىن غاپىل بولۇپ قېلىپ، گۆشنى
چىشلەپ تارتىشى بىلەن تەڭلا، تۇزاققا چۈشۈپ قاپتۇ. دەل شۇ
چاغدا، چاشقان ئوزۇق ئىزدەپ تۆشۈكتىن چىققانىكەن. ئۇ،
تۇيۇقسىز تۇزاقتىكى مۇشۇكنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ خاتىرجەم
بولۇپ ماڭاي دېيىشىگە، بىر تەرەپتە ماراپ ياتقان بىر مولۇنـ
نى كۆرۈپ قاپتۇ. بىسەرەمجان بولۇپ ئۈستىگە قارىسا، بىر
قاغا دەرەخنىڭ شېخىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى ئالماقچى بولۇپ تىكىـ
لىپ قاراپ تۇرغانىكەن، چاشقان ئىزتىراپتا چۈشۈپ قاپتۇ.
«ئەگەر ئالدىمغا ماڭسام، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — مېنى مۇشۇك تۇتۇـ
ۋالىدۇ. كەينىمگە يانسام، مولۇننىڭ چاڭگىلىغا چۈشىمەن، ئۆز
ئورنۇمدا تۇرۇۋەرسەم، قاغا كېلىپ ئالىدۇ. بۇ بالالاردىن
ئۆزۈمنى قانداق ھىيلە بىلەن قۇتۇلدۇراي؟ ھازىر ماڭا
ھەممە بالالارنىڭ ئىشكى ئوچۇق ۋە ھەممە قۇتۇلۇش ئىشىكـ
لىرى تاقاقلىق تۇرۇپتۇ. بۇنداق چاغدا، ماڭا ئەقلىنىڭ سايىسىـ
دىن ياخشىراق پاناھ، دانىشمەنلىكتىن شەپقەتلىكرەك ياردەمـ
چى يوق. ھازىر ماڭا لايىق تەدبىر شۇكى، مۇشۇك بىلەن

سۆلھ قىلىشىم زۆرۈر، چۈنكى ئۇ تۇزاقتا، ھازىر ئۇ ماڭا موھتاج. ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق بولسام، باشقا دۈشمەنلىرىم تەمەدىن ئۈمىد ئۈزىدۇ.»

— ئەي مۈشۈك، — دەپتۇ چاشقان، — مەن ھەمىشە ساڭا غەم يەتكىنىنى كۆرسەم خۇشال بولار ئىدىم ھەمدە ھەمىشە ساڭا زەرەر يەتسە ئىكەن دېگەن ئارزۇدا يۈرەتتىم، لېكىن بۈگۈن مەنمۇ خۇددى سەندەكلا بالاغا مۇپتىلا بولۇپ قالدىم. شۇڭا، ساڭا دوستلۇق قولىنى سۇنماقچى بولدۇم. شۇنداق قىلساق، ئىككىلىمىزلا بۇ بالالاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز. سۆزۈمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن ئاۋۇ ماراپ تۇرغان مولۇن بىلەن دەرەخ ئۈستىدە مېنى قەستلەپ ئولتۇرغان قاغا گۇۋاھ بولىدۇ. مۇبادا سەن مېنى پاناھىڭغا ئالساڭ، ئۇ ئىككى دۈشمەن نائۈمىد بولىدۇ، مەنمۇ سېنىڭ بەندىلىرىڭنى قىيىمەن.

— قارىغاندا، مەندىن ۋەھىمە قىلىدىغان ئوخشايسەن، — دەپتۇ مۈشۈك، — مەن ساڭا زەرەر يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بېرىمەن. ئارىمىزدا گەرچە كونا ئاداۋەت ۋە خۇسۇمەت بار بولغان بولسىمۇ، ئەمدى يېڭى ئىخلاس پەيدا بولۇشى بىلەن، ئۇلارمۇ پۈتۈنلەي يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. سەن تۇزاقنىڭ يىپىنى خاتىرجەم قىيىۋەر.

— دوستلار ئىككى خىل بولىدۇ، — دەپتۇ چاشقان بەندىلىرىنى ئالدىرىماي قىيىۋېتىپ، — بىر خىلى بىر كىمگە مۇھەببەت قويسا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن قويىدىغانلار. بۇنداقلاردا قىلچىمۇ غەرەز، رىيا ۋە تەمە بولمايدۇ؛ دوستلارنىڭ ئىككىنچى خىلى زۆرۈرىيەتتىن ياكى تەمە، ياكى غەرەز بىلەن دوستلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زېرەك كىشىلەر ئىختىيار تىزگىنىنى ئۇلارنىڭ قولىغا بىر يولىلا بېرىۋەتمەسلىكى كېرەك. ۋاقتى كەلمىگۈچە، ئۇلارنىڭ ئىشىنى تامامىغا يەتكۈزمەسلىك كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەم ۋاپادارلىق سۈپىتى بىلەن

نامى چىقىدۇ، ھەم ئەقىللىقلىقى بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەيمەن. ھەم سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇندىماي قويمايمەن، ھەم ئۆزۈمنى سەندىن ئېھتىيات بىلەن ساقلىمىسامۇ بولمايدۇ. سېنىڭ پاناھىڭدا ئۇ ئىككى دۈشمەندىن قۇتۇلىمەن. لېكىن، ئۇلارغا قارىغاندىمۇ يەنە سەندىن بەكرەك خەۋپسىرەيمەن.

چاشقان بۇ سۆزلەرنى دەپ تۇرۇۋېتىسكەن، ئۇۋچى پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنى كۆرگەن مۈشۈك ھوشىدىن كېتىپتۇ.

— ماڭا ئۆز ئەھدىمدىن چىقىدىغان پەيت ئەمدى كەلدى، — دەپتۇ چاشقان ۋە دەرھال قىلتاقنىڭ قالغان يىپلىرىنىمۇ قىرقىپتۇ. قىلتاقتىن قۇتۇلغان مۈشۈك چاشقانغا قارىغۇدەكمۇ بولماي، قېچىپلا چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. چاشقان ھەممە بالالاردىن خالاسلىق تېپىپ، ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

— ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بىر ئادەمگە بۇ ھېكايىنىڭ پايدىسى شۇكى، — دېگەنىدى موللا مۇھەممەتيار خەلپىتىم، — سۇلھ قىلىدىغان چاغدا، دۈشمەن بىلەنمۇ دوست بولۇپ، ھاجەتنى راۋا قىلماق كېرەك. كۆزلەنگەن مەقسەتكە ئېرىشكەن ھامان، ئېھتىياتنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم. قايسىدۇر بىر دانا: «دۈشمەنلىرىمنى ئۆزۈم ئەپلەيمەن، مېنى دوستلىرىمدىن ئاسرىغايسەن خۇدايىم...» دېگەنىكەن. يۇقىرىقى چاشقان بىلەن مۈشۈكنىڭ ھېكايىسىدە بىر ئىبرەت بار. بۇ ئىبرەتنى نەزەردە تۇتمىغان ئادەم سىدىقبەگدەك غاپىللىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ...

× ×

ياقۇببەگ سىدىقبەگنى يىغىشتۇرۇپ بولۇشىغا، ئىسھاق خوجىنىڭ كۇچادىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ يەكەن شەھىرىنى بېسىۋالغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. يەكەن قولدىن كەتسە، جەنۇبتا

خۇۋەننى تارتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شەرقتە بولسا، مارالبېشىنى تۇتۇپ تۇرماق تېخىمۇ قىيىنلىشاتتى. بۇ ئىش ياقۇپبەگ ئۈچۈن كانىيىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغاندەك بىر ئىش بولدى. ئۇ دەرھال يىگىت ۋە سەرۋازلىرىنىڭ سانىنى خەتلەپ تىزىمغا ئولتۇرغۇزدى. ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق يىگىت ۋە ئۈچ مىڭ پىيادە سەرۋاز دەپتەرگە چۈشتى.

ياقۇپبەگ جامەدار دادخاھنى ئۈچ مىڭ سەرۋازغا ئەمىر لەشكەر قىلىپ، ئۇنىڭغا توپ - زەمبىرەك، تۇغ - ئەلەم، سو- تۇق - بايراق، دەھۇل - دۇمباق بېرىپ، قول ئاستىغا سەككىز پەنسادنى تەيىنلەپ بەردى؛ يەنە مىرزا ئەھمەت قوشبېگىنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ، سەككىز پەنسادنى ياردەمچى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ مىڭ يىگىتنى تەقسىم قىلدى ۋە تۇغ - ئەلەم، دەھۇل - دۇمباق قاتارلىقلارنى ئىلتىپات قىلدى؛ ئۆمەرقۇل باتۇر بېشىنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ، سەككىز پەنسادنى تەيىنلەپ، ئۈچ مىڭ يىگىت، تۇغ - ئەلەم، دەھۇل - دۇمباق بىلەن مېھرىبانلىق كۆرسى- تىپ، ئۇنىڭغا مۇبارەك يارلىق بىلەن ئالاھىدە ئورۇن بەردى؛ غازى پەنسادنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ، ئۇنىڭغا سەككىز پەنساد بىلەن ئۈچ مىڭ يىگىتنى ئايرىپ بەردى؛ ياقۇپبەگ ئۆزىگە ئابدۇللا پەنساد باشلىق سەككىز پەنساد، ياساۋۇل، مەھرەم ۋە ئۈچ مىڭ يىگىت- نى خاس قالدۇرۇپ، ئۇلارغا كاتتا تۇغ تاپشۇردى. مىرزا ئەھ- مەت قوشبېگىنى چاپاۋۇل قىلىپ، ئۇنى يىگىتلىرى بىلەن يەكەننى قورشاشقا ماڭغۇزدى. قالغان ئەمىر لەشكەرلىرىنى قىل قۇيرۇق قىلىپ كەينى - كەينىدىن ماڭدۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا، بارگاھ قو- شۇننى باشلاپ ئۆزى يولغا چىقتى.

× ×

شىۋىرغان چىقىپ، قار ئۇچقۇنلاپ تۇرغان تۇتۇق بىر كۈندە، ياقۇببەگنىڭ بارگاھ قوشۇنى كورۋاتتا① چۈشكۈن قىلدى.

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىلا، ئىسھاق خوجا يەكەنگە كەلگەندە، ياقۇببەگ ئۆزىنىڭ يەنە بىر زور غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشەنگەنىدى. چۈنكى، ئۇ تاپشۇرۇۋالغان ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىسھاق خوجا يەكەنگە ئاران ئۈچ مىڭدەكلا قوشۇن باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، راشىدىن خوجا قومۇل، تۇرپان، كورلا ئەتراپلىرىدىن ئىسھاق خوجىغا ئەگىشىپ كەلگەن لەشكەرلەرنى كۇچادا قالدۇرۇپ، ئۇنى ئازراقلا ئادەم بىلەن يەكەنگە يولغا سالغانىدى، ئۇنىڭغا ھەتتا ئاقسۇدىنمۇ چېرىك قوشۇپ بەرمىگەنىدى. گەرچە، ھامىدىن خوجىنى ئەسكەر باشلاپ ئىسھاق خوجا بىلەن بىللە بارىدۇ دەپ يارلىق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ھامىدىن خوجا نېمىشقىدۇر كەلمىگەنىدى. دېمەك، راشىدىن خوجىنىڭ نىيەت-ئىقبالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىدىنلا بار بولغان ھەسەتخورلۇق سەۋەبچى بولغانىدى. چۈنكى، ئۇلۇغ-ئۇششاقلارنىڭ ئاغزىدا، ھەتتا ھەممە شەھەرلەردە ئىسھاق خوجىنىڭ نامى شۆھرەت تېپىپ، ھەممە لەشكەر ۋە پۇقرالار ئىسھاق خوجا تەرەپكە مايىل بولۇشقانىدى. ئىسھاق خوجا قانداق شەھەرگە قەدەم قويسا، شۇ جايدا زەپەر ئىشىكى ئېچىلىپ غەلىبىگە ئېرىشىپ تۇرغاچقا، راشىدىن خوجا يەكەن بىلەن قەشقەرنى باھانە قىلىپ، ئۇنى لەشكەرلىرى، قورال-ياراقلىرى ۋە سۆلەت-شەۋكەتلىرىدىن ئايرىماقچى بولغانىدى. «پازىل ۋەلىيلەر

---

① كورۋات — يەكەن بىلەن يېڭىسارنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.

ئۆز ئىززىتىنى بىلىپ، ئىسسىلىكنى پەزىلەت قىلىشى كېرەك،— دېگەنىدى ياقۇببەگ راشىدىن خوجىنىڭ بۇ قىلىقىنى ئاڭلاپ،— بەدئىسىل ۋە جاھىل بولماسلىقى كېرەك. ھاكىمىيەت تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتقانلار بۇنداق مىجەزگە گىرىپتار بولۇپ قالسا، دىيانەت يابىدىن چەتلەپ قالىدۇ - دە، ھەرقانداق ئەيىب ۋە ھەرقانداق يامان قىلىقلارنى سادىر قىلىۋېرىدۇ. دەرۋەقە، بەدئىسىل كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا دەسلەپتە ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن، ئاخىرىدا ئۇ ياخشى خۇيلىرىدىن يېنىۋېلىپ، يامان خىسلەتكە يۈزلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەقتىدارىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ!»

سوغۇقتا، يىراق يوللارنى بېسىپ، ھېرىپ - ئېچىپ ئاران كەلگەن لەشكەرلەرگە ئىسسىققىنا جايدا كۈچ توپلاپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان لەشكەرلەر ھۇجۇم قىلسا، غالىب چىقىدىغانلىقى ياقۇببەگكە ئېنىق ئىدى.

× ×

ئىسھاق خوجا توختى مۇھەممەت باتۇر، ئىبراھىم باتۇرلارنى باش قىلىپ، جەمئىي ئىككى مىڭدەك لەشكەرنى يەكەن تەرەپكە چاپاۋۇل قىلىپ يولغا سالغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئۆزىگە قاراشلىق بىرەر مىڭدەك مەھرەم، دادخاھ ۋە باتۇرلارنى باشلاپ قىل قۇيرۇق بولۇپ، يەكەنگە قاراپ يولغا چىققانىدى. سەپنىڭ ئالدىدا، ئىككى ئاتلىق لەئىل - جەۋھەر، ئالماس، ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھا تاشلاردىن كۆز قويدۇرۇپ ياسالغان قالماقچە كانايىنى چېلىپ ماڭغانىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككى ئاتلىق سۇنايچى ۋە ئىككى ئاتلىق ناغرىچى ماڭغانىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە ئىككى ئاتلىق كانايچى ۋە تۆت ئاتلىق دۇمباقچى كېتىۋاتاتتى. بۇ ئون ئىككى ئادەم مىنگەن ئات-

لارنى يەنە ئون ئىككى پىيادە ئادەم پەشلىرىنى بەلباغلىرىغا قىستۇرغان هالدا مەنزىلمۇ مەنزىل پايىپاسلاپ يېتىلەپ ماڭاتتى. ئالدىدىكى بىر جۇپ كانايىنىڭ ئاۋازى پەس، ئەمما بوم چىقسا، ئۇنىڭ كەينىدىكى بىر جۇپ سۇنايىنىڭ ئاۋازى زىل، ياڭراق چىقاتتى. «هۇزۇرۇم①» نەغمىسىنىڭ دىلنى ئاچقۇچى ساداسى ئاسمان گۈمبىزى بويلاپ تاراپ باراتتى.

ئىسهاق خوجا ئەنە شۇنداق دەبدەبە-ئەسئەس بىلەن، يىگىرمە كۈن دېگەنىدە يەكەن شەهرىگە كىرىپ كەلدى- دە، ياسىداق، كەڭ بىر هويلىغا چۈشتى. ئۇ، قەشقەر تەرەپتىكى يول ئېغىزلىرىغا بۆكتۈرمە قويۇپ، قاراۋۇل چىقارغاندىن كېيىن، خاتىرجەم ياتتى. يەكەندىكى ئەسلىدە ياقۇببەگكە بەيئەت قىلغان تۆڭگانىيلار ئىسهاق خوجىنى كۆرۈپلا يەنە بۇزۇلۇشتى. ئۇلار ياقۇببەگنىڭ يەكەنگە تەيىنلىگەن هاكىمى كىچىك خان تۆرىنى يېڭىشەهەرگە ئەكىرىۋېلىپ، زادى چىقارماي قويدى. شۇنداق قىلىپ يەكەننىڭ بىر قىسمىغا كۇچالىقلار، بىر قىسمىغا تۆڭگانىيلار هۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

× ×

ياقۇببەگنىڭ بارگاهى كورۋات چۆلىدە ئىسهاق خوجىنىڭ قەشقەر يولىنى چارلاشقا ئەۋەتكەن بىر گۇرۇپپا ئەسكەرلىرىنىڭ باسۇرۇقىغا ئۇچرىدى. ئەمما، ياقۇببەگنىڭ لەشكەرلىرى كۇچالىقلارنىڭ باسۇرۇقىنى تېزلا تىرىپىرەن قىلىپ، ئۇلارنى يەكەن تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

بىراق، ياقۇببەگنىڭ ئادەملىرى كۇچالىقلار بىلەن بولغان دەسلەپكى جەڭدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىدىن مەغرۇرلىنىپ،

① «هۇزۇرۇم» — بۇرۇنقى ئۇيغۇر ھەربىي مۇزىكىسىنىڭ نامى. ئادەتتە يۈرۈشلەردە چېلىناتتى.

بىپەرۋالىق قىلىشتى. ئۇلار چارەك① يېنىدىكى خانئېرىق② بو-
يىدا چۈشكۈن قىلغاندا، قاراۋۇل قويماي ئۇخلاپ قېلىشتى. تاڭ
ئاتقاندا، كىمدۇر بىرى: «دۈشمەن باستى!» دەپ ۋارقىرىدى،
ئۇيقۇلۇق ئادەملەر ۋەھىمە ئىچىدە پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى.
ياقۇببەگ ئۇيان - بۇيېنىغا قارىسا، ئونچە نەۋكىرى قاپتۇ.
نېرىراقتا، كوچالىقلارنىڭ بەش - ئونچە چارلىغۇچىسى قاچقانلار-
نىڭ كەينىدىن ئوق ئېتىۋېتىپتۇ. ياقۇببەگكە دۈشمەن ئازلا كۆ-
رۈندى. ئۇ چاپسان ئاتلىنىپ، قالغان نەۋكەرلىرى بىلەن دۈش-
مەن چارلىغۇچىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. كوچالىقلار ئارقىغا بۇرۇ-
لۇپ قاچتى. ياقۇببەگ ئۇلارنى قوغلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ،
بۆك تېرەكلىكنىڭ دالدىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان يۈزچە ئات-
لىقنى كۆرمەي قالدى، ئۇ ئۇلارنى كېيىنرەك كۆردى.
تاڭ يورۇپ قالغانىدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا باشتىن - ئاياغ
زىرىھلىق قۇياق كىيىم③ كىيىپ، قولىدا قالقان تۇتقان ئىس-
ھاق خوجا كېلىۋاتاتتى. ياقۇببەگ ئۇنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ تىز-
گىنىنى تارتىپ ئارقىسىغا قارىدى. يىگىتلىرىدىن پەقەت ئۈچى
قاپتۇ، باشقىلىرى قېچىپ بولۇپتۇ. ئەگەر ياقۇببەگمۇ مۇشۇ
تاپتا ئارقىسىغا قاراپ قاچقان بولسا، بەلكى ساق قالالماس ئىدى.
ياقۇببەگ ئىسھاق خوجىنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان، بو-
لۇپمۇ، چۇقۇدىكى مەيدان جېڭىدە مانجۇلارنىڭ نۇرغۇن قارا
چېرىكلىرىنى تىرىپىرەن قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا غايىبانە
ئاپىرىن ئوقۇغانىدى. ئۇ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈ-

① چارەك — يەكەندىكى بىر يېزىنىڭ نامى. كورۋات بىلەن يەكەن-
نىڭ ئارىلىقىدا.

② خانئېرىق — چارەكنىڭ بىر مەھەللىسىنىڭ نامى.

③ زىرىھلىق قۇياق كىيىم — پولات زەنجىر بىلەن توقۇپ ياسالغان
ساۋۇت. پولات زەنجىرلەرنىڭ ئارىلىقى زىچ بولغاچقا، قىلىچ، نەيزە ۋە ئوقيا
ئوقى ئۆتمەيدۇ.

شۇپ مۇلاقەتتە بولۇش ئارزۇسىنى يەپ كېلىۋاتاتتى. مانا ئەمدى بۇگۈن، مانجۇلارنى دىر - دىر تىترەتكەن ئاشۇ باھادۇرغا جەڭ مەيدانىدا بىرىنچى قېتىم يۈزمۇ يۈز دۇچ كەلدى. نېمە دېيىش مۇمكىن؟ ياقۇببەگنىڭ نەزەرىدە بۇنداق باھادۇر بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىپ بېقىشنىڭ ئۆزى شۆھرەت سانىلاتتى. شۇڭا، بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ دەرھال ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئوقياغا ئوق باستى. ئىسھاق خوجا قىلىچىنى سۇغۇرۇۋاتقاندا، ياقۇببەگ ئۇنىڭ ياڭغىقى دومسىيىپ چىققان يۈزىنى ۋە ئوتلۇق قارا كۆزلىرىنى قارىغا ئېلىپ ئوق ئۈزدى. ئوق ئىسھاق خوجىنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ سۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ياقۇببەگ ئىككىنچى ئوقنى ئۇنىڭ بوينىغا توغرىلاپ ئاتتى. دۇبۇلغا ۋە قۇياق كىيگەن ئادەمنىڭ يۈزى بىلەن بوينىلا سەل ئوچۇق قالاتتى. لېكىن، ئىسھاق خوجا قالقىنى بىلەن بوينىنى توسۇپ ئۈلگۈردى. ياقۇببەگ ئاتقان ئىككىنچى ئوق قالقانغا ئۇرۇلۇپ قاڭقىپ كەتتى. بۇ ئارىدا، ئىسھاق خوجىنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرمۇ ياقۇببەگكە قارىتىپ ئوق ياغدۇردى. بىر ئوق ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تىزىدىن پەسرەك جايىغا تېگىپ، پاقالچىقىغا كىرىپ كەتتى. ئىسھاق خوجىنىڭ ئۆزى ئېتىنى دۈۋىتكىنىچە، قولىدىكى قىلىچىنى ئويىنىتىپ، ياقۇببەگكە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كەلدى. ياقۇببەگ يارىدار پۇتىنىڭ زىڭىلداپ كۆيۈپ ئاغرىقىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئىسھاق خوجىغا قايىل بولدى. ئەمدىلا ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلاي، دەپ تۇرۇۋىدى، زەربە بىلەن ئۇرۇلغان قىلىچ ئۇنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىسىغا كېلىپ تەگدى، ياقۇببەگنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى، بېشى باشقا ئادەمنىڭ بېشىدەك سەزمەس بولۇپ قالدى. قىلىچنىڭ بىسى دۇبۇلغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، دۇبۇلغىنىڭ ئىچى-

دىكى پولات زىرىھلىق باشناقتا① تېگىپ، پولاتنى كېسەلمەي توختاپ قالدى. زىرىھلىق باشناقنىڭ ئاستىدا كىگىز ئىچمەك② بولغاچقىمۇ، قاتتىق ئۇرۇلغان قىلىچنىڭ زەربىسىدىن ئۇ ئانچە مەگدەپمۇ كەتمىدى. پاقالچىقىدىكى ياردىن ئۇنىڭ ئۆتۈكى ئىسسىق قانغا تولماقتا ئىدى.

ئىسھاق خوجا غالىبانە ھۆركىرەپ، قىلىچىنى يەنە كۆتۈردى. ئۇ ئەمدى ئۆتكۈر قىلىچىنى ياقۇببەگنىڭ زىرىھلىق كىيىملىرى ئارىسىدىن سەل - پەل كۆرۈنۈپ تۇرغان بوينىغا ئۇرماقچى ۋە بېشىنى كېسىپ چۈشۈرمەكچى ئىدى. ياقۇببەگنىڭ خىيالىغا «مېنىڭمۇ پەيمانەم توشقانمىدۇر؟» دېگەن قورقۇنچلۇق ئوي كەلدى. بۇ ئوي ئۇنىڭ خىيالىغا بېشىغا قاراپ كۆتۈرۈلگەن قىلىچقا دۈچ كەلگەن پەيتتە كەلگەنىدى.

دەل شۇ چاغدا ئابدۇللا پەنساد يېتىپ كەلدى - دە، ياقۇببەگ مىنگەن قۇلا ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ تارتتى. ئۇچقۇر ئات سەكرەپ چاپچىدى. بۇ ئۆزگىرىشتە، ئىسھاق خوجا ياقۇببەگنىڭ بوينىنى مۆلچەرلەپ ئۇرغان قىلىچ ئۇنىڭ ئوقياسى سېلىنغان سادىقىغا③ تېگىپ، ئۇنى شارتتىدە كېسىپ چۈشتى.

— قوشبېگى! تىزگىنىنى تۇتۇڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇللا پەنساد ۋە ئۆزى ياقۇببەگنىڭ ئېتىغا قامچا ئۇردى. ياقۇببەگنىڭ ئېتى ئىنتايىن چاپقۇر، شاش ئات ئىدى، قامچا يەپ ئۆگەنمىگەن بۇ ئات ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلدى - دە، سۇ چېقىپ چوڭقۇر ھاڭ بولۇپ قالغان توققۇز غۇلاچ كەڭلىكتىكى ياردىن بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ كەتتى ۋە مىنگەن ئىگىسىنى بالا - قازادىن قۇتۇلدۇردى.

① زىرىھلىق باشناق — پولات زەنجىردىن قېلىن توقۇلغان باش كىيىم.

② كىگىز ئىچمەك — زىرىھلىق باشناقنىڭ ئىچىگە كىيىۋالىدىغان كىگىز بۆك.

③ سادىق — ئوقيا سېلىنىدىغان كۆن قاپ.

ئىسھاق خوجىنىڭ لەشكەرلىرى دەۋرەپ كەلگىلى تۇردى. ياقۇببەگنىڭ لەشكەرلىرىمۇ دەرھال ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ، قايتۇرما زەربىگە ئۆتتى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى جەڭگە كىرىشتى. نۇرغۇن ئادەملەر نابۇت بولدى. كۇچا لەشكەرلىرى بىرقانچە قېتىم غەلىبە قىلىپ، ياقۇببەگنىڭ لەشكەرلىرىنى ئارقىغا ياندۇردى. ئاخىرى، ئابدۇللا پەنساد، ئالدىراچ دادخاھلار باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ، ئىسھاق خوجىنىڭ چىرىنغار قىسمىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

ياقۇببەگ قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكىمۇ، ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ:

— ماڭا ئوق تەگدى. ئاتقا ئولتۇرالمايۋاتىمەن! — دېيىۋىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەنلىكىدىن يېرىلغۇدەك بولغان ئابدۇللا پەنساد:

— ھەي نامەرد! مۇشۇنداق چاغدىمۇ بۇنداق گەپنى قىلامسەن؟ بىزلەر يۇرتىمىزنى تاشلاپ، بۇ يەردە كىم ئۈچۈن جان بېرىپ ۋە جان ئېلىپ يۈرۈپتىمىز؟ ھەر نېمە بولساڭمۇ، ئات ئۈستىدىن چۈشمەن دېگۈچى بولما! — دەپ ئاچچىق قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قوشبېگىگە ئىچ ئاغرىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتخاھلىق يولىنى قىلىپ، قاتتىق سۆزلەر بىلەن دەشنەم بېرىپ، ياقۇببەگنى جەڭگە ئۈندىدى — دە، ئۆزى يەنە ھېلىقى قاينامغا كىرىپ كەتتى.

دالىنى قورال — ياراقلارنىڭ تاراق — تۇرۇق قىلغان ئاۋازلىرى قاپلىدى. ئىككىلا تەرەپتە ئۆلۈكلەر توپ — توپ بولۇپ قېلىۋەردى. ھەركىم تۇشمۇ — تۇشتىن كېلىپ، ئاتماق، چاپماق، سانجىماق، قوغلىماق، سوقماق، يىقىتماق، نەيزىلىمەك، قىلىچلىماق... لارغا كىرىشىپ كەتكەندى. ئۇلار قورال — ياراقلىرىنى شاراقلىتىپ — تاراقلىتىپ دۈشمىنىگە ئۇرار ئىدى. ئىسھاق خوجىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ياقۇببەگنىڭ ئەسكەرلىرى

ئارىلىشىپ كېتىشكەنىدى. ھىراۋۇل، چىرىنغار، بېرىنغار، چىنداۋۇل...① لار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ، سەپلىرى بۇزۇلۇپ كېتىشكەنىدى. بەزىلىرىنىڭ ئاتلىرى قېچىلىپ، ئۆزلىرى يىقىلىپ، كۆزلىرى ئالىيىپ، تىللىرىنى چايىنىشىپ ياتاتتى. بەزىلىرىنى ئاتلىرى ئېلىپ قاچقانىدى، ئۇلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى يىقىلماقتا ئىدى.

ياقۇپبەگ ئىسھاق خوجىنى ئاخىرى يەكەن تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. خانئېرىقتىكى جەڭدە، كۇچالىقلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى زەربە يېگەندىن كېيىن، ئۇلار چېكىنىپ، يەكەن كونىشەھەر قەلئەسىگە بېكىنىۋالدى.

ياقۇپبەگ قوشۇنىنى باشلاپ، مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ يەكەنگە باردى ۋە كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ ئارىلىقىدىن قورقماي ئۆتتى - دە، شەھەر سىرتىدىكى ھەفتەئىي مۇھەممەدان دېگەن مەشھۇر مازارنىڭ ئالدىدىكى تۈپتۈز كەتكەن بىر پارچە كەڭ ۋە ئېگىز مەيدانغا چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى.

قوشۇنلار ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ خانئېرىقتىكى ساۋاقنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ، ھىراۋۇل، چىرىنغار، بېرىنغار، چىنداۋۇل قاتارلىق قىسىم تۈرلىرىنى تۈرلەپ، ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەردى. ئەمىرلەشكەرلەر ئۆز رېتى بويىچە قوشۇنلىرىنى جاي - جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. باقاۋۇل، ئايراۋۇل، ياساۋۇل، چاپاۋۇل ۋە قاراۋۇللار② يەكەننى تۆت ئەتراپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ ياتتى. بۇ ئىككى تەرەپ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇرۇش قىلماستىن پۇرسەت كۈتۈپ، بىر -

---

① ھىراۋۇل، چىرىنغار، بېرىنغار، چىنداۋۇل — بۇرۇنقى ئۇيغۇرلاردا ئەسكىرىي سەپ بىرلىكلىرىنىڭ نامى.

② باقاۋۇل، ئايراۋۇل، ياساۋۇل، چاپاۋۇل، قاراۋۇل — بۇرۇنقى ئۇيغۇرلاردا ئەسكىرىي تۈرلەرنىڭ نامى.

بىرىنى ماراپ يېتىشتى. ئاقىۋەت، تۇڭگانىيلار ئىسهاق خوجا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كېچىدە ياقۇپبەگنىڭ بارگاھىغا باسۇرۇق قىلىشماقچى بولۇپ پۈتۈشتى.

ئىسهاق خوجىنىڭ قارارگاھىدا بولۇۋاتقان بۇ مەسلىھەتتە نىياز بەگمۇ بار ئىدى. ئۇ يىغىندىن چىقىپلا ياقۇپبەگكە: «تۇڭگانىيلار بىلەن كۇچالىقلار بۈگۈن كېچە بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن سىلەرنى شەبخۇن ئۇرماقچى. ئامالىنى قىلىشىپ قويۇشارلا! ......» دەپ خەۋەر بېرىۋەتتى.

× ×

توپ – زەمبىرەك، جەزايىل① خودەن②، قەللاپ قاتارلىق قورال – ياراقلار بىلەن قوراللانغان بىر تۈمەندەك باسۇرۇقچىلار تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، شەھەردىن تېۋىش چىقارماي چىققىنىچە، ئۇدۇل ھەفتەئىي مۇھەممەدان مازىرىدىكى ياقۇپبەگنىڭ قارارگاھىغا شەبخۇن ئۇرۇشقا ماڭدى. ئۇلار كېلىپ قارىسا، چېدىر – بارگاھلاردا ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق ئىدى. كەڭ مەيداندا غۇرقىراپ شامال ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۇلار ھەيران بولۇپ تۇرۇشقىنىدا، خۇددى ئاسماندىن بالا – قازا ياغقاندەك، ئۇشتۇمتۇت: «ئۇر! چاپ! قىر!» دېگەن قىقاس چۇقانلار ئىچىدە، ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ، شەبخۇن ئۇرغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى باسۇرۇق قىلىشتى. تۇڭگانىيلارنىڭ ئۆلۈكلىرى خۇددى خاڭدى③ ئېتىزىدىكى قوغۇنلاردەك، توپ – توپ، دۆۋە – دۆۋە بولۇپ يېتىشىپ قالدى.

---

① جەزايىل — ئوت چاچار مىلتىق.

② خودەن — ئىچىگە كۆيدۈرگۈچ ماتېرىيال قاچىلانغان بومبا.

③ خاڭدى — پەكەننىڭ بىر يېزىسىنىڭ نامى. قوغۇنىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن داڭلىق.

ئۇرۇش قىرغىنچىلىقىنىڭ ئوتى ئەتىسى چاشكا ۋاقتىغىچە كۆيۈپ تۇردى ......

× ×

شەھەردىكى تۇڭگانىيلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى شەھەر سىرتىدىكى ھەفتەئىي مۇھەممەدانىدا يوقىتىلغاندىن كېيىن، ياقۇببەگ ئەمرۇل - ئۇمرالىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئابدۇخالىق ئىشاننى ئەلچى قىلىپ شەھەرگە كىرگۈزدى. بۇ كۈن جۈمە ئىدى.

ئابدۇخالىق ئىشان ياقۇببەگنىڭ شەھەردىكىلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ يازغان خېتىنى ئىسھاق خوجامغا تاپشۇردى. خەتتە: «ئىسھاق غازى خوجا باشلىق ھەممە ئۇلۇغ - ئۇششاقلارغا مەلۇم بولغايكى، بىزنىڭ نۇسرەت بېشارەتلىك قوشۇنلىرىمىزنىڭ مۇبارەك بارگاھلىرى سىزلەرگە دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ قويدى. بۈگۈن جۈمە نامىزىغىچە سۇلھ شەرتلىرىنى ئۆزۈڭلەرگە لازىم تۇتمىقىڭلارنى بۇيرۇيمىز. شۇنداق بولغاندىلا بىز سىلەرنىڭ مال - جانلىرىڭلارغا، تەئەللۇقات - تاۋابىئاتلىرىڭلارنىڭ ئامانلىقىغا كېپىللىك بېرىمىز. مۇبادا، قارشىلىق قىلىپ، شەرتكە كۆنمىسەڭلار، چوڭ - كىچىك ۋە نارەسىدىلەرنىڭ ئات ئاياغلىرى ئاستىدا قېلىپ، بىگۇناھ ئاققۇزغان قانلىرىنىڭ ئۇۋالى ئۆزۈڭلەرگە بولىدۇ. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام» دەپ يېزىلغانىدى.

ئىسھاق خوجا ۋە تۇڭگانىيلار بۇ شەرتكە كۆنمەسلىككە چارە تاپالمىدى. ئاخىرى ياقۇببەگنىڭ ئالدىغا باش ئېگىپ كېلىشكە مەجبۇر بولۇشتى. ئۇلار شاھانە مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتلارغا ئېرىشتى. ئۇلار، توپ - زەمبىرەك، قو-

رال ـ ياراقلارنى ئالىي دۆلەتخانىغا ۋە خەزىنە ئىمارەتكە① تاپشۇردى.

ئىسهاق خوجا ياقۇببەگنىڭ خابگاهىغا② بېرىپ، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ياقۇببەگ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە ئۆزىنىڭ چېدىرىغا ئېلىپ كىردى. ئاندىن مول نازۇ نېمەتلەر بىلەن كاتتا داستىخان راسلىتىپ، زىياپەت بېرىپ، ئۇنىڭ غەمكىن كۆڭلىنى كۆتۈردى.

— غازى، مۇبادا ـ بىز ئۆزلىرىنىڭ قولىغا مۇشۇنداق يول بىلەن چۈشۈپ قالغان بولساق، نېمە قىلار ئىدىلە؟— دەپ سورىدى داستىخان ئۈستىدە ياقۇببەگ چاقچاق قىلغان بولۇپ.

— مۇبادا سىز جانابلىرى مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن بولسىڭىز ئىدى،— دېدى جاۋابەن ئىسهاق خوجا،— سىزنى ئاتقا تېڭىپ، مەهكەم باغلاپ، كۈچا تامان يولغا سالغان بولاتتىم. ئېهتىمال بۇ كەمگىچە مارالبېشى ئەتراپىغا يەتكەن بولار ئىدىڭىز!

بۇ سۆز ياقۇببەگكە ناهايىتى ياقتى:

— بارىكاللا، تۆرەم، ئوغۇل بالا ئىكەنسىز، يارايسىز! راست سەئىد ئىكەنسىز! مەن قايىل، تامامەن قايىل بولدۇم،— دەپ كۆپ ئاپىرىنلار ئوقۇدى ئۇ،— ئۆزىڭىز مانجۇلار بىلەن كۆپ غازات قىلىپ، غازىلىق دەرىجىسىگە مۇيەسسەر بولدىڭىز. ئەمدى بىز ئىتتىپاقلىشايلى. ئارىمىزدا ئەهدۇ ـ پەيمان تىكلەنگەي. مۇبادا بىرىمىزگە بىر تەرەپتىن دۈشمەن كەلسە، بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ مەدەت بولايلى. راشىدىن خوجا ئاقسۇنى سىزگە بەرسۇن. مۇبادا، ئۇ بەرمىسە، مەن ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بارىمەن!

ياقۇببەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىسهاق خوجىنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى ۋە خاتىرجەم بولدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن،

① دۆلەتخانا، خەزىنە ئىمارەت — ياقۇببەگنىڭ مالىيە مەھكىمىسىنىڭ نامى.

② خابگاه — ياقۇببەگنىڭ مەخسۇس چېدىرى.

ئۇ: «كۇچاغا قايتسام» دەپ ئىلتىماس قىلىشىدى، ياقۇببەگمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆردى. ئۇ، ئۆز لايىقىدا تون - كىيىك، سەللە - كۇلاھ ۋە بارلىق ئىگەر - جابدۇقلىرى بىلەن ئارغىماق ئات تەييارلاتقۇزدى - دە، ئىسھاق خوجىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى. ئۇزىنىڭ مۇلازىم - خىزمەتچىلىرىگىمۇ لايىقىدا ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، يول خىراجىتى ۋە ئوزۇق - تۈلۈك، ئات - ئۇلاغلارنى بېرىپ، بىللە يولغا سېلىپ قويىدى.

ياقۇببەگ تۇڭگانىيلارغىمۇ كۆپ شەپقەتلەرنى كۆرسىتىپ، ھەممىسىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇردى. يەكەنگە مۇھەممەت يۇنۇسجان شىغاۋۇلنى ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىدىغان ئالىي ھوقۇق بەردى، نىياز بەگنى شىغاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى، كىچىك لاۋزىنى باتۇر بېشى، قازى زىيائىددىن داموللامنى قازىكالان قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ئالاھىدە يارلىق ۋە مەنسۇرنامە بەردى.

نەزمە:

دان قېشىغا بارمىغاي قۇش زادىلا،
باشقا قۇش ياتسا تۇزاقتا بىر كۆرۈپ،
باشقىلار كۆرگەن بالادىن ئال ساۋاق،
بولما ئىبرەت باشقىغا قىلغىن يۈرۈپ.

— شەيخ سەئدى

# ئون ئىككىنچى باب

## ھاجى پادىشاھ

**«تۇۋا قىلغان دۈشمەن تۇۋا**
**قىلمىغىنىدىنمۇ خەۋپلىكرەك.»**

— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرىدىن.

مىلادى 1866 - يىلى، ئەتىياز.

باھار قۇياشىنىڭ دەسلەپكى تەپتى چۈشتىن كېيىن خېلى يانغان بولسىمۇ، لېكىن، ئاپتاپ گەدەننى يەنە ئوبدانلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. رەستىلەردىكى دۇكانلارنىڭ سايىۋەنلىرىدىن تارتىپ تاكى يەرگىچە كەينى ئوچۇق، تۈمشۇقى ئۇستۇن قايرىلغان، ھەر خىل بېزەلگەن، سېرىق، قىزىل، يېشىل ۋە كۆك رەڭلەردىكى يازلىق ئاياغلار مارجاندەك تىزىلغانىدى. قەنت - ناۋات ساتقۇچىلار بالىلارنى تىنىمسىز ۋارقىراپ چاقىراتتى. بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، لىق شىرمان نان قاچىلانغان تەۋەككىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ماڭغان بىرى كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر ھاممال بىر دۆۋە پاخالنى يۈدۈپ، ئىككى پۈكلەنگەن پېتى مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. يىراقتىن قارىغاندا ئۇ خۇددى ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان يوغان

كىرىپىگە ئوخشاپ كېتەتتى. كوچا - كويىنى تولدۇرغان توپ - توپ ئادەملەرنى ئارىلاپ، ئوتتۇن - سامان، سېۋەت - سۇكەن، بۇلاق سۈيى تولدۇرۇلغان سوغا - تۇلۇملار ئارتىلغان ئېشەكلەر غۇرقىرىشىپ ئۆتۈشمەكتە ئىدى. باققاللار، شىرنىچىلەر، دوغچىلار، ئاش - لەڭپۇڭچىلار، سۇچىلار، ھۆپىگەرلەر خېرىدارلارنى تووۋلاپ چاقىرىشاتتى. ئومۇمەن، تىرىكچىلىك ئۆز قىنىدا بىر خىل ئاقىماقتا ئىدى. سودىگەرلەر ئانچىكى پەس ئاۋازدا تووۋلاپ قويۇشاتتى. سەرراپلار ئادەت بويىچە ئالمىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ قويۇشاتتى. ئايرىم ئوتۇنچىلارنىڭ چىرايىدا، قايغۇ - ھەسرەت ئالامەتلىرى بار ئىدى.

خوتەن دىيارىنى باھار قاپلىغان، خوتەن چۆللىرىنىمۇ ئوت - چۆپلەر قاپلىغانىدى. تېرەكلەر يوپۇرماق چىقارغانىدى. ئەتىرگۈللەر دەسلەپكى غۇنچىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ياشنىتىپ تۇراتتى.

ئەئيانلار ھەبىبۇللا ھاجى پادىشاھقا: «بۈزرۈك خان تۆرىدىن ئەلچى كەلدى» دەپ خەۋەر قىلىشتى. ھاجى پادىشاھ دەرھال: كوچا - كويلارنى تازىلاپ، گۈلباغنى زىننەتلەڭلار، ئەلچىلەرگە ياخشى مۇساپىرخانىدىن جاي تەييارلاڭلارا — دەپ بۇيرۇدى. ئاندىن، ئەئيانلىرىنى دەرھال ھۇزۇرى مۇبارەككە كېڭەشكە چاقىرتتى. كېڭەشتە، ھاجى پادىشاھنىڭ ئەمرۇل - ئۇمرالىرىدىن ئابدۇراھمان سۇدۇرخان، جىيەنى ئەمىرلەشكەر نېمەتۇللا خوجا، مۇشاۋىرلاردىن موللا ئىبراھىم قازىكالان قاراقاشى ۋە قارى ھەمىد بۇخارىلار بار ئىدى.

شۇ كۈنى، شەھەردىكى چاھارسۇ، گۈزەر قاتارلىق جايلاردىكى رەستىلەردە زىننەت دەرۋازىلىرى ئورنىتىلدى. شەھەر ئىچى پاك - پاكىزە تازىلاندى، كۆركەملەشتۈرۈلدى. خەزىنىدىن پۇللار سەرپ قىلىنىپ، بۈزرۈك خان تۆرىنىڭ شەنىگە ئاتاپ ئۆرۈلۈپ، غېرىب - غۇرۋالارغا سەدىقە قىلىندى.

ھەببۇللا مۇپتى ھاجى پادىشاھ ئۈچتەك ئاقارغان ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن، بېشىدىكى قىيىقچە قالپاق ئۈستىدىن بىر ئەن قىلىپ ئورالغان دەستارىنىڭ ئۇچى ئوڭ مۈرىسىگە ساڭگىلىغان، ئۈچىسىغا ئۇزۇن يەڭلىك خىرقە كىيگەن، قولىدا ئاللانىڭ ئىسمى يېزىلغان ئەلەم باغلانغان ھاسا تۇتۇۋالغان، بۇغداي ئۆڭلۈك، ۋىجىككىنە كىشى ئىدى.

ھۇزۇرى مۇبارەكتە، ھاجى پادىشاھ بۇزرۇك خاننىڭ ئالدىدىن كەلگەن ئەلچى — ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا پەنساد بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئىلتىپات قىلدى. ئابدۇللا پەنساد ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، بۇزرۇك خاننىڭ نامىدا يېزىلغان نامىنى سۇندى. بۇ نامىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ھەمدۇ سانالار ئاللاغىلا خاستۇر. چۈنكى، ئاللا يەرنى ئاساسسىز، ئاسماننى تۈۋرۈكسىز ۋە تۇتقۇسىز ياراتتى. ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزلار بىلەن ئاسماننى زىننەتلىدى. كۆڭۈل سۆزلىرىمىز شەپقەتچىمىز رەسۇل ئەكرەم سەللاھۇ ۋەسسەلەمگە خاستۇر. دۇئايىمىز خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇلتانى ھاجى پادىشاھ ئاتىمىزغا مەنسۇپتۇر. ئالەمنىڭ خۇرشىدى، ھەقىقەت مەشئىلى، جاھاننىڭ جېنى بولغان ھاجى پادىشاھ ئاتىمىزغا سالامدىن سۆگرە مەلۇم بولسۇنكى، بىز كاشغەر زېمىنىغا كەلگىلى ئۇزۇن بولدى. بۇ يەردىكى مازارى ماشايىخلارنىڭ زىيارەتگاھلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە زىيارەت قىلىپ، بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق. ئەمما، ئارزۇ - ھەۋىسىمىز شۇكى، بابامىز ئىمامى جەئفىرى سادىق① ھەزرەتلىرىنىڭ مازارلىرىنى بىر زىيارەت قىلىپ يانساق دېگەن مۇددىئايىمىز ۋە ئەرزىمىز بار ئىدى. ئەگەر ھاجى پادىشاھ ئاتىمىز يول بېرىپ، ئىزەن - ئىجازەت قىلسا، بۇ

① ئىمامى جەئفىرى سادىق — ئىسلام دىنىدىكى شىئەلەرنىڭ ئەممە ئىمامىيە مەزھىپىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد ئىمامىنىڭ نامى.

مازارى ماشايىخنى زىيارەت قىلىپ، تۇغلىرىنى قېقىپ، ئۇل مۇبارەكخانىنىڭ توپىلىرىنى كۆزىمىزگە سۈرتكەچ، سىز ھاجى پادىشاھ ئاتىمىز بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ يانساق دېگەن تەلپىمىزنى ئىزھار، ئەرز - ئىخلاسىمىزنى مەلۇم قىلىپ، شۇل مەكتۇپنى پۈتتۇق، نامە تامام، گەپ ۋەسسالام. كاشغەر دارۇ سەلتەنەتىنىڭ خانى بۇزرۇك بىننى جاھانگىر خان تۆرە (مۆھۈر). تارىخىي ھىجرىيىنىڭ بىرمىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى، ماھى باراتنىڭ سەككىزىنچى كۈنى.»

— ئى، ئەمرۇل - ئۇمرالار، جانابىي بۇزرۇك خان تۆرەمدىن بۇ نامە بىزلەرگە مەلۇم بولدى، — دېدى ھاجى پادىشاھ ھەممەيلەنگە قارىۋەتكەندىن كېيىن، — قېنى، جانابىي قارى ھەمىد بۇخارى، سىز دەپ بېقىڭچۇ، بۇ ئىشتىن بىزگە نېمە دېرەك بولۇر؟

ئەنجانلىق قارى ھەمىد بۇخارى ئادەتتە ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى پادىشاھ بىلەن ھەمسۆھبەت - مۇلاقەتتە بولۇپ يۈرگەچ، ھاجى پادىشاھ ئۇنىڭغىمۇ ئۆز ئەئىيانلىرى قاتارىدىن ئورۇن - مەرتىۋە بەرگەنىدى. ئالدىنقى قېتىم، ئاتالىق غازى ياقۇپبەگنىڭ ھاجى پادىشاھقا يەكەندىن يازغان خېتىنىمۇ شۇ كىشى ئېلىپ كەلگەنىدى.

— ھەزرىتى پادىشاھىمىزغا شۇل مەلۇم بولغايكى، — دېدى ئۇ كېكىردىكىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن، — بۇ خاسىيەتلىك ئىش بولۇر. ئاتالىق غازى ماڭا: «ھاجى پادىشاھ ئاتامغا دەپ يەتكۈزۈپ قويسىڭىز، ئۇل زاتنى بىر كۆرۈپ، ئېشىكلىرىنى كۆزىمىزگە سۈرتۈش ئارزۇسىنى يېگىلى نەۋاخ، ئەگەر ئۇل زاتى ئالىيلىرى رۇخسەت قىلسا، بىزلەر بېرىپ، ئاقسۇ، كۇچا شەھەرلىرىنى ئېلىپ، ھاجى پادىشاھ ئاتىمىزغا تۆھپە قىلىپ تۇتۇش نىيىتىمىزمۇ يوق ئەمەس ئىدى»، دېگەنىدى.

باشقىلار تازا بىرنىمە دېيەلمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن، موللا ئىبراھىم قازىكالان بۇ ئىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك لازىملىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— ھەزرىتىم، ئەلچى جانابلىرىغا ئۇزاق يول يۈرۈپ ھاردۇق يەتكەندەك قىلىدۇ. شۇڭا، ئاخشاملىققا كېڭەش قىلساق مىكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

كېڭەش ئەھلى تارقاشتى. شۇ كۈنى ناماز بامداتتىن كېيىن، ھاجى پادىشاھنىڭ خۇپىيەخانىسىدا، مەسۇم سۇدۇرخان، ئەمىر لەشكەر نېمەتۇللاخان ۋە مۇللا ئىبراھىم قازىكالانلارنىڭ ئىشتىراكچىلىقىدا مەخپىي كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى.

— سىلەرچە بۈزرۈك خان تۆرەم بىلەن ئاتالىق غازى ياقۇببەگنى چىللاپ كەلسەك، قانداق بولار؟ — دېدى ھاجى پادىشاھ پىيالىسىدىكى ئانار شەربىتىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن.

— مۇشۇ ياقۇب قوشبېگى دېگەن ئەنجانلىقتىن ھەزەر ئەيلىمەك لازىمدۇر، — دېدى موللا ئىبراھىم قازىكالان سۇدۇرخان بىلەن نېمەتۇللاخاننىڭ جىم ئولتۇرغىنىدىن ئىچى پۇشۇپ، — ئاڭلىشىمىزچە، خانئېرىق سوقۇشىدىن كېيىن، ياقۇببەگ بۈزرۈك خان تۆرىنى تەقسىپ ئاستىدا تۇتۇۋېتىپتىمىش، موللا سىدىقبەگ ۋەزىر ئەزەمنى بىر كېچىدىلا تۇتۇپ يوق قىلىپتۇمىش. شۇڭا، ئۇل بەدبەختىن ياخشىلىق كەلمەس، دەپ ئويلايمەن. ئۇنى چىللاپ كەلمەك ئوڭاي بولغىنى بىلەن، كەتكۈزمەك قىيىن بولۇپ قالسا، ئۆزىمىزگە دىشۋارچىلىق تېپىۋالارمىزمىكىن؟

موللا ئىبراھىم قازىكالاننىڭ بۇ ئەندىشىسى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاستىچى بولۇپ يۈرگەن قارى ھەمىد بۇخارىدىن شۈبھىلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، ھاجى پادىشاھقا ئاتالىق غازىنى خوتەنگە چىللاپ كېلىش مەسلىھەتىنى،

ھەممىدىن ئاۋۋال بەرگەنمۇ شۇ ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئاتالىق غازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى نېمە مۇناسىۋەت بار؟ بۇ سىر ئۇلار-نىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى.

— ئۇنداق بولسا، شاھزادە مەسۇم سۇدۇرخاننى تارتۇق - پىشكەشلەر بىلەن ئىستىقبالىغا ئەۋەتسەك. مۇبادا قوشبېگى يامان نىيەتلەر بىلەن كەلگەن بولسا، شاھزادە سۇدۇرخان دەرھال خەۋەر بەرسۇن، ئەگەر تىنچ كېلىپ، ئىمامى جەئفىرى سادىق-نىڭ مازارگاھىنى زىيارەت قىلىپ يانىدىغان بولسا، بىزمۇ تارتۇق-پىشكەشلەرنى تەييارلاپ، چىرايلىق يولغا سېلىپ قويارمىز.— دېدى ھاجى پادىشاھ ئىنكىكلىنىپ.

— ھەرنە پەرمايىش ئۆزلىرىدىن چىقسىدۇ،— دېيىشتى ئەمرۇل - ئۇمرالار كۆرۈلدىشىپ.

ماھى رامزاننىڭ ئونبىرى، سۇدۇرخان تارتۇق - پىش-كەشلەرنى ئېلىپ، قارى ھەمىد بۇخارى بىلەن ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا پەنسادنىڭ ھەمراھلىقىدا، گۇمىغا يۈرۈپ كەتتى.

× ×

خوتەن دىيارىدا، مانجۇلارنىڭ زۇلۇم - سېتەملىرى ھەد-دىدىن ئېشىپ، ئالۋان - ياساقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن پۇقرالارنىڭ قەددى پۈكۈلۈپ كېتىشكەنىدى. گۆرۈخانىلار جازانىگە پۇل چا-چاتتى. ئۇلارنىڭ ئون تەڭگىسىنى جازانىگە ئالغان كىشى يەر - سۇيى، مال - مۈلكى، ئۆي - ۋەجلىرىدىن بىراقلا ئاي-رىلىپ قالاتتى. بەگ - بېگاتلار خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى دې-گۇدەك، يۇرت - يۇرتتىن ئەللىك - يۈز ئادەمنى گەدەنكەشلىك قىلىپ مانجۇ دارىنلىرىغا ياندى دېگەن گۇناھ بىلەن، ئامبالنىڭ ئالدىغا تۇتۇپ كەلتۈرەتتى. ئامبال بۇ ئادەملەرنى تۈزۈك سوراق قىلمايلا، پۇت - قوللىرىنى چۇشەپ، كېچىلىرى دەرياغا

تاشلاپ ئۆلتۈرگۈزەتتى، بەزىلىرىنىڭ پىيىنى كېسىپ كاردىن چىقىراتتى، بەزىلىرى تاياق زەربىسىدىن قان قۇسۇپ ئۆلۈپ كېتەتتى.

نىھايەت، زۇلۇم ـ سىتەم چېكىدىن ئاشقاندىن كېيىن، خوتەن دىيارىدا پۇقرالار كوچىلاردا ئاشكارا يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. مانجۇ مەمۇرلىرى سودىگەرلەردىن بىر تۆگىلىك مال ئۈچۈن قىرىق پۇل، بىر ئاتلىق يۈكى ئۈچۈن يىگىرمە تەڭگە، بىر ئېشەكلىك يۈكى ئۈچۈن ئون بەش پۇل تامغا بېجى ئېلىشتى. پۇقرالار ئات ـ ئۇلاغ ئالسا، بىر ئات ئۈچۈن يىگىرمە تەڭگە، بىر ئېشەك ئۈچۈن ئونبەش پۇل، بىر كالا ئۈچۈن ئون بەش پۇل، بىر قوي ئالسا ئەككى پۇل، بىر خام ئۈچۈن بىر پۇل باج دەپ ئالدى. ئامبال ھېچكىمنىڭ ئەرز ـ دادىغا قۇلاق سالمىدى.

بىر كۈنى يەتتە كىشى بىر شوپاڭدا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇشقاندىن كېيىن، يۈرىكى يوغىناپ تالاغا چىقىشقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىغا خوتەن ئامبىلى خۇ دالويەنىڭ مەپىسىنى ھەيدەيدىغان خالىق مەپىچى دېگەن ئۇچراپ قاپتۇ. ھېلىقى نوچىلار: «ھەي خالىق، چېچىڭنى چۇشۇرۇپ، ماۋۇ چاشقان بۇرۇتلىرىڭنى ئالغۇز! بولمىسا، ئەتە يا ئۈگۈن مانجۇلىرىڭنى كۆزۈڭگە كۆرسەتمىمىزا!» دەپ تەھدىت ساپتۇ. خالىق مەپىچى ھېلىقى يەتتە مەستنىڭ سۆزىنى ئامبال خۇ دالويەگە چېقىپتۇ. ئامبال چېرىك ئەۋەتىپ ھېلىقى يەتتە كىشىنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ، مىس تاۋاقتا ئوت يېقىپ باشلىرىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنى تۈۋرۈككە تېڭىپ قويۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. بۇ پاجىئەنى كۆرگەن خوتەنلىكلەر قاتتىق چۆچۈپ كېتىشىپ، «ۋاي گادىيەي، ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتمىدىغان ئوخشايدۇ»، دېيىشىپ، ئاتا جۇيا① كەنتىدە ئىستىقامەت قىلىدىغان مۇفتى ھەبىبۇللا ھاجى دەيدىغان بىر زاتنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. بۇ زاتنىڭ ئابدۇراھمان خوجا، ئىبراھىم ھاجى، مەسۇمخان خوجا دېگەن ئۈچ ئوغلى

① ئاتاجۇيا — يەر نامى. ھازىرقى نامى ئاتچۈي. بۇ «غول ئېقىن» دېگەن مەنىدە.

بار ئىدى. يەنە سەيپۇللا خوجا دېگەن ئىنىسىنىڭ نېمەتۇللا خوجا دېگەن بىر ئوغلىمۇ بار ئىدى. ئۇلار تولىمۇ شىجائەتلىك، پالۋان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ناھەق ئىشنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان ھەققانىيەتچىل كىشىلەر بولغاچقا، يۇرت ئىچىدە ئابروي ـ ئاتىقى يۇقىرى ئىدى.

خوتەنلىكلەر: «بىز زۇلۇم ـ سىتەم دەستىدىن ئۆلۈپ تۈگىشىدىغان ئوخشايمىز، سىلەر بىزگە ئۇلۇغ بولۇپ چىقىپ بەرسەڭلار، بىزنىڭ جېنىمىز خۇدا يولىدا پىدا!» دېيىشىپ، ئۇلارغا ئۆز ھالىنى ئەرز قىلىشتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، كۇچا خەلقىنىڭ راشىدىن غازى خان خوجا باشچىلىقىدا قوزغىلىپ، مانجۇلارنى يۇرت ـ يۇرتتىن قوغلاپ چىقارغانلىق خەۋىرى بۇياقلارغىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى.

مۇپتى ھەبىبۇللا ھاجى خەلقنىڭ دادىغا ھەمدەرد بولۇپ، دەرھال ئابدۇراھمان خوجىنى ئون ئاتلىق كىشى بىلەن چىرا چاقاغا: «مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرىمىزدىن ياخشى ئېتى بار، بەقۇۋۋەت يىگىتلەردىن يىغىپ كېلىڭ!» دەپ يولغا سالدى. ئاندىن، تار بوغۇز لەنگىرىدە، ئۈچ يۈز كىشىنى مانجۇچە ئىگىنلەر بىلەن كىيىندۈرۈپ، مانجۇ چېرىكلىرى سىياقىدا ياساپ ـ جابدۇپ تەييار قىلدى ـ دە، ئۇلارنىڭ قولىغا نەيزە بېرىپ، توختى خوجا ئابدال دېگەننى چېرىك بېشى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى قەشقەر يولىدىن ھېزى بولۇش ئۈچۈن قاراۋۇل قىلىپ ئەۋەتتى، قولىغا يامان ئادەملەرنى ئۆتكۈزمەڭلەر، دەپ پەرمان بەردى. مانجۇلارغا ئىشلىگەنلەرنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ، تۇۋا قىلغۇزۇپ، ئىمان ئېيتقۇزدى. ئاندىن ئابدۇراھمان خوجامغا: «ئادەملىرىڭىزنى باشلاپ، قاراقاش ئوردىسىدىكى ناغرا ـ دۇمباقلارنى ئېلىپ، توغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ، خوتەن تامانغا

قاراپ مېڭىڭ. مەن خوتەن شەھىرىدىكى جامە مېچىتىدە ئادەم-لىرىمىزنى توپلاپ، پۈرسەت كۈتۈپ ياتاي. پۈرسەت كەلگەن هامان، كونا شەھەردىكى ئەسكەرخانىغا بىراقلا تېگىش قىلايلى!» دەپ تاپىلىدى.

مىلادى 1864 - يىلى ماھى رەبىئەل ئاۋۋالنىڭ يىگىرمە ئىككىسى، دۈشەنبە كۈنى ئىدى. ھەببۇللا ھاجى ئىنايىتۇللا خوجامغا قىزىل تون كىيدۈرۈپ، بېشىغا قىزىل دەستار ئورىتىپ، تۆت يۈز كىشىنى باشلاپ گۈلباغقا تېگىش قىلغۇزدى. بۇتخانا، شوپاڭخانا، گۆرۈخانىلارنى چېقىپ تاشلىدى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈ-گۈزۈۋەتتى. ئالامان قوللىرىغا چوماق، قىلىچ - نەيزىلەرنى ئېلىشىپ، دەھۇل - دۇمباقلارنى زارلىتىپ، مۇفتى ھەببۇللا ھاجى-نىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىشتى، ئاللاھ! ... ئاللاھ! ... دەپ قىچقىرىشتى.

خوتەندە ئىبىن يەمىن ئاقساقال دەيدىغان بىر مەرغىلان-لىق بار ئىدى. ئۇ ۋە شەربەتتار باھادۇر بېشى، ئابدۇجېلىل باھادىر، موللابابا غاپپار، موللا ئىمىن قۇرچى باشلىق ئوتتۇز كىشى قىزىل تونلارنى كىيىپ، بېشىغا قىزىل دەستار ئوراپ، چارئايناللارنى باغلىشىپ، يېشىل ئەلەملەرنى كۆتۈرۈشۈپ، كا-ناي چەمشىد تارتىپ، كۇسا ئىسكەندەر (ناغرا) سوقۇپ، ھەزرىتى مۇفتى ھاجىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى ۋە «بىجانىدىل خىز-مەتلىرىدە بولىمىز!» دېيىشىپ ساداقەت كۆرسىتىشتى. ما چۇ-شېن تۇڭگانىي باشچىلىقىدىكى قىرىق تۇڭگانىي باشلىرىنى سې-رىق لاتا ياغلىق بىلەن چىگىپ، تەخمۇ تەخ بولۇپ تۇردى. ئاقساقال پاشا خوجا، توختى مۇھەممەت بەدەخشى قاتارلىق ئون بەش كىشى ئاق لىباس كىيىپ، ئاق دەستار ئوراپ، ئاق تۇغنى سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزدى. شۇ كۈنى كەچ بولدى. يىغىلغان ئالامانلار تارقاشماي، تەرەپلەرگە گۈلخانلار يېقىپ، دۈشمەننى كۆزىتىپ، كېچىچە ئۇخلىماي تاڭنى ئاتقۇزدى.

ئەتىسى، قاراقاشتىن يىگىرمە تۈغنىڭ ئاستىدا يىگىرمە
مىڭ ئادەم ئابدۇراھمان خوجامنىڭ باشچىلىقىدا ئاتقا، كالىغا
ۋە ئېشەكلەرگە مىنىشىپ، پىچاقلىرىنى خادىنىڭ ئۇچىغا شوينا
بىلەن چىڭ باغلاپ، تۈگمەنچىنىڭ بۇرغىسىنى تارتىپ،
دەبدەبە ـ ئەسئەسە بىلەن يېتىپ كەلدى. خوتەن كونىشەھەر-
دىكى ئەسكەرخانا قوزغىلاڭچى ئالامان تەرىپىدىن ئۇچار قۇشمۇ
ئۇچۇپ ئۆتەلمىگۈدەك دەرىجىدە مەھكەم قورشىۋېلىندى.
قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا جەمئىي بەش تال مىلتىق، بىر چا-
رەك مىلتىق دورىسى، بىر چارەك ئوق بار ئىدى.

قوزغىلاڭچىلار ئۆيلەرنىڭ تېمىنى تېشىپ تۆشۈك ئېچىپ،
سېپىلنىڭ ئۈگىكىدىن كۆرۈنگەنلىكى چېرىكنى ئېتىپ جېنىنى
ئالدى. مۇھەممەت رەھىم بەدەخشى قولىدا مىلتىقىنى تۇتۇپ،
ئات ئويىنىتىپ، ئۆگەكتىن باش چىقارسا باشنى، قول چىقارسا
قولنى چەنلەپ ئېتىپ، مانجۇلارغا ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. تۇ-
يۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ، ئاتتىن تىك مول-
لاق ئېتىپ چۈشتى. شۇ كۈنى ساناپ باقسا، قوزغىلاڭچىلاردىن
جەمئىي ئون سەككىز كىشى قازا قىلىپتۇ.

ماھىي رەبئەل ئاۋۋالنىڭ يىگىرمە تۆتى، چارشەنبە ئىدى.
ئەمىر لەشكەر ئابدۇراھمان خوجامنىڭ پەرمانى بويىچە، قوزغى-
لاڭچىلاردىن بىر بۆلەك كىشىلەر سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت
قويماقچى بولدى. يەنە بىر بۆلەك ئادەملەر سېپىلنى كەتمەن
بىلەن يونۇپ، قورغان تېمىدىن تۆشۈك ئاچماقچى بول-
دى. ئەللىك كىشى ئېشەكنىڭ توقۇمىنى سۇغا چىلاپ ھۆل
قىلىپ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقتىن ئۆزىنى دالدا قىلىپ،
قولتۇقلىرىغا بورىيا، ئوتۇن قىستۇرۇپ بېرىپ دەرۋازىغا دۆۋىلىدى ـ
دە، ئۇرۇس گۈگۈتى بىلەن ئوتنى تۇتاشتۇردى. بىردەمنىڭ
ئىچىدە دەرۋازا گۇرۇلدەپ كۆيگىلى تۇردى. يەنە بىر بۆلەك
كىشىلەر دەرۋازىنىڭ ئوڭ يېقىدىن سېپىلنى كەتمەن بىلەن

چىقىپ يۇرۇپ، بىر غۇلاچ كەڭلىكتە يوچۇق ئېچىۋالدى. شۇ ئەسنادا، دەرۋازا غاراسلاپ كۆيۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. مانجۇلار بۇغداي ئۇنى قاچىلانغان تاغارلارنى قورغاننىڭ ئىچى تەرىپىدىن سىپىل بويى تىزىپ چىقىپ، دەرۋازىنى ئىچىدىن يەنە ھىم قىلىپ ئېتىپ تاشلىدى ۋە قورغان ئىچىنى ئېتىشۋاتقانلارنى ئوققا تۇتتى. نەق مەيداندا، ئون ئالتە قوزغىلاڭچى ئېتىپ تاشلاندى. شەربەتتار، ئابدۇجېلىل، راھمان بابا، ئابدۇلئەزىز كابۇلى دېگەن تۆت شىرمەت باھادۇر ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى ھېلىقى يوچۇق بىلەن بۆسۈپ كىرىپ سىپىل ئۈستىگە چىقىپ، ئۇچرىغاننى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىككى نىمتا قىلىپ تاشلاۋەردى، چېرىكلەرنى گويا كى قوينى بۆرە قوغلىغاندەك سۈرۈپ توقاي قىلدى. قارىسا، بىر يۈز سەكسەن چېرىكنى چېپىپ تاشلاپتۇ. يەتمىش بەش مانجۇ سىپىلدىن چۈشۈپ ئىمان ئېيتىپ تەسلىم بولدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈپ، بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ تون كىيدۈردى، سەللە ئوراتتى - دە، بىر ئۆيگە ۋاقىتلىق قاماپ قويۇپ تۇردى. كېچىسى، مانجۇلار قورغان ئىچىدىن بىردىن، ئىككىدىن، ئوندىن بولۇپ قېچىپ چىقىشۋەردى، باشلىرىغا بىر - ئىككى خامنى سەللە قىلىپ ئوراپ، كەلىمە تەيبىنى ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغاننى دورىدى. ئالدىغا كۆپرەك مۇسۇلمان ئۇچرىسا، «بىز مۇسۇلمان بولغان» دېيىشتى. بىر - ئىككى سالپى - ساياق يۈرگەن مۇسۇلمانلار ئۇچراپ قالسا، گەپ قىلماي - لا بارغان پېتى قارنىلىرىغا پىچاق تىقىپ، جىقلىرىنىڭ بېشىغا چىقىشتى. كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى بىلىشىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە پۇختا بولۇشتى، ئۇچرىغانلىكى مانجۇنى تىغدىن ئۆتكۈزۈشتى. شۇ كېچىسى، جەمئىي يەتتە يۈز سەكسەن بەش مانجۇ ئۆلتۈرۈلدى. كونىشەھەردىكى پوتەيدە، زەمبىرەكچى چېرىكلەر بىر زەمبىرەككە ئوقنى سېلىپ، پىلىكىگە ئوت يېقىشۋېدى، زەمبىرەك ئارقا تەرىپىدىن يېرىلىپ، ئىككى زەمبىرەكچىنى ئاسمانغا كۆ-

تۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئامبال خۇ دالو-
يە: «ئەمدى بىزدىن نۇسرەت كەتتى...» دەپ يىغلاپ، بالا-چا-
قىلىرى بىلەن جەبىخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالدى.
ئاندىن، غاگزىسىدىكى ئوتنى پىلىككە يېقىۋېدى، پارتلاش زەر-
بىسىدىن ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كېلىپ، بىر سىلكىنىپ
توختىدى - دە، مانجۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. قوز-
غىلاڭچىلار ئەسكەرخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ، پۇل - پېچەك،
مال - دۇنيا بۇلاشقا كىرىشتى. ئۇلۇغلارنىڭ «توختاڭلار!» دېگىنىگە
زادى ئۇنىماشىمىدى. ۋەج كويىدا، كۆيۈۋاتقان ئۆيلەرگە بېسىپ
كىرىپ، تامنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەنلەرمۇ بولدى.

ماھىي رەبىئەل ئاۋۋالنىڭ يىگىرمە ئالتىسى، جۈمە نامى-
زىدىن كېيىن، ئالامانلار مۇفتى ھەبىبۇللا ھاجىنى ئاق كىگىزگە
ئولتۇرغۇزۇپ، «پادىشاھىمىز!» دەپ قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈشۈپ،
ئۇنى خەلپىلىك ھويلىدىن شەھەر ئوردىسىغا كۆچۈرۈپ چىقتى.

× ×

ھەبىبۇللا ھاجى پادىشاھ قوقان دارۇ سەلتەنەتىدىن مەدەت
ۋە ياردەم تىلەپ، ئوغلى ئابدۇراھمان خوجىنى خۇدايارخاننىڭ
ئالدىغا ئەۋەتكەنىدى. خان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، يېنىدا
بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزدى. زىياپەتلەر بېرىپ، مېھمان قىلدى.
ئاخىرىدا ئۇنىڭغا سۇدۇرلۇق① مەنسىپىنى بېرىپ، ئات، ياراق،
تون - كېچەكلەر بىلەن ئۇلۇغلىدى. ھاجى پادىشاھىمۇ ئۆز
لايىقىدا تون - كېچەك، كۇلاھۇ - تەلپەك، قورال - ياراق قاتار-
لىق سوۋغات - تەۋەررۇكلەرنى ئەۋەتتى. نارمۇھەممەت پەرۋانىچىنى
ئەمىر لەشكەر قىلىپ ئىككى يۈز يىگىتنى قوشتى، قارى ھەمىد
بۇخارى بىلەن مىرزا بابابېك ھېسارىنى مىرزا باشى قىلىپ،

① سۇدۇر — ۋەزىر.

ئۇلارنى ئەللىك يىگىت مۇكەممەللەر بىلەن سۇدۇرخانغا مۇلازىم قىلدى. سۇدۇرخانلار قەشقەرگە كەلسە، ياقۇپ قوشبېگى ھامىدىن خوجام بىلەن يەكەندە سوقۇشۇۋاتقانىكەن. ياقۇببەگ قارى ھەممەد بۇخارى بىلەن بۇرۇندىن تونۇش بولغاچقا، كېيىنكى چاغلاردا ئەسقېتىپ قالار دېگەن تەمە بىلەن، ئۇنى سۇدۇرخانغا قوشۇپ خوتەنگە يولغا سېلىپ قويدى. نارمۇھەممەت پەرۋانىچى باشلىق يىگىتلەرنى بولسا ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى.

قارى ھەممەد بۇخارى سۇدۇرخان بىلەن خوتەنگە بارغاندىن كېيىن، ھاجى پادىشاھ بىلەن تېزلا چىقىشىۋالدى. ھاجى پادىشاھ ئۇنىڭغا مۇناسىپ جاي، تۇرارغا ماكان تەيىنلەپ، ھەر كۈنلۈكىگە تەمىنات توختاتتى، ئىززەت - ئىكراملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئوبدان يەردىن ئۆيلەندۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىگە ئىلپەتداش ۋە سۆھبەتداش قىلدى. قارى ھەممەد بۇخارى بۇرۇن كېلىشكىنى بويىچە، ياقۇببەگكە ۋاقتى - ۋاقتىدا مەلۇمات يوللاپ تۇرۇشنى ئېسىدىن چىقارمىدى. يېقىندا ئۇ ياقۇببەگكە: «ھاجى پادىشاھ قېرىپ قالدى. سىز جانابىي بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ نامىدا ‹ئىمامى جەئفىرى سادىقنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىمەن› دەپ نامە پۈتۈپ ئەۋەتكەيسىز. مەن ھاجى پادىشاھنى چوقۇم ماقۇل كەلتۈرىمەن، شۇنداق قىلسىڭىز، خوتەننى ئوڭايلا ئالالايسىز» دەپ خەت ماڭغۇزغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سۇدۇرخانغا ھەمراھ بولۇپ گۇمىغا بېرىشتىكى مەقسىتىمۇ ئەنە شۇ ئىدى.

× ×

رامىزاننىڭ ئون ئۈچى، مەسۇم سۇدۇرخان ئەمىر لەشكەر ۋە قارى ھەممەد بۇخارىنىڭ ھەمراھلىقىدا گۇمىنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدى. ئاتالىق غازىمۇ بۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىغا كىشى چىقارتىپ، ئۇلارنى ئىز-

زەت ـ ئىكراملار بىلەن باشلاپ كېلىپ، ياخشى كۈتۈۋالدى.
ــ ئەلھەمدۇلىللا، بۇ يەرگە كەلـدۇق،ــ دېدى ئاتـالـىق
غازى سۇدۇرخاننى قۇچاقلاپ تـۇرۇپ،ــ شاھزادەمنىڭ جـاھان
ئارا جامالىنى كۆرۈپ، كۆزىمىز روشەن بولدى ۋە نۇرغا تولدى،
مـۇراد ـ مەقسەتلىرىمىزگە يەتتۇق. ئەمـدى ھـاجـى پـادىشاھ
ئاتىمىزنى بىر كۆرمەككە نېسـىـپ بـولـۇرمىكىن دېـگـەن ئارزۇ-
ھەۋەستىمىز. كەمىنە چاكارلىرى پادىشاھ ئاتىمىزنىڭ مۇبـارەك
ئوردا ھۇزۇرىغا بېرىشقا مۇيەسسەر بولالىغان بولساق ئىدۇق، پادى-
شاھ ئاتىمىزنىڭ ئاياغلىرىنى، تۇغلىرىنى ساقىلىمىز بىلەن سۈپۈر-
گەن بولاتتۇق. ئەگەر ھاجى پادىشاھ ئاتىمىز بۇ نادان غۇلامنى
ئۆزىنىڭ غۇلام ـ چاكارلىرى قاتارىدا كۆرسە، مۇبارەك نەزەر-
لىرىنى بىزدەك غېرىب ـ غۇرۋالارغا سالسا، ئەجەب ئەمـەسكى،
بۇ قارا تۇپراق ئۈستىدىكى خار ۋە ئېتىبارسىز بېشىمىز ئاس-
مانى قۇتۇپتىكى فـەرقـەردان① يۇلتۇزلىرى بىلـەن تـەڭ بول-
غاندەك بولاتتى. ھاجى پادىشاھ ئاتىمىزنىڭ مۇبارەك جامالىنى
بىر كۆرمەكتىن باشقىغا تاقەت ـ ئىلاجىمىز قالمىدى!
ياقۇپبەگ ھىيلە ـ مىكىردە ئوت بىلەن سۇنى بىر ـ بى-
رىگە قوشالايدىغان، تىل ياغلىمىچىلىقتا تاشنى مومدەك ئېرىتە-
ۋېتەلەيدىغـان ئادەم بولغاچقا، نادان مەسۇم سۇدۇرخان تەسىر-
لىنىپ، يىغلاپ تاشلاشتىـن ئۆزىـنـى ئاران تـۇتـۇپ
تۇراتتى.
ئاتالىق غازى دەرھال سۇدۇرخانغا ئالتۇن كالۋاتۇنلۇق سەللە،
كىمخاب تون، ئالتۇندىن نەقىش ئىشلەنگەن قورال ـ جابدۇق،
ئېگـەر ـ تـوقـۇم ۋە بـاشقـا جـابدۇقلىرى تامامەن ئالتۇن ـ
كۆمۈش بىلەن بېزەلگەن يۇلتۇز ئارغىمىقـى قـاتـارلـىقلارنـى
ئىنئـام ـ ئېھسان قىلىپ، ئۇنى مول تارتۇقلىدى.

① فەرقەردان ــ شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنىڭ يېنىدىكى ئىككى
يورۇق يۇلتۇزنىڭ ئورتاق نامى.

سۇدۇرخان ئاتالىق غازىنىڭ بارگاھىدا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ھاجى پادىشاھقا يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ، خوتەن دىيارىغا قايتماقچى بولدى. مەككار ئاتالىق غازىنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. شۇڭا، دەرھال ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا پەنسادنى ئۇنىڭغا قوشتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىتنە - ئەپسۇنلارنى سۆكە - مونچاقتەك بىر - بىرلەپ تىزىپ چىقتى. بىر پارچە خىشنى نەچچە قەۋەت تەتىللاغا ئوراپ «قۇرئانى كەرىم» قىلىپ، ئۇنى سۇدۇرخاننىڭ ئالدىدا، ئابدۇللا پەنسادقا ئىززەت - ئىكرام بىلەن سۇندى ۋە:

— بىز ئۈچۈن ھاجى پادىشاھ ئاتىمىزنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، ئەقىدە - ئىخلاسىمىزنى ئۇل زاتى مۇبارەكنىڭ ئۇلۇغ قۇلاقلىرىغا بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلغايسىز. مۇبادا ئۇل زاتى مۇبارەك ئىشەنمىسە، ئۇشبۇ قۇرئانى كەرىمنى بىزنىڭ ئورنىمىزدا بېشىڭىزدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىپ، ئەھدى - پەيمان قىلۇرسىز. قالغىنىنى بۇ شاھزادەم بىز كەمىنە قۇللىرىغا ۋەكالىتەن بايان ئەيلىسە ئەجەب ئەمەس، — دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى.

سۇدۇرخان شاھزادە بىلەن ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا پەنساد دەل ۋاقىت - سائىتىدە خوتەن دىيارىغا يېتىپ كەلدى. ھاجى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا، ئابدۇللا پەنساد ئۇنى ئاتالىق غازىنىڭ ئالدىغا ئىستىقبال قىلىپ چىقىشقا تەۋسىيە قىلدى. بۇ مەككار پەلەكنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى كۆرمىگەن، زامانە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى تېتىمىغان ۋە تۇشقان ئۇيقۇسى غەپلىتىدىن تېخىچە ئويغانمىغان نادان شاھزادە بولسا بۇ ئىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەر خىل تەرىپ ۋە سۈپەتلەر بىلەن تەكىتلىدى. نەتىجىدە، ئىبراھىم قازىكالاننىڭ «ھەزرىتى مۇبارەك، سىلە چىقمىسىلا، بۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ» دەپ توسۇغىنىغا

قارىماي، ھاجى پادىشاھنىڭ نۇرلۇق پىكرى كازىزاپ ياقۇببەگ-
نىڭ ھىيلە - مىكرى ۋە تىل ياغلىمىچىلىقى ئالدىدا خىرەلىشىپ،
ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدىغانغا تايىن تاپتى. ئابدۇللا پەنسادىنىڭ
قولىدىكى «قۇرئانى كەرىم» نى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ
كۆزلىرى ئەڭ ئېسىل ئويۇنچۇقلارنىڭ ئالدىدا دۆۋىلەپ
قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي
كەتكەن بالىنىڭ كۆزلىرىدەك تېخىمۇ پارقىراپ كەتتى......

× ×

ھاجى پادىشاھ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ياقۇببەگ ئەتىگەندىلا زاۋانىڭ يول ئېغىزىغا چاچاڭ قۇردۇرۇپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى بويىنىغا تاشلاپ تەييار بولۇپ تۇرغانىدى. ھاجى پادىشاھ ياقۇببەگنىمۇ ئاتقا مىنىشكە تەكلىپ قىلىۋېدى، ئۇ تۇزۇت قىلىپ تۇرۇۋېلىپ زادى ئۇنىمىدى:

— بۇ قانداق بولىدۇ؟ سىزدەك مۇبارەك زات، ئالىيجاناب ئادەم ئالدىدا مەندەك ناتىۋان ئادەمنىڭ ئورنى يەردە بولمىسا، يەنە نەدە بولىدۇ؟ مەن سىز ئاتام ئۈچۈن تۆت پۇتلاپ ماڭ-سامۇ، يەنە تېخى كەملىك قىلىدۇ!...

ئۇ ھاجى پادىشاھ مىنگەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بويىنىغا تاشلىغىنىچە، ئاتنى يېتىلەپ بارگاھنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئاتنى توختىتىپ، ئۇنى ئاتتىن كۆتۈرۈپ يەرگە چۈشۈردى.

— ھاجى پادىشاھ ئاتا! — دېدى ئۇ يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ، — ھەدىس شەرىفتە: «بىر جەڭچى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن كىشى مىڭ پەيغەمبەر بىلەن كۆرۈش-كەندەك بولىدۇ»، دېيىلگەن. شۇڭا، رۇخسەت قىلغان بولسىلا، مەن ئۆزلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا قول سېلىپ كۆرۈشكەن بولسام!

ھاجى پادىشاھمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلىدى. كىشىلەر ياقۇببەگنىڭ قولىنى ھاجى پادىشاھنىڭ بويىنىغا گىرە-

لەشتۇرۇپ سالغىنىچە ئۇنى يەنە بىر ئۆيگە ئەكىرىپ كەتكىنىنى كۆردى ـ يۇ، ئەمما ھاجى پادىشاھنىڭ ئۇ ئۆيدىن قايتىپ چىققانلىقىنى ئىككىنچىلەپ كۆرمىدى.

ئىسىت! ئادەم جىنسى ۋە ئىنسان گۇرۇھىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىك تەدبىرلىرىنى ئەنە شۇنىڭدىن كۆرۈپ تاماشا قىلىش كېرەك. تېخى بۈگۈن ئەتىگەندىلا، ھاجى پادىشاھ ناماز بامداتتا ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك بولۇشىنى سەزگەندەك:

— بۇ دۇنيا ھېچكىمگە ۋاپا قىلغان ئەمەس، — دېگەنىدى ئۇ ۋەز ئېيتىۋېتىپ، — ئۇ خۇددى سەيياھلار دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان سالقىن بۇلاق بويىغا ئوخشايدۇ. بابۇر چەشمەئىي جەمشىد دېگەن بۇلاق بېشىدا دەم ئالغاندا، تاشقا: «بۇ بۇلاق بېشىدا بىزگە ئوخشايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر دەم ئېلىپ ئۆتكەن. بىز مەردلىكىمىز ۋە كۈچىمىزگە تايىنىپ، دۇنيانى ئالدۇق. ئەمما، دۇنيانى ئۆزىمىز بىلەن بىللە گۆرگە ئېلىپ كېتەلمىدۇق» دەپ خەت چەكتۈرگەنىكەن. شۇنداق، دۇنيانى ئۆزىمىز بىلەن ئېلىپ كېتەلمەيمىز. ئەمما، بىزنىڭ نەسلىمىز قۇرۇمايدۇ. ئەزىم دەريادەك مەڭگۈ داۋام ئېتىدۇ. بىز ئاشۇ ئەزىم دەريادا ئەبەدىل ـ ئەبەد ياشايمىز! «ۋاماتەدرى نەفسۇن مازا تەكسىبۇغەدەن ۋاماتەدرىن نەفسۇن بىئايىيى ئەرزىن تەمۇتۇ، ئىننەللاھە ئەلىمۇن خەبىر...»①.

بۇ قۇرئاننىڭ ئوتتۇز بىرىنچى سۈرىسىدىكى ئاخىرقى ئايەت ئىدى. ھەببۇللا ھاجى پادىشاھنىڭ ھەربىر ۋەزى قۇرئانى كەرىمنىڭ سۆزى بىلەن باشلىناتتى. بۈگۈن ھاجى پادىشاھ ئۇنى شۇنچىلىك بېرىلىپ ئېيتقان ئىدىكى، ئۇنىڭ ۋەزى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى جىغىلدىتىۋەتكەنىدى.

بۇ چاغدا، ھاجى پادىشاھنىڭ مىڭدەك مەھرەم يىگىتلىرى ئىتائەت بىلەن ئاتلىرىدىن چۈشمەي ھاجى پادىشاھنى ساقلاپ، ئەمىر كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ياقۇببەگ

① «جان ئەتە نېمە بولۇشىنى بىلمىگەي ۋە قەيەردە ئۆلۈشىنىمۇ بىلمىگەي...»

دەرھال ھاجى پادىشاھ نامىدىن: «مەن ئۇكام ياقۇپ قوشبېگى بىلەن بىر كىچە ھال - مۇڭ قىلىشىپ، ئەتىلىككە يول باشلاپ شەھەرگە كىرىمەن. سىلەر ھەرقايسىڭلار خاتىرجەم بولۇپ شەھەرگە قايتىپ، ئۆز ئىشىڭلار بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار. ئەتىگەنلىككە سۇدۇرخان بىلەن ئەمىر لەشكەر نىيمەتۇللاخان قالغان ئەمرۇل - ئۇمرا ئەكابىر - ئەشرەبلەرنى ئېلىپ ئىستىقبالغا چىقىشسۇن. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام. ھەبىببۇللا ھاجى پادىشاھ. ھۇۋالھەبىببۇللەزى تۇر جاشغائەتىھۇ ①. تارىخى ھىجرىيە 1283 - يىلى رامىزاننىڭ يىگىرمە ئالتىسى» دەپ نامە چىقارتتى.

× ×

ئەتىسى ئەتىگەندە، ياقۇپبەگ شەھەرگە قاراپ ئاتلاندى. شەھەرگە ئىككى پوتەي مىقدارى يەرگە بارغاندا، مەسۇم خوجا سۇدۇرخان، ئەمىر لەشكەر نىيمەتۇللاخان باشلىق يىگىرمە - ئوتتۇز ئەمرۇل - ئۇمرا، ئەكابىر - ئەشرەبلەر ئىستىقبالغا چىقىشقانىكەن، ئاتالىق غازى ئۇلار بىلەن قىلچە چاندۇرماي ناھايىتى ياخشى كۆرۈشۈپ: «ھاجى پادىشاھ ئاتىمىز كەينىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ. ھەرقايسىلىرى ئالدىغا بېرىپ بىللە ئەكىلىشسىلە!» دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئادەملىرىدىن ئايرىۋېتىپ، بىر - بىرلەپ تۇتۇپ يوق قىلدى، ئاندىن ئېزىز بەگ جاللاتنى يىگىتلىرى بىلەن چاپاۋۇل قىلىپ شەھەرگە ماڭغۇزدى. ئېزىز بەگ جاللات شەھەرگە كىرىپ ھاجى پادىشاھنىڭ بالىۋا قىلىرىنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئوردا ئىچىگە ۋە خەزىنىگە ئىگە بولۇۋالدى. ئاتالىق غازى قارى ھەمىد بۇخارىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، ئىقبالى دۆلەت،

① «پەيغەمبەر بولسا ئاللانىڭ دوستى. ئۇنىڭدىن شاپائەت ئۈمىد قىلىنىدۇ»

دەبدەبە ـ سەلتەنەت بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ بېرىپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى شەھەرنىڭ ئالدىغا تىكتى. ئاندىن ئەمىر لەشكەر، سەرجاڭ لاۋۇر، ياساۋۇللىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن قىل قۇيرۇق قىلىپ،ئۇلارنى شەھەرگە بېسىپ كىرىشكە بۇيرۇپ، ھاجى پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرىنى ھەيدەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بويسۇن غانلىرى ئامان قالدى. جاھىللىق قىلغانلىرى تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزۈلدى، بەزىلىرى نەزەربەند قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇببەگ خوتەن دىيارىنى ھاجى پادىشاھنىڭ قولىدىن بىرپاي ئوقمۇ ئاتماي ئۆز قولىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنداق قوشاق قاتقانىدى:

سۇدۇرخان ئۆزى ئاخماق،
بېلىدە تۆمۈر توقماق.
بۇ جاھاندا بارمىدۇ،
كىمخاب تونغا شە ساتماق؟

خوتەنلىكلەر مۇشۇ ئۇلۇغ رامىزان كۈنلىرىدە كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا قاراپ ھەيران بولۇشۇپ، تېڭىرقاپلا قالغانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ:

ـــ غۇلى نېمە دەيتۇ بۇ؟ ـــ دېيىشەتتى. بۇنىڭغىچە بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئاندىن نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشتى. ئون ـ ئونبەش مىڭ ئادەم بىراقلا قوزغىلىپ، قورال ـ ياراق، چوماق ـ كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، شەھەرنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىن كېلىشىپ: «ھاجىپادىشاھىمىز قېنى!»، «سۇدۇرخان، نېمىتۇللا ئەمىر لەشكىرىمىز قېنى؟» دېيىشىپ، ئەنجانلىقلارنى كۆرگەنلا يېرىدە ئۇرۇپ يىقىتىشىپ، سۇرۇپ ـ توقاي قىلدى. ئاتالىق غازى قارى ھەمىد بۇخارىنىڭ تەكلىپى بويىچە، ھاجى پادىشاھنىڭ

مېيىتنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ نامىز جىنازىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق غەزەپلەنگەن ئالامانىنى باسماقچى بولدى.

ھاجى پادىشاھنىڭ جىنازىسى ھازىدارلارنىڭ يىغا ـ زار ئىچىدە داغدۇغىلىق بىلەن ئۇزىتىلدى.

ـــ سەلاتى جىنازا!...

كىشىلەر خۇددى مۇشۇ ئاۋازنى كۈتۈپ تۇرۇشقاندەكلا، تۇشمۇ تۇشتىن چىقىپ مېيىت نامىزى ئوقۇلىدىغان ئالتۇنلۇققۇمغا قاراپ ئاقار قۇمدەك ئاقتى. ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ھاجى پادىشاھى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشىۋېلىش ئۈچۈن جىنازا ئەتراپىنى زىچ ئورىۋېلىشقانىدى. ھاجى پادىشاھنىڭ مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرى جىنازىنى ئۆز مۈرلىرىدە ئەمەس بەلكى، ئېغىر مېھنەتتە قاتقان كۈچلۈك ئالىقىنىدا كۆتۈرۈشكەنىدى. جىنازىغا يېقىن بارالمىغانلار بولسا، جىنازىنىڭ سېپىغا باغلانغان ئۇزۇن ئارغامچىنى مۈرلىرىگە سېلىشىپ مېڭىشتى، جىنازىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، يىغلاپ، قوشاق قوشۇپ ماڭغانلارنىڭ ئاخىرى خېلى يىراقلارغىچە سوزۇلغانىدى.

ھازىدارلار قوشۇنى ئالتۇنلۇققۇمغا قايرىلىدىغان باش ئاچالغا كەلگەندە، مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ يىراق ياقا يۇرتلاردىن ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردىن يېتىپ كېلىشكەن خالايىق جىنازىنى ئورىۋېلىشتى. ھازىدارلار ئالغا ماڭالماي توختاپ قېلىشتى.بۇ ئۇلارنىڭ تۆتىنچى قېتىم توختاپ قېلىشى ئىدى. پاتىپاراقچىلىق باشلاندى...

ھاجى پادىشاھ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئوردىسىدىن ئالتۇنلۇققۇمغا بارىدىغان مۇساپىنى بىر چۆگۈن سۇ قاينىغىچە-

لىك بولغان ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ ئۆتىدىغان بولغىيتتى؟
هاجى پادىشاھنىڭ مېيىتى سېلىنغان جىنازا مۇشۇنداق گاھ توختاپ، گاھ مېڭىپ، ئالتۇنلۇقۇم مەسچىتىگە ناھايىتى ئۇزاقتا يېتىپ بارالىدى.

بۇ كۈنى ئاسمانمۇ مۇسىبەت بىلدۈرۈۋاتقاندەك ناھايىتى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. كۆكنى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار خۇددى كۆز يېشىنى تۆككەندەك، ھازىدارلار ئۈستىگە يامغۇر تامچىلىرىنى تەكشى سېپىپ ئۆتتى. بۇ پاجىئەگە غەزەپلەنگەندەك قىلىپ بىر - ئىككى قېتىم چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپمۇ قويدى.

مېيىت نامىزىغا خوتەننىڭ موللا ئىبراھىم قازىكالان ئىماملىق قىلدى.

— خالايىق، مەرھۇم ھاجى پادىشاھىمىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ ناماز چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن.

— بىلىمىز! — مېيىت نامىزىغا قاتنىشىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى گۈررىدە قىلىپ جاۋاب بەردى.

— مەرھۇم قانداق ئادەم ئىدى؟

— ھۆددەس بەلەن ئادەم ئىدى!... ياتقان تۇپىسى جەننەتتە بولسۇن!...

— ھەرھۇم ھاجى پادىشاھىمىزنىڭ قانداق قازا قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

— ......

— بىلىمىز! مەلئۇنلار تەرىپىدىن قەتل قىلىندى!

— سۇدۇرخان شاھزادىمىز، نىمىتۇللا ئەمىر لەشكىرىمىزنىڭ

ياش چىنىغىمۇ ئاشۇ ناكەسلەر زامىن بولىدى! — دەپ چۇرقى-

راشتى بۇ ئىشتىن ئاز - تولا خەۋىرى بارلار.

بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق نۇرغۇن كىشلەر بولسا

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قىلىشتى.

ھاجى پادىشاھنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىدىن بىرى بولغان

قارى ھەمىد بۇخارى قولىدىكى تەسبىھنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ

قالدى. ئۇ پۈتۈن خوتەن خەلقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ياقۇپبەگنى

خوتەنگە باشلاپ كىرگەن رىياكارلىقى تەلتۆكۈس پاش بولغان-

لىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلاپ

تۇراتتى، بېشى پىررىدە بىر قايدى - دە، گۈپپىدە قىلىپ

يەرگە يىقىلدى...

موللا ئىبراھىم قازىكالان قاراقاشى سۈرەپاتىھەگە قول

كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى ۋە جامائەتكە ھاجى پادىشاھنىڭ

پەزىلۇ - سۈپەتلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن،

— ئاللا مەرھۇمنى مەغپىرەت قىلغاي، — دېدى ئۇ، —

ھاجى پادىشاھىمىز ھۆددەس رايىش، بەكمۇ خۇداگۆي، ئىنتايىن

دىيانەتلىك، ئادىل پادىشاھ ئىدى. ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەتلىرىنىڭ

ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى كەڭ ئاچقاي ۋە جەننەتۇل

رىزىۋاننى ئاتا قىلغاي!

موللا ئىبراھىم قازىكالان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— رەھمەتلىك ھاجى پادىشاھىمىزنى كازىزاپ مەلئۇنلار

تۇزاقتا دەسسىتىپ يوقلۇق دەرگاھىغا يولغا سالدى. ئۇلارنى

رەھمەتلىكنىڭ قىساس ئوتى چوقۇم تۇتىدۇ! مەھشەرگاھتا ئۇلارنى دوزاخ كۈتمەكتە. چۈنكى، ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى.

خوتەنلىكلەر مەرھۇمنى يەرلىكىدە قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھىيلىگەر ياقۇببەگ تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، مەسۇم سۇدۇرخان بىلەن ئەمىر لەشكەر نىمتۇللا خاننىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىپ، دەرھال ئىسيان كۆتۈردى، ياقۇببەگنىڭ يىگىت - سەرۋازلىرىنى ئۇرۇپ - چەيلەپ ئۆلتۈردى، قوغلاپ سۈرۈپ - توقاي قىلىشتى. دەل مۇشۇ چاغدا، ھاجى پادىشاھنىڭ بىرمۇنچە مۇلازىملىرى كالتەك - چوماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بارگاھقا ھۇجۇم قىلدى. شۇ ئەسنادا، ياقۇببەگدىن: «قەتلىئام!» دېگەن ئالىي يارلىق كەلدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئومۇمىي قىرغىنغا چىقتى. ئۇلار خوتەنلىكلەرنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرسە ئونى ۋە ئونىنى ئۆلتۈرسە يەنە ئوتتۇزى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كېلىپ تېگىش قىلغىلى تۇردى. ئەتىسى، قارا قاشتىن ئون مىڭدىن ئارتۇق چوماقچى ئالامان چوماق - كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئوچاق - داڭقان، ئوزۇق - تالقانلىرىنى ئېلىپ، قارا كالتەك بولۇپ كەلدى؛ ئاندىن كېيىن، چىرا - چاقادىن بىر توپ ئالامان قىل قۇيرۇق بولۇپ، چوماق - كالتەكلىرىنى، ئوزۇق - تالقانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، كۆيۈۋاتقان ئوتقا خۇددى پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئاتتى. ئاتالىق غازىنىڭ يىگىتلىرى ئۇلارنى قىرغىن قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆلۈمگە ماڭغانلارغا قوشتى. كوچا - كوچىلاردا، قەتلىئام قىلىنغانلارنىڭ

ئىسسىق قانلىرى شارقىراپ ئاقتى، پۈتۈن خوتەن شەھىرى پانىي ئالەمدىكى قۇشخانىغا ئايلاندى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەربىر تۈمەن ئادەم ھالاك بولسا، بىر ئۆلۈكنىڭ قولى كۆتۈرۈلىدىكەن. دېمەك، شۇ قېتىمقى قەتلىئامدا خوتەن شەھىرىدە بەش ئۆلۈك قولىنى كۆتۈرگەن بولىدۇ.

قەتلىئام توختىتىلغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ھاجى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى ئىنقلاتقۇزدى. ئۇن ئالتە دانە قاپتەك چوڭلۇقتىكى ۋازىلارغا ساپ ئالتۇن قاچىلانغانىكەن. كۈمۈش تەڭگە، تىللا ۋە داچەن پۇللارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولغىلى بولمىدى. مەرھۇم ھەببۇللا ھاجى پادىشاھ ئۆزىمۇ يېمىگەن - ئىچمىگەن، باشقىلارغىمۇ يېگۈزمىگەنىكەن. ھەتتا، ئەھلى ئايالىرىغىمۇ «ئىسراپ قىلماڭلار، گۇناھ بولىدۇ» دەپ، ئالتۇندىن سۆكە - مۇنچاق، ئۈزۈك - جابدۇق دېگەنلەرنى قىلدۇرۇپ بەرمىگەنىكەن. مەرھۇم ئۆزىنىڭ ئاشخانىسىغىمۇ ئاتائىي - ئەجدادىدىن مىراس قالغان زېمىنلىرىدىن چىققان مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتەتتىكەن. مانجۇلاردىن ئولجا ئېلىنغان تىللا - تەڭگە، داچەن - پۇللارنى، يامبۇلارنى تىزىملىغان پېتى پېچەتىنى بۇزماي ساقلاپ قويغانىكەن. ئاتالىق غازى مەرھۇم ھاجى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىكى ھېسابسىز دەپىنى دۇنياغا قاراپ، ئەقلى لال بولۇپ، قولىنى چىشلەپ قالدى:

— مەن مەرھۇمنى بۇرۇن ئاتام دەپ يۈرگەنىدىم. بۇ زاتى مۇبارەكنىڭ ھەقىقەتەن ماڭا ئاتا بولغىچىلىكى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ئۇ.

ھاجى پادىشاھنىڭ جازا يەلپۈشلىرى چوڭ مۇۋۇتتىن، نۇقتا ۋە بويۇنباغلىرى مەشۇت - يىپەكتىن ئىشلەنگەن، بويۇنباغلىرىغا قاتار - قاتار جەرىس - قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ بېزىگەن توت چوڭ نار تۆگىسى بار ئىدى. بۇ تۆگىلەرنى تاماشا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەقلى لال، كۆزلىرى خىرە

بولۇشتى. ياقۇپبەگ ھاجى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى مۇشۇ تۆگىلەرگە يۈكلەپ، قەشقەر دارۇ سەلتەنەتىگە ئېلىپ ماڭدى.

ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ھەممە ئەمىر لەشكەر، پەنساد، ئەمرۇل - ئۇمرالىرىغا ۋە ھەممە يىگىت - سەرۋازلىرىغا ئىنئام - ئېھسانلارنى يەتكۈچە بېرىپ، ھەممىنى مەمنۇن قىلىپ، ھاجەتتىن چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خوتەن دىيارىدىكى شەھىدان ئىماملىرىنىڭ مازارلىرىغا، خانىقا - مېچىتلەرگە قوي - كالا، ئۇن - گۈرۈچ، پۇل - پېچەك، تون - سەرپاي دېگەننى ئايىماي ئىنئام قىلدى. دۇئاگۇيلارغا سەدىقىلەرنى تولا بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، خوتەنگە يەكەنلىك نىياز ئىشىكئاغا بەگنى ھاكىمبەگ قىلىپ بەلگىلەپ، خوتەن دىيارىدىكى ئالتە شەھەرنى ئۇنىڭ ئۇڭچە سورىشىغا تاپشۇردى.

ياقۇپبەگنىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق ئالاھىدە مەرھەمەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسىتىشىدە مۇنداق بىرقانچە سەۋەبلەر بار ئىدى: نىياز ھېكىمبەگنىڭ ياقۇپبەگنىڭ قەشقەر سەلتەنەتىدە ئۆز ئورنىنى پەيدىنپەي مۇستەھكەملەپ، بۇزرۇك خاننى قەشقەر تەختىدىن چەتلىتىشىدە كۆرسەتكەن تۆھپىسى بار ئىدى؛ كۇچالىق ھامىدىن خوجا يەكەننى بېسىۋالغاندا، ياقۇپ قوشبېگىنى يەكەنگە چىللاپ كەلگەن كىشىمۇ دەل شۇ نىياز ھېكىمبەگ ئىدى؛ ئىككىنچى قېتىملىق يەكەن سوقۇشىدا، ئىسھاق خوجا تۇڭگانىيلار بىلەن بىللە ئۇنىڭغا شەبخۇن ئۇرماقچى بولغاندا، قوشبېگىنى ئاگاھلاندۇرغان كىشىمۇ يەنىلا ئاشۇ نىياز ھېكىمبەگ ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ئاتالىق غازى ھىيلە - پەندە، ئۇسۇل - تەدبىردە، ئىش - كەسپتە ۋە مىكرى - خۇپسەنلىكتە ھەمساۋاق ئىدى. ھىيلە - مىكىردە ئاتالىق غازى نىياز ھېكىمبەگكە پىر بولالىسا، تىل -

ياغلىمچىلىقتا نىياز ھېكىمبەگ ئاتالىق غازىغا ئۇستاز بولالايتتى. ئاتالىق غازى بىر قېتىم مۇھەممەت يۇنۇسجان شىغاۋۇلغا: «بۇ ناھايىتى ھۇشيار، تۈيغۇن ئادەم ئىكەن. بىزنىمۇ خاپا قىلمايدىكەن، باشقىلارنىڭمۇ كۆڭلىنى ئۇتتۇشنى بىلىدىكەن. قارىغاندا، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ» دېگەنىدى. يۇنۇسجان شىغاۋۇل: «ئۇنداق بولسا، بۇنداق ئادەمنى نېمىشقا كۆزدىن يوقاتمايدىلا؟» دەپ سورىغىنىدا، ئاتالىق غازى: «بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەمنى يىراقتا تۇتۇپ ئىشقا سېلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. دېمەك، ياقۇپبەگمۇ ئۇنىڭ نىيەت - ئىقبالىنىڭ زادىلا دۇرۇس ئەمەسلىكىنى تۈيغانىدى.

شۇ يىلنىڭ ماھي شەۋۋال ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزىنچىسى، ياقۇپبەگ ئەمرۇل - ئۇمرالىرى بىلەن قەشقەرگە ياندى. ئۇ، قەشقەرگە تۆت مەنزىل قالغاندا، ئېزىز بەگ جاللاتنى خىيانەتچىلىكتە ئەيىبلەپ، ئۇنى تۇتۇپ يوق قىلدى. مۇقەررەب بەگ بۇزرۇك خانغا ياقۇپبەگنى چاقىقاندا، ئېزىز بەگ جاللاتمۇ ھە - ھۇ دېيىشىپ بەرگەنىدى. ئاتالىق غازى ئۇنى بىر ئامال قىلىپ يوق قىلىشنى پەملەپ يۈرەتتى. بۇ قېتىم، ئۇ خوتەندە ئىككى يۈز يامبۇنى سۇۋۇۋالغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشى پاش بولۇپ قېلىپ، ئاخىرى ئاتالىق غازىنىڭ قولىدا ئۆلدى.

ياقۇپبەگ خوتەن دىيارىنى ھاجى پادىشاھتىن تارتىۋالدى. مۇپتى ھەبىبۇللا ھاجى ۋە ئۇنىڭ خانىدانى ھېلىگەر ياقۇپبەگنىڭ قولىدا مانا مۇشۇنداق بەربات بولدى.

**نەزمە:**

بۇ بېگىم ئەسلىدە بىر مۆمىن ئىدى،
تەس ئىدى خۇيىدىن تاپماق بىر ئېۋەن.
ئۇنىڭ مىڭ جاپادا يىغقىنى قالدى،
يار بولدى گۆرىگە يېگانە كېپەن.

# ئون ئۈچىنچى باب

## ياقۇببەگ ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشىدە...

**نادانلارغا ئەقىل ئۆگىتىش — قورام
تاشنى تاتلىغانغا ئوخشاش.**

مىلادى 1866 - يىلى 9 - ئاي.

يېڭىسار قورغىنى ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇزرۇك خان تۆرە قەشقەر بىلەن يېڭىسارغا ئۆزى مۇناسىپ تاپقان ئادەملەرنى ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە تۆھپىسىگە قاراپ، لايىقىدا پۇل - پىچەك، تون - سەرپاي، قورال - ياراق، تۇغ - ئەلەم ۋە مەرتىۋە - دەرىجە ئىنئام قىلدى. سېخىيلارچە مەرھەمەت ۋە ئىنايەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. پاراكەندە زامان بىر مەھەل تىنچلىنىپ، تەرتىپ - ئىنتىزام جارى بولدى.

مارالبېشى قورغىنى تېخىچە مانجۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار جاھىللارچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، تەسلىم بولۇشقا ئۇنىماي-ۋاتاتتى. يېڭىسار غەلىبىسىدىن كېيىن، ياقۇپ قۇشبېگى: «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، مارالبېشى قورغىنىنى پەتھە قىلىش،

بۇنىڭ ئۈچۈن لەشكەر تەييارلاشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلماق زۆرۈر» دەپ، نەچچە رەت ئىلتىماس قىلدى. تۆرەم: «پۇقرالارغا جەبرى - زۇلۇم بولۇرمىكىن» دەپ، ئىجازەت بەرمىدى.

بۈگۈن كۈندىكى ئادەت بويىچە، بۈزرۈك خان شاھىنىشىنگە چىقىپ، ئەئيانلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلدى. ياقۇپ قوشبېگىنىڭ سالامغا كەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. تۆرەم: «قوشبېگى بىتاپ بولۇپ كېلەلمىگەن بولسا كېرەك» دەپ، مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنى قوشبېگىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىۋېدى، ياقۇپبەگنىڭ «خان جانابى ئالىيلىرى پېقىرنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئىلىك ئالمىدى» دەپ خاپا بولۇپ، قوقانغا كېتىمەن دەپ، سەمەنگە بېرىپ بولغانلىقى مەلۇم بولدى، ياقۇپبەگ نۇرغۇن نەسىھەت ۋە ئىلتىجالار بىلەن ئاران قايتىپ كەلدى. بۇ ئىش سارايدا قەشقەرلىق بەگلەرنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۈزرۈك خان تۆرە قەشقەر سەلتەنەتىدە تەختكە ئولتۇرغاندىن تارتىپ، خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى. ھاكىمىيەتنىمۇ ھەرھالدا ئۆز نامىدا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقانىدى. ھاكىمىيەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تۆرەمنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. يۇرتدارچىلىق تۆرەمنىڭ نامىدا يۈرگۈزۈلەتتى، سېلىقمۇ تۆرەمنىڭ نامىدا سېلىناتتى، لەشكەركەشلىك ئىشلىرىمۇ تۆرەمنىڭ نامىدا ئېلىپ بېرىلاتتى، دېمەك، تۆرەمنىڭ ھاكىمىيىتى قانچىلىك قۇدرەتلىك بولسا، تۆرەم ئۈستىدىكى ھاكىمىيەت قۇدرىتىمۇ شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدى. ھاكىمىيەت ھەممىدىن ئاۋۋال پۇل تەلەپ قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن جاپاكەش پۇقرالارغا تۈگىمەس - پۈتمەس ئالۋان - سېلىق سېلىشقا توغرا كېلەتتى. تۆرەم ئادىل پادىشاھ دەپ نام قازىنىشنى ئويلىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مەنسەپدارلارنى، بولۇپمۇ ئەنجانلىق بەگ - بېگاتلارنى، ئەمرۇل - ئۇمرالارنى قىسىشىغا توغرا كېلەتتى، بۇ تولىمۇ

خەتەرلىك ئىدى. سىدىقبەگ مۇشۇنداق قىلغاچقا، ئەنجانلىقلار تەرىپىدىن قىستاپ قىرغا چىقىرىلدى. ئەمدىلىكتە بولسا، تەقىپ قىلىنىۋاتاتتى. ئەنجانلىق بەگلەر، ئەنجانلىق ئەمىرلەر پەقەت دۆلەتمەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا كۈچ - قۇدرەتمۇ بار ئىدى. تۆرەم سارايىنى ئەنجانلىق بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى. قوشبېگى ئەنجانلىق، ئەمىرلەر ئەنجانلىق، ھاكىمبەگلەرمۇ ئەنجانلىق ئىدى. كىشىلەر تۆرەمگە: «قەشقەرلىقلەرنى كۆپرەك يۆلەش كېرەك ئىدى، ئۇلار ئەسقاتىدۇ» دېگەندە، تۆرەم: «ئەنجانلىقلارنىڭ قۇلىقى يۇمشاق، بەك گەپ ئاڭلايدۇ» دېگەنىدى. مۇشۇ ئەنجانلىقلار تۆرەمنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ، قەشقەر سەلتەنەتىنىڭ تەختىگە يۆلەپ چىقاردى. بىراق، ئۇنى تەختتىن تارتىپ چۈشۈرۈشمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلەتتى.

بىر كۈنى شاھنىشىن خالى قېلىۋېدى، مۇقەررەب شاھبەگ ۋە مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت قاتارلىق قەشقەرلىق بەگلەر بۈزرۈك خاننىڭ ئالدىغا — ھۇزۇرى مۇبارەككە كىردى. ئۇلار سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، موغال تېرسىلىق مۇقەررەب شاھبەگ:

— ئانھەزرىتىم، مۇشۇ ياقۇپ قوشبېگىنىڭ نىيىتى باشقىچە تۇرىدۇ. ئۇ دۆلىتى ئالىيلىرىنى كۆزىگە ئىلماي يۈرىدۇ. ھاكىمىيەت تۇتۇنى ئۇنىڭ دىمىقىدىن ئىس چىقىرىپ تۇرۇپتۇ. «كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەن تەمسىل بار. بۇ ئەنجانلىقتىن بىزگە زادىلا ۋاپا كەلمەيدۇ. مانا بۈگۈن سالامغىمۇ كەلمىدى. شۇڭا، جانابىي ئالىيلىرى، قولىمىزغا جاھانشۇمۇل ھۆكۈم يارلىقلىرىنى بەرسىلە! بىز بۇ شۇم ئەنجانلىقنىڭ تەلۋە بېشىنى كېسىپ، دىمىقىدىكى ھاكىمىيەت تۇتۇنىنى ئۆچۈرەيلى. كېچىكسەك، «خىش قېلىپىدىن كۆچىدۇ»، — دېۋىدى، تۆرەم كۈلۈپ كېتىپ:

— سەۋر قىلماق لازىم. قوشبېگى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇر-

مىزدا ئەھدۇ - پەيمان ۋە ئانت - قەسەملەر بار، - دەپ ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا يان بېسىپ، يۇقىرىقى تەلەپكە جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالدى.

مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت تۆرەمنىڭ بىقارارلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىق ئىستىھزا ئىچىدە بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا، غاپىللىق ئىچىدە دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىۋالالماي قېلىۋاتقان بۇزرۇك خانغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالغانىدى. تۇيۇقسىزدىن ئۇنىڭ ئېسىگە شەيخ سەئىدىنىڭ مۇنۇ سۆزى كېلىپ قالدى: «بىراۋنىڭ خائىنلىقىنى پادىشاھقا (دەرھال) يەتكۈزمە. پەقەت بۇ خەۋەرنى پادىشاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئىشەنچىڭ كامىل بولغان چاغدىلا يەتكۈز. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىشقا تىرىشقان بولىسەن.» ئۇ شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ئوقۇغان بىر كىتابتا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ھۆكۈمدار بىلەن ئۇچرىشىش خەۋپلىك ۋە ھالاكەتلىك. بۇنىڭ سەۋەبى، ھە دېمەيلا بېشىڭدىن ئاجراپ قېلىشىڭدا ئەمەس - ئاخىر بىر كۈن ئۆلىدىغانلىقىڭنىڭ مۇقەررەرلىكىدە. ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ھۆكۈمدارنىڭ دۆتلۈكى ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئادەم يەيدۇ. ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلا ياخشى بولسا شۇنى ياخشى دەپ قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىسەن. ئېھتىرام يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ بولمىغۇر گەپلىرىنىمۇ قارشىلىقسىز قوبۇل قىلىۋېرىسەن: شۇنداق قىلىپ، ئاستا - ئاستا ئۆز ۋىجدانىڭدىن ئايرىلىسەن. ھۆكۈمدارغا قانچىكى يېقىنلاشساڭ، ھەقىقەتتىن شۇنچىكى يىراقلىشىسەن. ئەڭ ئادىل پادىشاھنىڭ كۆز - قۇلىقى بولۇشتىن كۆرە، ئازاد قەلبىڭنىڭ قۇلى بولغىنىڭ مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل...»

مەۋلانەمنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. ياقۇببەگ پۈتۈن سارايىنى ئۆزىنىڭ كۆز - قۇلاقلىرى بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى. بۇزرۇك خاننىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى، ھەربىر

ھەربىكىتى ياقۇپبەگنىڭ تەقىپىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ياقۇببەگ تۆرەمنىڭ ھۇزۇرىدا بولغان بۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىنىڭ سارايىدا ئىشلەيدىغان بىر ئادىمىدىن ئاڭلاپ، ئۇلارنى تۇتماقچى بولغاندا، مەۋلانە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ئۇستۇن ئاتۇشقا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. مۇقەررەب شاھبەگ راشىدىن غازى خاندىن پاناھ ئىزدەپ كۇچاغا قاچتى.

قوقان خانلىقىدىكى موللا ئالىمقۇل تاشكەنتتىكى مىڭئۆرۈك دېگەن يەردە رۇسلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سوقۇشتا شېھىت بولدى. ئۇنىڭ قوشۇنى تىرە - پىرەن بولۇپ پىتىراپ كەتتى. كاتتا خان تۆرە، ھېكىم خان تۆرە (كېيىنكى چاغلاردا ھېكىمبەگ تۆرە دەپ ئاتالدى) ۋە مىرزا مۇھەممەت قوشبېگىلەر موللا ئالىمقۇلنىڭ تىرە - پىرەن بولۇپ كەتكەن پەنسات، يىگىت ۋە سەرۋازلىرىدىن بولۇپ يەتتە مىڭدەك ئادەمنى باشلاپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇزرۇك خان بىلەن ياقۇببەگ خاتىرجەم بولالماي، ئۇلارنىڭ مەقسەت - مۇرادلىرىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئىككى پەنسادنى باش قىلىپ بىر بۆلۈك قوشۇننى ئەۋەتتى. ئۇلار: «يۇرتىمىزنى ئورۇسلار بېسىۋالدى. بىز جېنىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئىسلام ئېچىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېلىۋاتىمىز. خىزمەتكە سالساڭلار، تۆھپىمىزنى تەقدىم قىلىمىز، بولمىسا بىزنىڭمۇ رىسقىمىزنى خۇدايىم بېرەر!» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرگە پاناھلىق تىلەپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى. قوشۇن تەييارلاش تەرەددۇتىدا يۈرگەن ياقۇببەگ ئۈچۈن بۇ يەتتە مىڭ كىشى ناھايىتى چوڭ مەدەت ئىدى. بۇزرۇك خان ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە لايىقىدا تون - تەلپەك، كىيىم - كېچەك، ئىنئام - ئېھسان بېرىپ، بۇ ئەنجانلىق مۇساپىرلارنى ھەرقايسى پەنسادلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئىلگىرى قەشقەردە نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىدىن مۇنار ياسىغان ۋەلىخان تۆرىمۇ بار ئىدى. ئۇ قەشقەرگە كېلىپلا،

قىلچىمۇ تەپتارتماستىن «زامان - زامانى، ۋەلىخان تۆرىمنىڭ زامانى!» دەپ جار سالدى. بۇ چاغدا، بۈزرۈك خان ياقۇپ قوشبېگى بىلەن خانئېرىدىق دېگەن يەردە كۇچالىق خوجىلاردىن جامالىدىن خوجىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇش قىلىۋاتقانىدى. تۆرىلەرنىڭ قەشقەرنى پاراكەندە قىلىپ يۈرگەنلىك خەۋىرى ئالدىنقى سەپكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئەسكەر ئەۋەتىپ ۋەلىخان تۆرىنى تۇتتۇرۇپ كەلدى. گۇناھلىرىنى ئارتىپ توۋا قىلغۇزغاندىن كېيىن، ئۇنى يېڭىسارغا ئەۋەتىپ نەزەربەند قىلدى. ئۇزاققا قالماي، ئۇنىمۇ تامغا باستۇرۇپ ئۆلتۈردى.

خانئېرىقتىكى سوقۇشتا، جامالىدىن خوجىنىڭ قوشۇنى ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىدىن كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەكەندىن ئۇلارغا ياردەمگە ئون ئىككى مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى كېلىپ قوشۇلغانىدى.

ياقۇپبەگ جىرەن ئارغىماق ئۈستىدە خىيال سۈرگەن پېتى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇ كۇچالىق خوجىلاردىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇلار ھەربىي كىيىم كىيگەن بىر توپ دەرۋىش - سوپىلار ئىدى. دەرۋىشلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى قانچىلىك بولاتتى دەيسىز؟ بۇلارغا ياردەمگە كەلگەن ئون ئىككى مىڭ تۇڭگانىلار ياقۇپبەگ ئۈچۈن زور تەھدىت ئىدى. ئۇلار ياخشى مەشىق قىلدۇرۇلغان، قورال - ياراقلىرى خىل، توپ - زەمبىرەكلىرى كۆپ ئىدى. ئەگەر بۇ تۇڭگانىلار بولمىغىنىدا ئىدى...

پۈتۈن قوشۇن بىر - ئىككى تۈمەندىن ئاشمىسىمۇ، ئەمما، دەشت لەشكەر بىلەن تولۇپ كەتكەندەك، سىپاھلار سان - ساناقسىزدەك كۆرۈنەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن پوش - پوش دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كوچا - بازارلاردا، ئۇرۇشقا ماڭغۇ-

چىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ «يول بولسۇن!» دېگەن پاتىھە ئاۋازلىرى، كاناي ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى، مەدداھلارنىڭ ئايرىلىش ئالدىدا ئوقۇغان قەسىدىلىرىنىڭ ئاھ ـ ۋايلىرى، ناله ـ پەريادلىرى پەلەكنى قاپلىغانىدى. لەشكەرلەرنىڭ ئات ئاياغلىرىدىن چىققان چاڭ ـ توزانلار ئاسمان ـ پەلەككە ئۆرلىگەنىدى، بۇ ھالەت كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزىنى كور، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قۇلىقىنى پاڭ، ئەقلىنى لال قىلىۋېتەتتى.

يول ـ يوللاردا كېلىۋاتقانلار قوشۇننىڭ قوشۇنغا يول بېرىش ئۈچۈن توختىشاتتى. قوشۇننىڭ ئالدىدا نەيزىۋازلار كېلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن كېيىن پالۋانلار، باتۇرلار كېلىشىۋاتاتتى. بۇلار مەيداندا يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىدىغان، خىللانغان پالۋانلار بولۇپ، كۆپىنچە جەڭنىڭ ئاقىۋىتى شۇلارغا باغلىق بولاتتى. ئۇلار مىنگەن چىلان تورۇق، غاز بويۇن، يايلىلىرى قويۇپ بېرىلگەن، كەڭ كۆكرەكلىك، يەلكىسى تار، ئەمما ساغرىسى كەڭ يۈلتۈز ئايغىرلىرى ئويناقشىپ، چاپچىپ تۇراتتى. ئايرىم ئاتلارنىڭ بويىنىغا كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن بويۇنباغلار باغلانغان بولۇپ، ئۇ، بىرەر قورغاننىڭ ئېلىنىشى ياكى دۈشمەن ئۈستىدىن قازىنىلغان بىرەر غەلىبە شەرىپىگە خان تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇ پالۋانلار ئىچىدە ئېزىز بەگ جاللاتمۇ كېتىپ باراتتى. ئۇ مىنگەن ئاتتىمۇ مۇشۇنداق بەلگىدىن ئىككىسى بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ قەشقەر بىلەن يېڭىسار قورغىنىنى ئېلىشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپاتتىن نىشانە ئىدى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك چومىقىنى ئۇنىڭ كەينىدىن ياراقدارى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. قالغان ھەربىر پالۋاننىڭ كەينىدىمۇ ئۈچتىن ـ تۆتتىن ياراقدار ـ چاۋۇشلار① مېڭىشاتتى.

پالۋانلار سېپىدىن كېيىن، قىلىچ ۋە يەكمە سىنغەر

① چاۋۇش ــ قوشۇندا تەرتىپ ساقلىغۇچى پاترول.

كۆتۈرگەن يىگىتلەرنىڭ ھىمايىسىدە، يېشىل تۇغ كۆتۈرگەن باش تۇغچى كۆرۈندى.

داقا – دۇمباقلارنىڭ ساداسى ئىچىدە، دۇمباقچىلارنىڭ كەينىدىن سەرۋازلار كۆرۈندى. ھەربىر قۇر ئۆز بايرىقى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ سۆتنە باشى① بىلەن ماڭاتتى. ئېگەر – جابدۇق، يۈگەنلىرىدىكى ۋە تۆش باغلىرىدىكى بېزەكلەر، رەڭدار قەشقەر پالىزىدىن تىكىلگەن يوپۇقلار، ئولجا سالىدىغان خۇرجۇنلار، ئېگەر قاشلىرىدىكى ھەر خىل زىننەتلىرىدىن بۇ سۆتنە باشلىرىنى تونۇۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. سەرۋازلارنىڭ ئاتلىرى ھەر خىل ئىدى، تولاراقى قۇلا، قاشقا، تورۇق، تاغىل، پۇتلىرى قىسقا، قۇيرۇقى قىڭغىر قىپچاق ئاتلىرى ئىدى.

قوشۇننىڭ كەينىدىن كىيىم – كېچەك، قورال – ياراق، ئوزۇق – تۈلۈك ئارتىلغان تۆگە، قېچىر، ئېشەكلەر قاتارلىشىپ ئۆتۈشۈۋاتاتتى.

ياقۇببەگ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن سالجۇق تۈركلىرىنىڭ شەۋكەتلىك ۋەزىرى نىزامۇلمۇلكنىڭ «سىياسەتنامە» سىنى كۆپ ئوقۇغانىدى. ئۇنىڭدا، ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەر قېتىم ئالۋان – سېلىقلار بىلەن دېھقانلارنى خانىۋەيران قىلماسلىق ئۈچۈن، بىر يىل بۇرۇن تەرەددۇت قىلىپ، قوشۇنغا زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسىنى غەملەپ قويۇش كېرەك، دېيىلگەنىدى. بۇ قېتىمقى سوقۇش — ياقۇببەگ ئۈچۈن قاتتىق بىر سىناق ئىدى. يېڭىلمەي نۇسرەت قۇچسا، پۈتۈن ئالتە شەھەر، ياق، پۈتۈن يەتتە شەھەر تەۋەسىدە ئۇ داۋاملىق پۇت تىرەپ تۇرالايتتى. بۈزرۈك خان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغان بىر توپ لىگىتاسىما مەنسەپدارلارنىڭ ئاغزى شۇنىڭ بىلەن مەھكەم ئېتىلەتتى، ياقۇببەگ ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا شارائىت تۇغۇلاتتى. مۇبادا، نۇسرەت ئۇنىڭغا جامالىنى ئېچىپ

---

① سۆتنە باشى — ئەللىكبېشى.

باقمىسا، ئۇ هالدا، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممە مۇشەققىتى شامالغا سورۇلۇپ كېتەتتى. ئېھتىمال، ئۇنىڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قىلىچلاردىن بېشىنىمۇ ساقلاپ قالالمايتتى.

ئالدىنقى كۈنى، ئۇ ۋەلىخان تۆرىگە گۇناھىنى ئارتىپ، ئۇنى بارسا – كەلمەسكە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، كېچىسى ئۇيقۇسى قېچىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ قارا بېسىپ، چىلىق – چىلىق تەر ئىچىدە تېزلا ئويغىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ مۇنداق چۈش كۆرگەنىدى: «ئۇ ئوۋغا چىقىپتۇدەك. ئۆزى ياخشى كۆرگەن قارچىغىسىنى مۈرىسىگە قوندۇرۇۋېلىپ، دەريا بويىلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ياقۇببەگنىڭ توختىماي چېپىپ، يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نەۋكەرلىرىدىن بىرى: «قۇشبېگى توختاڭ! بۇ يەر خەتەرلىك، قومۇشلۇقتا يولۋاس بار!» دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەك. لېكىن، ياقۇببەگ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئېتىنى راسا قامچىلاپ، قومۇشلۇققا قاراپ چېپىپ كېتىۋەرگۈدەك. بىر چاغدا ئالدىدىن بىر توشقان چىقىپ قېچىپتۇدەك، بىر قارىسا ھېلىقى توشقان تۈلكىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقۇدەك. ھېلىقى تۈلكە خۇددى ئۇنى مازاق قىلغاندەك، بىر توختاپ، بىر قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ياقۇببەگنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، مۈرىسىدىكى قارچىغىسىنى ھېلىقى تۈلكىگە سېپىتىكەن، قارچىغا تۈلكىگە چاڭگال سالماستىن، ياقۇببەگنىڭ ئۆزىگە چاڭگال سالىمەن دەپ ئېتىلىپ تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆزىنى ھىمايە قىلىمەن دەپ، قولىدىكى قىلىچىنى ھەدەپ شىلتىغۇدەك....»

ئەتىسى، ياقۇببەگ ئۆزى كۆرگەن بۇ قاباھەتلىك چۈشنى ئالدىراپ دادخاھقا سۆزلەپ بېرىۋېدى، ئۇ قۇشبېگىنىڭ

كۆڭلىنى ياساپ،

— ئاللا تائالا ئىگەم سىلىگە نۇسرەت ئاتا قىلسا، زەپەر قۇچۇپ قايتساق ئەجەب ئەمەس،— دېدى.

— ئىنشائاللا، دېگىنىڭىزدەك بولغاي، بىراق، مەن ئاشۇ پاراكەندە تۇڭگانىيلاردىن ئەنسىرەيمەن،— دېدى ياقۇپبەگ جاۋابەن.

ياقۇپبەگ قوشۇن بىلەن كېتىۋېتىپ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى قانداق قىلىش ئۈستىدە خىيال سۈرەتتى. «تۆرەمنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىسى يوق،— دەپ ئويلىدى ئۇ،— بىر ھېسابتا، ئۇنىڭ لەشكەركەشلىكتە ئارىلاشمىغىنىمۇ تۈزۈك، بولمىسا، خۇددى ئالىقانغا چىققان سۆگەلدەك، ئادەمگە كاشىلا بولىدۇ. بىر ئامال قىلىپ، كۇچالىقلار بىلەن تۇڭگانىيلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىش كېرەك. پەقەت تۇڭگانىيلار مىدىرلىمىسلا، كۇچالىقلارنى ئەپلىمەك ئاسان.»

قوشۇن ھەتتا ئۇيقۇسىدىمۇ ياقۇپبەگ بېكىتكەن لەشكەر- كەشلىك قائىدە - يوسۇنلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلغان ھالدا ياتاتتى. ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتى — چېرىنغار قىسىم، سول تەرىپىدە قوشۇننىڭ سول قانىتى — بېرىنغار قىسىم جايلاشقانىدى. قوشۇنلار بىر - بىرىدىن ئاتلىقلار ئۆتىدىغان يوللار بىلەن ئاجرىلىپ تۇراتتى. يۈزلۈك- لەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان يوللار بولسا تارراق ئىدى. سۆتنىلەرنى ئايرىپ تۇرىدىغان يوللار بولسا تېخىمۇ تار بولۇپ ئاران پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

ئۇرۇش جامادىيەل ئاۋۋال ئېيىنىڭ ئىككىنچى كۈنى خانئېرىقنىڭ پايناپ دېگەن يېرىدە باشلاندى. جامالىدىن خوجا «قوشبېگىنىڭ يىگىتى ئاز، بىز بولساق كۆپ» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، لەشكەرلىرىنى ئوڭ ۋە سولغا بۆلۈپ، تۇڭگا- نىيلارنى توپ - زەمبىرەكلىرى بىلەن ئارقىغىراق تىزدى. بۇ كۈنى،

گۈن ئاجايىپ ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئاسماندا بىر پارچە بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى ئارىلىق قالدۇرۇپ، قارىمۇ قارشى تىزىلدى. كۈن چاشكا بولغاندا، كاناي چېلىنىپ، ناغرا - دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى ئەۋجىگە چىقتى. بۇ ھۇجۇمنى باشلاش ئۈچۈن بېرىلگەن سىگنال ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ چىرىنغارىدىن ئابدۇللا پەنساد باتۇرلىرىنى باشلاپ، كۇچالىقلارنىڭ سېپىنىڭ قەلبىگە ئېتىلىپ بېرىپ، توپ - زەمبىرەكلىرى بىلەن توپلىشىپ تۇرغان تۇڭگانىيلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، يەنە ئارقىغا قايتىپ، ئۆز سېپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى؛ قوشۇننىڭ بېرىنغارىدىن ئېزىز بەگ جاللات، غازىبەگ پەنساد قاتارلىق باتۇرلار ئات ئويىنىتىپ كېلىپ، ئۇرۇش مەيدانىدىكى جەڭ ۋە قىرغىنچىلىق مەركىزىنى ئەۋجىگە يەتكۈزدى. ئابدۇللا پەنساد ئىككى - ئۈچ نۆۋەت كەينى - كەينىدىن جەۋلانبازلىق قىلىپ، بىر چېكىنىپ، ئارقىدىنلا يەنە ئۆزىنى كەپتەرگە ئۇرغان لاچىندەك ھەملە قىلىپ تۇردى. كۇچالىقلارنىڭ لەشكەرلىرى سول قول تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراپ ئەمدى چېكىنىپ تۇراتتى، «ھازىر قاچمىساڭلار، قاچان قاچىسىلەر!» دېگەن ئاۋازنىڭ ساداسى كەلدى. جامالىددىن خوجىنىڭ سېپى بىردەمنىڭ ئىچىدە پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قېلىپ، قالايمىقانلىشىپ كەتتى. «كۈچى يەتمىگەندە قاچماقلىق — پەيغەمبەرنىڭ يولىدۇر» دېگەن ھەدىسكە بىنائەن، كۇچالىقلار قورال - ياراق، چېدىر - بارگاھ، يېمەك - ئىچمەك، مال - دۇنيالىرىنىڭ قېلىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئات قامچىسىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇرۇپ بەدەر قاچتى. شۇنداق قىلىپ، راشىدىن غازى خاننىڭ كۇچا، ئاقسۇ، يەكەن، ئۈچتۇرپان ۋە كورلىغىچە بولغان يۇرت - يۇرتلاردىن ئىككى يىلدىن بۇيان يىغقان خىراجەتلىرىگە ۋە پۇقرالارنىڭ پۇل - مېلى ھەتتا جېنى ھېسابىغا تەييارلانغان ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن

خىل قورال ـ ياراقلارغا تايانغان يەتمىش مىڭ كۇچالىق جەڭدە ئىككى سائەتكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي توزۇپ كەتتى.

ئەسلىدە، ئالدىنقى ئاخشىمى ياقۇپبەگ جىن لاۋسەن بىلەن ما تۆرىنى تۇڭگانىيلارنىڭ بارگاھىغا سۈلھ قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. كېلىشىم بويىچە، بۇ تۇڭگانىيلار جەڭدە بىر پايمۇ ئوق ئاتماي جىم تۇرۇۋالدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئۇلارنى توپ ـ زەمبىرەكلىرى بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ ئۆزگەرتىپ، ئۇلاردىن قوشۇن تەييارلىدى ۋە ھەر بىرىگە ئۆز دەرىجە ـ مەرتىۋىسى بويىچە، مۇۋاپىق ئىنئام ـ ئېھسانلارنى بەردى، ھەرخىل ۋەدە ـ قەسەملەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، خاتىرجەم قىلدى.

× ×

ئاتالىق غازى ① ياقۇپبەگ ۋەلىخان تۆرىنى يېڭىساردا تامغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قورقۇش، تەھلىكە قەشقەرنى خۇددى زەھەرلىك تۇماندەك ئورىۋالغانىدى. خانئېرىق سوقۇشىدا كۇچالىقلارنى قاچۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بۈزرۈك خاننى قورچاق قىلىۋالدى. ئۇنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرىنى ۋە ئىشقىلىپ ئۆزى ئۈچۈن خەۋپلىك دەپ سانىغان ئادەملەرنى تەقىپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، بەزىلەرنى چىرايلىق نام بىلەن مەككىگە يولغا سالسا، بەزىلىرىنى جىم ـ جىملا يوق قىلىۋېتەتتى. ئادەملەرنى كوچا ـ بازارلاردا بىرىنچى قېتىملىق چېقىمچىلىق تۈپەيلىدىنلا تۇتتۇۋېرىشەتتى، ئۆيلەردىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىشاتتى. ئاتالىق غازىنىڭ بۇ قاباھەتلىك قىلمىشلىرىغا پەتىۋا بېرىدىغان

① كۇلباغ قەلئەسى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، بۈزرۈك خان ياقۇپبەگكە «ئاتالىق غازى» دەپ نام بەرگەنىدى.

ئۆلىمالارمۇ تېپىلىپ قالاتتى. بۇ زاتلارنى ئاتالىق غازى ئەلۋەتتە قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى.

ياقۇببەگ ئاز قوشۇن بىلەن راشىدىن غازى خاننىڭ ئۆزىنىڭدىن ئون ھەسسە جىق بولغان قوشۇنىنى يەڭگەندىن كېيىن، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، يەكەننى تۇڭگانىيلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، بۇزرۇك خان تۆرەم باشلىق كاتتىلارنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىقتى.

كۇچالىقلار خانئېرىقتىكى جەڭدە شېكەست يەپ ئاقسۇ تەرەپكە چېكىنگەندىن كېيىن، يەكەن قۇرۇغدىلىنىپ قالدى. بىر بۆلۈك ئىتائەتسىز تۇڭگانىيلار يېڭىشەھەرگە بېكىنىۋالغانىدى.

ياقۇببەگ خانئېرىقتىكى سوقۇشتا، قارشى تەرەپنىڭ ئاتقان ئوقىدا يارىلىنىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنىدى. بىر پاي ئوق ئۇنىڭ بەدىنىدە تۇرۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ يارىسى ئەدەپ، قىزىتمىسى چۈشمەي بىرنەچچە كۈن يېتىپ قالدى. يەنە مۇشۇ ھالەتتە يېتىپمۇ، يەكەن يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلدى.

بۇزرۇك خان تۆرەم ئاتالىق غازىنىڭ ھوقۇقىنىڭ بەزىدە ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. شۇڭا، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولدى. ئۇ ئالدىنقى كۈنلەردە، بەگ مۇھەممەت قۇرچى دېگەننى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، بۇ ئىش ھەققىدە ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندا، ئۇ: «قوشبېگى بۇ قېتىم ساقىيالمايدۇ، ‹يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال› دېگەن سۆز بار. تۆرەم، نېمىشقا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ ئەنجانلىقنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈپ تاشلىمايلا؟» دېگەنىدى. تۆرەم ئۇنىڭ گېپىنى لازىم تېپىپ، ئۆزىگە يېقىن كاتتىلارنى ئېلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەرگە قېچىپ كەلدى ۋە ياقۇببەگنىڭ قارا نىيىتى بار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، «قەشقەرنى قەشقەرلىق-

لار سورىسۇن!» دەپ جاكارلىدى.

ئاتالىق غازى ياقۇببەگ بۇ پىتنىنى ئاڭلاپ، ئەمدى يېتىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئالدىراپ دادخاھقا ئۇستا جەرراھتىن ① بىرنى دەرھال تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. جەرراھ يارىنىڭ ئېغىزىنى تازىلاپ، تۇز سۇيىدە يۇيغاندىن كېيىن، ئۇستىرا بىلەن يارىنىڭ ئاغزىنى شىلدى. ياقۇببەگ ئاغرىق كىرىپ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، تاكى جەرراھ بەدەندە توختاپ قالغان ئوقنى جۇپتەك بىلەن قىسىپ ئېلىۋەتكەنگە قەدەر بەرداشلىق بېرىپ ياتتى. ئوق ئېلىپ تاشلانغاندا، ياقۇببەگنىڭ بەدىنىدىن ئاققان تەر ئورۇن ـ كۆرپىسىنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

ياقۇببەگ كاتتا خان تۆرەم بىلەن جامەدار دادخاھنى بىرقانچە يىگىت بىلەن قەشقەرگە ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە، مۇمكىن بولسا بۇزرۇك خاننى نەسىھەت بىلەن ياندۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئەمما، بەگ مۇھەممەت قۇرچى يېڭىشەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ، ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىپ ياتقانىكەن. شۇڭا سۆلھىدىن نەتىجە چىقماي، كاتتا خان تۆرەملەر يەكەنگە قۇرۇق قول قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئارىلىقتا ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتالىق غازى ئاتقا ئولتۇرالايدىغان بولدى. ئۇ كاتتا خان تۆرەمنى يەكەندە قالدۇرۇپ، قەشقەرگە ئۆزى كەلدى.

قىش كىرىپ قالدى، قىش ـ زىمىستانىنىڭ سوغۇقى بىلەن قار ـ شىۋىرغانلىرى دوست بىلەن دۈشمەنگە باراۋەر تەسىر قىلاتتى. ئىككى ئوتتۇرىدا تىركىشىش بولۇپ، ئاتمىش كۈندەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تەدبىرگە پىشقان ياقۇببەگ كاتتىلاردىن ئەلچى تۈزۈپ، بۇ دىشۋارچىلىقتىن

① جەرراھ ــ خىرورگىيە دوختۇرى.

سۈلھى سولى بىلەن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، يېڭىشەھەرگە ئادەم كىرگۈزدى.

بەگ مۇھەممەت قۇرچى ئەلچىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ئەمدى قوشبېگى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئىتتىپاقلىق كۆتۈرۈلدى. مۇرەسسە قىلىپ ئىككىنچىلەپ يالغان دوست بولۇشنىڭ ئورنى قالمىدى، — دەپ كۆڭلىدىكى گەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، — بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، قوشبېگى ئەھد - پەيمان تۇرغۇزۇپ، بارلىق قىپچاقلار-نىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بىز بالا - ۋاقىلىرىمىزنى ئېلىپ يۇرتىمىزغا چىقىپ كەتسەك بولىدۇ.

ئەلچى ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاتالىق غازى ياقۇپبەگكە يەتكۈزۈپ بەردى، ياقۇپبەگمۇ دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى. كېلىشىم بويىچە، قىپچاقلارنىڭ ئىككى يۈزدەك كاتتىلىرى دەرۋازىدىن چىقىشى بىلەن تەڭلا، ئاتالىق غازى دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ، قالغانلىرىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر پېتىنىسى سىلىق يول بىلەن ھەل بولدى.

بۇزرۇك خان تۆرەم نۇسرەت قاچقانلىقىنى چۈشەندى. ياقۇپبەگ تۆرەمنىڭ ئالتە يۈزدەك خاس يىگىت-لىرىگە ئىنئام ئىشكىلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارغا تون - سەرۇپايلارنى ياپتى، تىللا - تەڭگىلەرنى چاچتى. خۇددى «ئىنسان ئېھسانىنىڭ قۇلىدۇر» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياقۇپبەگ تەرەپكە ئۆتتى. ئاخىرىدا، تۆرەمنى شۇبھىلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى بەش مەھرىمى بىلەن يېڭىسارغا ئەۋەتكەندىن كېيىن، يېڭىساردا، ئۇنى بۇ بەش يىگىتتىنمۇ ئايرىپ، تەنھا تۇتۇپ نەزەربەند قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، تۆرەمنى ئۇ يەردىن مەخپىي

يوسۇندا قەشقەرگە ياندۇرۇپ كېلىپ، ئاقسارايغا قامىدى.

ياقۇببەگ پەرغانىدە ئۆزىنىڭ بېشىنى كېسىشكە كۆتۈرۈلگەن قىلىچتىن ئاران قۇتۇلۇپ قالغاندا، ئۇنىڭغا نۇسرەت يەنە بىر قېتىم چىراي ئاچقانىدى. ئاتىسى رەھمەتلىك ئۇنىڭغا: «يىگىتنىڭ ئۆمرىدە ئامەت يەتتە قېتىم يولۇقىدۇ» دېگەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدە. تەقدىر ئاخىر ئۇنى بۇزرۇك خان بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇ ئامەت قۇياشىنىڭ قەشقەر زېمىنىدا يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، مەيلى قەشقەرگە كېلىشتە يول ئۈستىدە بولسۇن ياكى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بولسۇن، ئۇ تۆرەمنىڭ خىزمىتىنى پەرمانبەردارلىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. بۇزرۇك خان ھەرقانداق بىر ئىشنى ئۇنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ قىلمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن، «قوي بىلەن بۆرە بىر بۇلاقتىن سۇ ئىچكەندى.» شۇڭا، تۆرەم تەرىپىدىن ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىۋاتقان ئىززەت - ھۆرمەتلەر ئالدىدا، بەگ - بىگاتلار ۋە سەرۋازلارنىڭ ھەممىسى تۆرەمنى خاتىرىلىرىدىن چىقىرىشىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ دىلىدىكى مەتلۇبىنى ئىستەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. ياقۇببەگمۇ تۆرەمنى غاپىل قويۇپ، قاپاق قىلىپ كولدۇرلىتىشنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى:

— ۋاي، بىزگە ئوخشاش قۇللىرى تۇرغان يەردە، نېمىدىن غەم يەيدىلا؟— دېگەنىدى ئۇ تۆرەمگە، — يوللىرىدىكى دۈشمەنگە قارشى بېشىمىزنى ئوتقا، كۆكرىكىمىزنى ئوققا تۇتىمىز. ھەممە ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭغا تارتىشى سىلى ئىززەتلىك مېھرىبانىمىزنىڭ دۇئاسى ۋە ئىقبالى ئامىتىنىڭ بەرىكاتىدىن بولغان. مىجەزلىرىنى ئېگىز - پەس قىلماي، راھەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ بەھۇزۇر يېتىۋەرسىلە!

ياقۇببەگ شۇنداق دېيەتتى ۋە شۇنداق قىلاتتى. ئاپتاپ

ئەرەپتە ئۆزى تۇرۇپ، تۆرەمنى سايە مەسەللىك راھەتكە چىقىرىپ قوياتتى.

ئەمما ئاستىرتىن بولسا، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا:

— قۇياش گەرچە ئۆزىدىكى ھارارەت بىلەن كىشىلەرنى كۆيدۈرەلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭمۇ تاغ ئارقىغا پاتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، ئاينىڭ نۇرى خىرە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭمۇ يەر يۈزىنى تەنھا يورۇتالايدىغان چاغلىرى بولىدۇ،— دەپ بەل بېرەتتى.

— دۆلەت ئەگەر ماڭا مەنسۇپ بولۇپ قالسا،— دەپ ۋەدە بېرەتتى ئۇ،— سىنى مۇھىم ئىشقا قويۇپ، يۇقىرى مەرتىۋە، يۇقىرى مائاش بېرىمەن.

ئۇ بەزىلەرگە ئەمەل ۋەدە قىلسا، يەنە بەزىلەرگە مەرتىۋە ۋەدە قىلىپ، ئەتراپىغا ئادەم توپلاشقا كىرىشتى. موللا ئالىمقۇلنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تېرىپېرەن بولۇپ قېچىپ كەلگەن قوقانلىق بەگ ـ بېگات، ئەمىرۇل ـ ئۇمرالار قەشقەرگە كېلىپلا ئۇنىڭ ئۇلىقىنىڭ چۇلۋۇرى بولۇشتى. ئۇنىڭ ئابرويى مۇشۇنداق كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ باردى. ھەربىيلەرنىڭ ھەممىسى: «ۋاي قوشبېگى» دەپ تۇرىدىغان بولدى. ئەمما، بۇزرۇك خان تۆرىگە ئىقتىدا قىلىدىغان پۇقرالار ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆچىگىمۇ سەل قارىغىلى بولمايتتى. ئۇلار، يېڭىشەھەردىكى گۈلباغ ئۇرۇشى، خانئېرىق ئۇرۇشى ۋە خوتەندىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر-نى «تۆرەمنىڭ كارامىتىدىن بولغان» دېيىشىپ، ياقۇپ قوشبېگىگە ئانچە ئىلتىپات قىلىپ كېتىشمىدى. بۇ ھالەت ئۇنىڭ ئۇچۇن ئانچە ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. شۇڭا، ياقۇپبەگ پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى.

پۇرسەت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. بەگ مۇھەممەت قورچى باشچىلىقىدىكى قىپچاق پىتنىسى تىنچلىق بىلەن بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ھاكىمىيەتنى تەنھا ئىگىلەشتىكى

قەدىمنى تېزلەتتى. «بۈگۈن ئامىنىڭ (كۆپچىلىكنىڭ) ئەھۋالى مۇنداق بولسا، ئەتىگەنلىككە خاسلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىشىم يىراق ئەمەس. پۇقرادىكى بۇ كىبىسەللىك ھەربىيلەرگىمۇ يۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھەر نېمە بولسا، تەلىيىمنى بىر سىناپ، دىتلىرىمنى بىر ئىزھار قىلىپ باقمامدىمەن!»

ئەڭ دەسلەپتە ئۇ بۇ ئۇيىنى ئۆزىنىڭ سىردىشى ئالدىراج دادخاھقا ئاشكارىلىدى. ئۇ، قوشبېگىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بىردىنبىر كىشى ئىدى. ئەتىسى ناماز خۇپتەندىن كېيىن، ئۇ ئەنجانلىق بەگ ـ بېگات، ئەمرۇل ـ ئۇمرا ھەربىيلەرنى «ياقۇببەگنىڭ ھۇزۇرىدا كېڭەش بار» دەپ چىللاپ كەلدى.

— ھازىرغا قەدەر ھىممىتىمىز پەس، تىرىشچانلىقىمىز بىكار بولماي كەلدى، — دېدى ياقۇببەگ ھەممەيلەنگە بىر قاردۋەتكەندىن كېيىن، — مەيلى مانجۇلارغا تېگىش قىلمايلۇق، مەيلى ھەرقانداق بىر شەھەرنى پەتھ قىلمايلۇق، خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن قولىمىز ئۈستۈن بولۇپ، نۇسرەت يۈز بېرىپ تۇردى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب بازار ئاھالىسى بىلەن ھەربىيلەرنىڭ ئىتتىپاقى ۋە بىرلىكىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدا. لېكىن، مەن قورقۇمەنكى، مۇشۇ بىرلىك كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ئىختىلاپقا، ئىتتىپاقىمىز قارىمۇ قارشىلىققا ئۆزگىرىپ كەتمىسە دەپ. چۈنكى ھەربىيلەر مېنى ياخشى كۆرۈشىمۇ، ئەمما، پۇقرالارنىڭ ئىخلاسىنىڭ تۆرەمدە ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بىر شەھەرنىڭ ئىككى شەخسكە مەنسۇپ بولۇشى ئاخىرى زور نەپرىتكە سەۋەبچى بولىدۇ. يەنى دېمەكچىمەنكى، بىر بەدەندە ئىككى جان، بىر ئاسماندا ئىككى ئاي بولمايدۇ.

ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ھەربىيلەرگە ئاشكارىلىدى. ھەربىيلەرمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ھەقىقەت، سىناقتىن ئۆتكەن، دېيىشتى.

— ئەلۋەتتە بىر شەھەردە ئىككى خان بولمايدۇ، دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈشتى ئۇلار. ھەممىسى بۇزرۇك خاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى مۇناسىپ كۆرۈپ، ياقۇپبەگنىڭ پىكرىگە يەكدىللىك بىلەن قوشۇلۇشتى ھەمدە: «بىزلەر سىزگىلا خىزمەت قىلىمىز. خوجىلارنى تونۇمايمىز. بۇ ئىشنىڭ ئىلاج تىزگىنىنى جانابىڭىزغا تاپشۇردۇق!» دەپ، ئەھد — پەيمانلار ئىچىشتى.

ھەممەيلەن مۇشۇنداق كېلىشكەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ قەشقەر سەلتەنەتىنىڭ چوڭلىرىدىن مەھمۇت بەگ شىغاۋۇل، مەرغۇپ شاھ ھۆدەيچى ۋە ئىسلام بەگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن شەھەرنىڭ ھاكىملىقىنى بېرىشنى ۋەدە قىلدى ھەمدە دەرھال خەت پۈتۈپ، مۆھۈر بېسىپ قوللىرىغا تۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ خاتىرجەم بولدى. بۇزرۇك خاننى كېڭەش بار، دەپ ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن ئويغىتىپ چىقتى — دە، ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگىلا ئىچكىرىگە كىرگۈزمەستىن تۇتۇپ، يېڭىسارغا يولغا سالدى.

ئەسكەرلەر كېچىچە بىدار بولۇپ، ئويغاق تۇرۇشتى. كېڭەشكە قاتناشقانلاردىن باشقا ھېچقانداق كىشى نېمە ئىش بولغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى.

ئەتىسى جۈمە ئىدى. ھېيتگاھ جامەسىدە خۇتبە ئاتالىق غازى ياقۇپبەگنىڭ نامىغا ئوقۇلدى. ئۇ «بىر دۆلەت» (بەدۆلەت) دەپ ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ھاكىممۇتلەق بولغانلىقى جاكارلاندى. بارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارغا تون — سەرۇپاي تارتۇق قىلىندى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىرىگە بەش تەڭگىدىن مۇكاپات ئىنئام قىلىپ بېرىلدى. ھەربىيلەر ئىتتىپاق بولغانلىقتىن، بازار ئاھالىسى غىدىڭ — پىدىڭ قىلىشالمىدى. ئىختىيارىي بولسۇن ۋە ياكى مەجبۇرى بولسۇن، بەدۆلەت — ئاتالىق غازى ياقۇپ

خاننىڭ ئىتائەتىگە كىرىشكە مەجبۇر بولۇشتى. بۇزرۇك خاننىڭ كەشمىر ئارقىلىق مەككىگە بەيتۇلھەرەمنى تاۋاپ قىلىشقا ماڭىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى.

× ×

مانا ئونبەش كۈن بولدى. تۆرەم ئاقسارايىنىڭ تېگىدىكى بىر ئۆيدە ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزى قورۇلۇپ ياتاتتى. ئىشىكتىكى ياساۋۇل ئۇنى ھەتتا تەرەتكىمۇ چىقارماي قويدى. تەرەت سۈيىنى ياساۋۇل ئۆزى ئەكىرىپ بېرىۋاتاتتى. بۇزرۇك خان قەشقەر سەلتەنەتىدە بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئاقسارايغا تاج كىيگەندە بىر قېتىم كىرگەنچە، باشقا كىرىپ باقمىغانىدى. يەر ئاستى ناھايىتى سوغۇق ۋە قاراڭغۇ بولۇپ، پەقەت ئېگىزدىكى تۆمۈر پەنجىرىدىن ئالىقانچىلىك يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. يەرگە بىر يىرتىق گىلەم ۋە ئىككى ماتا كۆرپە سېلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى شىرەدە سوۋۇپ قالغان تاماق تۇراتتى. ياقۇپبەگدىن گۇمانلانغان بۇزرۇك خان تېخىچە تاماققا ئېغىز تەگكۈزمەي، پەقەت چۆگۈندىكى سۇدىن بىر - ئىككى ئوتلىغانىدى، خالاس. مانا ئەمدى ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن، ئۇنىڭ خىيالى چىگىشلىشىپ، يۇقىرىدىكى پەنجىرىگە قاراپ ياتاتتى.

مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، ئۇنىڭ ئويلىمىغان ئويى، خىيالەن كىرمىگەن كوچىسى قالمىدى. پۈتۈن ئۆمرى، قوقاندىكى مۇساپىرچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرقى بەختسىز مىنۇتلىرىغىچە، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ بولدى. سۈكۈنات ئىچىدىكى شەھەرنىڭ زۇلمەت باسقان كوچىلىرى، شەھەردىن تاشقىرىغا چىقىش مەنئىسى قىلىنغان پۇقرالار، يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرى، گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلەشلىرى، باغ-

لارنىڭ ياشناپ، مۇشكى ــ ئەنبەر تارقىتىشلىرى، كۆككە تاقى-
شىپ تۇرغان تاغلارنىڭ كۆز يەتمەس چوققىلىرى، قاينـاق ــ
ئاۋات بازارلار، ئادەملەرنىڭ توپلىرى ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈر-
گەن يانچۇقچىلار، زەرگەرلەرنىڭ تىنىمسىز بولـقـا ئاۋازلىرى،
قورغان سېپىللىرى ئۈستىدىكى قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغـان كې-
سەكلىك باشلار، ئىنئام تەلەپ قىلىۋاتقـان بـەگـلـەر، بېسىۋې-
لىنغان شەھەر ــ يېزىلارنىڭ كۆيۈشلىرى، پەنجىرىلەر ئىچىدىن
مارىشىپ تۇرغان كېنىزەكلەر، پېشانىسىگە تامغا بېسىلغان قۇل-
لار، دىۋانئامدىكى مىرزىلارنىڭ قومۇش قەلەملىرىنىڭ قـەغـەز
ئۈستىدە شىرتىلداشلىرى، ئولجىسىغا قاراپ ئېتىلغان قـارچىغى-
لار، گۈلەخنىڭ تاملىرىدىكى رەڭـمۇ رەڭ رەسىملەر، مەيىنـەت-
چىلىك ئىچىگە پاتقان دەرۋىشلـەرنىڭ بـالىلارنـى خانىقالارغـا
دەۋەت قىلىشلىرى، شەيخ ــ موللىلارنىڭ رىياكارلىقلىرى، ئۆلى-
مالارنىڭ مال ــ بازىرىدىكى بېدىكلەرگە ئوخشاش ئېغىزلىرىدىن
كۆپۈك چاچرىتىپ، بىر ــ بىرىنى سۆكۈپ ئەيىپلەشلىرى، بازار-
دا ھەركىمنىڭ ئۆزى بىلگەنچە ۋارقىراپ ــ جـارقىراپ چۇقـان
كۆتۈرۈشلىرى، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسـەتلىرىنىڭ پـەقـەت بىرلا
بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ھەممىسىنىڭلا ئۆز ماللىرىنـى قىممـەتـرەك
سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقى، سوپىلارنىڭ ئاپتاپ سۇدۇپ، خىـ-
يال دېڭىزىغا پېتىپ ئولتۇرۇشلىرى، لوكچەكلەرنىڭ كـوچىلاردا
بىر ــ بىرى بىلەن ياقا سىقىشىشلىرى، بەزمىلەردىكى داقـا ــ
دۇمباق، ناغرا ــ سۇنايلارنىڭ نالىلىرى، سودىگەرلەرنىڭ شاھ-
مات ئوينـاپ ئولتـۇرۇشـلىرى، ئەنتـارلارنـىڭ چەت يۇرتـلار-
دىن كەلتۈرۈلگەن مۇشكى ــ ئەنبەرلەرنى ماختاپ تـوۋلاشلىرى،
يالىڭاياق مالايلارنىڭ جەزخورلارغا ئىشىك ئېچىپ كـۈتۈۋېلىش-
لىرى، تۆگىلەرنىڭ گۈرۈلدەپ ئايلىنىشلىرى، چەۋەندازلارنىڭ
چەۋگان توپى ئويناشلىرى، دېھقانلارنىڭ تۆگمەس ــ پۈتمەس
ئالۋان ــ سېلىقلار دەستىدىن خانىۋەيران بولۇشلىرى، بـالىلار-

نىڭ تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ كوچىلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى، كەپتەرلەرنىڭ قانات قېقىپ ئۇچۇشلىرى، قوشبېگىلەرنىڭ چېدىرلىرى ئۈستىدىكى بايراقلارنىڭ لەپىلدەشلىرى، ساراڭلارنىڭ بازارلاردا تىتقۇشلاپ يۈرۈشلىرى، گادايلارنىڭ ناننى لاي سۇغا چىلاپ يەپ ئولتۇرۇشلىرى، تىلەمچىلەرنىڭ كىچىك رومالچىلار ئۈستىگە چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى لەۋلىرى بىلەن تېرىپ يېيىشلىرى، خەلپەتلەرنىڭ بىپەرۋا شاگىرتلىرىنىڭ تاپىنىغا پالاق بىلەن ئۇرۇشلىرى، مەستلەرنىڭ ئالىجوقىلىقلىرى، جاھىللارنىڭ ئەزۋەيلەشلىرى، ئەللامەلەرنىڭ تىنچ دېڭىزغا ئوخشاش سۈكۈتتە تۇرۇشلىرى، بەزلەرنىڭ ئەقىلدىن، بەزلەرنىڭ تەلۋىلىكتىن مەست ئىكەنلىكى ۋە ھاكازالار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ دۆلىتىنى ياقلايدىغانلار كۆيۈنۈپ: «موللا سىدىقبەگنى قولدىن بەرمىسلە ھەزرىتى تۆرەم. ئەنجانلىق ياقۇپ سىلىگە ھەرگىزمۇ ۋاپا قىلمايدۇ» دېيىشكەنىدى. تۆرەم ئەمدى «ئەجەبمۇ ئاڭلىماپتىكەنمەن» دەپ ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتاتتى. موللا ئالىمقۇل ئۆزىنىڭ خېتىدە ئۇنى «ياقۇپ قوشبېگىدىن ئاگاھ بولۇڭ» دېمىگەنمىدى! مانا ئۇنىڭ يېشى قىرانلىق قىرغىقىغا ئۇلاشتى. بىر يىلدىن كۆپرەكلا تاج ساھىپى بولدىيۇ، لېكىن «بەخت دېگەن نېمە؟ سەلتەنەت سۈرۈپ نېمە راھەت كۆردۈڭ؟» دېسە تىلى گاللىشىدۇ. سەلتەنەت سۈرەي دەپ ئەمدى تەمشىلىۋېدى، لەنىتى ئەنجانلىق شۇم تىكەن بولۇپ ئۈندىغۇ؟ شاھلارنىڭ ھاياتى مۇشۇ ئاقسارايغا ئوخشىسا كېرەك. يىراقتىن قارىسا، ۋاللىداپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. لېكىن ئىچىگە كىرسە، ئۇنىڭ زەي، سوغۇق ھەم قاراڭغۇلۇقىدىن تەن سىرقىرايدۇ.

تۇيۇقسىزدىن ھاجى پادىشاھنىڭ نۇرانە سىماسى پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۇزاققىچە كەتمىدى. بۇ لەنىتى ئەنجانلىق ھاجى پادىشاھنى ئۆزىنى بايراق قىلىپ تۇرۇپ يوقات-

قالدى. ئېھتىمال، شۇ رەھمەتلىكنىڭ قانلىق قىساسى تۇتقان بولسا كېرەك... ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئەل قىساسى مىنەلھەق!

بۇزرۇك خان ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە، قەشقەردە بولۇۋاتقان بۇ ئۇرۇش ـ جېدەل ھەققىدە ئويلىنىۋېتىپ، نېمە ئۈچۈندۇر بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئاپپاق خوجىنى ئەسلەپ قالدى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ زەي زىندان ئىچىدە مەھبۇس بولۇپ يېتىشى، تاجۇ تەخت ئۈچۈن ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇپ كېتىشكەن ئاشۇ ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان يېغا ـ بالالار ئۈچۈن بولغان بولسا، ئەجەب ئەمەس. تەخت تەمەسىنى كۆلاھۇ جەندىلىرى ئىچىگە يوشۇرۇپ كەلگەن ئاشۇ نەمەنگانلىق بوۋىلىرى مۇشۇ زېمىنغا تەپرىقىچىلىك ئۇرۇقىنى تېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بولغان بولسا، ئۇمۇ ئەجەب ئەمەس. چۈنكى ئەل قىساسى مىنەلھەق!

ياكى ئۇنى بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن مۇشۇ سارايغا بەند قىلىنغان، سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بولغان ئىسمايىل خاننىڭ قىساسى تۇتتىمىكىن؟ شۇنداق بولغان بولسا، ئۇمۇ ئەجەب ئەمەس، چۈنكى ئەل قىساسى مىنەلھەق!

بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ ئاپپاق خوجا دەپ مەشھۇر بولغان ئۇ بۇزرۇكۋار بوۋىسى ھىدايىتۇللا ئىشان خوجا بۇ ئەلنى قارا تاغلىقلار قولىدىن زادىلا تارتىۋالالمىدى. ئاخىر، ئۇ تىبەتكە بېرىپ، لىخاسادىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ چوڭى دالاي لامانىڭ ئايىغىنى سۆيدى، دالاي لاما ئۇنى ئىلى بالىقتىكى قالماقلارنىڭ خانى غالدانغا تونۇشتۇرۇپ، قولىغا خەت يېزىپ بەردى. ئاپپاق خوجا ئاتمىش مىڭ خام① تۆلەش بەدىلىگە، ئاتمىش مىڭ قالماق لەشكىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئاران دېگەندە قەشقەرنى قارا تاغلىقلاردىن تارتىۋالدى. شۇندىن باشلاپ، بۇ ئەلنىڭ ئەرلىرى قۇل، خوتۇن ـ قىزلىرى دېدەك بولۇپ، مەزلۇم خەلقنىڭ

① خام ــ ماتا. پاختىدىن توقۇلغان يېرىك رەخت.

كۆز يېشى قۇرۇماي كەلدى. ئاخىرى بېرىپ ئۇلارنىڭ تەقدىرى كىملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى ـ ھە! شۇ خەلقنىڭ قىساسى تۇتۇۋاتامدۇ؟ نۇرغۇن ساھىبجامال قەشقەر قىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىپەت ـ نومۇسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، «يانتاقنىڭ كۆلى بولۇشقا رازىمىزكى، قالماقنىڭ گۆلى بولمايمىز» دەپ، ئۆزلىرىنى ئوتقا ئېتىپ كۆيۈپ ئۆلۈشتى. شۇ ئاجىزەلەرنىڭ قىساسى تۇتتىمكىن؟..... ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئەل قىساسى مىنەلھەق!

بۇ تۆرەمنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇ ئەلنىڭ قېنىنى دەريا ـ دەريالاپ تۆكۈشمىگەنمىدى؟ بۇ ئۇلار يېتىم قىلغان نارەسىدىلەرنىڭ كۆز ياشلىرى، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلغان ئانىلارنىڭ ئاھۇ ـ پەريادلىرى ئۈچۈن ھەقتائالا تەرىپىدىن ئۆزىگە ياندۇرۇلغان جاۋاب ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولغان بولسا، ئەل قىساسى مىنەلھەق!...

تۇنۇگۇن ئۇ ياساۋۇل ئارقىلىق ئاتالىق غازىغا ئىككى پارچە خەت يوللاپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ قەشقەر سەلتەنەتىنىڭ تاج ـ تەختىدىن ئۆز مەيلى ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى ۋە ئۇنىڭدىن بەيتۇلھەرەمگە بېرىپ ئاللانىڭ مۇبارەك ئۆيىنى تاۋاپ قىلىپ كېلىپ، قالغان ئۆمرىدە ئىستىقامەت قىلىپ ئۆتۈشكە رۇخسەت بېرىشىنى سورىماقچى ئىدى.

ئىشىك غىچىرلاپ، يەر ئاستى ئۆيىگە بىرى كىردى بولغاي، بۇزرۇك خان تۆرە كۆزىنى ئاچتى. پەلەمپەيدە پەيدا بولغان ياساۋۇل كەينىگە يېنىپ، سېمىز، تونۇش بىر باكاۋۇلغا① يول بەردى. باكاۋۇلنىڭ قولىدىكى يوغان پەتنۇستا قىزىرىپ پىشقان

① باكاۋۇل ـــ پادىشاھ، سۇلتانلارنىڭ تامىقىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

ئىككى شىرمان نان، بىر تاۋاق ئاش ۋە بىر چەينەك چاي بار ئىدى. باكاۋۇل باش ئېگىپ تۆرەمگە تەزىم قىلدى - دە، پەتنۇسنى شىرەگە قويدى ۋە ئالدىرىماي - تېنىمەي، سوۋۇپ قالغان تاماقنى يىغىشتۇردى، كېيىن ئۈندىمەي ئارقىسىغا يانغاچ نانغا قاراپ قويدى - دە، گەپ قىلماستىن چىقىپ كەتتى.

تۆرەم ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەستىن بىر نانغا، بىر چىقىپ كېتىۋاتقان باكاۋۇلغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

يېڭى پىشقان ناننىڭ مەززىلىك پۇرىقى يەر ئاستى ئۆيىنى بىر ئالدى. شۇنىڭدىلا تۆرەم ئۆزىنىڭ تېخى ناشتا قىلمىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى - دە، «نېمە بولسام بولارمەن» دەپ ئويلاپ ناننى ئۇشتۇدى - دە، بىر بۇردا ئاغزىغا سالدى. ئويۇقسىز تىلىغا غەلىتە بىر نەرسىنىڭ چاپلاشقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئاغزىدىكى ياخشى چاينالمىغان ناننى قولىغا تۈكۈرۈپ قارىۋىدى، نان پارچىلىرى ئىچىدە تۇرغان ھىمىرىپ كىچىك يوقۇتنەك ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن بىر پارچە قەغەزنى كۆردى. ئۇنى دەرھال تۈزلەپ قارىسا خەت يېزىلغان بىر باغاقچە ئىكەن.

خەتتە يېزىلىشىچە، ئوردا ئىچىدە قىيامەت قايىم باشلانغان. تۈنۈگۈن ھېيتگاھ جامەسىدە ئوقۇلغان جۇمە خۇتبىسى ئاتالىق غازىنىڭ نامىغا ئوقۇلغان. ئۇ «بەدۆلەت» دەپ جاكارلانغان ۋە ئۇنىڭ نامىدا پۇل چىقىرىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان. بۈزرۈك خان تۆرىنىڭ ھەج پەرھىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقى جاكارلانغان. بەدۆلەت، تۆرەمنىڭ ئۇرغۇن يېقىنلىرىنى تۇتۇپ زىندانغا

تاشلىغان، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى بولسا، قەتلى قىلدۇرغان...

× ×

بۇزرۇك تۆرە يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ھېيت گاھ جامەسىدە پېشىن نامىزىغا ئىماملىق قىلدى. بۇ — بەدۆلەتنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئىجازىتى ئىدى.

— دەۋران ئۆزگەردى، زېمىننىڭ ئىگىلىرى ئالماشتى، — دېدى ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تەلقىن سۆزلەۋېتىپ، — بىراق، خاقانىي چىننىڭ بۇ زېمىنغا ئىگىدارلىق قىلىش ئىرادىسى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئۆزاققا قالماي، خاقانىي چىن ئەۋەتكەن قارا چېرىكلەر رويى - زېمىننى چېكەتكىدەك قاپلاپ، مۆلكىي قەشقەرنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالۇر. چۈنكى، ھەدىستە ئاللا: «مەن ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ قەھر - غەزىپىمدىن ياراتتىم» دېگەن. بالا - قازانىڭ ئۇرۇقى بۇ زېمىنغا چېچىلغانىكەن، ئەجەل ھوسۇلىنى يىغماقتىن باشقا نېمە چارە بولسۇن!...

بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ بۇ چىدىماسلىق بىلەن ئېيتقانلىرى ئون بىر يىلدىن كېيىن دەل شۇنداق بولۇپ چىقتى.

بۇزرۇك خان تۆرەم مۇشۇ ماگىنىچە باغدادقىچە بېرىپ، يول ئېچىلماي، ھەج قىلىش شەرىپىگە ئىگە بولالمىدى. ئاخىر پەرغانىگە قايتىپ كېلىپ، قاراۋۇلتۆپە دېگەن جاينىڭ قاشتۇگمەن يېزىسىغا يېقىن كونائېغىز دېگەن كەنتتە ماكانلاشتى ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولدى.

# ئون تۆتىنچى باب

## تەتەي ئاغىچا

«تۆت نەرسە باركى، ئۇنىڭ
ئاز - كۆپلۈكى ۋە چوڭ - كىچىك-
لىكىنىڭ پەرقى بولمايدۇ،—
دەپتۇ كارشۇناس،— بىرىنچىسى،
ئوت، ئۇنىڭ ئاز بولغىنىمۇ
كۆپ بولغىنىغا ئوخشاش،
كۆيدۈرىدۇ...»

— «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن.

مىلادى 1866 - يىلى 10 - ئاي.

بەدۆلەت يەتتە شەھەر تەۋەسىدىكى تارقاق ئىسيانچىلارنىڭ بىر مۇنچىسىنى بىر - بىرلەپ يىغىشتۇرۇپ، ئۆز تەرتىپىنى ئورناتقاندىن كېيىن، بەگ - بىگات، ئەكابىر - ئەشرەبلىرى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە خاتىرجەم بولدى. بۇ تەۋەدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا «ھۆكۈمدارلارغا بويسۇنغۇچىلار» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئىتائەت بەلبېغىنى باغلاشتى. بۇز-

رۇك خان تۆرە ھەجگە ماڭغۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
كۆڭلى يەنىمۇ ئارام تاپتى. ئاقسارايدىكى ئىشلار ئاستا -
ئاستا ئۆز ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى. بەدۆلەت قەشقەر، يەكەن،
خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە كۇچا قاتارلىق جايلارنى تولۇق
ئىگىلەپ، ئۇ جايلاردا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشخانىلىرىنى قۇ-
رۇشقا پەرمان چۈشۈردى. زەرگەرلەر ئالتۇن - كۈمۈشتىن كەسسە
كەمەر، تىردان، يۈگەن، قوشقۇن، پۇشتان① قاتارلىق سەپەر
جابدۇقلىرىنى تەييارلاشقا باشلىدى. تۆمۈرچىلەر شاپ - قىلىچ،
ئۆزەڭگە - دەپسەنگە قاتارلىق لازىمەتلىك نەرسىلەرنى
راسلاشقا مەسئۇل بولدى؛ قازانچىلار ھەر خىل كالىبىرلىق
توپ - زەمبىرەكلەرنى ۋە چاچما ئوق - خودەنلەرنى يا-
ساشقا تەيىن قىلىندى؛ كىيىم تىكىدىغان خەيياتلار كىمخاپ،
تەتىللا، تاۋار - تورقا، بەقەسەم، شايى، ئەدرەس، بەنارەس،
چىت، چەكمەن ۋە خەسىلەردىن تون ۋە يەكتەكلەرنى تەييارلاش
ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولدى. پۇشتىندۇزلار (جۇۋىچىلار)
قوندۇز - بۇلغۇن، سۇلەيسۇن، تۈلكە ۋە ئاغمىخان تېرىلىرىدىن
تۈيۈق كۆرپە، جۇببەتون، رومچە نىمچە - شىم، تۇماق - ئەل-
پەكلەرنى تىكىش بىلەن مەشغۇل بولدى. موزدوز - ساراچىلار
ھەرخىل كەسسە كەمەر، تىردان، پۇشتان، ئۆزەڭگە بېغى، يۈ-
گەن - تىزگىنلەرنى راسلاشقا كىرىشتى؛ ياغاچچى، قونداقچى،
مىخگەر، قۇيمىگەر، شۇستىگەر، ئىلمەدوز، زەردوز، چېدىرچى -
خىمەگەر قاتارلىق ھەممە كاسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەر قاي-
سىسى ئۆز ھۈنەرلىرىگە كىرىشىپ، پاتىپاراق ۋە ئالدىراش بو-
لۇشتى. ئەتراپتىكى ئەللەردىن ماھىر ئۇستىلار تەكلىپ قىلىپ
كېلىندى. ئۇلار بۇ يەردىكى ئۇستىلارغا ئۇستا بېشى بولدى.
ياقۇببەگ قوقان تىللاسىدەك تىللا سوقتۇردى. مانجۇلارنىڭ

① كەسسە كەمەر، تىردان، يۈگەن، قوشقۇن، پۇشتان — ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنىڭ نامى.

كۆمۈش تەڭگىلىرىگە ۋە دىلچەن پۇللىرىغا ئوخشىتىپ مىسقال
تەڭگە ۋە چاقا پۇللارنى قۇيدۇردى. ھەممە ھۈنەرۋەنلەرگە ئىش
بېشلىرىنى بەلگىلەپ، ھەممىيلەنگە ئايلىق تەمىنات بەردى.
ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا كىرىپ يۈ-
كۈنۈپ ئەرزىنى ئېيتىش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەنجان-
لىق ۋە قەشقەرلىق ئېسىلزادىلەر، مۆلكىي - ھەربىي
ئەمەلدارلار، مۇيسىپىت - ئاقساقاللار، بەگ - بەگزادىلەر ئاق-
سارايغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىدىغان بولۇشتى. ئۈچىسىغا لەئل
ۋە دۇر بىلەن زىننەتلەنگەن زەرباپ تون، باشلىرىغا يىپەك
سەللە يۆگەلگەن بۆك كىيىشكەن بۇ ھاكاۋۇر ئېسىلزادىلەر
ياقۇپبەگنىڭ شاھنىشىنىدىن چىقىشىنى كۈتۈپ، ھۇزۇرى
مۇبارەكتە لەشكەرلەردەك سەپ تارتىپ تۇرۇشىدىغان، ئۇ كۆرۈن-
گەندە، گويا ياقۇپبەگ ئەمەس، بەخت ئىگىسى ئىسكەندەر سا-
نىي ① يېتىپ كەلگەندەك، ئىككى پۈكۈلۈپ سەجدىگە باش قو-
يىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار بەدۆلەتنىڭ ھەر بىر سۆزىنى
قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىشاتتى ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى
تولىمۇ مۇقەددەس دەپ بىلىشەتتى. تۈنۈگۈن ئەتىگەندە، قەش-
قەر سودىگەرلىرى نامىدىن ئەلچى بولۇپ بىر توپ سودىگەر
ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ يۈكۈندى. ئۇلار قۇرۇق قول كېلىشمىگە-
نىدى. ئۇلار، بىر توققۇز تۆگىدە شايى، يىپەك، مۇۋۇت ۋە كىم-
خابلارنى توپ - توپى بىلەن، بىر توققۇز تېگىدىق ھىندى چىپى
ۋە بىر توققۇز دانە جانان لوڭقا ۋە باشقا ئېسىل بۇيۇملارنى
سوۋغات قىلىپ كېلىشكەنىدى. سودىگەرلەر بەدۆلەتكە ئامان -
ئېسەنلىك، بەخت - سائادەت ۋە شان - شۆھرەت تىلەپ چىقىپ
كېتىشتى. ئۇلار ئەمدىلا چىقىپ كېتىشى بىلەن، ھۆدەيچى كى-
رىپ تەزىم قىلدى:
— شائىر مىرزا غېرىب خەستەئىي بەدۆلەت جانابىي ئا-

① ئىسكەندەر سانىي — ئىسكەندەر ئىككىنچى.

لىيلىرىغا ئىخلاسمەنلىكىنى ئىزھار قىلىش نىيىتىدە قەدەم
تەشرىپ قىلىپتۇ.

— شائىر مىرزا غېرىب خەستەئىي؟...

بەدۆلەت بۇ شائىرنىڭ نامىنى قەيەردىدۇر ئاڭلىغانىدەك
ھېس قىلدىيۇ، دەرھال ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى. شۇنداق
بولسىمۇ شائىرنى تەكلىپ قىلدى،

بېشىغا بادام دوپپا، ئۇستىگە شايى تون كىيگەن دۇگىلەك-
كىنە بىر ئادەم ئىشىكتىن كىرىپ پەگادا يۈكۈندى - دە، ئالى-
قىنىنى مەھفۇرى گىلەمگە① تەگكۈزۈپ، ئاندىن لەۋلىرىگە ۋە
قاش - كۆزلىرىگە سۈرتتى.

شائىرنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى شۇنداق تېز ھەم كۈلكىلىك
بولدىكى، بەدۆلەت ئىختىيارسىز ھالدا ھىجىيىپ، ئۇنى كۇرسىقا
تەكلىپ قىلدى. لېكىن مىرزا غېرىپ خەستەئىي كۆزلىرىنى يۇم-
غىنىچە پىچىرلاپ كەتتى:

— پېقىر سىزدەك ئادالەت دۇنياسىنىڭ قۇياشى، سەلتە-
نەت تاجىنىڭ دۇرى - گۆھەرى، نەزمە ئىلمىنىڭ سۆز پادىشا-
ھىي شەنىگە بىر قەسىدە يازغانىدىم. سىزدەك نەزمە خۇمار پا-
دىشاھىم لازىم كۆرسە، ئوقۇپ بەرسەم دەپ كېلىشىم...

بەدۆلەتنى كۈلكە قىستاپ:

— سىزدەك سۆز سۇلتانى ئېھتىرام بىلەن قەسىدە ياز-
غان تۇرسىڭىز، ئوقۇپ بېرىشىڭىزنى قانداقمۇ لازىم كۆرمەي؟—
دېدى،— ھەشقاللا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئەزىزىم!

مىرزا غېرىب خەستەئىينىڭ پۇتلىرى يىپەك تونىنىڭ
كەڭ ئېتەكلىرى ئاستىدا تىترەپ، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قولتۇقى-
دىن يىپەك رەختكە ئورالغان بىر قەغەزنى ئالدى - دە، ئانار-
دەك قىپقىزىل، يۇپيۇمىلاق يۈزى ئىلھامدىن ۋىلىل-

① مەھفۇرى گىلەم — گۈللىرىگە شېئىر - بېيىتلار قوشۇپ توقۇلغان
يىپەك گىلەم.

داپ ۋە ھاياجاندىن تىترەپ، يازغان قەسىدىسىنى ئاران ئوقۇپ چىقتى.

قەسىدىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىغا كەلگەندە، خەستەئىنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تېخىمۇ تىترەپ كەتتى. بىراق ئۇ قولىدىكى قەغەزدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، بەدۆلەتكە قورقۇپراق قارىدى. ئۇنىڭ ئىلھامدىن قىزىرىپ ۋىل-ۋىل يانغان يۇمىلاق يۈزىدە، ئەندىشىگە چۆككەن كۆزلىرىدە شۇنداق زور بىر ئىلتىجا بار ئىدىكى، بەدۆلەت ئىختىيارسىز ھالدا:

— ئاپىرىن سىزگە، ئەزىز بۇرادەر، ئاپىرىن!— دەپ تاشلىدى.

ياش ۋاقىتلىرىدا، رەققاس بولۇپ يۈرگىنىدە، ئۆزىمۇ شېئىر-بېيىت يېزىشنى مەشق قىلغان ياقۇببەگكە مىرزا غېرىب خەستەئىنىڭ بۇ قەسىدىسى ئانچە ياقمىدى. گەرچە بۇ قەسىدىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى ئۇنىڭ لېۋىدە تەبەسسۇم پەيدا قىلغان بولسىمۇ. بەدۆلەت بۇنداق يالىڭاچ شېئىرلارنى ئەمەس، مەنىسى يوشۇرۇنراق، نازۇك، ئىشق-مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن شېئىر-بېيىتلارنى ياقتۇراتتى. لېكىن، سارايغا مەشھۇر رەققاس، ھاپىزلارنى، شېرىن سۇخەن شائىرلارنى ۋە ئۆلىما-پازىل كىشىلەرنى يىغىپ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىشقىدا يانغان ياقۇببەگ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ تېخى بىرىنچى باھار قارلىغىچى ئىدى. شۇڭا، ھۆدەيچىنى چاقىرىپ، خەستەئىيگە زەرباب تون كىيگۈزۈشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ھېيتگاھ جامەسىگە جۈمە نامىزىغا بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

× ×

بۈگۈن بەدۆلەت شەيخۇلئىسلامنىڭ ئىلتىماسى بىلەن، ھېيتگاھ جامەسىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ خۇتبە ئوقۇشى ۋە يېڭى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان ئېيتىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قى-

لىپ بېرىشى لازىم ئىدى. بۇ بەدۆلەتنىڭ يېقىنقى كۈنلـەردىن
بۇيان ئاقسارايدىن بىرىنچى قېتىم چىقىشى بولغاچقا، ھەممە ياق
مىغ - مىغ ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئاۋغان سىپاھلىرى، سا-
راي مـەھـرەملىرى، ئەكابىر - ئەشرەبلـەر، ئەمرۇل - ئۇمـرا-
لار، بەگ - بىگاتلار قوشۇلۇپ قەشقەر كوچىلىرىدىن ئات چاپتۇرۇپ
ئۆتكەندە، خۇددى چوڭ قوشۇن باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك، ھەممە
ياق پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. «يېڭى مۇسۇلمانلار ئىمان ئېيتىـ
دىكەن» دېگەن بۇ خەۋەر پۈتۈن شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلارغا
پۈر كەتكەنىدى. كىشىلەر بۇكاتتا مۇراسىمنى كـۆرۈش ئـۈچـۈن
تەرەپ - تەرەپتىن جامە ئالدىغا ئاققىلى تۇردى. تۈزاقچىدىن①
مۇفتى - ئەلەم، خاتىپ - قەلەم، نەزەرباغدىن② مۆتىۋەللى -
مۆھتىسىپ، پايناپتىن③ ئىشبېگى، قىزىل دۆۋىدـىن④ قوشبېگى،
پايتىما كۆۋرۈكتىن⑤ مىڭبېگى، زەربە كاشالدىـن⑥ قىرىقبېگىـى،
قارا ساقال⑦ دىن كۆكبېشى، دۆلەتباغدىن⑧ قـازى - قۇزات،
مۇنەججىم - ئاقساقال، ھۆلـجىگـدە⑨ دـىـن مىرابېشى، لـەڭـ
لەڭىكۆۋرۈك⑩ تىن ئوغرى - قىمـارۋاز ۋە شۇنىڭغـا ئوخشـاش
تۈرلۈك - تۈمەن خىل ئادەملەر كەلگىلى تۇردى. مەيدانغـا ئا-
دەم لىق تولدى.

ھېيتگاھ جـامـەسىنىڭ قوش قاناتلىق يوغان قۇيما دەر-
ۋازىسى ئالدىدا، بەدۆلەتنى شەيخۇلئىسلام باشلىق پۈتكـۈل ئـۆ-
لىما - ئاقساقاللار ۋە شەھەر دورغىسى، شىغاۋۇل باشلىق بەگـ
بىگات. ئەكابىر - ئەشرەبلەر قارشى ئېلىشتى.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ سەل كەم ئون مىڭ نـامازخان سىغىـ
دىغـان سەينـاسـى ئادەم بىلـەن لىق تولغان بولۇپ، بۇ يەرگە
شەھەردىكى ھەر قايسى مېچىتلەرنىڭ ئىماملىرى ۋە بارلىق دىن
پېشۋالىرىمۇ يىغىلغانىدى. بىر بۇلۇڭدا، بۇرۇت - ساقاللىرىنى ۋە

①، ②، ③، ④، ⑤، ⑥، ⑦، ⑧، ⑨، ⑩ قەشقەر شەھرىنىڭ ئەترا-
پىدىكى يۇرتلارنىڭ نامى.

باشلىرىنى پاكىز قىردۇرۇپ، قىرىق كۈن غۇسۇل - تەرەت ئې-
لىپ پەرھىز تۇتقان، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى ئادا قىلغان يېڭى
مۇسۇلمانلار — ئۈچ مىڭدەك مانجۇلار تۇراتتى. ئۇلار باشتىن -
ئاياغ ئاپئاق كىيىنگەن بولۇپ، ئۇلارغا سۇدۇرى سەدىر① خەلىپە
ئىدى. يەنە بىر بۆلۈكىدە، يېقىن - ئەتراپتىكى مازايى - ماشا-
يىقلاردىن كەلگەن دەرۋىش - ئاشىقلار ۋە يېقىن ئەتىراپتىكى
بازارلاردىن كەلگەن پۇقرالار تۇراتتى. لېكىن، يىغىلغانلارنىڭ
كۆپىنچىسى ئاپئاق سەللە ئوراپ، زەرباب ۋە مەخمەل تونلىرى-
نىڭ ئېشىغا ئاق يەكتەك كىيىشكەن دىن پېشۋالىرى ۋە ئۆلى-
ما - ئاقساقاللار بولغاچقا، ئاق مەرمەر يېيىتىلغان كەڭ سەينا
گويا ئاپئاق كۆپۈكلەنگەن دېڭىز يۈزىدەك دولقۇنلىنىپ ئاجايىپ
بىر مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى. شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى بەدۆلەت-
نىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئۇنى سەجدە قىلدۇراتقان كىشىلەر
ئالدىدىن جامەنىڭ ھەيۋەتلىك پەشتاقلىرى ئاستىدىكى ئېگىز
تۆۋرۈكلۈك مەر - مەر سۇپىغا باشلاپ باردى. كىتاب شەكلىدە
ياسالغان مەر - مەر سۇپا ئۈستىگە كىمخاب بىلەن تاشلانغان
«كالامۇللائىي شەرىق» قويۇلغانىدى. بەدۆلەت جامەنىڭ پەشتاقلىرى
ئاستىدىكى ئېگىز مېھرابقا چىقىپ، جۈمەگە ئىماملىق قىلىپ،
ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. ئاندىن خۇتبە ئوقۇدى. ئۇ شەرىئەتنى
مۇستاپا، ھەدىس - شەرىف ۋە قۇرئانى مەجىدتىن ئايەت ۋە كە-
لىمىلەرنى يادقا نەقىل كەلتۈرۈپ ۋەز ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى-
نىڭ رەقىبلىرىنى قارغاپ، ئىسلام مۈلكى بولغان يەتتە شەھەردە
مۇسۇلمان ئاۋات دەۋرى ۋە سائادەتلىك كۈنلەرنىڭ باشلىنىدى-
غانلىقىنى زىكرى قىلغاندا، سەل كەم ئون مىڭ نامازخاننىڭ
«ئامىن! يارەببۇلئالەمىن!» دەپ جور بولۇشىدىن ئاسمانغا تاقاش-
قان گۈمبەزلەرمۇ لەرزىگە كەلدى...

---

① سۇدۇرى سەدىر — بەدۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلار ئەمەلدارى.

— ئاللا قۇرئانى شەرىفتە: «كۇللى مۇسلىمىنە ئىخۋەتۇن»① دەپ ئېيتقان، دېمەك، خاھى ئەھلى مۆمىنلەر بولسۇن،— دېدى بەدۆلەت ۋەزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— خاھى يېڭى مۇسۇلمانلار بولسۇن، ھەممىمىز بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكىلاردەك يېقىن بولۇشىمىز كېرەك.

بەدۆلەتتىن كېيىن، شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ پۇشتىپاناھى، سەلتەنەتنىڭ ئاتالىقى② بولغان بەدۆلەت— ياقۇپبەگ ئۈچۈن ئۇزاق دۇئا قىلدى. ئۈچ مىڭ يېڭى مۇسۇلماننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون مىڭغا يېقىن نامازخاننىڭ يەنە بىردەك «ئىلاھا ئامىن!» دېيىشى بىلەن ئېگىز پەشتاقلاردىكى كەپتەرلەر ئۈركۈپ، گۈررىدە قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

بەدۆلەت ھۆدەيچىگە ئىشارەت قىلدى. ئۇچىسىغا زەرباب تون كىيگەن. بېشىغا تۆت ئورام قىلىپ ئورىۋالغان شايى سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى قۇلاق تۈۋىدىن پەسكە ساڭگىلىتىۋالغان سۇدۇرى سەدىر ئاق يېپەك بىلەن يېپىلغان قانداقتۇر بىر سوغىنى كۆمۈش پەتنۇستا كۆتۈرۈپ، جامائەت ئالدىدا پەيدا بولدى.

— بەدۆلەت، ئاتالىق غازى ياقۇپبەگ جانابىي ئالىيلىرىنىڭ قۇدالاي③ (خې دالويە) جانابلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئاللانىڭ بىرلىكىگە بولغان ئېتىقادىنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەملىكىگە ۋە سەممىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكىگە ئىشەنچىسى كامىل بولدى. شۇ سەۋەبتىن، جانابىي ئالىيلىرى ئۇل زاتقا مۇقەددەس ئىنئام بەردى!— دەپ جاكارلىدى ھۆدەيچى.

ئۇنىڭ سۆزى توختىشى بىلەنلا، سۇدۇرى سەدىر كۆمۈش پەتنۇستىكى يېپەكنى ئېلىپ تاشلىدى. پەتنۇستا ئۇچلۇق

① «بارلىق مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر».
② ئاتالىق — دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى.
③ قۇدالاي — خې بويۇننىڭ نامىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى.

بۈك ئۈستىدىن تۆت ئورام قىلىپ چىرايلىق ئورالغان يىپەك سەللە تۇراتتى. يېڭى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدىكى قاتاردا ئولتۇرغان خې دالويە سەللىنى دادىل بىر ھەرىكەت بىلەن ئىككى قوللاپ پەتنۇستىن ئالغاندا، جامائەت گۇركىرىشىپ كېتىشتى. ئۇ سەللىنى ئىككى قوللاپ تۇتتۇپ تۇرۇپ:

— بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئۆزى مۇبارەك قولى بىلەن ئىنئام قىلغان بۇ سوۋغىنى بىز كۆزىمىزگە سۈرتىمىز!— دېدى — دە، سەللىنى كۆزىگە ۋە پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن بېشىغا قوندۇردى.

× ×

گۇلباغدىكى ئۇرۇشتا، خان ئامبال جاڭ تەي باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم مانجۇلار تەسلىم بولۇشقا ئۇنىماي، ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋالغاندىن باشقا، قالغان مانجۇلار قەلئە قوماندانى خې بۇيۈننىڭ باشچىلىقىدا ياقۇببەگكە زىممىلىك بىلدۈرگەنلىكتىن، ياقۇببەگمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھىمايىسىگە ئالغانىدى. ئۇلار سۇدۇرى سەدرىنىڭ تۇجۇپىلەپ ئۆگىتىشى، ئارقىسىدا، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ھەممە پەرھىز، سۈننەت ۋە ۋاجىپلىرىنى تولۇق ئۆگەندى ۋە بەجا كەلتۈردى. ياقۇببەگ ئۆزىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ زورايتىش مەقسىتىدە، ئۇلاردىن توپچى قىسىم تۈزدى. توپچى قىسىم گۇلباغ قەلئەسىنىڭ قېچىرچى دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدىكى ئوڭ تەرەپكە جايلاشقان چوڭ مەيداندا مەشق ئېلىپ باراتتى.

قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بەدۆلەت بۇ توپچى قىسىمنىڭ ھەربىي مانېۋۇرىنى كۆرمەكچى بولدى. ئۇ ئەمرۇل — ئۇمرالىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەشق مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە، تۇغ — ئەلەملەر لەپىلدەپ تۇراتتى. قىسىم سەپراس — چەپراس

بولۇپ توپ - زەمبىرەكلەرنى ئالدىغا قاتار تىزىپ قويۇشقانىدى. مەيدان ناھايىتى پاكىز تازىلانغانىدى. مەيداننىڭ كەينى تەرىپىدىكى لەمپە ئاستىدا بىر رەت چېرىك تىزىلىپ تۇراتتى. توپچى قىسمىنىڭ قوماندانى خې دالويە لەمپىنىڭ ئالدىدا ياقۇببەگنى كۈتۈۋالدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشتۇرۇلغان ھەربىي ئوركېستىر شوخ «سەربازچە» كۈيىنى ھەيۋەت بىلەن ئورۇنداشقا باشلىدى، ياقۇببەگ مەيداندا ئاتلىق كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭ، خې دالويە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇ ئاتمىشلاردىن ھالقىغان، ئېڭىكىدىكى ئاندا - ساندا ئۆسكەن ئاق سانجىغان ساقاللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئومۇمەن ساقال - بۇرۇتسىز كوسا ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تەققى - تۇرقى تىپىك موڭغۇل ئىرقى قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا يېشىل تاۋاردىن تاشلانغان تېرە كەمزۇل، ئاستىغا سېرىق خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئىسسىق گەلەپى شىم كىيگەن، بېشىغا يىڭسارچە قارا تۇماق كىيىۋالغانىدى. ئۇ بىر قولىدا يېنىغا ئېسىۋالغان ئەگرى قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتقان ھالدا، مەلۇمات بەردى. قەشقەرلىق ياشقىنا بىر تىلماچ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ياقۇببەگ زوقلانغان ھالدا، ئۇنىڭ دوكلاتىغا قۇلاق سالدى. خې بۇيۇن ئۆزىنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئۆلچەملىك بىر ھەربىي ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ھېلىقى تىلماچ بېلىدىكى تاسما كەمەرگە كۆن كابۇرلۇق بىر سامازورت① ئېسىۋالغانىدى. خې دالويەنىڭ كەينىدە، قوللىرىغا رەڭلىك بايراقچىلارنى تۇتۇۋالغان ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلاردىكى ئۈچ خەنزۇ مەھرەم تۇراتتى.

ياقۇببەگ خې دالويەنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشتى - دە، ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا توپچىلار قىسمىنىڭ رەتلىك تىزىلغان سەپلىرىنىڭ ئوڭ قانىتىغا باردى، ئاندىن سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. لەمپىنىڭ قاتار - قاتار تىزىلـ

① سامازورت — ناگان يەنى تولۇق تاپانچا.

غان تۈۋرۈكلىرى ئارىلىقىغا ئىككى يۈزدەك مىنامىيوت① تىزىپ قويۇلغانىدى. ھەربىر مىنامىيوتنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككىدىن تۆت چېرىك تۇراتتى. ھەر بەش مىنامىيوتنىڭ ئارىلىقىدا قوللىرىغا ئۈچ بۇرجەكلىك رەڭمۇرەڭ چوڭ بايراقلارنى تۇتقان بىر قاتار بايراقچى تۇراتتى. تەيپوچى② چېرىكلەر بىلەن بايراقچى چېرىكلەر قورالسىز ئىدى. بۇ تەيپوچىلارنىڭ ئارقىسىدا بىر قاتار ئوقچىلار تۇراتتى. ئۇلار تۈركلەنكى مىلتىقلار بىلەن قوراللانغانىدى. بۇ ئوقچىلار قوللىرىغا يەنە دۈشمەننىڭ ئاتلىرىنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن لازىم قىلىنىدىغان يىگىرمىدەك چاسا بايراق كۆتۈرۈشۈۋالغانىدى.

ھەر بەش مىنامىيوتتىن بىر توپچىلار دەستىسى③ تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر دەستىگە سامازورت بىلەن قوراللانغان بىردىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر قوماندانلىق قىلاتتى. لېكىن، بەزى دەستىلەرنىڭ بېشىدا يەنە سامازورت ۋە قىلىچ بىلەن قوراللانغان بىردىن سۆتنە بېشى بار ئىدى. بۇ چېرىكلەر پۈچۈق بۇرۇنلىرى ۋە تەلەتىنىڭ سۇرلۇكلۇكى بىلەن ياقۇببەگنىڭ يىگىتلىرى ۋە سەرۋازلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ھەر بىر مىنامىيوتقا مەسئۇل بولغان تۆت تەيپوچىنىڭ بىرى ئوق سېلىنغان بىر تېرە خالتىنى يېنىغا ئېسىۋالغان، يەنە بىرى قولىغا تۆمۈر ساپلىق ئۇزۇن چوكا كۆتۈرۈۋالغانىدى. قالغان ئىككىسى مىنامىيوتنى كۆتۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى.

«ھازىرلان!» كوماندىسى بېرىلىشى بىلەن تەڭلا، پۈتۈن قىسىم مانېۋىرنى باشلىدى. خې دالويەنىڭ بۇيرۇقى بويىچە،

---

① يېنىك زەمبىرەكنىڭ بىر خىلى، ئاغزىدىن ئوقلىنىدۇ.

② تەيپوچى — توپ كۆتۈرگۈچى دېگەن مەنىدە.

③ دەستە — بۇرۇنقى ئۇيغۇرلاردا پەي (ئىزۋوت) گە تەڭ بىرلىك.

دومباقچىلار دومباقلىرىنى گۈمبۈرلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. چېرىكلەر مىنامىيوتلارنى مۆرىلىرىگە ئېلىپ تەييارلاندى.

بۇ چاغدا، خې دالويە مەھرىمىنىڭ قولىدىكى بايراقچىدىن ئىككىنى ئالدى، بىر بايراقچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەنە بىر بايراقچىنى كەينىگە قارىتىپ پۇلاڭلاتتى. تەيپوچىلارنىڭ يېرىمى ئوڭ تەرەپكە، يېرىمى سول تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ھازىر بۇ چېرىكلەرنىڭ ئىككى قانىتى ئىككى سەپكە ئۆزگەرگەنىدى. ھەر بىر سەپنىڭ بېشىدا ماڭغان چېرىك بىردىن بايراق كۆتۈرۈۋالغانىدى. ھەر بىر بايراقنىڭ كەينىدىن بەش چېرىكتىن تەشكىل تاپقان بىر سەپ ماڭاتتى. دەستە بېشىلىرى بىلەن سوتنە بېشىلىرى ئۆز قوماندانلىقىدىكى سەپلەرنىڭ يېنىدا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ھەر بىر ھەرىكەت ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، خې دالويە بايراق كۆتۈرۈۋالغان قولىنى پەسكە چۈشۈرەتتى. ھەر قېتىم سەپ ئالدىدا ماڭغان چېرىك ئالدىدىكى سەپكە يېتىشەلمەي قالغاندا، دومباقچىلار خې دالويەنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، دومباقنى چېكىپ چالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى چېرىك قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئالدىدىكى سەپكە يېتىشىۋالاتتى. دومباقنىڭ رىتىمى بارغانسېرى تېزلىشىپ، ئاۋازىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ سەپتىن چۈشۈپ قېلىۋاتقانلارنى ئالدىدىكىلەرگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۈندەپ بېرىلگەن سىگنال ئىدى.

مانېۋىردىكى ئىككىنچى ھەرىكەت ئالغا مېڭىش، چېكىنىش ۋە ئوقچىلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنداق سەپ تۈزۈمىدە، توپچىلار ئومۇمىي ھۇجۇم باشلانغاندا، مىنامىيوتلاردىن ئوت ئاچاتتى. ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى بەش توپچى ئۇزۇن سەپ بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭاتتى. توپچىلار توختىشى بىلەنلا، مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئوقچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئورۇن ئىگىلەپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ ئاتلىق چېرىكلىرىنى ئوققا تۇتۇشقا ھازىرلى-

ناتتى. گۇرۇپپىلار بويىچە ئىلگىرىلەپ كېتىۋېتىپ ئوت ئاچقاندا، توپلار بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ئالدىدىكى مىنامىيوت ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ئارقىسىدىكى مىنامىيوت ئالدىغا ئۆتكۈزۈلەتتى - دە، ئاشۇنداق تەرتىپتە نۆۋەتمۇ - نۆۋەت ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئوت ئاچاتتى...

ياقۇببەگ مانېۋرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قىسىم ئالدىغا ئاتلىق كېلىپ قىسقا سۆز قىلدى. ئاندىن خې دالويەنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا پەتە قىلىپ كېلىشكە ماڭدى.

خې دالويەنىڭ مال - مۈلكى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ۋە ھېسابتىن زىيادە تۇرغۇن ئىدى. مانجۇلار زامانىسىدا، قەشقەر ھۇدۇتلۇقىدا ئامبال بولۇپ مەنسەپ تۇتقان ئون نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇنىڭ توپلىغان لەئل - ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتلىرى ناھايىتى ئاۋۇن ئىدى، ھەشىمەتى جاھان بىلەن تەڭ، نەق ئاقچىسى نەچچە ئون مىڭ سەردىن ئارتۇق، خىلمۇ خىل ئېسىل رەختلىرى ئېيتقاندىنمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك ئېسىل سوۋغا - بۇيۇملىرى بىباھا گۆھەرلىرىنىڭ سانى يوق ئىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانىيلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ گۇلباغ قەلئەسىنى قورشىۋالغاندا، ئۇ بۇ دەپى - دۇنيالىرىنى ئۆز يۇرتىغا ماڭدۇرۇۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ئوچاقنىڭ ئاستىدىكى مەخپىي ئۆيىگە يوشۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇنىڭ زىممىلىك بىلدۈرۈپ، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلىشىمۇ مۇشۇ ۋەجىدىن ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭغا بۇ تەئەللۇقاتلاردىنمۇ نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر يېگانە گۆھەر

نىسىپ بولغانىدىكى، بۇ يېگانە گۆھەر ئۇنىڭ بوينىغا يەتكەن ئەتىۋارلىق قىزى — خېپ خېنىم ئىدى. ئۇ ناھايىتى گۈزەل ئىدى. مەيلى مانجۇ ئەمەلدارلىرى ۋە ياكى ئۇيغۇر مەنسەپدارلىرى بولسۇن ئۇنى بىر كۆرسىلا ئاشىقى شەيدا بولۇشۇپ قالاتتى. ئۇ باربىتنىمۇ ① ناھايىتى ياخشى چالاتتى.

خېپ خېنىم خى دالويەنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىزى ئىدى. شۇڭا، خېپ دالويە ئۇنىڭ خاس ھۇجرىسىنى ناھايىتى ياسىداق قىلىپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياڭاق ۋە نەشپۈت ياغىچىدىن نەقىشلىك كارىۋات ياسىتىپ، كارىۋىتىغا دەر پەردىلەردىن چىمىلدىق قىلدۇرۇپ بەرگەنىدى. خاس ھۇجرىنىڭ دېرىزە - پەردىلىرى قەشقەرنىڭ رەڭگارەڭ نەپىس يىپەكلىرىدىن تىكىلگەن بولۇپ، بۇ پەردىلەرگە ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە لەئل - ياقۇتلاردىن نەقىش ئىشلەنگەنىدى.

گۈلباغ قەلئەسى پەتىھ قىلىنىشتىن ئىلگىرىلا، بۇ گۈزەل ھەققىدىكى گەپلەر ياقۇببەگنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇ ھەققىدىكى تەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەچكىمۇ، بۇ گۈزەلنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسى ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئوت بولۇپ كۆيەتتى. بىراق، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ كەلگەن ھەربىي ھەرىكەتلەر، سەلتەنەتتىكى تۈرلۈك پىتنىلەر ۋە تۈگىمەس - پۈتمەس ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرى ياقۇببەگنىڭ پۇت - قولىنى چۇشۇۋالغانلىقتىن، بۇ مەقسەتكە يېتىش يولىدا ھەرىكەت قىلىشقا ئۇنىڭغا پۇرسەت بولماي كەلگەنىدى. ئەمدى يۇرت دارچىلىق ئىشلىرى بىر قۇر ئىزغا چۈشكەندە، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ھېلىقى ئوت باشقىلەتتىن لاۋۇلداپ

① باربىت — پەنجىتار، قەدىمكى ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بىرى.

يېنىشقا باشلىغانىدى.

ئۇنىڭ گۈلباغ قەلئەسىدىكى يېڭى مۇسۇلمان توپچى قىسىملىرىنىڭ ھەربىي مانېۋرىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بېرىشتىكى مۇددىئاسىمۇ قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن كۆرە، خې دالويەنىڭ ئاشۇ ئارزۇلۇق قىزى خې خېنىمنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى. خې دالويەنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتتە، خې خېنىم ئۆز قولى بىلەن دەملىگەن خۇش پۇراق چاينى ياقۇپبەگكە تۇتۇۋېتىپ، مۇتلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر بېقىش تەقدىم قىلدى ...

× ×

ياقۇپبەگ خې دالويەنىڭ ئۆيىدە خې خېنىمنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بىقارار بولدى. ئۇ خابگاھىغا قايتىپ كېلىپ، بىدار تاڭ ئاتقۇزدى.

ئاخىرى، ياقۇپبەگنىڭ ئەلچىلىرى خې دالويەنىڭ ھۇزۇرىدىن ئورۇن ئېلىشتى، ئۇلار تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ھايال بولۇشمايلا ئۇنىڭغا بەدۆلەتنىڭ مەكتۇپىنى بەردى ۋە ئۇ جانابىي ئالىيلىرىنىڭ خې دالويەگە كۈيئوغۇل بولۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىزھار قىلدى.

خې دالويە ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مۇددىئا — مەقسەتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مىننەتدار بولۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويدى:

— بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرىغا مېنىڭدىن كۆپ سالام! — دەپ سۆزىنى باشلىدى خې دالويە.— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ

بىزگە قىلىنغان مۇرۇۋۋەتكە ھەر قانداق قىلىپمۇ جاۋاب قايتۇرال-
مايمىز. نېمە دېيەلىشىم مۇمكىن؟ ئۇ زاتى مۇبارەك بىز پېقىرنى
ئاددىي كۆرمەي، بېشىمىزنى ئاسمانغا يەتكۈزمەكچى بولۇپتۇ. ھې-
لىغۇ بىر ئاجىزەمنى سورىتىپتۇ، ئۇن بولسىمۇ ئۇ جانابىي ئا-
لىيلىرىدىن ئايىمىدۇق! ھەر قايسىلىرى بەدۆلەت جانابىي ئالىي-
لىرىغا مېنىڭ رازىمەنلىكىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشارلا!

— قۇللۇق، تەقسىرا! — دېيىشىپ پاتىھەگە قول كۆتۈ-
رۈشتى ئەلچىلەر.

خې دالويە ياقۇببەگنىڭ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق قى-
زىنى ئۆزىگە ئاغىچا — ئايىملىققا سوراتقانلىقىنى ئاڭلاش بىلەن-
لا، دەرھال زوق — شوخقا تولغان ھالدا رازىمەنلىك بىلدۈر-
دى. ئەييۇھەنناس! بۇ بىر سودا ئىدى. مۇنداق سودىلاردىن خې
دالويەلەر ھەرگىزمۇ نومۇس قىلمايتتى.

× ×

بەدۆلەتنىڭ خابگاھىنىڭ① ئىشكى ئالدىغا چىرايلىق
جاۋەنگە ئوخشايدىغان بىر چوڭ پەرەڭ سائەتنى قويۇلغانىدى.
بەلگىلىك ۋاقىتلاردا بۇ سائەتنىڭ ئۈستىدىكى كىچىككىنە ھەي-
كەل ھەرىكەتكە كېلەتتى — دە، قولىدىكى ئالتۇن بولقىچاقلار
بىلەن ئاھاڭلىق قىلىپ جاڭ چېلىپ، ۋاقىت — قەرەلنى مەلۇم
قىلىپ تۇراتتى. بەدۆلەت مەھغۇرى گىلەم سېلىنغان خابگاھ ئى-
چىدە، يىگى كېلىننى كۈتۈپ بىتاقەت بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ماش
بۇرۇت — ساقاللىرىنى خېنىدە بوياتقانلىقتىن، ئادەتتىكىدىن
ياشراق كۆرۈنەتتى.

ئۇ شەرىئەت پېشۋالىرىنى خابگاھتا قوبۇل قىلدى. ھۆ-
دەيچى ئۇلارغا خې خېنىمنى جانابىي ئالىيلىرىغا نىكاھلاش ھەق-

① خابگاھ — خاس خانا، ياتاق ئۆي.

قىدە سۆز ئاچتى. شەرىئەت پېشۋالىرى بەدۆلەتنى مۇبارەكلەشىپ، نىكاھ ئوقۇشقا ھازىرلىنىپ تۇرۇشتى.

ئارىدىن بىر-ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، خې خېنىم تۆت كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئاقسارايدىكى بەدۆلەتنىڭ خابگاھىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاق يىپەك رومال بار ئىدى، پېشانىسىگە بولسا تىللا قاش تاقالغان، ئۈچىسىدا ئىنچىكە بەللىك قىزىل كىمخاب چاپان بار ئىدى. چاپان ئىچىدىكى ئاق ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى شۇنچىلىك ئۇزۇن ئىدىكى، ئۇنى ئىككى كېنىزەك ئىككى تەرىپىدىن كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

شەرىئەت پېشۋالىرى نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇپ بولۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. ئاندىن دۆلەت ئەركانلىرى بەدۆلەتكە خې دالويەنىڭ ئەۋەتكەن رىزالىق مەكتۇپى بىلەن سوۋغا-سالاملىرىنى تاپشۇردى. يەتتە چاقىرىملىق يول① مۇساپىسىدە، ئۇ تەتەي ئاغچىغا ھېچقانداق رەنج-ئازار يەتمىگەن، قەشقەرنىڭ قۇرغاق ھاۋاسى تەپتىدىن ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىغا قىلچە سۇلغۇنلۇق يۈزلەنمىگەنىدى. بەدۆلەت يېڭى كېلىنگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەرگە قىياس قىلغاندىنمۇ ئارتۇقراق ئىنئام-ئېھسانلارنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىپ قايتۇردى.

بەدۆلەت شۇ كۈنى كەچتە، ئايىلارغا② خې خېنىمنى مەخسۇس ھەرەمگە چۈشۈرۈپ، مەخسۇس ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. خې خېنىم ئورۇنلىشىپ بولۇش بىلەنلا، بەدۆلەت ئۇ تەرەپكە ماڭدى، ئۇنىڭ ئالتۇن قەسىرىگە كىرىشكە ئالدىراپ كېتىپ، جىسمىغا بىتاقەتلىك يۈزلەندى...

---

① شۇ چاغلاردا يەكشەھەردىن قەشقەر شەھىرىگە بولغان ئارىلىق يەتتە چاقىرىم ھېسابلىناتتى.

② ئايى — چوڭ ئايالا دېگەن مەنىدە، بۇ يەردە ھەرەم خادىملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

نەزمە:

مۇئەللىمنىڭ بار شوخلۇقنى، دىلبەرلىكنى ئۆگەتكەن،
جاپا، كايىش، ناز قىلىشنى، زومىگەرلىكنى ئۆگەتكەن.
مەن ئادەمنى بۇ سۈرەتتە، بۇ قامەتتە، خۇلقتا —
كۆرگىنىم يوق، بەلكىم پەرى بۇ ھۈنەرنى ئۆگەتكەن.

— شەيخ سەئدى

# ئون بەشىنچى باب

## راشىدىن خاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

ئون دەرۋىش بىر پالاستا ئۇخلايدۇ،
ئىككى پادىشاھ بىر مەملىكەتكە سىغمايدۇ.
— شەيخ سەئىدى

مىلادى 1867 - يىلى 6 - ئاي.

تاڭ ئەمدى ئاتقان، تېخى قۇياش چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمرۇل - ئۇمرالارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ھۇزۇرى مۇبارەك — ئاقسارايدا ھازىر بولۇپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار بەدۆلەتنى تەزىم بىلەن قارشى ئېلىشتى. زەرباب تون كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان، قويۇق قارا ساقاللىق ئىشىكئاغا ئەركانى دۆلەت ① دەرىجىسىدىكى ئەڭ چوڭ بەگ ئىدى. بەدۆلەت ئۇنىڭغا قاراپ، قەيەردىن چاپارمەن بارلىقىنى سورىدى.

ئىشىكئاغا ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلدى:

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، مارالبېشىدىن!

— قانداق خەۋەر، بەگ؟

— ھەزرىتىم، قۇتلۇق بولسۇن. دۆلىتىڭىز زىيادە، دۈش-

① ئەركانى دۆلەت — باش ۋەزىر.

مەنلىرىڭىز خار بولسۇن! چاپارمەن كۇچا سەلتەنەتىنىڭ ۋەزىرى جۇملەتۇلمۇلك تۇختى ئىشكئاغا بەگنىڭ جانابىي ئالىيلىرىغا يازغان خېتىنى ئېلىپ كەپتۇ.

ئۇ خەتنى ئىككى قوللاپ بەدۆلەتكە سۇندى.

«... خان خوجام باشلىق چوڭ - كىچىك خوجاملار مۇسۇلمانچىلىق قائىدە - يوسۇنلىرى ھەم تەختى سەلتەنەت تۈزۈملىرىگە خىلابەن ناشايان ئىشلارنى قىلىشماقتا،— دېيىلگەنىدى بۇ خەتتە،— ھامىددىن خوجام تۆھپەم زور دەپ، ئاقيار دېگەن جاينى ئۆزىگە سۇيۇرغاللىققا سوراتقىنىدا، جامالىددىن خوجام ماقۇل كۆرمەي، ئۆزىنىڭ غەيرىتى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىگە تايىنىپ، ئاقيارنىڭ كۆپ قىسمىنى نىشان - دەستەك بىلەن ئۆزى ئىگىلىۋالدى. ئاقىۋەت، مەزكۇر جامالىددىن خوجا مەككارلىق تۇزاقلىرىنى قۇرۇپ، ھامىددىن خوجامنى ئۇچتۇرپاندىن ئالداپ چاقىرتىپ كېلىپ، تۇتۇپ ھەپسىگە ئالدى، ئۇنىڭ ئاقسۇلۇق مۇسابېك دېگەن بىر ئادىمىنى يانتاققۇدۇق ① دېگەن چۆلدە قۇمغا باستۇرۇپ ئۆلتۈردى. راشىددىن خان خوجام بىر مۇسۇلماننىڭ ئەھدى نىكاھىدىكى ھالال جۈپتىنى ئۆزىگە نىكاھلىتىۋېلىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بۇزدى ②، ئوغرى - قىمارۋازلارغا خەزىنىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، بۇنداق پاسىق ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈش - كۈش قىلدى. ئەسلىدە، مازارى شېرىپلەرنىڭ ۋەخپە ئەشيالىرىغا شۈكرى - قانائەت قىلىپ، خەلقنىڭ ئۆشرە - زاكات ۋە نەزىر - سەدىقىلىرىگە موھتاج بولۇپ، مازاردا

① يانتاققۇدۇق — ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدىكى بىر چۆلنىڭ نامى.

② «تارىخىي ئەمنىيە» دە، بۇ ئىشنى جامالىددىن خوجا قىلغان دېيىلگەن، ئەمما، مېنىڭ باشقا مەنبەلەردىن ۋە خەلق ئارىسىدىن ئېنىقلىشىمغا قارىغاندا، بۇ جىنايەت راشىددىن خاندىن ئۆتكەن.

ماكان تۇتۇپ، ھۇجرا ئىچىگە بورا سېلىپ تائەت ۋە ئىبادەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن، بىر جۈپ قۇرۇق نان ۋە بىر تاۋاق گۈلە ـ قاقىقا خۇرسەن بولۇپ كەلگەن بۇ خوجىلار ئەمدىلىكتە ناشتىلىرىغا ھەر خىل ھالۋا، مەۋىز ـ قەندالات، ھەرخىل مۇراببا، مەجۇنى شەربەت، مۇتەدىل ھايات، كەيپلەندۈرگۈچى بەقۇۋۋەت تائام، يۇمشاق پاقلان گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپلارنى يەپ، سەمرىپ، شوخلىشىپ، ئالدىدا تەييار تۇرغان ھۆر ـ پەرىدەك خوتۇن ـ قىزلار بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەستى ـ مۇستەغرەق بولۇپ كېتىشتى. خۇددى «قۇرئان كېرىم» دە: «ئىنسان پۇل بىلەن بايلىققا بېرىلىپ يامان يولغا كىردۇ» دەپ كۆرسىتىلگەندەك، ئۇلارنىڭ ئەسلى ئىنسان تەبىئىتىدىكى يوشۇرۇن ئىللەتلىرى ئاشكارىلاندى. دۆلەت ھۇمايۇن قۇشى ئاتالىق غازى ئالىيلىرىغا چىراي ئېچىپ ئىللىق بېقىش قىلغان مۇشۇ ئاسايىش زاماندا، بۇ يۇرتلارنى جانابىي ئالىيلىرىغا ئېلىپ بېرىشنى ئۆزىمىزنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى، دەپ بىلىمىز...»

بۇ خەتنى كۆرۈپ، بەدۆلەتنىڭ غەيرەت تومۇرى جۇش ئۇرۇپ سوقتى. مەملىكەت تەمەسى تېخىمۇ شاۋقۇنغا كەلدى. ئۇ ئەمرۇل ـ ئۇمرالىرىغا مارالبېشىدىكى تۇرشاۋۇل قىسىملىرىنىڭ دەرھال ئاقسۇ تەرەپكە ئاتلىنىشىغا پەرمان بەردى ۋە ئۆزىمۇ قارارگاھ بىلەن ئۆگۈنلا يولغا چىقىدىغان بولدى.

× ×

قىزىل دەرياسى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن ياۋا غازلار قەشقەرنىڭ ئۈستىدىن تاغ تەرەپكە ئۆتمەكتە ئىدى. ئاقسارايدىكى ئوردىنىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئايۋىنىدا، تەتەي ئاغىچا ـــ خې خېنىم بىلەن ناشتا قىلىپ ئولتۇرغان بەدۆلەت

غازلارنىڭ قىسقا ئەمما سىرلىق «غاق!»، «غاق!» لىشىنى ئاڭلىدى - دە، ئايۋاننىڭ چېتىگە باردى ۋە غازلارنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى. كۆكتە ئېگىلىپ - چايقىلىپ بىر خىلدا كېتىۋاتقان بىر تىزىق كۆلرەڭ مارجاننى كۆزلىرى بىلەن ئىزدەپ تاپتى، ياۋا غازلارنىڭ غاقىلداشلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭغا، ياۋا غازلارنىڭ يېقىملىق ۋە ئېنىق ئاڭلىنىۋاتقان «غاق»، «غاق» لىرىدا قانداقتۇر قەتئىيلىك ئاھاڭلىرى باردەك تۇيۇلدى ۋە غازلارنىڭ يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان لىقىنى ئەسلەتتى. بەلكى، ئۇلار مۇشۇ ئۇچۇشىدا، ئېگىز - ئېگىز چوققىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ پەرغانىگە بېرىپ توختىشى مۇم-كىن. ئەنجان، قوقان ئەتراپلىرىدىكى كۆل - ھاۋۇزلارنىڭ بويلىرىغا قونۇپ ئۆتەر؟

بۇ ئوي بىلەن بەدۆلەتنىڭ قەلبىنى ئەلەملىك بىر سېغى-نىش تۇيغۇسى ئورىۋالدى. ھەتتا ئاشۇ ياۋا غازلار كۆرۈپ كېلىت-دىغان جايلارنى ئۇ ئەمدى بېرىپ كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئاقىۋەتتە ئورۇسلار بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلىپ، قوقان ئوردىسىدىكى پىتنىچىلەرنىڭ چېقىمچىلىقىدىن ئەبگا بولۇپ، قەشقەر تەۋەسىگە قوغلانغىنىغا مانا ساقمۇ - ساق ئۈچ يىل بولۇپتۇ، بۇ ئۈچ يىل ئۇنىڭ بېشىنى نېمە مالامەت تاشلىرىغا دۇچار قىلمىدى، دەيسىز؟

غازلارنىڭ يىراقلىشىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان «غاق»، «غاق» لىرى تەسىرىدە، بەدۆلەتنىڭ كۆڭلىگە: «ئەمدى تۇغۇلۇپ ئۆس-كەن يۇرتۇڭغا ئۆمۈرۋايەت قايتالمايسەن!» دېگەن ئەلەملىك ئوي كەلدى - دە، چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى ۋە قولىدىكى پىيالىنى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

ئۇنىڭ كەيپىنىڭ تازا چاغ ئەمەسلىكىنى سەزگەن خى-

خېنىم دەرھال سەۋدەر بېشىنى① چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى - دە، ئۆزى داستىخان يېنىدىن بەدۆلەت تەرەپكە كەلدى:

— ھەزرىتىم، لوڭجىن چېيى ② دەملەيمۇ؟

خې خېنىم ياقۇببەگنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەندىن كېيىن، گۆزەللىكى، ناز - كەرەشمىسى، لاتاپەتلىكى ۋە كۆپ نەرسىنى بىلىدىغانلىقى بىلەن بەدۆلەتنىڭ كۆڭلىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا، بەدۆلەت ھەتتا يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىمۇ خې خېنىمنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقىدىغان بولۇپ قالدى. بەدۆلەتنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى خې خېنىمغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. بەدۆلەت كەيپسىزلىنىپ قالغان چاغلاردا، خې خېنىم ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا لوڭجىن چېيى دەملەپ بېرەتتى - دە، ئۇنىڭ كەيپى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، خابگاھنى قاپلىغان جىددىيلىكمۇ پەسىيەتتى.

خې خېنىم دەملەپ چىققان چېينى ياقۇببەگكە قۇيۇپ بېرىۋېتىپ، نازۇ - كەرەشمە بىلەن ئەركىلىگەن ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— مەن سىزدىن بىر نېمە تىلىسەم، ماقۇل دەرسىزمۇ؟

بەدۆلەت خې خېنىمنىڭ ئاتىسى خې بۇيۇن ئۈچۈن كاتتا ئىنئام سورىشىنى كۈتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق تەلەپلىرىنى بەجاندىل بېجىرگۈسى كېلىپ تۇرغان بەدۆلەت:

— سىزدىن مال ۋە جاننى ئايىمايمەن، بۇيرۇڭ! — دېدى.

خې خېنىم بىردەم ئىككىلىنىپ تۇردى - دە، پەس ۋە جىددىي ئاۋاز بىلەن:

---

① سەۋدەر بېشى — خاس خىزمەتكار.

② لوڭجىن چېيى — كۆك چاينىڭ بىر خىلى، ئىچكىرىدىكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇ ئەتراپىدىكى لوڭجىن دېگەن يەردىن چىقىدۇ. رەڭدارلىقى، پۇراقلىقى بىلەن دۇنياغا داڭلىق.

سىزدىن مال ۋە جان ئەمەس، ئاتام قۇدالايىنى لەشكەر-
گەشلىكتىن بوشىتىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن.
بەدۆلەتمۇ ئەمدى جىددىيلىشىپ:
— نېمىشقا ئەمدى؟— دېدى،— پۈتۈنلەي بوشىسۇنمۇ؟
— ھەئە، ئاتام قېرىپ قالدى. سىزدىن ئۆتۈنىمەن.
— خېنىم، قۇدالاي جانابلىرى لەشكەرلىرىمىزنى مەشق
قىلدۇرۇپ، يەتتە شەھەردىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۈركىستان
تەۋەسىدە دۈشمەننى تىترىتىدىغان كۈچلۈك قوشۇن قىلىپ
تەربىيىلەپ چىقتى. سىز بىلىسىزكى، سەلتەنەتكە خىزمەت
قىلىشنىڭ جاپاسىمۇ، خەتىرىمۇ كۆپ ئىش. قۇدالاي جانابلىرى
ھەقىقەتەن ياشىنىپ قالدى. بىراق، ھازىر قوشۇنىمىزدا ئۇ
بولمىسا بولمايدۇ.
— ھەزرىتىم، ئاتامنىمۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە ئېلىپ
بارماقچىمۇسىز؟
سىر ساقلىنىۋاتقان ماۋزۇدا گەپ ئېچىلغىنى ئۈچۈن،
بەدۆلەت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ بىردەم جىم قۇلاق سالدى.
خابگاھتا ئادەم يوق ئىدى، ئايۋاندىمۇ، ئىچكى خانىلاردىمۇ
بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.
— سىز بىلىسىز، بىز پەرغانىدىن مېھىر ئۈزگەندىن
بۇيان، يورۇق بىر ئىستىقبالنى يەتتە شەھەر تەرەپتىن ئىزدىمەك-
تىمىز. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، خوتەن ۋە يەكەن ئۆل-
كىلىرىنى تەسەررۇپ قىلدۇق،— دېدى بەدۆلەت تەتەي ئاغىچا
قايتىلاپ قويغان سىنچايىنى ئىچىۋېتىپ،— كۇچا تەرەپ بىلەن-
مۇ مۇناسىۋەت قىلدۇق. ئۇ يەردىمۇ بىزگە خەيرىخاھ كىشىلەر
بار ئىكەن. ھامىددىن خوجىدىن تۆت داپقۇر ئەلچى كەلدى.
ئۇلار راشىددىن خاننىڭ زۇلمىدىن نارازى بولۇپ تۇرۇپتۇ.
بىزنى كۇچا ھۇدۇتلۇقىغا كەينى - كەينىدىن چاقىرىشماقتا.
راشىددىن خان تولىمۇ ئىچى تار، قىيىق بىر ئادەم. شۇڭا،

ئۆنىڭ مەملىكىتى خاراب، ئاۋاتچىلىق يوق، ئەلدىن تەۋپىق كۆتۈرۈلگەن، قوۋمى پاراكەندە... ئۆزئارا قورساق سوقۇشى قىلىپ، ھەممىنى جېنىدىن جاق تويغۇزغان. كۇچالىقلار: «كۇچا سەلتەنەتىنى گۈللەندۈرۈش پەقەت سىزگە ئوخشاش مەرىپەتلىك تاجدارغىلا خاس» دەپ، بىزگە ياقۇپ خوجا بىلەن مۇھەممەت ئەلى دادخاھنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپتۇ.

تەتەي ئاغىچا بەدۆلەتنىڭ ئىسھاق خوجا بىلەن ئىتتىپاق تۈزگىنىنى بىلەتتى. بەدۆلەتنى راشىدىن خانغا قارشى چاقىرىۋاتقانلار ئارىسىدا راشىدىن خاننىڭ جىيەنى ھامىددىن خوجىمۇ بار ئىدى. تەتەي ئاغىچا ئىرىگە مۇلايىم قاراپ:

— بىر سوئال سوراشقا ئىجازەت بېرىڭ، ھەزرىتىم! — دېدى.

— مەرھەمەت!

— ھامىددىن خوجا بىلەنمۇ ئىتتىپاق تۈزدىڭىزمۇ؟

بەدۆلەت تەستىق مەنىسىدە بېشىنى لىڭشىتتى:

— بىزنىڭ كۇچا تەرەپلىرىنى تەسەررۇپ قىلىمىشىمىزدىكى مەقسەت، بۇ جايلارنى يۇلاپ - تالاپ كېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۈمۈر بويى ئىنتىلىپ تېخى يېتەلمەيۋاتقان ئارزۇ - ئىستەكلىرىمىزنى يەتتە شەھەر تەۋەسىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر! بىز قۇدرەتلىك بىر مۇلكى سەلتەنەت قۇرۇپ، پاراكەندە ئۆلكىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈمىدىدىمىز! ھازىر ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قولاي پۇرسەت كەلدى.

— بىراق، بۇ مەقسىتىڭىز يولىدا بىر دەھشەتلىك ھاڭ — قانلىق قىرغىنچىلىق بار!

— بىز بۇ ھاڭدىن ئات سەكرىتىپ ئۆتۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

— ھەزرىتىم، سىز ئات سەكرىتىپ ئۆتكىنىڭىزدىمۇ، بۇ ھاڭ مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن تولىدۇ. ئۆزىڭىز

تۆمەنلىگەن يېتىم - يېسىرلەرنىڭ كۆز - ياشلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىسىز! شۇ يۇرتنىڭ ئانىلىرى ۋە يېتىم - يېسىرلىرى سىز بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن يېقىنلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى مەڭگۈ ئۇنتۇشمايدۇ.

— ئۇنىڭسىزمۇ پاراكەندىچىلىك، تەپرىقىچىلىك بىلەن تولغان بۇ ئەلدىكى يېغىلىقلاردا، ئاشۇ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئەرلىرى ئاز هالاك بولۇشتىمۇ؟ كۇچا ۋە ئاقسۇ ئەهلى ئەسلىدىنلا تەپرىقىچى ئۇلۇس. بولمىسا، بىر مۇسۇلمان تائىپە بىر مۇنچە مەزهەپ - سۇلۇككە ئايرىلىپ كەتكەن بولاتتىمۇ؟ سىز «دۆلەت — ئۇيۇشقاننىڭ» دېگەن قەدىمكى ئوغۇز مەسەلىنى ئاڭلىغانمۇ؟

— بۇ قەدىمكى مەسەلدە نېمە دېيىلگەن؟

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا،— دەپ سۆز باشلىدى بەدۆلەت،— قەدىمكى زاماندا، بىر كۈنى بىر ئوغۇز كېتىۋاتسا، ئالدىغا بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. «نەگە كېتىۋاتىسىز؟ نەدىن كەلدىڭىز؟ ئېتىڭىز نېمە؟» دەپ سوراپتۇ ئوغۇز هېلىقى ئادەمدىن. «ئېتىم — دۆلەت، قەيەردە تەپرىقىچىلىك بولمىسا، خەلقى ئۇيۇشقان بولسا، مەن شۇ يەرگە بارىمەن، قەيەردە ئىتتىپاقلىق، بىرلىك كۆتۈرۈلگەن بولسا، مەنمۇ ئۇ يەردىن كېتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ هېلىقى ئادەم. بىزنىڭ يېرىم ئۆمرىمىز پىتنە - پاسات، تەپرىقىچىلىك، هىيلە - مىكىر، قارا نىيەت ئەمىرلەر، بوران - چاپقۇنلار ۋە جەڭگى - جېدەل، خىيانەت، ۋاپاسىزلىق بىلەن تولغان بۇ زېمىندا ئۆتتى. بىز سوغۇققانلىقنى، رەهىمسىزلىكنى ۋە شەپقەتسىزلىكنىمۇ دەل مۇشۇ زېمىندا ئۆگەندۇق. چۈنكى، سىياسەت بابىدا، ئادەملەرگە خۇددى شەترەنج تاختىسى ئۈستىدىكى پىيادىلەرگە قىلغان شەپقەتسىز مۇئامىلىنى قىلمىساق، ئۇلارنى ئەقىل - پاراسەت، هېساب - كىتاب بىلەن ئىدارە قىلمىساق. مۇراد ۋە ۋىسالىڭغا

يېتەلمەيسەن، دەرۋەقە، بۇ شەپقەتسىز سىياسەتنىڭ سوغۇق شۇۋىرغىنىدىن بەزىدە ئۆزىمىزمۇ توڭلاپ كېتىمىز. ئەمما، نۇسرەت ۋىسالىنى ئويلىغىنىمىزدا، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز چەكسىز ئىللىقلىققا تولىدۇ، تومۇرلىرىمىزدا ئىسسىق قان مەۋج ئۇرۇپ ئاقىدۇ.

— سىز يەتتە شەھەرنىڭ خوتەندىن تاكى مارالبېشىغا قەدەر بولغان كۆپ قىسمىنى بىر مەركەز ئەتراپىغا بىرلەشتۈردىڭىز. قەشقەر ئۆز تارىخىدا يەنە بىر قېتىم شۇنداق زور بىر مەملىكەتنىڭ پايتەختىگە ئايلاندى. بۇ ئەتراپلاردا ئوغرى - يالغان تۈگەپ، پىتنە - تەپرىقە جىمىدى. ئەل ئامان، يوللار راۋان، ئاسايىش زامان بولدى. ھەزرىتىم، بۇ يەنە يەتمەسمۇ سىزگە؟

— بۇنىڭغا كۆز يۇمماييمىز، بىز، قەشقەردە كۆپ بەختلىك كۈنلەرگە ئېرىشتۇق. بۇ يەردە نۇسرەت كۆپ قېتىم بىزگە كۈلۈپ چىراي ئاچتى. بىراق، قەلبىمىزدىكى چوڭ - چوڭ ئۈمىد - ئارزۇلار بىزنى تىنچ قويمايدۇ. ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى... كۆپ جايلار تېخى قەلەمىي① ئەمەس، سەيپىي②... ئاڭلىشىمىزچە، ئىلى تەرەپلەردىمۇ ئىسلام جارى قىلدۇرۇلۇپتۇ. شۇڭا پۈتۈن مۇلكىي تۈركىستانىنى③ ئۆز تەسەررۇپىمىزغا ئېلىش — بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇلىرىمىزدۇر.

خېنىم بەدۆلەت ياقۇپبەگنى بۇ نىيىتىدىن قايتۇرالماسلىقىنى ئەمدى ئېنىق سەزدى.

— ھەزرىتىم، ھېچبولمىسا، چوڭ بەگزادە ④ نى قەشقەردە

① قەلەمىي — بويسۇنغان، قول ئاستىدىكى يەرلەر.
② سەيپىي — تېخى بويسۇنمىغان يەرلەر.
③ مۇلكىي توركىستان — پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى دېمەكچى.
④ چوڭ بەگزادە — بەدۆلەتنىڭ قوقاندىكى چوڭ خوتۇنىدىن بولغان چوڭ ئوغلى بېگقۇلى بەگ.

قالدۇرۇڭ ـ دە! سىز بولمىغاندا، هامان قەشقەرنى بىرەرى باشقۇرۇشى زۆرۈرغۇ؟

— بىز يوق ۋاقىتتا، قەشقەرنى سىز ئىدارە قىلغايسىز، خېنىم!

— مەن مەزلۇمە تۇرسام! سەلتەنەت ئۇدۇمىغا كۆرە، خوتۇن كىشىنىڭ مەۋقەئىدىن ئەرلەرنىڭ مەۋقەئى ئۇستۇن بولىدۇ. قوقاندا تۇغۇلغان ئوغۇللىرىڭىز مىرزا بېگقۇلى بەگ بىلەن مىرزا هەققۇلى بەگ ① بارغۇ!

بەدۆلەت بۇ چىگىشنى بىردەمدىلا يېشىپ تاشلىدى:

— چوڭ بەگزادە بىلەن كىچىك بەگزادە بىز بىلەن يۇرۇشكە بىللە قاتنىشىپ، لەشكەركەشلىك ئۇدۇملىرىنى ۋە يۇرتدارچىلىق قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. شۇڭا، ئۇلار بىز بىلەن بىللە يولغا چىقىدۇ.

— قەشقەر بىزنىڭ خاس شەھىرىمىز،— دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بەدۆلەت،— ئۇنى بىز ئۇرۇشۇپ يۇرۇپ ئالغان. ئوغۇللارمۇ ئۇرۇشۇپ شەھەر ئالسۇن. بىز يوق چاغدا، ئالدىراج دادخاھ خىزمىتىڭىزدە بولىدۇ. بارلىق هەرەم ئەهلى سىزنىڭ ئىتائىتىڭىزدە بولسۇن!

بەدۆلەتنىڭ ئۆز خوتۇنىغا بۇنچىلىك چوڭ ئىشەنچ بىلدۇرۇشى ناهايىتى كەم ئۇچرايدىغان هادىسە ئىدى. خۇسۇسەن پۇتۇن هەرەم، هەتتا دۆلەت ئەركانلىرىمۇ بەدۆلەت يوق چاغدا تەتەي ئاغىچىغا بويسۇنۇشى، بۇنىڭغا دەخلى بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان چوڭ بەگزادە مىرزا بېگقۇلى بەگ بىلەن كىچىك بەگزادە مىرزا هەققۇلى بەگلەرنىڭ يۇرۇشكە قاتناشتۇرۇلۇشى خې خېنىمنى قىيناپ يۇرگەن ئاسارەتنى بىردىنلا ئىتتىك پىچاقتا كېسىپ تاشلىغاندەك ئاسان هەل قىلدى.

---

① هەققۇلى بەگ — بەدۆلەتنىڭ قوقاندىكى چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ئىككىنچى ئوغلى.

— ھەزرىتىم، ئىلتىپاتىڭىزدىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشتى. ئەمما، بىلىسىزكى، ئاجىزەڭىز يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا تەشنا ئەمەسمەن.

— كىمىكى يۇرتدارچىلىق ئىشىغا تەشنا بولمىسا، مەن شۇ كىشىگە كۆپرەك ئىشىنىپ، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزىمەن. بارلىق تاشقى ئىشلارغا ئالدىراخ دادخاھ مەسئۇل بولىدۇ. سىز بىزنىڭ نامىمىزدىن ئەمىر - پەرمانلارغا مۆھۈر بېسىپ بەرسىڭىز، بۇ سەلتەنەت ئۇدۇمىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بەدۆلەتنىڭ ئۆزىگە شۇنچىلىك ئىشەنچ بىلەن قاراۋاتقانلىقىدىن دىلى سۆيۈنگەن خې خېنىم ئۆزىمۇ ئازراق تەئەججۈپلەندى. چۈنكى، ياقۇببەگ ئادەملەرنىڭ دىلىدىكى مەنپەئەت تۇيغۇسىغا تايانغان ھالدا، ئۇلارنى ماھىرلىق بىلەن ئۆز خىزمىتىگە سېلىشنى بىلەتتى. شۇڭا تەتەي ئاغىچا باشقا ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

× ×

ماھىي مۇھەررەمنىڭ سەككىزىنچى كۈنى. دېھقانلارنى چوڭقۇر ئۇيقۇلىرىدىن ئوق ئاۋازلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئادەملەرنىڭ «ئۇر! چاپ! تۇت! باغلا!» دېگەن چۇقان - سۈرەنلىرى ئويغىتىۋەتتى. چىلان يېزىسى ① قورشىۋېلىنغان، يېزىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئوق ئاۋازلىرى كېلىپ تۇراتتى. چىلانلىقلار ئەسلىدىنلا بىغەم كىشىلەر بولغاچقىمۇ، خاتىرجەم ئۇخلىشىۋاتاتتى. ئوق ئاۋازلىرى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەلدى، بىردەمدىن كېيىنلا، يېزىنىڭ ئىچىدە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھەر تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان بەردەڭگى مىلتىق ئاۋازلىرى مەلۇم ۋا-

① چىلان — ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى ئارىسىدىكى بىر قىشلاقنىڭ نامى، ھازىر كەلپىن ناھىيىسىگە قارايدۇ.

قىت يېزىنى قاپلىدى. ئاتلار كىشنىشەتتى، ئىتلار قاۋىشاتتى، خورازلار چىللىشاتتى، خوتۇنلار ۋارقىرىشاتتى، باللار يىغلىشاتتى. ئوق ئاۋازلىرى بارا - بارا توختىدى. بىر ئاتنىڭ دۈپۈرلىشى باشتا ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىپ، بارغانسېرى يىراقلىشىپ، بىر-دەمدىن كېيىن يىتتى. ئەتراپ يەنە تىمتاس بولۇپ، ھايات ئۆز ئىزىغا چۈشتى.

ئەسلىدە، جامالىددىن خوجام چىلان ۋە يايدى ① قاتارلىق جايلاردا توختى خەلپە باشچىلىقىدا ئىككى يۈز ئەللىك لەشكەرنى قاراۋۇل قىلىپ قويغانىدى. بۈگۈن كېچە ئۇلار غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغاندا، ئاتالىق غازىنىڭ يىگىتلىرى باسۇرۇق قىلىپ كېلىپ ھەممىسىنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئات سوغارغىلى چىقىپ كەتكەن بىر يىگىت بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ قېلىپ، ئېتىغا ياياق مىنگەن پېتى جامالىددىن خوجىغا خەۋەر يەتكۈزگىلى كەتتى. باياملقى دۈپۈرلىگەن ئاۋاز شۇ يىگىتنىڭ ئېتىنىڭ تۇياق ئاۋازى ئىدى.

ئاتالىق غازى نەزەر بەگ خوجا دېگەننى ئوتتۇز توققۇز يىگىتكە باش قىلىپ، قۇرۇق ئۈزۈم يولى ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا يولغا سالدى. بۇرھانىددىن خوجا ئاتالىق غازىنىڭ ئاقسۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇبارەكبادلىق قىلىپ، ياقۇپ خوجا ئىشان، مۇھەممەت ئەلى دادخاھلارنى تارتۇق - پىشكەشلەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىستىقبالغا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ گەمە - ساڭ، قورال - ياراق، خەزىنە - ئىمارەتنىڭ ھېسابىنى قىلىپ، ئاچقۇچلىرىنى تاپشۇرۇپ تۇرغىنىدا، ياقۇپبەگدىن يارلىق كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. ئۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنى كۆزلىرى-

① يايدى — ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى ئارىسىدىكى بىر قىشلاقنىڭ نامى، ھازىر كەلپىن ناھىيىسىگە قارايدۇ.

گە قايتا ـ قايتا ئۇچ رەت سۇرتتى. يارلىقنى ئوقۇۋېدى، مۇنۇلارنى كۆردى:

«ئىنايەتنامە.

سەئىدلەرنىڭ باش پاناھى بۇرھانىددىن خوجام ئىشان ئوغلىغا.

تۆگىمەس دۇئا، كۆپتىن ـ كۆپ سالامدىن سوڭرە، مەلۇم بولغايكىم، بۇ ياخشى زاماندا، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ غەمخورلۇقى ئىسلام ئېچىش ۋە «ئەلجەننەتۇ تەھتى زىلالەسسىيۇف»① دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، پەيغەمبىرىمىز شەرىئىتىنىڭ قىلىچىنى چېپىشنىڭ ياخشى نىيىتى بىلەن، بۇ يۇرتلارغا رىزقى ـ نېسىۋىمىز چۈشتى. گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، ماھىي مۇھەررەمنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى ئاقسۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان كۈنلىرىمىزدە، ئىخلاسلىرىنىڭ زىيادىلىكى، دوستلۇقلىرىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن، ياقۇپ خوجا ئىشان، مۇھەممەت ئەلى دادخاھلار ئارقىلىق ئىتائەت ۋە بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى ئىزھار ئەتتىلە ۋە «ئەتىئۇ ئۇلۇۋەلئەمرى»② دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ خەت ئەۋەتتىلە. ئەۋەتكەن خەتلىرىنى ياخشى سائەتتە تاپشۇرۇۋېلىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، كۆپ خۇرسەن بولدۇق. ئۆز ئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىش قائىدىسى بويىچە، تۆت ئات، بىر بوغچا كىيىم ـ كېچەك، بىر كالام شېرىپ سوۋغات ئەۋەتكەن ئىكەنلا، ھەممىسى ساق ـ سالامەت تەگدى. بۇ يەردە جامالىددىن خوجام بەزى ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىپ قاچقانىكەن، يىگىتلەر بېرىپ تۇتۇپ كەلدى. ئۆزىمۇ بۇرۇنقى ناشايان ئىشلىرىغا توۋا قىلدى. بىزمۇ «ۋەلكازىمىنەلخەيزە ۋەلئافىن ئەنناس»③ دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ،

① «جەننەت ـــ قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا.»

② «ئۇلۇغلىرىڭلارنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇڭلار.»

③ «ئاچچىقىنى يۇتۇش ۋە خالايىقنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىش ـــ ساۋاب.»

ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدۇق. ئۆزلىرى بولسىلا بۇ ئەتراپتىكى سەئىدلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پېشۋاسى، نىيەتلىرىمۇ پاكىزە ۋە ساپ. ئۆزلىرىگە تەۋە ھەر قانداق كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدۇق. بۇ تەرەپتىن كۆڭۈللىرىگە گۇمان كەلمىسۇن. بىز بولساق ئۆزلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن تونۇغان، بىلگەن. مۇتلەق غەم - ئەندىشە قىلمىسىلا! بىزنىڭ بۇ دېگەنلىرىمىزگە تەڭرىم ئۆزى گۇۋاھ بولغاي. ۋەسسالام.»

ياقۇببەگنىڭ بۇ ئالىي ئىنايەتنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇرھانىددىن خوجامنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ خاتىرجەم بولدى ۋە پەرمان بويىچە ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ، بەدۆلەتكە كۆرۈنۈش قىلدى. بۇ چاغلاردا، كۇچا تېخى پەتھ بولمىغانىدى. راشىددىن خان ئىسھاق خوجىنى قارا شەھەرگە تۇڭگانىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي، ھەپسىدىكى ھامىددىن خوجىنىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارا شەھەرگە ماڭغۇزۇۋەتكەنىدى. كۇچادا ئىقتىدارلىق ئەمىرلەشكەرلەر قالمىغانىدى. ئۇ، ئاخىرى ئىبراھىم باھادۇر، يۈسۈپ باھادۇر، تەلەي باھادۇر ۋە ياقۇپ باھادۇرلارنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلەپ، تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن ياقۇببەگكە قارشى ئەۋەتتى. كۇچالىقلار باينىڭ ياقا ئېرىق، جوغا دېگەن يېرىدە ئىستىھكام قۇرۇپ، يول توسۇپ ياتتى. ياقۇببەگنىڭ يىگىتلىرى كۇچالىقلارغا قاتتىق تېگىش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۇچالىقلار ئىچىدىغان سۇنى توسۇپ قويغانلىقتىن، ئۇلار قوشتامغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق، پەرمان بويىچە قارا شەھەردىن ياردەمگە ئەسكەر باشلاپ كەلگەن ھامىددىن خوجىنىڭ راشىددىن خاندىن يۈز ئۆرۈپ، ياقۇببەگ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن، كۇچالىقلار تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولدى.

سايرامدا جەڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، بەدۆلەت ھامىددىن خوجىدىن:

— ئەي تۆرەم! بىز بىلەن يەنە ئۇرۇشىدىغان ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جانابىڭىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان ئادەم مەن ئىدىم. هالا بۈگۈنگە كەلگەندە، خىزمىتىڭىزگە قول باغلاپ، پەرمانبەردار بولۇپ تۇرۇپتىمەن. ئەمدى سىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان ئادەم قالمىدى. دېمەك، كۈچا سىزنىڭ تەسەررۇپىڭىزغا ئۆتتى دېگەن سۆز. مۇبارەك بولسۇن! — دەپ جاۋاب بەردى ھامىددىن خوجا. ئۇنىڭ جاۋابىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان بەدۆلەت:

— بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى، ھالاۋەتنى تەڭ كۆرەيلى! — دەپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام - ئېھسانلارنى بەردى. ئاندىن:

— بىز كۈچادىن يانغىچە، ئۆزلىرى قەشقەردە نۇسرىتىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرغايلا! — دەپ، ئۇنى قەشقەرگە يولغا سالدى. ھامىددىن خوجا بەدۆلەت زامانىسىدا ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ ئەركانى دۆلەتلىرى قاتارىدىن ۋە كاتتىلىرىنىڭ سورۇنلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئالىي ئىلتىپاتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياشىدى.

بەدۆلەت مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ كۈچاغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، راشىدىن خاننىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ بەدۆلەتنىڭ ئەۋەتكەن نەۋكەرلىرىنى كۆرۈپلا، قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ئۇلاردىن بىرىنى چېپىپ تاشلىدى ۋە سېپىلنىڭ ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ: «مېنىڭ باھادۇرلىرىم قېنى سىلەر؟ بۇ قىپچاقلارنى، ئەنجانلىقلارنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقارمامسىلەر؟» دەپ ۋارقىرىدى. نەۋكەرلەر ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ، ئاتالىق غازىنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەلدى...

موللا مۇسا سايرامى راشىددىن غازى خان خوجا ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

«راشىددىن خان تولۇق ئون يەتتە ئاي پادىشاھلىق قىلىپ،

كۈنچىقىشتا قۇمۇل، باركۆلگىچە، تاغ تەرەپتە ئىلى، جۇڭغارىيەگىچە، كۈنپېتىشتا يەكەن، مارالبېشىغىچە، تۆۋەنكى تەرەپلەردە لوپ، چەرچەنگىچە بولغان كەڭ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. پۈتۈن ئالتە شەھەر ھۆدۈتلۇقىدا تۈنجى قېتىم ئادالەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مانجۇ زالىملىرىغا قارشى قوزغىلاڭلارنىڭ تۈنجى يالقۇنىنى ياندۇردى. مانجۇلارغا ئات - ئېشەك بولۇپ ئىشلەپ، ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرگەن ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ قەددىنى رۇسلىدى. ناھايىتى كۆپ خەزىنە ــ مۈلۈككە ئىگە بولدى. بىراق، ئۇ شۇنچىلىك دۆلەتكە ۋە ھۆكۈمەتكە ئىگە بولغان، نۇرغۇن مال - مۈلۈك توپلىغان چاغلاردا، يا ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - قاياشلىرىغا رەھىم ۋە شەپقەت قىلىپ باقمىدى، يا بىرەر ئەھلى پازىل ۋە ھۈنەرۋەن - كاسىپ، پۇقرائىي - پەقىرلەرگە ئىنئام - ئېھسان قىلىپ، يوقسۇللارنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىدى؛ ئۇ يا بىرەر دەرياغا كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، ياخشىلىق قىلاي، دېگەننى ئويلىمىدى، يا جام - رابات، لەنگەر - مۇساپىرخانا، ۋەخپە - مەكتەپ - مەدرىس بىنا قىلىپ، كۆل - قۇدۇقلارنى كولىتىپ، ئەشيالارنى توختاتمىدى....»

شۇ مەزگىللەردە كۇچا ئىقلىمىدا قىمارۋازلىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ ئىسلام شەرىئىتىدە ئەڭ قاتتىق چەكلىنىدىغان ناشايان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما «سۇ بېشىدىن لاي بولغان» دەك، راشىدىنخاننىڭ خەزىنىدىن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ جەزخورلۇق قىلغانلىقى بۇنداق ناشايان ئىشنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى.

بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى يايدى دېگەن جايغا ھەسلەپتە شەبخۇن ئۇرغاندا، كۇچالىقلار تويۇپ قېلىپ، ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغاچقا، ئۇلارنى بىر پەشۋا بىلەنلا قاچۇرىغانىدى. شۇنىڭدىن ئارتىپ خېلى ئۆزۈنغىچە بۇ تەرەپتىكى چېگرا تىنچ - ئامان بولۇپ كەلمەكتە ئىدى.

راشىدىنخاننىڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇۋاتقان لەشكەرلىرى

جەڭ بولمىغانلىقتىن، بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئولتۇراتتى. نۆۋەت بويىچە قاراۋۇللۇقتا تۇرغانىدىن باشقا قىلىدىغان ئىشى يوق ئىدى. شۇڭا، راخمان قارى دېگەن قورۇبېشىنىڭ جەزخورلۇق قىلىشى بىلەن قىمار ئويناپ، كۈننى بىدار ئۆتكۈزۈشەتتى.

مەتقارى «لىڭتاسما»، ئۆمەر «تاغاردا بىگىز تۇرمايدۇ»، ساۋۇت توقا ۋە ئاۋۇت توقىلار يايدى قاراۋۇلخانىسىدا قاراۋۇللۇقتا تۇردى. كېچىسى، ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي ھېكايە ئېيتىشىپ ئولتۇرۇشتى. ھېكايىمۇ تۈگەپ، دەيدىغان گەپ قالمىدى. تۈن ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك، تاڭ ئاتمايۋاتاتتى. ئۇلار مەتقارى لىڭتاسمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىمار ئويناماقچى بولۇشتى، ئاۋۇت توقىنىڭ پۇلى بولمىغاچقا قاراۋۇللۇقتا تۇرىدىغان، قالغانلار پۇل تىكىشىپ قىمار ئوينايدىغان، كىم ئۇتتۇۋالسا، شۇ ئاۋۇت توقىغا تاپان ھەققى بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

ئۇلار تاۋكا تۈزۈپ قىمارنى باشلىۋەتتى. ساۋۇت توقا:

— قېنى، لىڭتاسما، ئاۋال سەن ئات، — دېدى مەتقارىغا.

— نېمىشقا ئەمدى، ئۆزۈڭ ئاۋۋال ئاتمامسەن، گومۇش!

— مەيلى، بولمىسا مەن ئاتتىم، دەتتىكام! — دەپ تۆت ئوشۇقنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى قاۋۇل توقا.

چۇ چۇشتى①، ئۇتتۇردۇڭ، قېنى پۇلنى چىقار، — دەپ چۇقان كۆتۈردى ئۆمەر «تاغاردا بىگىز تۇرمايدۇ».

— نېمىگە ئالدىرايسەن، پۇل مانىغۇ؟ سەنمۇ بىرەر قول ئېتىپ باقامسەن — يە؟

— ئاۋۋال پۇلنى بەر، ئاندىن ئاتسام — ئاتاي، — دەپ گۆلەيدى قاۋۇل توقا.

— مانا پۇلۇڭ، ئالە، قېنى ئەمدىغۇ ئاتارسەن؟

— يا جەمشىد، دەتتىكام!

---

① چۇ چۇشۇش — تۆت ئوشۇقنىڭ ئۇچىنىڭ چىككا، بىرىنىڭ قوپۇپ چۈشۈشى.

— سىياھ① چۈشتى، — دەپ چۇرقىراشتى قالغانلار.

......

قىمار قىزىپ تازا ئەۋجىگە چىققاندا، تۇيۇقسىز ئاۋۇت توقىنىڭ «ئەنجانلىقلار كەلدى، ئەنجانلىقلار باسقىن قىلدى!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قىمارۋازلار دەرھال قولىدىكى ئوشۇقلىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، مىلتىقلىرىنى ئېلىشتى — دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تىۋىش ئاڭلىنىۋاتقان تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئاتقاچ گۈلخاننى ياندۇردى...

گۈلخاننىڭ شولىسىنى كۆرگەن قورغاندىكىلەر دۈشمەن لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى — دە، دەرھال تەييارلىنىپ تەخ بولۇپ تۇرۇشتى. بەدۆلەت قوشۇنلىرى كۈچالىقلارنىڭ تەييار تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ ۋەقەنىڭ خەۋىرى كۈچاغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، راشىدىن خان كۈچا مۇزايىتىدە قىمارنى قانۇنلۇق دەپ ئېلان قىلدى ۋە خەزىنىدىن پۇل چىقىرىپ، ئۆزى جەزخورلۇق قىلدى...

ھۆكۈمرانلىقنىڭ تەنتەنە — ئەسئەسلىرىدە كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ يۈرگەن راشىدىن غازى خان خوجامنىڭمۇ ئەمدى جەزىبىلىك بىر ئايال بىلەن قوشۇلغۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، كۈچا بويىچە ئەڭ داڭلىق گۈزەل چوكان — ھوشۇر قارى دېگەن سودىگەرنىڭ يىگىرمە ياشلىق ئەتىۋارلىق خوتۇنى — قارا كۆز خېنىم دەپ ئاڭلىغانىدى. كۈچا تەۋەسىدە قارا كۆز خېنىم دەپ نام چىقارغان چوكانلارنىڭ قانچىلىك چىرايلىق بولىدىغانلىقىنى راشىدىن خان ياخشى بىلەتتى. بۇ كۈچالىق قارا كۆز خېنىمنىڭ ئەسلىدىكى نامى نىگارەم بولسىمۇ، قارا كۆزلۈك گۈزەللەر ئارىسىدا ئەڭ چىرايلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئىچىدە شۇ ئىسىم بىلەن تونۇلغانىدى. يېقىنلىرى ئۇنى بىر ئەرلىك بولغان، دەپ تەرىپىنى قىلسا، راشىدىن خان: «ئېچىلمىغان غۇنچىدىن ئېچىلغان گۈل پۇراقلىق بولىدۇ»

---

① سىياھ چۈشۈش — تۆت ئوشۇقنىڭ بىرى ئالچۇ، بىرى چىككا، بىرى تاۋا، بىرى پوككا چۈشۈشى.

دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

راشىدىن خان بۇ چوكانغا غايىبانە ئاشىق بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەشرەپ غەزەللىرىدىن بىر كۇپلېتىنى كۆچۈرۈپ، توختى ئىشىكئاغا بەگنى ئوتتۇرىغا سېلىپ، غەزەلنى قارا كۆز خېنىمغا يەتكۈزۈپ بەردى.

قارا كۆز خېنىم — نىگارەمنىڭ ئېرى هوشۇر قارى سودا ئىشى بىلەن داۋاملىق قارا شەھەر، تۇرپان تەرەپلەردە بولاتتى. ئۆيدە ئۇزاق تۇرالمايتتى، گەرچە ئۇلارنىڭ تويى بولغىنىغا ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما، نىگارەمنىڭ ئېرى بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرى بىر ئايغىمۇ يەتمەيتتى. «خوتۇن كىشى غېرىبلىقتا بۇزۇلار» دېگەندەك، يالغۇز ئۆيدە تۆت تام بىلەن قېلىپ، زېرىكىپ خورلۇق ھېس قىلغان نىگارەم راشىدىن خاننىڭ غەزىلىنى خۇش قوبۇل قىلدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلدى — دە، ئاتىسىنىڭ بېھىشباغدىكى چاھار بېغىغا چىقىپ كەتتى كېيىن، قارا كۆز خېنىمنى ھامامدا يۇيۇندۇرۇپ، كېلىنلەردەك ياساندۇرۇشتى — دە، راشىدىن خان ئەۋەتكەن ئېركۈلۈ مەپىگە سېلىشىپ، خاننىڭ شەھەردىكى ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىشتى.

كەچتە كۈچانىڭ قازى قۇززاتى ئىبراھىم تۆرە خان ئوردىسىغا چاقىرتىلدى.

بۈگۈن ئادەتتىكىدىن ياشىراق كۆرۈنۈۋاتقان راشىدىن خان شەرىئەت پېشۋاسىنى قىزىل زىلچا سېلىنغان ھۇزۇرى مۇبارەكتە قوبۇل قىلدى. خاننىڭ يېنىدا تۇرغان ۋەزىر جۈملەتۇلمۈلك توختى ئىشىكئاغا بەگ قارا كۆز خېنىمنى راشىدىن غازى خان خوجامغا نىكاھلاش ھەققىدە گەپ ئاچتى.

— بۈگۈنمۇ؟ — دەپ ئىبراھىم تۆرە ئىشىكئاغا بەگكە ھودۇقۇپ قارىدى. بەگمۇ بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشەندى.

قارا كۆز خېنىم تېخى هوشۇر قارىنىڭ نىكاھىدا ئىدى.

ئېرىنىڭ تاشلاپ كەتكىنىگە بەش كۈنمۇ بولمىدى. ھالبۇكى، بىر مۇسۇلماننىڭ ئەھدى نىكاھىدىكى خوتۇنىنىڭ ئىددىتى بولىدۇ. ئۈچ ئاي ئىددەت ۋاقتى توشمىغۇچە، باشقا كىشىگە نىكاھلاش مۇمكىن ئەمەس. شەرىئەت بۇنى قەتئىي مەنئى قىلغان!

قازى قۇززات راشىدىن خاننىڭ ئايىقىدىكى گىلەمنى سۆيۈپ، شۇ توغرىدا گەپ باشلىغانىدى، خان ئۇنىڭ سۆزىنى كەستى:

— شەرىئەتنى بىزگە ئۆگەتمەڭ! ئېرى دېگەن ھەزىلەك بۇنىڭدىن تۆت ئاي بۇرۇن ئۇنى ئۈچ تالاق قىلغان. سىز ئۈچ ئاي دەيسىز! خېنىم تۆت ئاي بېشى ئوچۇق يۈرگەن، ئەجەبا، سىز شەرىئەت قازىسىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىسا؟!

خاننىڭ قەھرىدىن قورقۇپ كەتكەن قازى ئاپئاق ساقىلىنى گىلەمگە سۈركەپ يەنە يەر سۆيدى:

— خەۋەردارمىز، ھەزرىتىم!

ئۇ، ھوشۇر قارىنىڭ بۇنىڭدىن تۆت ئاي بۇرۇن، خام بەگنى كۆپ ئىستېمال قىلىۋېتىپ، بېشى چۆگىلەپ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، خوتۇنى نىگارەمنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلەتتى. بىراق، ھوشۇر قارى نىگارەمگە چىدىماي يەنە ياراشقاندا، قازى نىگارەمنى ھوشۇر قارىغا قايتىدىن نىكاھلاپ بەرگەنىدى. لېكىن، بۇ چوكاننىڭ ئاۋۋالقى ياش ئېرى تىلغا ئېلىنغىنىدىن ئاچچىقى كېلىپ پەيمانى تېشىپ تۇرغان راشىدىن خانغا بۇنى ئېيتىش ئۆلۈمنى بويىنغا ئېلىش بىلەن باراۋەر ئىدى.

شەرىئەت پېشۋاسى ئەمدى بۇ توغرىدا «غىڭ» قىلماي، نىكاھ ئوقۇشقا ھازىرلاندى...

بەدۆلەت راشىدىن غازى خان خوجامنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك گۇناھى كەبىرلىرىنى بىر - بىرلەپ خەلقى ئالەمگە جاكارلىنىپ ئاشكارىلاتتى ۋە شەرىئەت پېشۋالىرىدىن: «قۇرئانى كېرىم» بىلەن «ھەدىس شېرىپ»تە قاتتىق چەكلەن-

گەن بۇنداق ناشايان، شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى مەملىكەتكە ئۇلۇغ
بولغان ئادەملەر ئۆزى باشلاپ قىلىپ بەرسە، ئۇنى چەكلىمەي
راۋاجلاندۇرسا، شەرىئەتتە بۇنىڭغا قانداق پەتىۋا بارىكەن؟»
دەپ سوراپ پەتىۋا ئالدى. ئاندىن بۇ پەتىۋالارنىڭ مەزمۇنلى-
رىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، راشىدىن غازى خان خوجىنىڭ شەرى-
ئەتكە خىلاپ گۇناھلىرىنى بويىنىغا ئارتىپ، ئۆزىنى ئىقرار قىلدۇر-
غاندىن كېيىن، ئۇنى ھەپسىگە ئالدى. ياقۇپبەگ ئالەمنى غەپلەت
باسقان بىر كۈنى كېچىسى، راشىدىن خاننى خالادىكى نىجاسەتكە
پاتۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئۈستىگە تامنى يىقىتىپ، ئۇنى بىلىنمە-
سكۈدەك قىلىپ تۈزلىتىپ، ئۈستىگە يېمىش كۆچىتى تىكتۇرۇپ
قويدى...

**苦难的大地（1）**

阿不都魏力·艾力　著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路14号　　邮政编码：830046）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　1/32开本　印张12.25　插页1
1997年3月第1版　　1997年3月第1次印刷
印数：1——20350

ISBN7—5631—0840—8/Z·151（民文）定价：24.00元